سەييد ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى

# ئەسەرلەر توپلىمى

سەييد ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى

# ئەسەرلەر توپلىمى

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

www.munber.org

# بیرینچی قسم

# مۇندەرىجە


1. باب ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىسپات . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 2
2. باب ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ھۆججەت ۋە ئىسپاتلار. . . . . . . . . . . . . . . . . . 7
3. باب ئىنساننىڭ تەباھ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى نېمە؟ . . . . . . . . 13
4. باب ئىنسانلارنىڭ توغرا دەرىجىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 17
5. باب بولۇۋاتقان زۇلۇمنىڭ سەۋەبى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 19
6. باب نائىنساپلىق نېمە ئۈچۈن؟ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 21
7. باب نىجاتلىقنى قانداق ھاسىل قىلىش مۇمكىن؟ . . . . . . . . . . . . . . . . . 22
8. باب خاتىرجەملىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشنى قانداق قىلغاندا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 26
9. باب كۆڭۈلدىكى شەكنى يوقىتىش. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 29

# 1. باب ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىسپات

ھۆرمەتلىك ئاكا - ئۇكىلىرىم ۋە ئاچا - سىڭىللىرىم، ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم ئويلاپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر بىر ئادەم سىلەرگە: «بازاردا مۇنداق بىر دۇكان بار، ئۇ دۇكاننىڭ خوجايىنىمۇ يوق، ئۇ دۇكانغا ھېچكىم مالمۇ ئەكىلىپ بەرمەيدۇ، ھېچكىم دۇكاننىڭ ماللىرىنى جاي - جايىغا تىزىپمۇ قويمايدۇ، ئۇ دۇكانغا مال ئۆزىچە كېلىپ، ئۆزىچە تىزىلىدۇ، ئۆزىچە سېتىلىپ كېتىدۇ» دېسە، ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن گەپلىرىگە ئىشىنەمسىلەر؟ بۇ ئەقلىڭلارغا سىغامدۇ؟ ئەقلى جايىدا بولغان ھەر قانداق ئادەم «دۇكانغا مال ئۆزىچە كېلىپ، ئۆزىچە سېتىلىپ، بىر كىشى خەۋەر ئالمىسىمۇ ئوغرىلىنىپ كەتمەي ساق تۇرىدۇ» دېگەندەك گەپلەرگە ئىشىنەمدۇ؟ ياكى بولمىسا دۇنيادا شۇنداق دۇكاننىڭ بار - يوقلىقى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ باقامدۇ؟

يەنە بىر مىسال، ئەگەر بىر ئادەم سىلەرگە: «بۇ شەھەردە بىر زاۋۇت بار، ئۇ زاۋۇتنىڭ باشقۇرغۇچى ئىگىسىمۇ يوق، قۇراشتۇرغۇچى ئىنژېنېرىمۇ يوق، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارمۇ يوق، ئۇ زاۋۇت ئۆزىچە ياسىلىپ قالغان، ئۇنىڭ ھەممە ماشىنىلىرى ئۆزلىكىدىن ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇ زاۋۇتنىڭ ھەممە سايمانلىرى ئۆزلىكىدىن ئورۇنلىشىپ قالغان، ھازىر ئۇ زاۋۇتتىن ھەر خىل رەڭگارەڭ مەھسۇلاتلار ئىشلىنىپ چىقىۋاتىدۇ» دېسە، سىلەر بۇ ئادەمگە غەزەپ ھۆكۈم قىلىسىلەر. ئۇ ئادەم توغرىسىدا كۆڭلۈڭلارغا قانداق گۇمانلار كېلىدۇ؟ بۇ مەسىلىدە سىلەر



راستىڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ بۇنداق بىكار گەپلەرنى ئەقلى جايىدا ئادەم دەمدۇ؟ دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا بىرەرسى ئىشىنەمدۇ؟ يىراقلاردىكى مىساللارنى قويۇپ، ئالدىمىزدىكى بىزگە يورۇقلۇق بېرىۋاتقان لامپۇچكىلارنى مىسالغا ئالايلى: ئەگەر بىر كىشى: «بۇ لامپۇچكىغا يورۇقلۇق ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان، بۇنى ھېچ كىشى ئىجاد قىلمىغان» دېسە، ياكى ئالدىمىزدا تۇرىۋاتقان مۇنۇ ئۇستەلنى ياكى بولمىسا سىز ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇلار ئۆزلىكىدىن ياسىلىپ قالغان، ئۇلارنى بىرەر ئادەم ياسىغان ئەمەس» دېسە، ھەتتا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كاتتا ئالىملار

كىلىپ چۈشەندۈرگەن تەقدىردە سىلەر بۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنەمسىلەر؟ دۇنيادىكى كاتتا پەيلاسوپلار ۋە پروفېسسورلار كىلىپ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا تۇرغان كىيىملەرنى كۆرسىتىپ: «بۇ كىيىملەرنى ھېچكىم توقۇغان ياكى تىككەن ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىكىدىن كىيىم بولۇپ قالغان» دېسە، سىلەر شۇ كاتتىلارنىڭ گەپلىرىنى قوبۇل قىلامسىلەر؟ ئەگەر پۈتۈن دۇنيادىكى ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كاتتا ـ كاتتا پروفېسسورى بىرلىشىپ سىلەر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ئۆي ئەزەلدىن بار ئىدى، بۇ ئۆينى ھېچكىم ياسىمىغان، ئۆزىچە سېلىنىپ قالغان» دېسە، سىلەر ئۇلارنىڭ ئەقىدە ۋە ئىخلاس بىلەن قىلىۋاتقان ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئاساسسىز گەپلىرىگە ئىشىنىشىڭلار مۇمكىنمۇ؟

## ئەمدى دىققەت قىلىڭلار

يۇقىرىدا كىچە ـ كۈندۈز كۆز ئالدىڭلاردا تۇرىدىغان بىر نەچچە نەرسىلەرنىڭ مىسالى بايان قىلىندى، ئۇلارنى قايتا بىر مۇلاھىزە قىلىپ نەتىجە چىقىرىشقا تىرىشىڭلار.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئەگەر سىلەرگە بىر ئادەم ئاددى بىر دۇكاننى ئۆزى ئېچىلىپ، ئۆزى يېپىلىدۇ دېسە ئىشەنمەيدىكەنسىلەر، ئاددى بىر زاۋۇتنى ئۆزلىكىدىن ياسالغان، ئۆزلىكىدىن مېڭىۋاتىدۇ، ئۆزلىكىدىن باشقۇرۇلىدۇ دېسە ئۇنىڭغىمۇ ھەرگىز ئىشەنمەيدىكەنسىلەر. ئۇندىن باشقا كىچىك ـ كىچىك نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ دۇنيانىڭ كاتتا ـ كاتتا ئالىملىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ياسالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلسا، سىلەر بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەيدىكەنسىلەر. قېنى ئۆزەڭلار جاۋاب بېرىڭلارچۇ؟ شۇنداق كەڭ ۋە چوڭ ئاسمان، بىپايان زېمىن، قۇياش، چوڭ ـ كىچىك يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر خىل نەرسىلەر خۇددى قول سائىتىنىڭ سايمانلىرىغا ئوخشاش شۇنداق مۇرەككەپ تىزىلغان «زاۋۇت» سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا كىچە ـ كۈندۈز ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ «زاۋۇت» ئىچىدە دېڭىزلار بولۇپ، ئۇلاردىن قۇياش ھارارىتى ئارقىلىق بۇس (ھور) پەيدا بولىدۇ. بۇ ھورلاردىن پەيدا بولغان بۇلۇتلارنى شامال ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بۇلۇتلارغا سوغۇقلۇق يەتكۈزۈپ، ئۇ بۇسلاردىن يەنە ئىككىنچى قېتىم سۇ ياسىلىدۇ، ئۇ سۇلار بۇيرۇق بولغان ھامان سۇ بولۇپ تامچە ـ تامچە ھالەتتە يەرگە چۈشىدۇ. كەڭ كەتكەن قۇرغاق زېمىنلار سۇنى ئىچكەندىن كېيىن قايتا ھاياتلىققا ئىگە بولىدۇ. سۇ

ئىچىپ تىرىلگەن زېمىنىنىڭ قورسىقىدىن خىلمۇ- خىل، رەڭگا- رەڭ گىياھلار ئۈنۈپ چىقىدۇ. شۇ ئۆسۈملۈكلەردىن خىلمۇ- خىل ئاشلىقلارنى، ھەر خىل گۈللەرنى، ھەر خىل مېۋىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىسىلەر. بىز يۇقىرىدا دېگەن بۇ جەرياندا، خۇددى بىر زاۋۇتنى ئۆزلىكىدىن ياسىلىپ قالغان، ئەسلىدىلا بار ئىدى دېسە قانداقمۇ ئىشەنگۈڭلار كېلەر؟! ئاددى ئۇرۇندۇق ۋە بىر غېرىچ رەختكە چاغلىق نەرسىلەرنى ئۆزىچە ياسىلىپ قالدى دېگەن ئادەملەرنى بۇلارنىڭ ئەقلى- ھۇشى جايىدا ئەمەس، ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلىۋاتقان ئادەملەر شۇ قەدەر چوڭ ئاسمان- زېمىننى ئۆزى ياسىلىپ قالغان دېگەن ئادەملەرگە نېمە دەپ ھۆكۈم قىلار؟ ئاسمان- زېمىننى ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان دەيدىغان ئادەملەر، دۇنيادىكى بارلىق جانىۋارلارنى، شۇنچىۋالا كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق ئىنسانلارنىمۇ ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالغان دېيىشى كېرەك. شۇنداق دېسە توغرا بولارمۇ؟ ئۆتكۈر پىكىرلىك مېڭەڭلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ نېمىدىن تەركىپ تاپقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار.

دۇنيادىكى ئۇلۇغ ئىلىم- پەن ئالىملىرى ھەر خىل ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئىنسان بەدىنىنى ئانالىز قىلىپ كۆرۈش ئارقىلىق، ئىنسان بەدىنىنىڭ تۆمۈر، فوسفور، ئازوت، ئوكسىگېن، ھىدروگېن، كاربۇن قاتارلىق نەچچە تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ماددىلاردىن تەركىپ تاپقانلىقىنى تەتقىق قىلىپ تېپىپ چىقتى. ھازىر يېڭى دەۋردە ھەر خىل نەرسىلەرنى ۋە سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز قۇرال- ئۈسكۈنىلەرنى كەشىپ قىلغۇچى ئالىملار يېتىشىپ چىقماقتا. ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ياساشقا قادىر بولغان ئالىملار ئادەم جىسمىدا بار بولغان نەرسىلەرنى بەلگىلىك مىقداردا بىرىكتۈرۈپ ئادەم ياساشقا قادىر بولالىدىمۇ؟ ياق، ياسىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ھالىمىز شۇنداق تۇرسا، تۇز، گاز، كۆمۈر، ھاۋا قاتارلىق بىر نەچچە ئاددى نەرسىلەردىن يارالغان، سۆزلىيەلەيدىغان، ماڭالايدىغان، كۆرىدىغان، ئاڭلايدىغان، ئايرۇپىلان ياسىيالايدىغان، دۇنيانىڭ بىر بۇرجىكىدىن يەنە بىر بۇرجىكىگە خەۋەر يەتكۈزەلەيدىغان ئەسۋابلارنى ياسىيالىغان ئادەملەرنى ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان دېسە، بۇ قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولىدىغان سۆز بولدى؟ قايسى ئىنساننىڭ ئەقلى مۇنداق ناھەق يالغان گەپنى قوبۇل قىلالايدۇ؟ ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئىبارەت بۇ «زاۋۇت»تىن ئىنساننىڭ قانداق ياسىلىپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا ئازراق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالىغا دادىسىنىڭ ھېچقانداق ئۈستىلىقى ئىشلىمەيدۇ، ئانىنىڭ ھېچ بىر ھېكمىتى بۇنىڭدا يوق. ئانىنىڭ قورسىقىدىكى خالتىغا مەخسۇس مىكروسكوپ بولمىسا كۆرگىلى بولمايدىغان بىر

نەرسە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. قاچان قايسى ۋاقىتتا بىرلىشىپ قالغان بىلگىلى بولمايدۇ. ئاننىڭ قېنى ئۇنىڭ قېنى بولۇشى باشلىنىپ كېتىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئىنچىكە نەرسىگە كۆمۈر، تۇز، گاز ۋە ھاۋا قاتارلىق باشتا دەپ ئۆتۈلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك مىقداردا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئىنچىكە بىر چىشلەم گۆشكە ئايلىنىدۇ. ئۇ بىر چىشلەم گۆش ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئاستا ـ ئاستا يوغىنىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باش بېكىتىلىدىغان جايىغا باش، بۇرۇن بېكىتىلىدىغان جايىغا بۇرۇن، قۇلاق بېكىتىلىدىغان جايىغا قۇلاق، كۆز بېكىتىلىدىغان جايىغا كۆز ۋە باشقا قول، پۇت، يۈرەك، جىگەر، ئاشقازان قاتارلىق ھەممە كىچىك ئەزالىرى ئۆز جايىغا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۇستىخان پەيدا بولۇپ، ئۇ بىر ئىنساننىڭ شەكلىگە ئايلىنىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا كۆرۈش، ئاڭلاش، تېتىش ئىقتىدارى، شۇنداقلا پۇراش، سۆزلەش، چۈشىنىش، بىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەچچە يۈزلىگەن ھېسابسىز ئىقتىدارلار بېرىلىدۇ. ئۇ بالا ھەر تەرەپتىن تولۇق، مۇكەممەل ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن، توققۇز ئايدىن بېرى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئاننىڭ قورسىقىدىن ئىبارەت «زاۋۇت»تىن ئۇسۇپ (بۆسۈپ) سىرتقا چىقىدۇ. مانا شۇنداق تەرىقىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۈنىگە مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان ئىنسانلار «ياسىلىپ» چىقىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلار بىر- بىرىگە زادى ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ شەكلى، رەڭگى، ئاۋازى، قۇۋۋەتلىرى، ئىقتىدارلىرى، تەبىئىتى، ئەخلاقى سۈپىتى قاتارلىقلار بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ھەتتا «بىر زاۋۇتتا ياسالغان» (بىر قورساقتىن چىققان) باللار بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىشلار شۇنداق ئاجايىپ ۋە ھېكمەتلىك ئىشلاركى، بۇ ئىشلارنى ئىنسان زادى ئويلاپ ياكى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تېگىگە يېتەلمەيدۇ. كۆرۈپ ئەقلى ھەيرانلىقتا ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ. ئالەم بوشلۇقىدىكى يەر شارىنىڭ ئالدىمىزدا ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقى شۇنداق ئاجايىپ ۋە مۆرەككەپ ئىشلار. ئاننىڭ قورسىقىدىن ئىبارەت «زاۋۇت»تىن شۇنداق ھېكمەتلىك ئادەملەرنىڭ ياسىلىپ چىقىشى، بۇ كاتتا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيادىكى ھەممىدىن كاتتا ئالىم، ھەممىدىن ئۇلۇغ، ناھايىتى ھېكمەتلىك، ھېچ كىشىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان، ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان، ھەممىدىن ئۇستا ئاللاھنىڭ ماھارىتى بىلەن بولغان ئەمەس، بۇ ئىشلار ھەر قانچە ھېكمەتلىك بولسىمۇ ئۆزىچە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېيىلسە، سىلەر ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنەمسىلەر؟ بازاردا ئېچىلىپ تۇرغان شۇنداق كاتتا دۇكاننى كۆرۈپ، بۇ دۇكاننىڭ ئىگىسىنىڭ بايلىقىنى، تەجرىبىلىك تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ دۇكان ئۆزىچە

ئېچىلىپ قالىدۇ، بۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى يوق دېسە ئىشەنمەيمىز. زاۋۇتنىڭ مېڭىۋاتقانلىقى بىزگە ئۇستا بىر ئىنژېنېر، باشقۇرغۇچى ۋە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز بۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىسى يوق دېسە ئىشەنمەيمىز. ھەرەم بەيتۇللانىڭ شۇنداق كاتتا سېلىنغان ئىمارەتلىرىگە قاراپ ناھايىتى ئۇستا تېخنىك لاھىيىلەپ چىققانلىقىنى، ئىشلىگۈچىلەرنىڭمۇ شۇنداق قالتىس ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا شۇنداق ئۇلۇغ تېخنىكلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇچىمىزدا تۇرغان كىيىم ئۇستا بىر سەيپۇڭنىڭ بارلىقىنى ۋە توقۇيدىغان زاۋۇتنىڭ بارلىقىنى، شۇ زاۋۇتنىڭ ئىنژېنېرلىرى بارلىقىدىن تارتىپ ھەممىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئالدىمىزدا تۇرغان ئۇستەل، ئورۇندۇق قاتارلىق نەرسىلەر ئۇستا بىر ماھارەتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن شۇلارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئەگەر بىر كىشى كېلىپ بۇ كىيىم ئۆزلىكىدىن تىكىلگەن، بۇ ئورۇندۇق ئۆزلىكىدىن ياسالغان دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ھەر قانچە كاتتا ئالىم ۋە پروفېسسورلار كېلىپ قورۇلۇشلار، زاۋۇتلار ئۆزىچە ياسالغان، ئۇ قورۇلۇشلار ئۇستا تېخنىكلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ دەپ ھەر قانچە چۈشەندۈرسىمۇ، بىز ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلىپ ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ئەمدى شۇنداق كاتتا، چوڭ ۋە مۇرەككەپ بولغان ئاسمان ـ زېمىندىن ئىبارەت زاۋۇتنىڭ ئالدىمىزدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئانىنىڭ قورسىقىدىن ئىبارەت شۇنداق كىچىك زاۋۇتتىن ھەر خىل ئىنسانلارنىڭ چىقىۋاتقانلىقى ـ ھەممىدىن كاتتا، قۇدرەتلىك، ھېكمەتلىك، ئۇستا، كۈچلۈك بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ، بۇلار ھەممىسى ئۆزىچە پەيدا بولغان دېگەن ئادەملەرنى بۇلارمۇ ئوقۇغان، بىلىملىك ئادەملەر دېيىشىمىز ـ ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىمىزگە تۆھمەت چاپلىغانلىق بولمامدۇ؟ بولۇپمۇ مەن ئۇنداق ئادەملەرنى مەن بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلغۇچىلىكى بار ئادەم دەپ قارىمايمەن. بۇرادەرلەر، بۇ يەرگە كەلگىچە بولغان چۈشەندۈرۈشلىرىمىزنى ئوبدان چۈشەنگەن بولساڭلار سىلەرنىڭ دىلىڭلاردا ئەلۋەتتە زادى دۇنيا ۋە بىز مەخلۇقلارنى پەيدا قىلغۇچى كىشى بار ئىكەن دەيدىغانلىقىڭلارغا جەزمىيەت پەيدا بولىدۇ.

ئەمدى ئىككىنچى مەزمۇنغا ئۆتىمىز. ئىككىنچى مەزمۇندا دۇنيادا ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئەگەر ئاللاھ بولىدىكەن، نەچچە بولۇشى لازىم دېگەن ھەقتە سۆزلىشىمىز.

مۇھاكىمە

1. ئۆزىچە ئىچىلىپ، يېپىلىۋاتقان دۇكانىنىڭ ۋە ئۆزىچە ياسالغان زاۋۇتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

2. شۇنداق كەڭ ۋە چوڭ ئاسمان، بىپايان زېمىن، قۇياش، چوڭ - كىچىك يۇلتۇزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، خۇددى قول سائىتىنىڭ سايمانلىرىغا ئوخشاش شۇنداق مۇرەككەپ تىزىلغان «زاۋۇت» ئۆزىچە پەيدا بولغانمۇ؟ ياكى ياسىغۇچىسى بارمۇ؟ ياسىغۇچى بار بولسا ئۇ زادى كىم؟

# 2. باب ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ھۆججەت ۋە ئىسپاتلار

بۇرادەرلەر، سىلەرنىڭ ھەر قانداق دۇنيادا پادىشاھسىز دۆلەت بولمايدۇ، مەيلى دۆلەت بولسۇن، مەيلى ئۆلكە بولسۇن، مەيلى شەھەر بولسۇن، مەيلى گۇڭشې (كوممۇنا) بولسۇن، مەيلى كەنتە بولسۇن، كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، ھەر قانداق يەرگە باشلىق، شۇجى بولمىسا بولمايدۇ دېگەن گەپكە ئىشىنىسىلەر. چۈنكى ھەر قانداق بىر دۆلەت ياكى شەھەردە ياشىغۇچىلار ئۈچۈن بىر تۈزۈم بولۇشى لازىم، تۈزۈم بولۇشى ئۈچۈن بىر باشلىق (مەسئۇل بولغۇچى كىشى) بولۇشى لازىم. شۇنىڭغا ئوخشاش ھاياتىمىزدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك ئىشلار ئۈچۈن، شۇلارنى باشقۇرۇپ بېرىدىغان باشلىق بولۇشى لازىم. ئەگەر باشقۇرغۇچى بولمىسا، ئىشلار راۋاج تاپالمايدۇ. ئەمدى باشلىقسىز ھېچ ئىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىغا قايىل بولدۇق. ئەگەر شۇ باشلىقلار ئىككى بولسا قانداق بولىدۇ؟ مەسىلەن: بىر دۆلەتنىڭ ئىككى پادىشاھى بولسا ياكى بىر گۇڭشېنىڭ ئوخشاشلا ئىككى شۇجىسى بولسا، ياكى بىر مەكتەپنىڭ ئىككى مۇدىرى بولسا، ياكى بىر لىيەن ئەسكەرنىڭ ئوخشاشلا ئىككى لىيەن باشلىقى بولسا، شۇنداق يەرلەرنىڭ تەرتىپى قانداق بولار؟ دۇنيادا ئاشۇنداق بولغان دېگەن گەپلەرنى سىلەر ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئەگەر بىر دۆلەتتە ئوخشاشلا ئىككى پادىشاھ بولسا، شۇ دۆلەتنىڭ تەرتىپ - تۈزۈملىرى بىر كۈن جايىدا تۇرارمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ھاياتىڭلاردىكى كىچىك - كىچىك ئىشلارغا بۇ گەپنى سىڭدۈرۈپ كۆرۈڭلار، ئەگەر ھەر قانداق بىر ئىش ئوخشاش ئىككى ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە قويۇلسا، ئۇ ئىش ھەرگىز راۋاج تاپالمايدۇ. چۈنكى ھەر ئادەمنىڭ خىيالى ۋە ئوي - پىكرى

ھەرگىز بىر يەردىن چىقمايدۇ. ئەگەر بىرسىنىڭكىگە يەنە بىرسى ئۇناپ قالسا، ئۇ يەنە بىرسى بىلەن تەڭ ھوقۇقتا بولغان بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىمىسا ئىككىسىنىڭ پىكرى ئوخشاش بولمايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئارىدا جېدەل ـ ماجرا ۋە زىددىيەت يۈز بېرىدۇ. شۇ يەردە نۇرغۇن تۈزۈمسىزلىك بولىدۇ. دۇنيادىكى خاتىرجەملىك، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىش، قائىدە ـ تۈزۈملەرگە بويسۇنۇش راۋاجلانغان يەرلەردە چوقۇم بىرلا كۈچ، بىرلا تاقەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار ھەرگىز مۇنداق خاتىرجەملىكتە ياشاش، قائىدە ـ تۈزۈملۈك بولۇشلارنى ھاسىل قىلالمىغان بولىدۇ. ھەقىقەت شۇنداقكى، زادى دۇنيادا بىرلا كۈچ ھوقۇق سۈرمىگىچە خاتىرجەملىك، تەرتىپلىك ۋە تۈزۈملۈك بولۇش قولغا كەلمەيدۇ. بۇ گەپلەرنى ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ توغرىدا ئىككىلىنىپ قالمايدۇ. ئەمدى بىز يۇقىرىدىكى گەپلەرنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، ئالدىمىز ۋە كەينىمىزدىكى دۇنياغا نەزەر تاشلايلى: ئالدىڭلاردا تۇرغان دۇنيانى، كۆز ئالدىڭلاردا چۆرگىلەۋاتقان ئونمىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان يۇلتۇزلار، ئاي، قۇياش ۋە باشقا توپقا ئوخشاش چۆرگىلەۋاتقان يۇلتۇزلارنى ئويلاپ بېقىڭلار. بۇلارنىڭ چۆرگىلىشىدە قانچىلىك مەزمۇت تۈزۈم بار؟ بىرەر قېتىم كېچىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىن ئىلگىرى كېلىپ قالغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ بىرەر قېتىم كۈندۈزنىڭ ئۆز ۋاقتىدىن ئىلگىرى كېتىپ قالغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ كۈننىڭ بىرەر قېتىم كەينىگە يېنىپ كىرىپ بارغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز يولىدىن چەتنەپ، قىلچە ئۇيان يا بۇيانغا مېڭىپ سالغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ يۇلتۇزلار ئىچىدە نەچچە يەر شارىدىن نەچچە يۈز مىڭ ھەسسە چوڭ، قۇياشتىنمۇ نەچچە مىڭ ھەسسە چوڭ يۇلتۇزلار بار. شۇلارنىڭ ھەممىسى قول سائىتىنىڭ ئىچىدىكى سايمانلارغا ئوخشاش شۇنداق مۇرەككەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان يولى بىلەنلا مېڭىۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىدىن قىلچە ئۇيان ـ بۇيان بولمايدۇ. ئۇلار نېمە ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان بولسا، شۇ ۋەزىپىنىلا ئورۇنلايدۇ. يىلدىن ـ يىلغا ياكى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلارنىڭ مېڭىشلىرىدا قىلچە پەرق بولمايدۇ. ئەگەر ئىككى پويىز ئۆز يولىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇپ كېتىدىغان بولسا ئۇلار كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بىرەر يۇلتۇز ياكى باشقىلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن چىقىپ كىرىپ، بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشۇپ كېتىدىغان بولسا پۈتۈن دۇنيا بىردەمنىڭ ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ. ھەممىسى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئاسمان توغرىسىدا سۆزلىدۇق، ئەمدى ئۆزىمىز تۇرىۋاتقان زېمىنگە ۋە ئۆزىمىزگە قاراپ باقايلى.

قانچىلىك كۆپ ھەرىكەتلەرنى بايقايدىكەنمىز. يەر شارىغا چېچىلىپ تۇرغان ھايات دېگەن ئويۇنلارنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىن ـ بىر قائىدە ـ تۈزۈملەرگە باغلىق، زېمىننى تۇتۇپ تۇرىدىغان كونتىرولچى ـ زېمىن ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ ساقلاپ تۇرىدۇ. زېمىننى ئېلىپ ئېيتساق، زېمىندىن ئىبارەت بۇ «زاۋۇت»تىكى شۇنداق مۇرەككەپ سايمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە بويسۇنماقتا. بۇلارنىڭ تەرتىپ ـ تۈزۈملىرىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ھاۋا ئۆزىنىڭ تەرتىپىگە بويسۇنماقتا، سۇ ئۆزىنىڭ تۈزۈمىگە ئەگىشىپ كەلمەكتە. ئىسسىق، سوغۇق ئۆز قائىدىلىرىگە قۇل بولماقتا. ۋە يەنە توپا، تاش، ئاليۇمىن، تۆمۈر، توك، بارلىق دەل ـ دەرەخلەر ۋە باشقا جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇپ كەلمەكتە.

ھېچقانداق ئاساسى يوق، ھەر قايسى پارچىلار ئۆز چېگرىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۆز تۈزۈملىرىگە ئەگەشكەن ھالەتتە بىر ـ بىرسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەۋاتىدۇ.

شۇ سەۋەبلىك دۇنيادىكى بارلىق ئىشلار نورمال داۋاملاشماقتا. بىز يەرگە تېرىغان بىر دانە ئۇرۇقتا پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىندىكى قۇۋۋەتلەر بىرلىشىپ ياردەم بەرمەيدىغان بولسا، ھەرگىزمۇ دەرەخ بولالمايدۇ. بىز تېرىغان ئۇرۇقتا زېمىن ئۆز غەزىنىسىدىن ئوزۇقلۇق بېرىدۇ. قۇياش مۇۋاپىق مىقداردا ئىسسىقلىق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھاۋامۇ كېرەكلىك ماددىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. قۇياش ئۇنىڭ پىشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. كېچە ئۇنىڭغا ھۆللۈك ۋە شەبنەم يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بىز تېرىغان بىر دانە ئۇرۇق پۈتكۈل ئاسمان ـ زېمىندىكى قۇۋۋەتلەرنىڭ ياردىمىدە ئاندىن چوڭ بىر دەرەختقە ئايلىنالايدۇ. ئۇنىڭدىن ھەر خىل مېۋىلەر چىقىدۇ. ئوخشاشلا بۇغداي ۋە قوناقلار ئۈچۈنمۇ ھەممە كۈچلەر بىرلىشىپ ياردەم بېرىدۇ. بەلكى بىز ئىنسانلارمۇ ئاسمان ـ زېمىندىكى قۇۋۋەتلەرنىڭ ياردىمىدە ئاندىن تىرىك ھالدا ياشاۋاتىمىز. يالغۇز ھاۋالا باشقا قۇۋۋەتلەرگە ماسلىشىشتىن باش تارتىدىغان بولسا، بىز ئىنسانلارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوق بولۇپ كېتىمىز ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سۇ، ھاۋا، ئىسسىقلار بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ماسلاشمايدىغان بولسا، يامغۇر ياغمايدۇ. ئەگەر سۇ بىلەن تۇپراق ماسلاشمايدىغان بولسا، بىزنىڭ باغلىرىمىز ۋە ئېتىزلىرىمىز پەقەتلا قۇرۇپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆي سالالمايمىز. ئەگەر سەرەڭگە بولمىسا، بىز ئۇچاقتا ئوت ياقالمايمىز. بىزنىڭ زاۋۇتلىرىمىزمۇ توختاپ قالىدۇ. ئەگەر تۆمۈر ئوتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولسا، بىز ماشىنا ـ پويىزلار ئۈياقتا تۇرسۇن، بىر تال يىڭنە ۋە پىچاقتا چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ ياسىيالمايمىز. دېمەك، سىلەرنىڭ بۇ زېمىندا قىلىپ كېتىپ بارغان

ئىشلىرىڭلارنىڭ ياخشى يۈرۈشۈشى، پەقەت پۈتۈن ئاسمان-زېمىندىكى قۇۋۋەتلەردىن ئىبارەت ھەر قايسى «ئىدارە-جەمئىيەت»لەر بىر-بىرى بىلەن بىرلىشىپ، قائىدە- تۈزۈملەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، بىزگە ياردەم بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ۋە ھېچقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىماسلىقىغا ياكى ئارقىغا سۆرەپ تۇرۇۋېلىشىغا ياكى بىر «مەھكىمىنىڭ خىزمەتچىلىرى» «يەنە بىر مەھكىمىنىڭ خىزمەتچىلىرى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىشىگە ھېچقانداق ھوقۇقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىرلا پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكۈملەرگە بويسۇنماسلىقىغا ھېچ چارىسى يوق.

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن گەپلەرنىڭ ھېچ يالغىنى يوق. سىلەرنىڭ بۇ گەپلەرنى راست دەپ ئىشىنىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئەگەر شۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست بولمىغان بولسا، بۇ ئاسمان- زېمىندىكى ھەر خىل ماددىلىق كۈچلەر بىر- بىرى بىلەن نېمانچە ياخشى ماسلىشىدۇ؟ بىر- بىرىگە ياردەم بېرىشىدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن ئۇلار شۇنداق مەزمۇت تۈزۈمگە باغلانغان؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۇ تەرتىپلەرگە شۇنداق بويسۇنىدۇ؟ ئاسمان-زېمىندىكى شۇنداق چوڭ ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بۇ چوڭ «ئىدارە-جەمئىيەتلەر» ئوتتۇرىسىدا نېمە ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ جېدەل-ماجىرا بولمايدۇ؟ قاچاندىن باشلاپ ئىنسانلار بۇ زېمىن ئۈستىدە غەلىبە ئورنىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. بىر نەچچە يۈز مىڭ يىلنىڭ مابەينىدە، بۇ ئاسمان-زېمىندىكى «ئىدارە-جەمئىيەتلەر»نىڭ تۈزۈملىرى بىر خىل تۈردە داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. دەرەخلەر ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەر ئۆز قەرەلىدە ئۈنۈۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئاي يەر شارىغا سوقۇلۇپ كەتمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كېچە-كۈندۈزنىڭ ۋاقىتلىرىدا ئازراق پەرق بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن «ھاۋا ئىدارىسى» بىلەن «سۇ ئىدارىسى» ئۇرۇشۇپ قالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن «سۇ ئىدارىسى» بىلەن «سۇ ئىدارىسى» زىددىيەتلىشىپ قالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئىسسىق بىلەن ئوت بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن يالقالمايدۇ؟ دېمەك، شۇنچە كاتتا (مۇھىم) «ئىدارە»لەر، شۇنچە خىلمۇ-خىل «خىزمەتچىلەر»، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قائىدىلىرىدە بىرەر سېكونت ئالدى ياكى كەينىگە بولۇپ قالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئانچە-مۇنچە توقۇنۇشلار بولۇپ قالمايدۇ؟ بۇ سوئاللارغا قېنى ئۆزۈڭلار جاۋاب بېرىپ بېقىڭلارچۇ؟

بىر ئاددى مەكتەپتە ئىككى نەپەر ئوخشاش ھوقۇقتىكى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بولماقلىقى بىلەن مەكتەپنىڭ پۈتۈن ئىنتىزامى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بىر ئاددى ئىدارىدە ئىككى نەپەر باشلىق بولسا، ئىككى باشلىق بولغان سەۋەبتىن

تۈزۈمسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، ئاسمان ـ زېمىندىكى كۆپلىگەن كۈچلەرنىڭ قاتتىق تۈزۈم ئىچىدە چۆرگىلەۋاتقانلىقى بىزگە، زادى شۇلارنىڭ كەينىدە ھەممىدىن كۈچلۈك، ھەممىدىن غالىب بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى، 10 ـ 20 ئاللاھ ئەمەس، ئىككى ئاللاھ بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، شۇلارنىڭ تەرتىپى ـ مۇنداق مەزمۇت ھالدا ماڭالمايدىغانلىقىنى، ھەمدە شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياسىغان ۋە پەرۋىش قىلىۋاتقان بىر تاقەتلىك كۈچنىڭ بۇيرۇقىدىن قىلچە ئۇيان ـ بۇيان بولمايدىغانلىقىنى بىزگە ئەينەن قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ.

## خۇلاسە

دۇنيا ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالمىغان، بەلكى دۇنيانى ئىككى ئەمەس بىرلا ئاللاھ ياسىغان. ياسىغۇچىسىمۇ بىرلا بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ياردەمچىسىمۇ يوق. دۇنيادىكى «ئىدارىلەر» باشلىقسىز چۆرگىلەۋاتمايدۇ، بەلكى بىرلا باشقۇرغۇچى باشلىقنىڭ قول ئاستىدا باشقۇرۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ دۇنيادىكى «ئىدارە ـ جەمئىيەت»لەرنىڭ شۇنچە قاتتىق تۈزۈم ئىچىدە كېتىۋاتقانلىقى، بىزگە ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئىختىيارلىقى، ھەممە ئىشلىرى، بىرلا پادىشاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى، بۇ دۇنيادا شۇ پادىشاھتىن باشقا پادىشاھنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا ھوقۇق يوق ئىكەنلىكى، بۇ دۇنيادا شۇ پادىشاھتىن باشقا پۈتكۈل ئاسمان ـ زېمىندىكى ھۆكۈمەت، پۈتكۈل مەخلۇقات، ئاي، كۈن، ھاۋا، سۇ، دەريا، تاغ، دەرەخ قاتارلىق جىمى شەيئىلەر شۇ بىر پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا شۇنىڭغا مەھكۇم ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىنىڭ ئۆلۈشى، تىرىلىشى قاتارلىق ھەممە ئىختىيار شۇ بىر پادىشاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى ۋە شۇ پادىشاھ پۈتكۈل دۇنيانى ۋە ھەممە نەرسىلەرنى قول ئاستىغا شۇنداق مەزمۇت ئېلىۋالغانلىقىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق كاتتا ھۆكۈمەت ئىنتىزامى بىردىن زىيادە پادىشاھنىڭ بولۇشىغا ئورۇن بېرەلمەيدۇ. ۋە يەنە دۇنيانىڭ تەبىئەت قانۇنى ھۆكۈمەت ئىختىيارلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلا پادىشاھنىڭ قولىدا بولۇشنى، يەنە بىرىنىڭ قولىدا قىلچە ئىختىيار بولماسلىقىنى، بىرلا پادىشاھنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى، باشقا ھەر قانداقىنىڭ ھۆكۈمى بولماسلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى ئەگەر كىچىككىنە ھوقۇق يەنە بىرىنىڭ قولىدا بولىدىغان بولسا، يەنە جېدەل ۋە تۈزۈمسىزلىكنىڭ چىقىش ئېھتىمالى چوڭ بولىدۇ. ھوقۇق سورۇش ئۈچۈن كۈچ بولمىسا بولمايدۇ. بەلكى پۈتۈن دۇنيانى بىرلا

ۋاقىتتا كۆرەلەيدىغان، بىرلا ۋاقىتتا ھەممىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىك مۇئامىلىسىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغان، ھەممىگە ئۆز لايىقىدا ھۆكۈم چۈشۈرەلەيدىغان ئىلمىنىڭ بولۇشىمۇ لازىم. ئەگەر دۇنيادا ئۇنداق ئەتراپلىق ئىلمى يوق، ئەمما بەزى جايلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقۇرالايدىغان ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئاسمان ـ زېمىننىڭ مۇرەككەپ «زاۋۇت»لىرى ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. بىز ئاددى قارا ماشىنىنى مىسالغا ئالايلى:

بىر قارا ماشىنىنى شوپۇر ئەمەس ئادەم ھەيدەيدىغان بولسا، ماشىنىنى ئۇيان ـ بۇيانغا ئۇستۇرۇپ ماشىنىنى بۇزۇپ تاشلىغانغا ئوخشاش، دۇنيانىڭ پۈتۈن سىرلىرىنى بىلمىگەنلەرگە دۇنيانى باشقۇرۇش ئىختىيارى بېرىلىپ قالىدىغان بولسا، دۇنيانىڭ تەرتىپ ـ تۈزۈملىرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ۋە دۇنيادىكى مەھكىمىلەرنىڭ چېكلىكى زادى دۇنيادا شۇ دۇنيانى ياسىغان، شۇ دۇنيانىڭ ئىچكىرى ـ تاشقىرى ھەممە سىرلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان بىرلا ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشىنىڭ ھوقۇق سۈرەلمەيدىغانلىقىغا ۋە شۇ بىرلا ئاللاھدىن باشقا كىشىنىڭ مەنمۇ پادىشاھ بولسام بولاتتى دېگىنىگە يول قويمايدۇ، ھەمدە ھېچ كىشى ھوقۇق سۈرۈشتە ئاللاھ تائالاغا شېرىك بولمايدۇ. بۇ گەپلەردىن بۇ دۇنيانى ئاللاھ ئۆزى باشقۇرۇشى لازىم دېگەنلەر ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ. بەلكى ئاللاھدىن باشقا پۈتۈن مەخلۇقات ئاللاھسىز (ئاللاھ پەرۋىش قىلىپ ھاۋا، سۇ، ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇقلار بىلەن خەۋەر ئېلىپ تۇرمايدىغان بولسا، دۇنيادا بىر سېكونتمۇ ھايات كەچۈرۈشكە) قادىر بولالمايۋاتقان ئاجىز بەندىلەر قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ شۇنداق شانۇ ـ شەۋكەتلىك پادىشاھلىقىغا شېرىك بولسۇن؟!

دۇنيادا ئىنسانلار زادى ھوقۇقدار بولالمايدۇ دېگەنلەرنى كۆرستىش:

بىر پادىشاھ دېگەن ئۆزىنىڭ قۇلىنى ئۆزىنىڭ ھوقۇق، ئىختىيارلىرىدا شېرىك قىلامدۇ؟ قانداقمۇ بىر كاپىتالىست ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادلىرىدا، ئۆزىنىڭ ئۆي ـ ۋاقلىرىدا شېرىك قىلىۋالسۇن؟ بۇ گەپلەرنى چوڭقۇر ئويلىغاندىن كېيىن، بىزنىڭ قەلبىمىز زادى بىر كاتتا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇقلۇق ھېچقانداق بىر بەندىگە ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىش قىلىش ھاسىل بولمايدۇ، ھەمدە ھاسىل بولۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق بولۇشى پەقەتلا ئەقىلگە ۋە تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپ ئەمەس بەلكى، دۇنيانىڭ ھەقىقىتىگە خىلاپ دېگەنلىكنى كۆرستىپ بېرىدۇ.

ئىزاھات:

1. ئەمدى بىز زادى دۇنيانى پەيدا قىلغۇچى بىر زاتنىڭ بارلىقىنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن، بىز شۇ دۇنيانى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىنىڭ ھەم بارلىقىنى، بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتۇق.

2. ياساپ چىققۇچى ۋە باشقۇرغۇچى بىرلا بولمىسا يەنە بولمايدىغانلىقىنى، زادى ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچى ھەممىسى بىرلا ئاللاھنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى تەتقىقلاپ تېپىپ چىقتۇق.

3. ئەمدى تۆۋەندە بىز نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار خاپىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ؟ دېگەن ھەقتە سۆزلەيمىز.

مۇھاكىمە

1. ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈڭ؟

2. ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈڭ؟

# 3. باب ئىنساننىڭ تەباھ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى نېمە؟

بۇرادەرلەر! يۇقىرىدا بىز چۈشىنىپ كەلگەندەك پۈتۈن دۇنيانى پەيدا قىلغان ۋە بارلىق كائىناتنى كونترول قىلىۋاتقان زات ئاللاھتىن ئىبارەت. بارلىق ئىشلار ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار بولسا دۇنيانىڭ ئەسلى ھەقىقەتلىرى بولۇپ، ئۇلار كۆز ئالدىمىزدا بولۇۋاتىدۇ. بىز ئىنسانلارمۇ دۇنيادىن بۆلەك بىر پارچە ھېسابىدا ياشاۋاتىمىز، بەلكى، دۇنيانىڭ شۇ ھەقىقەتلىرىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابىدا ھايات كەچۈرۈۋاتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭمۇ دۇنيانىڭ ئەسلى ھەقىقىتىنى ئوبدان چۈشىنىپ، شۇ ھەقىقەت بويىچە ھايات كەچۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ھەقىقەت شۇكى: دۇنيانىڭ پادىشاھى بىر ئاللاھتىن ئىبارەت. ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقىدا ھەر تەرەپتىن خاتىرجەملىك بار. بىز كۆرۈۋاتقان يۇلتۇزلار خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆز خىزمەتلىرىنى ئۆتەۋاتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ھاۋا، سۇ، دەرەخلەر ۋە باشقا جانىۋارلار ھەممىسى شۇنداق خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆز خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق مەزمۇت ئىنتىزاملىرىغا بويسۇنۇش بىلەن بىرگە مۇكەممەل خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆز خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ

كېلىۋاتماقتا. ھېچبىر بۇزۇقچىلىق، ئىنتىزامسىزلىقلار تېپىلمايدۇ. لېكىن بىز ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ خاتىرجەملىك دېگەن نېئمىتىدىن مەھرۇم بولۇۋاتىمىز. نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار خاتىرجەملىك ئىچىدە ھايات كەچۈرەلمەيدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن بىر قىيىن ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. نېمە ئۈچۈن بىز ئىنسانلارنىڭ ئۈستىمىزگە ئارقا ـ ئارقىدىن مۇسىبەتلەر كېلىۋېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەت بىلەن ئۇرۇشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتنى بېسىۋالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر خەلق يەنە بىر خەلقنى بوزەك ئېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئادەم ـ ئادەمنى ئۇرىدۇ؟ قويلار بۆرىلەرگە يەم بولغاندەك ئىنسانلار ئۈچۈن يەم بولۇۋاتىدۇ. ئون مىڭلىغان ئادەملەر ئۇرۇشلاردا ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ. بىر شەھەرلىك يەنە بىر شەھەرلىكنى بوزەك قىلىدۇ، يامانلار ياۋاشلارنى يەپ كېتىدۇ، بايلار غېرىبلارنى بۇلايدۇ، ئادالەت ئىدارىلىرىدە ئىنساپ يوق.

ھۆكۈمەت خادىملىرى قانۇنلارنى ئۆزىنىڭ پايدا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. خەلقنىڭ ھالىدىن ھېچ كىشىنىڭ خەۋىرى بولمايدۇ. دوستلۇقتا ۋاپا يوق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ. ئەخلاقتا راستلىق يوق. مەزھىپىنىڭ ھېچ ئېتىبارى يوق. ئادەم بالىلىرى نەچچە يۈز مىڭ ئىرقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىلگەن. ئادەملەر بىر ـ بىرىنى بوزەك قىلىشنى، بىر ـ بىرىنى ئالداشنى، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشنى ياخشى پەرق ئېتەلمەيدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن بۇزۇقچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردا تېپىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى نېمە؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە ھەممە ئادەملەر قىينىلىدۇ. لېكىن مەن بۇ مۇشكۇل سوئالنىڭ جاۋابىنى پەقەت ئىككى ئېغىز قىسقا سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈشنى خالايمەن. جاۋابى تۆۋەندىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش بىلەن بولىدۇ.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات كەچۈرۈش قانۇنلىرىنى دۇنيانىڭ ئەسلى ھەقىقىتىدە مېڭىۋاتقان قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا تۈزمىدى. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەقىقىي قانۇننى ئۇقماس بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە تۈزۈۋالدى.

شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىۋاتىدۇ. ئىنسانلار قاچانغىچە دۇنيانىڭ ئەسلى ھەقىقىتىنى تونۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات كەچۈرۈش قانۇنلىرىنى شۇنىڭغا توغرىلىمايدىكەن ئۇلار خاپىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ.

چۈشىنىشلىك مىساللار شۇكى:

ئەگەر بىر ئادەم راسا تېز كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، مەن

ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇن مېنىڭ ئۆيۇم، پويىزنىڭ ئىشكى مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئىشكى، سىرتىدىكى بولسا مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ هويلىسى دەپ خىيال قىلىپ، پويىزنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ هويلىغا چىقتىم دەپ، خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن سىرتقا چىققاندەك قەدىمىنى باسىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم شۇ هامان ئۆزىنىڭ خىيالىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سىزىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ بۇ خىياللىرى بىلەن پويىز ئۇنىڭ ئۆيى بولۇپ قالمايدۇ. پويىزنىڭ ئىشكى ئۇنىڭ ئىشكى، سىرت ئۇنىڭ هويلىسى بولۇپ قالمايدۇ. دېمەك، ئەسلى ھەقىقەت، ھەقىقەت بويىچە ئۆز جايىدا قېلىۋېرىدۇ. لېكىن ئەسلى ھەقىقەتنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ پۈت-قوللىرى سۇنىدۇ، بولۇپمۇ، يەنە «ياق، مېنىڭ ئاشۇ خىيالىم توغرا، پويىز زادى مېنىڭ ئۆيۈم» دەپ ئەسلى ھەقىقەتنى پەقەتلا چۈشەنگىلى ئۇنىمىسىمۇ، ھەقىقەت، ھەقىقەت پېتى تۇرىۋېرىدۇ. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز ئىنسانلارمۇ دۇنيادا ئاللاھ دەيدىغان نەرسە يوق، بۇ دۇنيا ئۆزىچە بولۇپ قالغان دەپ ئىشەنسەكمۇ، ئەسلى ھەقىقەت يەنە ئۆز پېتى بويىچە تۇرىۋېرىدۇ. ئاللاھنىڭ يېگانىلىقى، ھەممە ئىختىيار، ھەممە هوقۇق ئۇنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىشلار ئۆز جايىدا تۇرىۋېرىدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خاپىلىق كېلىۋېرىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار شۇنداق خاپىلىقلارنى تارتىپ تۇرۇپ يەنە ياق، بىزنىڭ چۈشەنگىنىمىز توغرا ئىدى، زادى بۇ دۇنيادا ئاللاھ يوق، بولسىمۇ بىر ئەمەس، كۆپ ئاللاھ بار دەپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى پىكرىدە جاھىللىق بىلەن تۇرىۋەرسىمۇ، ئىنسانلار ئۈستىگە خاپىلىق كېلىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقەتكە قىلچە تەسىرى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقى، يالغۇزلۇقى ئۆز جايىدا تۇرىۋېرىدۇ. ئەمدى بىز باشتا دەپ ئۆتكەن گەپلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ باقايلى:

ئاللاھنى بىز ئىنسانلار ياساپ قويمىدۇق، ئۇ ئەزەلدىن تارتىپ ئاللاھ بولۇپ كەلگەن. بىز ئۇنىڭ ئاللاھلىقىغا قايىل بولمىساقمۇ ئۇ ئاللاھ پېتى تۇرىۋېرىدۇ. پادىشاھلىقى يەنە ئۆز پېتى قېلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئاللاھلىقىغا قايىل بولساقمۇ يەنە ئۇنىڭ ئاللاھلىقى شۇ پېتى تۇرىۋېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەھكەم كۈچى، تاقىتى، ئىلمى بىلەن ئاللاھ بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. ئۇ ئاللاھ پۈتكۈل ئاسمان-زېمىننى، پۈتۈن مەخلۇقاتنى ئۆزى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان. دۇنيادىكى بارلىق كائىناتلار شۇ ئاللاھ تائالانىڭ هۆكمى بويىچە ماڭىدۇ. پۈتۈن ئاسمان-زېمىن، قۇياش، ئاي ھەممىسى شۇ بىر ئاللاھنىڭ قولىدا بولىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ قايسى بىرسىنى قانداقتۇر بىرەر ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرتەلمەيمىز. بىز ھەقىقەتكە قايىل

بولساقمۇ ياكى قايىل بولمىساقمۇ، كۆز يۇمۇۋېلىپ چۈشەنگىلى ئۇنىمىساقمۇ ھەقىقەت يەنە ھەقىقەت بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

## خۇلاسە

باشتا مىسال كەلتۈرۈلگەن پويىز ۋەقەسىدىكى ئادەم ئەگەر پويىزنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا «بۇ پويىز مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەس» دەپ ئورۇنىدۇقنى تېپىپ بېرىپ، ئۆز جايىدا ئولتۇرغان بولسا ئۆزىنىڭ بارماقچى بولغان جايغا ساق ـ سالامەتلىك بىلەن بارالايتتى. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇنداق قىلماي، پويىزنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيۈم، پويىزنىڭ ئىشكى ئۆيۈمنىڭ ئىشكى دەپ خىيال قىلىپ چىقتى، ئۇ ئادەمنىڭ پۇت ـ قوللىرى سۇندى، باشلىرى ياردار بولدى، يەنە نۇرغۇن زىيانلارنى تارتتى. ئەمما ئۇ پويىز ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيى بولۇپ قالمىدى، پويىزنىڭ ئىشكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشكى بولۇپ قالمىدى، ئەسلى ھەقىقەت ئۆز جايىدا قېلىۋەردى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر بىزمۇ ئاللاھنى بىر دەپ تونۇپ، پۈتۈن ئىختىيار، پۈتۈن قانۇن ئاللاھنىڭ قولىدا دەپ تونۇپ، ئاللاھ نېمە قىل دېسە شۇنى قىلساق ياخشى بولاتتى. نېمىنى مەنئى قىلغان بولسا شۇنى قىلماسلىق لازىم ئىدى. ئۆزىمىزنىڭ ھايات كەچۈرۈش قانۇنلىرىمىزنى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كۆرسەتكەن بويىچە، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ھالدا ماڭساق، بىزگىمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇشاللىق ۋە ئارامچىلىق ھاسىل بولىدۇ. ھاياتىمىزدىكى مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلالايمىز. ئەگەر ئۇنداق دەپ تونۇماي «ياق، زادى دۇنيادا ئاللاھ يوق دەپ تۇرۇۋالساق» ياكى ئاللاھ بولغان تەقدىردىمۇ «ھايات كەچۈرىشىمىزدە بىز ئۆزىمىزگە قانۇن ياسايمىز، دىن دېگەن ئادەتتىكى بىر مەزھەپ، دىندا سىياسەت يوق، دىن دېگەن مەسجىددە بولىدۇ» دېگەندەك ھەر خىل چۈشىنىشلەر بىلەن دۇنيادىن ئۆتىۋەرسەك. بۇ دۇنيادا بىزنىڭ بېشىمىزغا خاپىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەت كېلىۋېرىدۇ. ئۆزىمىز تارتقان ئازاب ئۆزىمىزنىڭ بولىۋېرىدۇ. ئەسلى ھەقىقەت ئەسلى بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

مۇھاكىمە

1. دۇنيانىڭ ئەسلى ھەقىقىتى نېمە؟
2. بىز قانداق ھايات كەچۈرىشىمىز كېرەك؟
3. ھەقىقەت دېگەنچۇ؟

4. نېمە ئۇچۇن ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقىدا مۇتلەق خاتىرجەملىك بار؟
5. ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت تارتىۋاتىدۇ؟ نېمە ئۇچۇن خاپىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ؟
6. قانداق قىلغاندا خاتىرجەملىك، خۇشاللىق ۋە ئارامچىلىق ھاسىل بولىدۇ؟
7. نېمە ئۇچۇن بىشىمىزغا جاپا ـ مۇشەققەت كېلىۋېرىدۇ؟
8. پويىز ۋەقەسىدىن سىز قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىڭىز؟

# 4. باب ئىنسانلارنىڭ توغرا دەرىجىسى

بۇرادەرلەر! باشتا ئۆتكەن بابلارنى ئوبدان چۈشىنىپ ئۇقۇقاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا «ھەقىقەتنىمۇ چۈشەندىم، ئەمدى دۇنيادا بىزنىڭ دەرىجىمىز قايسى ئورۇندا (قانچىلىك) بولۇشى لازىم؟» دېگەن بىر سوئال پەيدا بولىدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى مەن سىلەرگە چۈشەندۈرىمەن. ئەگەر سىلەر بىر مەدىكار (خىزمەتچى) ئەكېلىپ «مەن ساڭا بۇگۈندىن باشلاپ مائاش بېرىمەن، سەن بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ خىزمەتچىم بولدۇڭ» دەپ ئۇنى ياللىۋالساڭلار، بۇ خىزمەتچىنىڭ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىكى دەرىجىسى قانچىلىك بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئورنى (دەرىجىسى) سىلەر دېگەننى قىلىش، خىزمەتتە ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئۆزىنى ئۆزى مەدىكار چاغلاپ سىلەرنىڭ بۇيرۇقۇڭلارنى كۈتۈپ تۇرۇش بولامدۇ؟ ياكى سىلەرنىڭ ئۆينى باشقۇرۇپ، سىلەرگە نەسىھەت قىلىپ، سىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۈرۈش ئۇنىڭ دەرىجىسى بولامدۇ؟ جاۋاب: ئەلۋەتتە ئۇ مەدىكارنىڭ دەرىجىسى سىلەرگە ئىتائەت قىلىش بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر سىلەر بىر ئىدارىگە باشلىق بولساڭلار سىلەرنىڭ دەرىجەڭلار نېمە؟ ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ دەرىجەڭلار ئۇلارنى باشقۇرۇش، باشقىلارنىڭ دەرىجىسى سىلەرگە ئەگىشىش، سىلەرنىڭ بۇيرۇقۇڭلارغا ئىتائەت قىلىش بولىدىغۇ. ئەگەر سىلەر بىر ئۆينىڭ باشلىقى بولساڭلار، بۇ ئۆيدە سىلەرنىڭ دەرىجەڭلار نېمە بولىدۇ؟ ئۆيدىكىلەر سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا ئۇنىشى ۋە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلار بويىچە مېڭىشى كېرەك. سىلەر ئۇستۇڭلاردىكى بىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇقلۇق، سىلەرنىڭ دەرىجەڭلار شۇ پادىشاھنىڭ توختاتقان قانۇنلىرى ۋە چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرى بويىچە مېڭىش، نېمە دېسە شۇنى قىلىش بولامدۇ؟ ياكى ئۆزۈڭلارنىمۇ پادىشاھ ھېسابلاپ، باشقا بىر ئادەمنى ئۆزۈڭلارغا پادىشاھ قىلىپ،

باشقا قانۇنلارنى تۈزۈپ يۈرۈشۈڭلار سىلەرنىڭ دەرىجەڭلار بولامدۇ؟ جاۋاب: ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ دەرىجەڭلار پادىشاھنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنۇپ، دېگەن يول بويىچە مېڭىشىڭلاردىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇنداق قىلماي پادىشاھقا قارشىلىق قىلساڭلار، سىلەر ئەتىسى ئىنقىلابچىلار قاتارىدا بولۇپ، پادىشاھ تەرىپىدىن جازالىنىپ كېتىپ قالىسىلەر. مۇشۇ مىساللارنى يادىڭلاردا ئوبدان تۇتۇپ، ئىنسانلارنى ئاللاھ ئالدىدا قويۇپ باقساڭلار، سىلەر زادى دۇنيادا قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىۋالالايسىلەر. ئاللاھ بىزلەرنى پەيدا قىلغان. ئۇ ھازىر بىزلەرنى بېقىۋاتىدۇ. بىز ئىنسانلار شۇ ئاللاھنىڭ خەزىنىسىدىن مائاش ئېلىۋاتىمىز. شۇ ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقى بىلەن جان بېقىۋاتىمىز. ئۇ ئاللاھ بولسا بىزنىڭ ھەممىدىن كاتتا پادىشاھىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە، شۇ ئاللاھقا باش ئېگىش ۋە ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق. پۈتۈن ئاسمان-زېمىن بولسا، شۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيى، بىز بۇ دۇنيادىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ئۆيىدە ياشاۋاتقانلار مۇشۇ ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز لازىم. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ خاھىشى بويىچە مېڭىشقا تىرىشساق، بۇرنىمىزغا يەپ قالىمىز. بۇ دۇنيادىكى پادىشاھلىق بولسا ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا، شۇ ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ. ئاسمان-زېمىن ھەممىسى شۇ بىرلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى. ئاسمان-زېمىندا نېمە ئىش قىلسا، قانداق ھۆكۈم چىقارسا ئۇنىڭ سورىقى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرى بىز قوبۇل قىلايلى ياكى نارازى بولايلى، ئىجرا بولىۋېرىدۇ. ھېچقانداق ئىنساننىڭ دۇنيادا ئۆزىنىڭ توختىتىۋالغان قانۇنى بويىچە ھوقۇق سۈرۈشكە ھوقۇقى يوق. ئۇنىڭ بىزگە چۈشۈرگەن ھۆكمى ھامان ئىجرا بولىدۇ. دۇنيادىكى چوڭ-كىچىك بارلىق ئىنسانلار ئاللاھنىڭ خاھىشىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ھېچقانداق ئىنسان ئاللاھنىڭ توختىتىپ قويغان خاھىشىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ھېچقانداق ئىنسانغا ئەسلى پادىشاھ بولغان ئاللاھنىڭ چۈشۈرگەن قانۇنلىرىغا ئۇنىماي ياكى ئۇناش (قوبۇل قىلىش) نىيىتىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، ئۆزىگە ئوخشاش بەندىلەرنىڭ تۈزۈۋالغان قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشى، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، قانۇن يېزىلغان كىتابلارنى ئىشكاپقا سېلىپ قويۇپ، ھەددىدىن ئېشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئۇنداق كىشىلەردىن ئاللاھ بۇ سوئاللارنى سورايدۇ: سەن مېنىڭ قۇلۇم، مېنىڭ بەندەم تۇرۇپ، قانداقمۇ باشقىلارغا قۇل بولۇشقا رازى بولغۇڭ كەلدى؟ سەن مېنىڭ «خىزمەتچىم» تۇرۇپ، مېنىڭدىن «مائاش» ئېلىۋېتىپ، مېنىڭ بەرگەن رىزقىم بىلەن جان ساقلاپ، قانداقمۇ باشقىلارنى،

سىزنى باققۇچى ۋە ساقچى ياردەم قىلىشقاتقان دەپ چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىڭ؟ سەن مىزنىڭ پادىشاھلىقىم ئاستىدا تۇرۇۋېتىپ، قانداقمۇ باشقىلارنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئۇنۇغۇڭ كەلدى؟ بۇنداق ھەددىدىن ئېشىشنى ساڭا كىم ئۆگەتكەن؟ ئاللاھ بىزدىن ئايرىم- ئايرىم ھالدا مۇشۇنداق سوئال سورايدۇ. قېنى جاۋاب بېرىڭلارچۇ؟ سىلەرنىڭ قايسىڭلار بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيسىلەر؟ قايسى مەھكىمىنىڭ ئاقلىغۇچىسى بىزنى ئاقلاپ بېرەلەيدۇ؟ قايسى قۇتقۇزۇپ قالغۇچى بىزنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟ قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ قايسى كىشىگە پالانى دەپ ئىشەنچ قىلالايمىز؟

مۇھاكىمە
1. ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى دەرىجىسى نېمە؟ چۈشەندۈرۈڭ.
2. ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا قانداق ھوقۇق سۈرۈش ھوقۇقى يوق؟
3. ئىنسانلارنىڭ قانداق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؟ بۇنداق كىشىلەردىن قانداق سوئال سورىلىدۇ؟

# 5. باب بولۇۋاتقان زۇلۇمنىڭ سەۋەبى

چۈشىنىش زۆرۈر بولغان سۆز شۇكى: بىزنىڭ سورايدىغان سوئالىمىز پەقەتلا دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقدار، قانۇنچى بولۇشىغا ھەققى بارمۇ- يوقمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئەسلى سوئال ئەگەر قانۇنچى بولماقچى بولغاندا، قانۇنچى ۋە ھوقۇقدار بولۇشىغا لاياقەتچىلىكى بارمۇ- يوق؟ دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئۆزىمىز شۇ توغرىدا ئويلىنىپ باقايلى: بىز باشتىمۇ دەپ ئۆتتۇق، ئەگەر بىر دانە ماشىنا ياكى بىر ئايروپىلاننى، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئوبدان ئۇقمايدىغان، ھەممە ئىشلىرىنى ئوبدان ئۆگەنمىگەن ئادەملەر ھەيدىسە ياكى چۈۋۈپ ئۆگىنىمەن دېسە، ئۇقماي ھەيدىگەن ياكى ئۇقماي ئوڭشايمەن دېگەن ئادەملەر شۇ ماشىنا ياكى ئايروپىلاننى قانداق قىلىپ قويار؟ ھەيدىگەن كىشى ماشىنىنى ئۇياق- بۇياقلارغا ئۇستۇرۇپ ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ، ماشىنىنىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ. ئوڭشايمەن دەپ چۈۋۈقىنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك چۈۋۈپ تاشلايدۇ، شۇنداققۇ؟ ئەمدى ئۆزىمىز ئويلاپ كۆرەيلى: ئادەتتىكى ماشىنىلارنى ئوبدان بىلمىگەن ئادەم ھەيدىسە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان، ئۆزىنىمۇ، ماشىنىدا ئولتۇرغانلارنىمۇ ھالاك قىلىپ تاشلايدىغان تۇرسا، شۇنچە چوڭ ئالەمنى،

شۇنداق مۇرەككەپ، نەچچە يۈز مىڭ خىللىغان تەركىبلىرى بولغان دۇنيانى باشقۇرىمەن دەپ، بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى توختىتىپ قويغان قانۇنلارنى بۇزۇۋېتىپ، ئۆزۈم قانۇن چىقىرىپ، دۇنيانى ئۆز ئالدىمغا چۆرۈيمەن دېگۈچى ئەخمەقنىڭ مىسالى ـ تېخنىكلار ۋە ئىنژېنېرلار ماشىنىنى ياسىغان ۋاقىتتا بەلگىلەپ بەرگەن ماشىنىنى قانداق ھەيدەش توغرىسىدىكى قانۇننى ئۆگەنمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر قائىدە ياساپ چىقىپ، شۇ ئۆزەمنىڭ قائىدەم ۋە ئويلىغىنىم بويىچە ھەيدەيمەن دەپ ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ، ماشىنىنىمۇ ھالاك قىلىپ تاشلىغان ئەخمەقنىڭ مىسالىغا ئوخشىمامدۇ؟

بۇرادەرلەر! دۇنيانىڭ مەخپى سىرلىرى بەك جىق، بىز ئىنسانلار بەك ئاجىز يارىتىلغانمىز، بىزنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە ياقلىرىنى چۈشەنگۈدەك قابىلىيىتىمىز يوق. بىر ئادەم 1000 يىل ئوقۇسىمۇ، يەنە دۇنيادىكى ئىلىم تۈگىمەيدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ـ دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇپ بىلىشكە ئۆمرىمىز، تەتقىق قىلىپ تېپىشقا ئەقلىمىز ھەرگىز يېتىشمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىنسانلار ھەر قانچە قىلىپمۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھېچبىر كىشى دۇنيانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ماھىر بولالمايدۇ. ھەممە سىرلىرىنى ۋە ھەممە ھەقىقەتلىرىنى شۇ بىرلا ئاللاھ بىلىدۇ. باشقا ھېچبىر كىشى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ھوقۇق سۈرۈشكە، دۇنيادىكى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىشقا كىشىنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى ئۆگەتكەن. پەيغەمبىرىمىز ئۆز سۆزلىرى (ھەدىس شەرىف) ئارقىلىق ئۇنى بىزگە شەرھىلەپ بەرگەن ئىدى. ھەممە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىدا ئىسلام قانۇنلىرى ئۆز ئەينى يۈرگۈزۈلۈپ، ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى (دۆلەتلىرى) قۇرۇلغان ئىدى.

ئەمما ھازىرقى دۇنيادا ئاددى ئىنسانلار باشقا ئىشلار ئۈچۈن قانۇن تۈزسە، باشقا ئىنسانلار بۇنى قوبۇل قىلىپ كەلمەكتە. شۇنداق قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرى خاتىرجەم ئەمەس. بىر ـ بىرىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشىۋاتقان، ئادەملەر ئادەملەرنى بوزەك قىلىشىۋاتقان، ئادەمنىڭ ئادەملىك ئېتىبارى بولمايىۋاتقان، ھاياتنىڭ ھېچبىر مەززىسى بولمايىۋاتقان، كاپىتالىزم دۆلەتلىرىدە ئىنسانلار ئىنسانلارنى قۇل قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان، نائىنساپلىق، زالىملىق، بۇلاڭچىلىق، بىۋاپالىق، قان ئاققۇزۇش (تۆكۈش) بولماقتا. بۇ ئىشلار بىزگە زادى دۇنيادىكى قانۇنچىلار دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمىسىمۇ، شوپۇر ئەمەس كىچىك بالا ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن ماشىنا ھەيدەپ بېقىپ،

ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ھالاك قىلغاندەك، دۇنيادىكى ئىنسانلار ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ھالاك قىلىۋاتىدۇ. دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ ھەقىقىتىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان (ئۆزىگە قانداق قانۇنىنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى) ئۇقمايدىغان كىشىلەر دۇنيادەك مۇرەككەپ «زاۋۇت»نى ماڭدۇرىمەن دەپ، ئۆزىنىمۇ ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىمۇ ھالاكەت تەرەپكە ئېلىپ كېتىپ بارغانلىقىدىن باشقا پايدىسى يوق. ئەگەر شۇلار ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىغا ھەقىقىي تەسلىم بولۇپ، ھوقۇق سۈرۈشتە ئاللاھنىڭ توختىتىپ بەرگەن قانۇنلىرى بويىچە ھوقۇق سۈرسە ياكى دۇنيادىكى پۈتۈن خەلق بىرلىشىپ ئۇنداق قانۇنلارنى يوق قىلىپ، ئاللاھنىڭ توغرا قانۇنىنى يۈرگۈزۈشكە تىرىشسا، ئىنسانلار ئەلۋەتتە بۇ زۇلۇملاردىن قۇتۇلغان بولاتتى. بولمىسا بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتىمۇ ئازاب ئىچىدە قالىدۇ. بۇندىن باشقا بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى خاپىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولىدىغان باشقا يول يوق.

مۇھاكىمە

1. نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ قانۇنچى ۋە ھوقۇقدار بولۇشىغا لاياقىتى يوق دەيمىز؟

2. نېمە ئۈچۈن قانۇن تۈزۈش پەقەت ئاللاھقىلا خاس دەيمىز؟ قۇرئان، ھەدىس شەرىفچۇ؟

3. نېمە ئۈچۈن ھازىر دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرى خاتىرجەم ئەمەس؟

4. ئۆزى قانۇن تۈزۈپ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىمەن دېگەن ئەخمەقنىڭ مىسالى نېمىگە ئوخشايدۇ؟

5. ئىنسانلار قانداق قىلغاندا زۇلۇمدىن قۇتۇلالايدۇ؟

# 6. باب نائىنساپلىق نېمە ئۈچۈن؟

بۇرادەرلەر! ئەگەر سىلەر سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ، ئوبدانراق ئويلايدىغان بولساڭلار، سىلەر ھاياتلىقنىڭ بۇزۇقچىلىققا ئۇچراپ كېتىشىدە، بىلىمسىزلىكتىن باشقا يەنە بىر سەۋەبنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيسىلەر. ئىنسان دېگەن سۆز، بىر ئادەمنىڭ ياكى بىر ئائىلىنىڭ ئىسمى ياكى بىر مىللەتنىڭ ئىسمى ئەمەس. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار ھەممىسى ئىنسان بولغانلىقى

ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ نىجاتلىق تېپىش، ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنى تولۇقلاش ھەققى بار. ھەر قاندىقى خاتىرجەملىكتە ھايات كەچۈرۈشكە، ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلىنىشكە ھەقلىق. بۇ گەپنى ئازراق ئەقلى بار ئادەمنىڭ ھەممىسى چۈشىنەلەيدۇ. خۇشاللىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىك بولىدىغان بولسا، بۇ خۇشاللىق ھايات- بىر ئادەمنىڭ خۇشال ھايات كەچۈرۈشى ياكى بىر ئائىلىنىڭ خۇشال ھايات كەچۈرۈشى ياكى بىر مىللەتنىڭ خۇشال ھايات كەچۈرۈشى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ خۇشال-خۇراملىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشى دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇنداق بولمىغاندا ھازىرقىدەك بىرسى خۇشال-خۇرام ھايات كەچۈرىۋاتقان بولسا، يەنە بىرسى يىغلاۋاتقان، قاقشاۋاتقان بولسا بۇنداق ھاياتنى خۇشال ھايات دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش نىجاتلىق- بىر ئىنساننىڭ ياكى بىر ئائىلىنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ نىجاتلىقى ئەمەس بەلكى، ھەممە ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئەگەر بىرسى ئازادلىقتا شات-باياشات ياشاۋاتسا، يۈزى قۇللۇق ئىچىدە ئېزىلىۋاتسا، بۇنى ئىنساننىڭ نىجاتلىقى دېگىلى بولمايدۇ.

مۇھاكىمە

1. ئىنسان دېگەن كىمنىڭ ئىسمى؟
2. ئىنسانلارنىڭ قانداق ھوقۇقى بار؟
3. خۇشاللىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش دېگەن نېمە؟
4. بىرسى خۇشاللىق ئىچىدە ھايات كەچۈرسە، يۈزى، مىڭى ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ھايات كەچۈرسە بۇنىمۇ خۇشاللىق ھايات دېگىلى بولامدۇ؟ نىجاتلىق دېگەنچۇ؟

# 7. باب نىجاتلىقنى قانداق ھاسىل قىلىش مۇمكىن؟

بۇرادەرلەر! زەڭ قويۇپ ئويلاڭلار، مەن سىلەردىن بىر سوئال سورايمەن. دۇنيادا ھېچقانداق بىر كىشى بىلەن تۇغقانچىلىقى يوق، ھېچبىر كىشى بىلەن

ئالاقىسى يوق، ھېچبىر كىشىگە يان باسمايدىغان، ھەممە ئىشىدا شۇنداق خالىس، ئادەتتە باشقا ئىنسانلاردا بولىدىغان كەمچىلىكلەردىن پاك ئادەم بولامدۇ؟ مېنىڭچە بۇنداق سۈپەتلەر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر كىشىدە بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشىڭلار مۇمكىن. چۈنكى كامالەتكە يەتكەن بۇنداق سۈپەتلەر، ئاللاھتىن باشقا يەنە بىرسىدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ھەر قانداق ئىنسان، مەيلى ھەر قانچە كاتتا ئالىم بولۇپ كەتسۇن، ئۇ بەربىر ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆز نەپسى ئۈچۈن بولغان بىر نەچچە خىل مەقسەتلىرى بولىدۇ. بىر نەچچە نەرسىگە ئامراق بولىدۇ ۋە بىر نەچچە نەرسىگە ئۆچ بولىدۇ. شۇنداقلا بەزى ئادەملەر بىلەن ئالاقىسى ياخشى بولىدۇ، يەنە بەزى ئادەملەر بىلەن ئالاقىسى ياخشى بولمايدۇ. بىر نەچچە ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە يەنە بىر نەچچە ئادەملەرنى يامان كۆرىدۇ. شۇنىڭدەك ئادەتتە ئىنسانلاردا بولىدىغان كەمچىلىكلەردىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىنسانلارنىڭ خۇشال- خۇرام ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىمىز ئۈچۈن بىز ئىنسانلارغا، بىزنىڭ ئۆز ئىرقىمىزدىن ئەمەس بەلكى، بىزنى ياراتقان، ھەممە ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان، پۈتۈن ئىنسانلارغا ئىنساپ بىلەن ھوقۇق بېرىدىغان، ئۆز نەپسى ئۈچۈن بىرەر ئائىلە، قەبىلە، دۆلەت ياكى بىر مىللەتكە يان باسمايدىغان، بىرىنى ياخشى كۆرۈپ يەنە بىرىنى يامان كۆرمەيدىغان، ھەر قانداق مەخلۇق ئۇنىڭ ھۆكمىگە ماقۇل بولىدىغان، ھۆكۈم قىلىشتا ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكىدىن خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويمايدىغان، ھۆكۈملەرنى ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە ھوقۇقىغا ئۇيغۇن تۈزۈپ، ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان، بەزىلەرنىڭ دوستى، يەنە بەزىلەرنىڭ دۈشمىنى بولمايدىغان، بىرسىنىڭ تەرەپدارى ۋە يەنە بىرىنىڭ قارشىچىسى بولمايدىغان بىر زات بولغاندىلا، ئاندىن ئەدلى-ئادالەتنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا پۈتۈن گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى ھاسىل قىلىپ ئالالايدۇ. ئەگەر ھازىرقىدەك ھەممە يەردە، ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ ئورنىغا بەندىنىڭ قانۇنى يۈرگۈزۈلسە، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىتائەت قىلىسا، بۇنداق يەرلەردە ھەرگىز زۇلۇم ۋە ئىنساپسىزلىق تۈگىمەيدۇ. ۋە خاتىرجەملىك ھايات كەچۈرۈش قولغا كېلەلمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەرىجىلىرىنى باشقىلاردىن ئايرىۋېلىپ، ئۆزى ئۆزىگە يوغانلىق جازىلىرىنى ياسىۋالغان ھوقۇقدارلارغا قاراپ باقايلى. ئۇلارغا قىلىنىدىغان ھۆرمەت، ئىھتىرام ۋە ئۇلاردا بار «جازا»، ئۇلاردا بار ھوقۇق، ئۇلارغا تۆت تامدىن كېلىدىغان قۇللار ۋە

ئۇلاردا بار ئىختىيار شۇلارغا خاس قىلىپ قويۇلغان، ئۇلاردىن باشقا ھېچبىر كىشى ئۇلاردەك ئەركىن بولالمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلىرى ئۇلارغا ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا ھېچبىر كىشى دەۋا قىلمايدۇ. ئۇلار نېمىنى خالىسا شۇ قىلالايدۇ، ھېچ سوراقچىسى بولمايدۇ. ھېچقانداق ئادالەت ئىدارىلىرى ئۇلارنى جازالاشقا قادىر بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەملەر كۆز يۇمىدۇ. بەزىلەر پادىشاھلار، ھوقۇقدارلار ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. پادىشاھلارمۇ، ھوقۇقدارلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىنسان تۇرسا، باشقا ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا خۇددى شۇ باشقا پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى يېمەكلىك ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلەۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئۆلۈشى، تىرىلىشى ھەممىسى شۇ ھوقۇقدارلارنىڭ قولىدىكىدەك شۇنداق قول باغلاپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن دوڭغاقلايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باش ئۇرۇدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلاردىن بۇنچىۋالا قورقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا مايىل بولسا ياكى ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدا سۆزلەشسە خەلقلەر خاتالىشىپ كېتىدۇ؟ ئۇلار ياخشى بولسۇن، ئەسكى بولسۇن، خاتالىقىنى قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ راھەت-پاراغەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىدە چاتاق يوق. كېچە-كۈندۈز دەم ئالماي ئىشلەيدىغان ئىشچى-دېھقانلارغا بېرىلمەيدىغان ياخشى ئاشلىقلار ئۇلارنىڭ ئىتلىرىغا بېرىلىدۇ.

بۇرادەرلەر! ئويلاپ بېقىڭلارچۇ! مۇشۇنداق دەپ تۇگەتكۈسىز زۇلۇملار بىلەن باشقۇرغانلىق ئىنساپسىزلىق بولمامدۇ؟ مۇشۇنداق قىلمىۋاتقىنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرغانلىق بولامدۇ؟ مۇشۇنداق قانۇنلار، ھەممە ئادەملەرنى ئوخشاش دەپ قارايدىغان قانۇنچىلارنىڭ توختىتىپ بەرگەن قانۇنلىرى بولالامدۇ؟ شۇنداق ئادەملەر ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقالامدۇ؟ پادىشاھلارغا، ھوقۇقدارلارغا، زېمىن ئىگىلىرىگە، شۇجى، ھاكىم ۋە باشقا بايلارغا قاراپ باقايلى: بۇلارنىڭ ھەر قاندىقى ئۆز ئورنىنى باشقا ئىنسانلاردىن يۇقىرى دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە دۇنيانىڭ ھەر قانداق قانۇنلىرى باشقا ئادەملەرگە بەرمىگەن ھوقۇقلارنى بېرىدۇ. بۇلار ھەممە ئىشتا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇلار پاكىز بولىدۇ، باشقىلار بولسا پاسكىنا. بۇلار ھۆرمەتلىك ۋە يۇقىرى تەبىقىلىك ئادەملەر بولىدۇ. بۇلار بۇلىغىلى تۇرغان، باشقىلار بۇلانغىلى تۇرغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن خەلقنىڭ مېلى، جېنى، ئابرويى ۋە ھەممە نەرسىسى قۇربان قىلىنىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار! مۇشۇنداق قىلغىنى ھېچبىر مەقسەتسىز، تەرەپدارلىقسىز ھوقۇق

سۈرگىنى بولامدۇ؟ مۇشۇنداق قىلغانلار ئىچىدە ماختىنغۇدەك قانۇنلار تۈزۈلۈپ چىقالامدۇ؟ ھەي بۇرادەرلەر، ھوقۇقدار مىللەتلەرگە قاراپ باقايلى: ئۆزىنىڭ تاقەتلىك كۈچى بىلەن باشقا مىللەتلەرنى قۇل قىلىۋالغان. ئۇلارنىڭ تۈزگەن قانۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ غەرەزلىك مەقسەتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىنى ئۈستۈن تەبىقىدىكى ئىنسانلار دەپ باشقىلارنى ئىنسان دەپمۇ ھېسابلىمايدۇ. ئەگەر ئىنسان دەپ ھېسابلىغان ھالەتتە، ناھايىتى تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىنسانلار دەپ قارايدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنى ھەر ھالدا باشقىلاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك دەپ ھېسابلايدۇ. باشقىلارنىڭ پايدىلىرىنى پەقەتلا ھېسابقا ئالماي، ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ قېنىنى ۋە مېلىنى، ئابرۇيلىرىنى ۋە باشقا پايدىلىرىنى ئېلىشقا تەييار تۇرىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە جايدا ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلار بولىدىكەن، ھەممىسىدە مۇشۇلارنىڭ تەسىرى بولىدۇ. بۇ يەردە ھەممىنى بىردىن بىر تەپسىلىي بايان قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سىلەرنى، زادى دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ئىنسانلارنىڭ تۈزگەن قانۇنلىرى ئىجرا بولۇۋاتقان بولسا، ئۇ يەرلەردە چوقۇم زۇلۇم ۋە ئىنساپسىزلىقمۇ بولىدۇ، دېگەنلىككە ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىدا مەن سىلەرگە بىر نەچچە مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ئىنسانلارنىڭ تۈزۈۋالغان قانۇنلىرى مېڭىۋاتقان يەرلەردە بەزى ئادەملەرگە ھەددىدىن زىيادە ھوقۇقلار بېرىۋېتىلىدۇ. بەزى ھوقۇق بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئادەملەرگە ھوقۇق بېرىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇلار خارلىنىدۇ. بۇنداق بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى ـ ئىنسانلارنىڭ كەمچىلىكتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ئىنسانلار شۇنداق ھوقۇقلارنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن مەسلىھەتكە ئولتۇرغان چېغىدا، ئۇنىڭ دىلىغا ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىگە، ئۆز نەپسى، ئائىلىسىدىكى كىشىلەر، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى، ئۆزىنىڭ قۇلۇن ـ قوشنا ۋە ئاغىنىلىرى ياكى ئۆزىنىڭ مىللىتى كېلىۋېلىپ، ھۆكۈمدە ھەققانىيەت بىلەن ھۆكۈم قىلالمايدۇ. ئالاقىدار كىشىلەرگە ياردەم قىلغىنىدەك، باشقا ئالاقىسى يوق كىشىلەرگە ياردەم قىلىشقا ئۇنىڭ ماجالى يەتمەيدۇ. قېنى، ھازىر ئۆزەڭلار دەپ بېقىڭلارچۇ! مۇشۇنداق نائىنساپلىق زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ تۈزۈم ـ قائىدىلىرىگە ئەگىشىشتىن يۈز ئۆرۈپ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قانۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاشۇ ھەممىنى ئۆزى پەيدا قىلغان، ھەممە سىرلىرىمىزنى بىلىدىغان، ھەممە ئىنسانلارنى باراۋەر كۆرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىمايدىغان، ئايرىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ نەسلىنىڭ سەۋەبىدىن ياكى ئۇلارنىڭ گۇرۇھىنىڭ سەۋەبىدىن ياكى ئۇلارنىڭ رەڭگىنىڭ ۋە جىسمىنىڭ

ياكى باشقا پۇل ـ ماللىرىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ سەۋەبىدىن ئايرىيدىغان بىرلا ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتىن باشقا يەنە قانداق ئۇسۇل بولسۇن؟

مۇھاكىمە

1. ئاللاھ تائالانىڭ كامالى سۈپەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سۆزلەڭ؟

2. قانداق بولغاندا ئەدلى ـ ئادالەتنى تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن گۇرۇھلارنىڭ هوقۇقلىرىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

3. قانداق يەرلەردە نائىنساپلىق، زۇلۇم تۈگىمەيدۇ؟ ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە هايات كەچۈرۈش قولغا كەلمەيدۇ؟

4. دۇنيانىڭ قانداق يەرلىرىدە زۇلۇم ۋە نائىنساپسىزلىق بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

5. نائىنساپلىق، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

# 8. باب خاتىرجەملىك ئىچىدە هايات كەچۈرۈشنى قانداق قىلغاندا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟

بۇرادەرلەر! ئەقىدىدە بىزگە تاشلىۋېتىشكە بولىدىغان يەنە بىر مەسىلە بار، سىلەر بىلگەندەك ئادەملەرنىڭ ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسىسى ـ ئۇلارنىڭ زېمىنىدە بار بولغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا بولغان تۈيغۇسى. ئەگەر هەر قانداق بىر ئادەم مەن نېمە ئىش قىلسام قىلالايمەن. مەندىن هېچ كىشى بىرەر نەرسە تەلەپ قىلالمايدۇ، هېچكىم مەندىن سوئال ـ سوراق قىلالمايدۇ. مېنىڭ ئۈستۈمدە مەندىن ئۈستۈن هېچ كىشى يوق. هېچكىم ماڭا جازا بېرەلمەيدۇ دەپ شۇ خىياللىرىدا جەزمىيەت هاسىل قىلىپ قالسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئادەمچىلىكى تۈگىگەن بولىدۇ. شۇ ئادەم شۇنداق بولۇپ كەتكەندەك، ئەگەر بىر ئائىلە شۇنداق تونۇشتا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەرلەرنىڭ هەممىسى تاپىنىڭ تېشىغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا ئەگەر بىر قەبىلە ئادەملەر ياكى بىر قەۋم كىشىلەر شۇنداق ئويلارغا كېلىپ قالسا، ئۇلار هەم توغرا يولدىن چىقىپ كېتىپ، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان، بىزدىن

ھېچبىر سوراق قىلغۇچى يوق دېگەن پىكىر بىلەن تەربىيىلىنىپ، ئۆزلىرىدىن ئاجىز دۆلەتلەرنى، ئۆزلىرىدىن ئاجىز خەلقلەرنى، جاھانگىرلىكى بۆرىلەر يىۋاش قوي-ئۆچكىلەرنى يەپ تۈگەتكەندەك يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چېكىدىن ئاشقان ئىشلارنى قىلىشتىن ھەرگىز تارتىنمايدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە زۇلۇم بولۇۋاتقان بولسا، بۇ شۇ جايدىكى زالىملارنىڭ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ھېچبىر سوراق قىلغۇچى كۈچ يوق، دەپ چۈشەنگەنلىك سەۋەبىدىندۇر. ھەر قانداق بىر جايدا كۈچلۈك بىر كۈچ ھۆكۈم سۈرمىگىچە ۋە شۇ جاينىڭ ئادەملىرىنىڭ چۈشەنچىسىدە، بىزنىڭ ئۈستىمىزدە بىزنىڭ ئاشكارا ۋە مەخپىي قىلغان ئىشلىرىمىز توغرىسىدا سوئال-سوراق قىلىپ، بىزگە مۇكاپات ھەم جازا بېرىدىغان كۈچ بار، دەپ چۈشەنمىگىچە ئۇ جايدىن زۇلۇمنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلمەيدۇ.

بۇرادەرلەر! ئەمدى ئۆزەڭلار دەپ بېقىڭلار قېنى! مۇنداق كۈچلۈك، ھەممە ئىنسانلاردىن قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا سوئال-سوراق قىلالايدىغان بىرلا ئاللاھدىن باشقا ھوقۇقنى كىمگە مەنسۇپ قىلغىلى بولىدۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىنمۇ مۇنداق كۈچلۈك سوئال-سوراق قىلغۇچى تەقۋادارلارنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەرچە بىز ئىنسانلار بۇ چوڭ ھوقۇقنى بىر گۇرۇھ ئادەملەرگە بەرسەك، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆزىگە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. بىرەر قەبىلىگە مۇنداق چوڭ ھوقۇقنى مەنسۇپ قىلىپ قويغان تەقدىردە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇدنى بىلمەس بولۇۋېلىپ، دۇنيادا خۇدالىق داۋاسى قىلغان پىرئەۋنىڭمۇ ئەۋنى بولۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بار. شۇنداق، ئۇلارنىڭمۇ بەزى يېقىنلىرى بولىدۇ، تۇغقانلىرى بولىدۇ. ئوخشىمىغان ھەرخىل مەقسەتلىك ئادەملەر بولىدۇ. شۇنداق چوڭ ھوقۇق ئۇلارنىڭ قولىدا بولغاندىكىن، ئۇلار شۇلارنىڭ تەرەپدارى بولۇۋېلىپ، نۇرغۇن ناھەقچىلىك كەلتۈرۈپ، بەزى يۇقىرى دەرىجىسى بار ئادەملەرنى يىقىتقان ۋە يەنە تۆۋەن دەرىجىلىك ئادەملەرنى تىكلىگەن بولۇپ، نۇرغۇن زۇلۇملارنى قىلىش ئېھتىمالى بار.

1. بۇرۇن مۇشۇ زومىگەرلىك ۋە ھەددىدىن ئېشىشلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ياۋروپادا بىر دۇنيا يىغىنى ئېچىلىپ، يىغىنغا قاتناشقانلار دۇنيادىكى زۇلۇملارنى تۈگىتىش توغرىلىق ئىپادە بىلدۈرۈشكەن، ئەمما ئۇ مەجلىس ئاز كۈندىن كېيىن، ئاق چاچلارنىڭلا يىغىنى بولۇپ قېلىپ، ئۇ ئاق چاچلار بىر نەچچە كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ دۇنيادىكى ئاجىز مىللەتلەرگە نائىنساپلىق قىلىشنى باشلىغان ئىدى.

2. ھازىرقى دەۋردە ئامېرىكىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەم

شۇلارنىڭ دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلىرى، نوپۇسى كۆپ بولغان مىللەتلەرنىڭ دۆلەتلىرى، ئاجىز مىللەتلەرگە قىلىپ كېلىۋاتقان زۇلۇملىرى داۋاملىشىپ كېلىۋەرمەكتە. ئەمما بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاجىز دۆلەتلەر زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلگىنى يوق. بىز بۇ ئىككى خىل تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، زادى دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئادىمىدىن تارتىپ پادىشاھلىرىغىچە، ھەممىسىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، ھەممىنى ئىنساپ بىلەن باشقۇرالايدىغان كۈچلۈك كۈچنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن قاراشقا كەلدۇق. زادى شۇنداق كۈچلۈك ۋە ھوقۇقدار بولغۇچى كىشى، ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تەبىقىدە تۇرىدىغان كۈچ بولۇشى لازىم. دۇنيادا ئاللاھدىن باشقا، ئۇنداق ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تەبىقىدە تۇرىدىغان كۈچ يوق. بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىز ئىنسانلار ياخشىلىقنى خالايدىغان بولساق، شۇ بىرلا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە ئىشىنىپ، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، شۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە ئۆزىمىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمىزنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن باشقا چارىمىز يوق. ۋە يەنە دۇنيادا بىزنىڭ مەيلى مەخپى بولسۇن، مەيلى ئاشكارا بولسۇن، ھەممە ئىشىمىزنى شۇ ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ھەممىمىز بىردىنبىر شۇ ئاللاھنىڭ مەھكىمىسىگە بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ دۇنيادا قىلغان ھەممە ئىشىمىزدىن ھېساب بېرىمىز دەپ تۇرۇپ ھايات كەچۈرۈشتىن باشقا چارىمىز يوق. بىزگە ياخشى ئادەم بولۇشىمىز ئۈچۈن، مۇشۇ بىرلا يول بار، ئۇندىن باشقا ئامال يوق.

مۇھاكىمە

1. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم نەرسىسى نېمە؟
2. ئەقىدىدە تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك نەرسە نېمە؟
3. دۇنيانىڭ قانداق يەرلىرىدە زۇلۇم بولىۋاتىدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن؟
4. قانداق جايلاردا زۇلۇمنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلمەيدۇ؟
5. خاتىرجەملىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشنى قانداق قىلغاندا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟

# 9. باب كۆڭۈلدىكى شەكنى يوقىتىش

ھازىر مەن ئۆزۈمنىڭ سۆزىنى تۈگىتىشتىن ئىلگىرى، سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا كېلىپ قالغان بىر شەكنى يوق قىلىشنى خالايمەن. بۇ گەپلەرنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە چۈشىنىپ ئۇققاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار: «ئاللاھنىڭ ھۆكمى شۇنداق كۈچلۈك، شۇنداق تاقەتلىك، زېمىندىن تارتىپ تاكى ئاي ۋە قوياش، يۇلتۇزلارغىچە ھەممىسى شۇ بىرلا ئاللاھنىڭ قولىدا تۇرۇقلۇق، دۇنيادىكى ئىنسانلار ھەم شۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقى ۋە قۇللىرى تۇرۇپ، ئىنسانلار ھازىر ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە قارشى قانۇن تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈۋالغان قانۇنلىرىنى ماڭدۇرۇش قانداق مۇمكىن بولغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق كۈچلۈك ئاللاھ ئۇلارنى توسۇپ قالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇ كاتتا ئاللاھ بۇلارنىڭ جازاسىنى بەرمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. مەن سىلەرگە بۇنىڭ جاۋابىنى بىر مىسال ئارقىلىق دەپ بېرىمەن. مەسىلەن: بىر چوڭ دۆلەتنىڭ پادىشاسى بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ بىر ناھىيىلىرىدىن ياكى بىر گۇڭشىلىرىدىن بىرىگە ھاكىم ياكى شۇجى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇ ناھىيە ياكى گۇڭشې ئەۋەتكەن پادىشاھنىڭ مۈلكى بولىدۇ. ناھىيىدىكى بارلىق قانۇنلار ھەممىسى پادىشاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. شۇ ناھىيە ياكى گۇڭشېدىكى پوچتا، تېلېفون، تېلېگراف ۋە باشقا بارلىق نەرسىلەر ھەممىسى ھاكىمنى ئەۋەتكەن پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. شۇنداق ھالەتتە پادىشاھ ھېلىقى ھاكىمنى ياكى شۇجىنى سەن مېنىڭ سىزىقىمدىن قىلچە ئۆيان ـ بۇيان بولۇپ كەتمەيسەن دەپ مەجبۇر قىلالايدۇ. ئەمما پادىشاھ ھېلىقى ھاكىمنىڭ ئەقلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ لاياقەتچىلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆرۈشنى خالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى پادىشاھ ھوقۇقىغا لاياقەتچىلىكى بار دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى كۆندىن كۈنگە ئۆستۈرۈپ كېتىۋېرىدۇ.

ئەگەر ھېلىقى ئەۋەتكەن ھاكىم ياكى شۇجى بىلىمسىز، تۇزكور، ئەخمەق، ئەسكى ئادەم بولسا ۋە يەنە ھېلىقى ناھىيىدە ياكى گۇڭشېدا تۇرۇشلۇق ئادەملەر ھەم بىلىمسىز، ئىچى تار، نادان ئادەملەر بولسا، ھېلىقى ھاكىم ئۆزىگە بېرىلگەن ئىختىيارلارنى كۆرۈپ، ئۆزىنى شۇ ناھىيىنىڭ پادىشاھى خىيال قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆز خاھىشى بويىچە مېڭىشقا باشلايدۇ. ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىلىمسىز، بىچارە

ئادەملەر راستلا ھوقۇق مۇشۇنىڭ قولىدا ئىكەن، مەھكىمىلەر مۇشۇنىڭ قولىدا ئىكەن، بىزنى تۈرمىگە سولاش، ئازاد قىلىش، بىزنى بوزۇش ياكى تۈزەش ھەممىسى مۇشۇنىڭ قولىدا ئىكەن دەپ خىيال قىلىپ، ھېلىقى ھاكىمنىڭ ئۆز ئالدىغا قۇرغان ھۆكۈمىتىنى قوبۇل قىلىپ قويىدۇ. پادىشاھ ھېلىقى قارىغۇ پۇقرالارنى ۋە ھاكىمنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن تارتىپ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىلىپ تۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھ خالىسا ئۇلارغا پەقەت ھوشىدىن كەتكۈچىلىك ئازاب بېرىدۇ، لېكىن پادىشاھ ھېلىقى ھاكىم ياكى شۇجىنى تازا ئوبدان سىناپ كۆرۈشنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ قاتتىق سەۋرى بىلەن ئۇلارغا مۆھلەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە توشۇپ كەتكەن لاياقەتسىزلىك تولۇق تېشىغا چىققانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ پادىشاھ شۇنداق كۈچلۈككى، ئۇ ھېلىقى ھاكىمنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ. ياكى تۈزكور خەلقنىڭ ۋە ھۆكۈمرانىنىڭ پادىشاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنماي ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلارمۇ دەيدىغان ئەندىشىسىمۇ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنچىۋالا تېزلىكتە ھۆكۈم قىلىپ بىرتەرەپ قىلىشنىڭ ياكى جازا بېرىشنىڭ ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇ پادىشاھ ئۇلارغا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەسكىلىكنى ھەممىنى ئوبدان ئاشكارا قىلىپ بولغۇچىلىك مۆھلەت بېرىپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئوبدان ئاشكارىلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇلارغا شۇنداق قاتتىق ئازاب بېرىدۇكى، ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ. ئۇ ئازابتىن ئۇلارنى ھېچكىممۇ قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھېچقانداق چارە قىلالمايدۇ. بۇرادەرلەر! مەنمۇ، سىلەرمۇ ۋە ئاللاھنىڭ ھېلىقى ھاكىم، شۇجى قىلىپ ئەۋەتكەن ھوقۇقدارلىرىمۇ ھەممىمىز مۇشۇ سىناق ئىچىدە كېتىپ بارىمىز. ئاللاھ ھازىر بىزنىڭ ئەقلىمىزدىن، بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزدىن، تەقۋالىق ۋە ئېھتىياتچانلىقلىرىمىزدىن ۋە بىزنىڭ ۋاپايىمىزدىن ناھايىتى قاتتىق ئىمتىھان ئېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھەر قاندىقىمىز (ئۆزىمىز بىلەن) كېڭەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى پادىشاھى بولغان ئاللاھ، ھالال يەيدىغان ھاكىم، شۇجىلار ۋە ئوبدان پۇقرالارنى ياخشى كۆرەمدۇ ياكى تۈزكور پۇقرا، ھاكىملارنى ياخشى كۆرەمدۇ بۇنى ئوبدان ئايرىش لازىم. خۇسۇسەن مەن ئۆزەم تۈزنى ھالال يەيدىغان پۇقرالار قاتارىدىن بولۇشنى تاللىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى ئاللاھنىڭ زومىگەر پۇقرالىرى بولىدىكەن، ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم بولىدۇ، مەنمۇ ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولىمەن. شۇنىڭغا ئوخشاش سىلەرنىڭمۇ ھەر قاندىقىڭلار يامان يولدا مېڭىشنى دوست تۇتماسلىقىڭلار لازىم. ئەگەر ھالال

يولدا ماڭسا، قىيامەت كۈنى نۇرغۇنلىغان راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشىدۇ. ئەمما دۇنيادا خاتا يولدا ماڭغان قەۋملەر تەرىپىدىن زىيان تارتىدۇ. ئەگەر ھارامخورلۇق يولىدا مېڭىشنى ئىختىيار قىلسا، دۇنيادا نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىپ باغىيلار بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. ئەمما قىيامەت كۈنىگە بارغاندا شۇنداق قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇكى، چىداشقا مۇمكىن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ئادەم، تېزراق ئۆزى ئۈچۈن، مۇشۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاپ ئېلىش لازىم.

مۇھاكىمە

1. ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە قارشى قانۇن تۈزگەن، ئۆزىنى دۇنيانىڭ پادىشاھى، دەپ ئېلان قىلغانلارنى ئاللاھ نېمە ئۈچۈن جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ؟

2. ھازىر ھەر ۋاقىت ئاللاھ بىزدىن قايسى ئىشلاردىن ئىمتىھان ئېلىۋاتىدۇ؟

3. سىز كىمنىڭ دوستى ۋە كىمنىڭ دۈشمىنى؟

4. دۇنيادىكى ئىككى يول قايسى؟ سىز ئىككى يولنىڭ قايسىسىدا ماڭماقچى؟

**تۈگىدى**

# ئىككىنچى قىسىم

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى .......................................... 1
بىرىنچى بۆلۈم ئىمان ............................................ 4
1 ـ لېكسىيە مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىملەر.................... 4
ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتى (نېئمىتى) ........ 4
ئاللاھنىڭ بۇ نېئمىتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك؟ ........ 5
مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ........................ 5
مۇسۇلمان دېگەن بىر ئىرقنىڭ نامىمۇ؟ ...................... 6
ئىسلامغا بەيئەت قىلىشنىڭ مەنىسى ......................... 7
ئالدىنقى شەرت ـ بىلىم ................................... 7
بىلىمنىڭ مۇھىملىقى ...................................... 10
2 ـ لېكسىيە مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ھەقىقىي پەرقى.................. 11
نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ؟ ... 11
بۇ پەقەت نامى جەھەتتىكى پەرقمۇ؟ ......................... 12
ھەقىقىي پەرق ـ ئىسلام ۋە كۇپرى .......................... 12
پەرقنىڭ سەۋەبى ـ بىلىم ۋە ھەرىكەتتە ...................... 13
نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە خورلۇققا ئۇچرايدۇ؟ ..... 15
چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش .......................... 18
قىزغىنلىق بىلەن بىلىم ئىگىلەش ........................... 19
3 ـ لېكسىيە چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش............................ 20
بىزنىڭ قۇرئانغا بولغان پوزىتسىيىمىز ...................... 20
قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك ............... 22
ئىلاھى كىتابلارغا ئادىل (توغرا) پوزىتسىيە تۇتمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت........................................ 23
مۇسۇلمان دېگەن كىم؟ .................................... 25
ئىسلامنىڭ مەنىسى ........................................ 26
مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيىتى .................................. 27
4 ـ لېكسىيە ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسى..................................... 29
نېمە ئۈچۈن شۇنداق چوڭ پەرق بولىدۇ؟ ....................... 30

ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسى ........................ 32
ئاللاھ بىلەن بولغان ۋەدە ........................ 33
پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلىش............... 34
قەسەم قىلغاندىن كېيىنكى مەسئۇلىيەت ................. 36
ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ـ ئاللاھقا ياردەم بەرگەنلىك ئەمەس ..... 37
ئاللاھنىڭ ئىنئامى ۋە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ............ 38
5 ـ لېكسىيە «كەلىمە تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى ياخشى سۆز) ۋە
«كەلىمە خۇبىسە» (كۇپرى كەلىمىسى، يامان سۆز) ............................ 39
«كەلىمە تەييىبە» دېگەن نېمە؟......................... 41
«كەلىمە خۇبىسە» (كۇپرى كەلىمىسى) دېگەن نېمە؟ ........... 42
ئوخشىمىغان ئاقىۋەت ............................ 43
نېمە ئۈچۈن «ئىمان كەلىمىسى»گە ئەمەل قىلغانلار خارلىققا دۇچار
بولىدۇ؟ ................................. 45
«كەلىمە خۇبىسە» (كۇپرى كەلىمىسى)گە ئىشەنگەنلەر تەرەققىي
قىلىپ گۈللىنىپ كەتتىمۇ؟ ........................ 46
6 ـ لېكسىيە «كەلىمە تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى)گە ئىشىنىشتىكى
مەقسەت ................................................................................ 48
ھەر قانداق ئىشتا بىر مەقسەت بولىدۇ.................... 48
«كەلىمە تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى)نى ئوقۇشتىكى مەقسەت ... 49
ئۇ دۇنيادىكى غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت ................... 49
نېمە ئۈچۈن كاپىر بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولمايدۇ؟51
«ئىمان كەلىمىسى»نىڭ مەقسىتى ـ بىلىم ۋە ھەرىكەتنى ئىسلاھ
قىلىش..................................... 51
«كەلىمە تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى) بىزگە زادى نېمىنى
ئۆگىتىدۇ؟ ................................ 53
بىلىم ۋە ھەرىكەت بىرلىككە كېلىشى كېرەك................ 53
ئىككىنچى بۆلۈم ئىسلام.............................. 55
1 ـ لېكسىيە مۇسۇلمان دەپ كىمنى ئېيتىمىز؟.............................. 55
كۇپرى دېگەن نېمە؟ ئىسلام دېگەن نېمە؟................ 55
ئازغۇنلۇقنىڭ ئۈچ تۈرلۈك يولى ...................... 58
پەنجاپ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى ..................... 64

2 ـ لېكسىيە ئىمان (ئېتىقاد)نىڭ سىناق تېشى (سىنتاش)................ 66
«مۇسۇلمان» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي تەبىرى.......... 67
مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى.......................... 68
ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ مىساللىرى ........................ 70
ئاللاھنى رازى قىلىشنىڭ يولى .......................... 73
بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلار ......................... 74
3 ـ لېكسىيە ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى .................. 75
قانۇندىكى (شەرىئەتتىكى) ئىسلام بىلەن ھەقىقىي ئىسلامنىڭ پەرقى76
ئىككى خىل مۇسۇلمان................................ 78
ئاللاھ ياقتۇرىدىغان (رازى بولىدىغان) مۇسۇلمانلار .............. 80
مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن ھەقىقىي بويسۇنسا ئاندىن باشقىلارنى قايىل
قىلالايدۇ................................................ 81
مۇسۇلمانلار ئاللاھقىلا سادىق بولۇشى كېرەك ................ 81
ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش.............................. 82
4 ـ لېكسىيە نېمە ئۈچۈن ئاللاھقا بويسۇنىمىز؟.................................. 83
ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئاللاھقا بويسۇنۇشقا باغلىق .... 84
ئاللاھدىن باشقا نەرسىلەرگە بويسۇنۇش ـ غەيرىي ئەقىدە.......... 85
ھەقىقىي يېتەكچىلىك ـ ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ............. 88
قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكىدىن (ھىدايىتىدىن)
ئىلتىپاتقا (نېئمەتكە) ئېرىشكىلى بولىدۇ .................. 89
ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى.. 90
5 ـ لېكسىيە دىن ۋە شەرىئەت.......................................................... 91
دىنىنىڭ مەنىسى ................................. 92
«شەرىئەت» دېگەن نېمە؟ ........................... 95
ھەر قايسى «شەرىئەت»لەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ خاراكتېرى ... 96
ھەر قايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ خاراكتېرى ....... 98
«دىن» بىلەن «شەرىئەت» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشەنمەسلىك
قانداق زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟..................... 99
ئۆزئارا چەتكە قېقىشنىڭ زىيىنى ....................... 101
ئۈچىنچى بۆلۈم ناماز................................ 103
1 ـ لېكسىيە ئىبادەت (IBADAT) دىنى مەجبۇرىيەت...................... 103

«ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ........................ 104
«ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشەندۈرۈشتىن كېلىپ چىققىدىغان ئاقىۋەتلەر.......................... 105
«ئىبادەت» ـ ئۆمۈر بويى بوشاشماي ئىتائەت قىلىش ........... 108
2 ـ لېكسىيە ناماز........................................................ 111
«ئىبادەت» ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ......................... 111
نامازنىڭ پايدىسى.......................................... 113
3 ـ لېكسىيە نامازدا نېمىلەر ئوقۇلۇشى كېرەك؟ ......................... 119
ئەزان (ADHAN) ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ........................ 119
تاھارەت ئېلىش .................................... 120
نامازغا كىرىش ..................................... 121
ناماز ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشى ........ 126
4 ـ لېكسىيە جامائەت نامىزى.............................................. 127
ناماز قانداق ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ؟......... 128
بىر ئادەم يەككە ـ يېگانە ھالدا ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى ئورۇنلىيالمايدۇ .................................. 128
يەككە ـ يېگانە ھالدا شەيتانغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ......... 129
بويسۇنۇشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر................. 130
جامائەت نامىزنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى .................. 130
ئىمامنىڭ شەرتلىرى ۋە ئەھمىيىتى ....................... 135
ئىمامنىڭ شەرتلىرى ۋە ئىمام بولۇشنىڭ پرىنسىپلىرى......... 136
5 ـ لېكسىيە نېمە ئۈچۈن نامازنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ؟ ....................... 139
«سائەت»نى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرۈش ................... 139
مۇسۇلمانلار ئۈممىتىنىڭ مەقسىتى (Ummah)............... 141
ئىسلامنىڭ تەرتىپى سائەت زاپچاسلىرىغا ئوخشايدۇ........... 142
زاپچاسلىرى مۇۋاپىق بولمىسا ئۈنۈمى بولمايدۇ ............... 143
ئەخمىقانە خام خىيالنىڭ نەتىجىسى بولامدۇ؟............... 144
دىنى ئەمەللەرنىڭ ئۈنۈمى بولماسلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى .... 145
ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋال ........................... 146
تۆتىنچى بۆلۈم روزا...................................... 148
1 ـ لېكسىيە ھەر بىر ئۈممەت چوقۇم روزا تۇتۇشى كېرەك.................. 148

نېمە ئۈچۈن روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى؟ . . . . . . . . . . . . . . . . . 148
ئۇنداقتا «ئىبادەت»نىڭ نەتىجىسى قەيەردە؟ . . . . . . . . . . . . . . . 153
2 ـ لېكسىيە روزا تۇتۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ............................ 154
ھەر بىر ئىشنى قىلىشتا بىر مەقسەت بولىدۇ . . . . . . . . . . . . . . . . 154
سىرتقى كۆرۈنۈشتىلا ھەقىقىي بولغانىنىڭ ئاقىۋىتى . . . . . . . . . . . 156
رامىزان ئېيىدىن كېيىن، يەنىلا ئىلگىرىكى يولىسىزلىقىنى
داۋاملاشتۇرۇش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 157
«ئىبادەت» چۈشەنچىسىگە بولغان خاتا تونۇشنىڭ ئاقىۋىتى . . . . . 157
روزا تۇتۇش ـ تەقۋادارلىقنىڭ مەنبىئى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 159
روزا تۇتۇشتىكى ھەقىقىي مەقسەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 159
قىزغىنلىق بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش . . . . . . . . . . . . . . . . 161
ئىپتار قىلدۇرۇشنىڭ پەزىلىتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 162
بەشىنچى بۆلۈم زاكات . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 162
1 ـ لېكسىيە زاكاتنىڭ مۇھىملىقى ............................................ 162
زاكاتنىڭ مەنىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 162
زاكات ـ بىر خىل سىناق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 163
ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى زاكات بەرگەن . . 164
زاكات بېرىشكە مۇسۇلمانلار چوقۇم رىئايە قىلىشى كېرەك . . . . . . . . 166
مۇئمىنلەرنىڭ بەلگىسى ـ ناماز ۋە زاكات . . . . . . . . . . . . . . . . . 168
ئىسلامى دوستلۇقنىڭ ئاساسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 169
ئاللاھقا ياردەم بېرىش شەرتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 170
مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش . . . . . . . . . . . . . . . . . . 171
زاكات بەرمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 172
2 ـ لېكسىيە زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنى ..................................... 174
ئاللاھنىڭ يېقىنلىقىغا قانداق ئېرىشىمىز؟ . . . . . . . . . . . . . . . . 174
ئاللاھنىڭ قوشۇنى تەلەپ قىلىدىغان پەزىلەتلەر . . . . . . . . . . . . . 178
3 ـ لېكسىيە زاكاتنىڭ ئىجتىمائىي تۈرمۈشتىكى ئورنى..................... 185
ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 185
نېمە ئۈچۈن «سەدىقە بېرىش» سەمىمىيلىك بىلەن تەۋسىيە
قىلىنىدۇ؟ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 187
ھەل قىلىشنىڭ يولى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 191

4 ـ لېكسىيە ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش (IN FAQ FI SABILILLAH) ھەققىدىكى ئومۇمى يولىيورۇقلار ............................ 192
ئىككى خىل يولىيورۇق ـ ئومۇمى كۆرسەتمە ۋە ئالاھىدە كۆرسەتمە (يولىيورۇق) . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 192
ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمە (يولىيورۇق) . . 193
ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە . . . . . . . . . . . 194
ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش (تەقدىم ئېتىش) ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمە (يولىيورۇق) . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 195
ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە (يولىيورۇق) . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 195
ئاللاھ يولىدا «پۇل ـ مال» سەرپ قىلىش ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمىنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 196
ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى . . . . . . . . . . 198
ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 203
5 ـ لېكسىيە زاكات ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە (يولىيورۇق) ........... 205
زاكات توغرىسىدىكى ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتمە . . . . . . . . . . . . . . . . . 205
زاكات بېرىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى (نىسابى) . . . . . . . . . . . . . . . . 208
ئۈنچە ـ مەرۋايىتنىڭ زاكىتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 208
زاكاتنى كىملەر قوبۇل قىلىشى لازىم؟ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 209
زاكاتنى قانداق كىشىلەرگە بېرىش، قانداق كىشىلەرگە بەرمەسلىك كېرەك؟ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 211
كوللېكتىپ ھالدا زاكات يىغىش تۈزۈمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 214
ئالتىنچى بۆلۈم ھەج قىلىش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 215
1 ـ لېكسىيە ھەج قىلىش......................................................... 215
«ھەج»نىڭ مەنىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 215
ھەج قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 215
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەھۋاللار. . . . . . . . . . . . . . . . 216
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 217
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىغانلىقى توغرىسىدىكى خىتابنامىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 218
ئاۋارىچىلىككە ئۇچراش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 219

ھىجرەت قىلىش .......................... 220
پەرزەنتكە بولغان تەربىيە ...................... 221
ئەڭ ئۇلۇغ سىناق ......................... 222
ئىنسانىيەتنىڭ داھىيسى بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ...... 223
لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئىئوردانىيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىش .......... 224
ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى پەلەستىندە تۇرۇشقا ئەۋەتىش........ 224
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ھىجازدا تۇرۇشقا قالدۇرۇش .......... 225
كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشى (بەرپا قىلىنىشى) ................ 225
ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ دۇئاسى .......... 226
2 ـ لېكسىيە «ھەج»نىڭ تارىخى ............................ 229
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى230
ھەج قىلىش قانداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزگەرتىۋېتىلدى؟....... 231
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى ...... 233
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشى 234
ھەج قىلىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلەشنىڭ مۇھىملىقى ........ 239
3 ـ لېكسىيە ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................ 241
ھەج سەپىرىنىڭ خاراكتېرى .................... 241
جان ـ دىلى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىش................ 242
ئىھراملىق كىيىمى ...................... 243
تەلبىيەھ سۆزى .......................... 244
كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ..................... 245
سافا ۋە مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈش ............... 246
مىنادا، ئەرافاتتا ۋە مۇزدەلىفەدە تۇرۇش .............. 247
تاش ئېتىش................................ 247
ھەج قىلىشنىڭ ياخشىلىقلىرى ۋە تەسىرى ............. 248
ھەج قىلىش ـ كوللېكتىپ «ئىبادەت» قىلىش ........... 249
4 ـ لېكسىيە ھەج قىلىش ـ يەر شارى خاراكتېرلىك چوڭ يىغىلىش.... 251
ھەج قىلىشنىڭ نەتىجىسى ................... 251
بىزنىڭ ھەجنى ئۇلۇغلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس ............. 257
ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە تولۇق مۇيەسسەر بولۇشنىڭ ئۇسۇلى260
يەتتىنچى بۆلۈم جىھاد ........................ 263

1 ـ لېكسىيە جىھاد .......................................................... 263
ئىسلامنىڭ ھەقىقىي نىشانى .......................... 263
جىنايەتنىڭ مەنبىئى ـ چىرىك سىياسىي تۈزۈم .............. 264
ئىسلاھاتنىڭ بىرىنچى قەدىمى ـ ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش.... 266
رەزىل ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى ـ ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر.......................................... 267
ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى ـ ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر.......................................... 269
ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ـ بىر مۇشەققەتلىك يولدۇر ............ 270
«ئىبادەت» ـ تەربىيىلىنىش دەرسلىكى ...................... 271
ئاللاھقا ئىشەنگەنلەر باشقۇرغان ھاكىمىيەتنىڭ شەپقىتى ...... 273
2 ـ لېكسىيە جىھادنىڭ مۇھىملىقى........................................ 275
«دىن»نىڭ مەنىسى .................................... 275
بىر ئادەمنىڭ ئىككى دىنغا كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ......... 276
ھەر بىر «دىن» ھوقۇقنى تەلەپ قىلىدۇ .................... 278
مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش ......................... 279
جىھادنىڭ ئىسلامدىكى مۇھىملىقى ...................... 283
ھەقىقىي مۇئمىننى تونۇشنىڭ بەلگىسى ـ جىھاد............ 286
جىھاد قىلمىغۇچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ .................... 287

# ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى

سەييىد ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى (S.Abul A'la Mavdudi) 1903-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى ھىندىستاننىڭ دېھكان (Deccan) ئۆلكىسىنىڭ ئارانگاباد (Aurangbad)دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى. ياق، ئۇ پەقەت مۇتەپەككۇر بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە كۈچلۈك پائالىيەتچى، ئۇنىڭ ئىدىيىسى پەقەت دىن بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلام روھىنى بۈگۈنكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى تەرەپلەرنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى تىرىشىپ، بوشاشماي بىر نىشان- ئىسلام ئىنقىلابى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان.

1941-يىلى 8-ئاينىڭ 26-كۈنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش يولدىكى 75 ئادەمنى تەشكىللەپ ئىسلام جامائىتى (Jamaat-el-Islam) تەشكىلاتى (ئۇلۇغ ئىسلام پارتىيىسى)نى قۇرغان، ھەمدە بۇ تەشكىلات قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، باشقا پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى مۇتەئەسسىپ مىللەتچى پارتىيىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان. ھەتتا ئۇ 1953-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ياۋۇز ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 5-ئاينىڭ 11-كۈنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. دۆلەت ئىچى-سىرتىدا پەيدا بولغان غايەت زور بېسىمنىڭ تەسىرىدىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئامالسىز ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى 14 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەمما ئىككى يىلدىن كېيىن، 1955-يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنى پاكىستان ئالىي سوت مەھكىمىسى «جىسمانىي كاپالەتنامە بۇيرۇقى» بىلەن ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇنداق كىچىك ئىشلار ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىشلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. 1979-يىلى 5-ئايدا ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئامېرىكىغا داۋالانغىلى بارىدۇ. 9-ئاينىڭ 22-كۈنى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ شۇ يىلى 76 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا بەش ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى پاكىستانغا يۆتكەپ كېلىنگەندە، ئايرودرومغا كۈتۈۋالغىلى چىققان كىشىلەرنىڭ سانى نەچچە يۈز مىڭغا يەتكەن.

مەن پەقەت مۇنداق بىر ئىش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ نەقەدەر

يۈقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن:
1979 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى «فاھد پادىشاھ مۇكاپاتى»نى ئۇنىڭغا بېرىشنى قارار قىلىپ، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا قوشقان تۆھپىسىنى تەقدىرلىگەن. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى مۇكاپات بولماستىن، بەلكى ئۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ يۇقىرى شان ـ شەرەپ مۇكاپاتىدۇر. ئۇنىڭ باھالاش ھەيئەتلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىسلام دىنى ئالىملىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەيئەتلەر بىردەك بۇ مۇكاپاتنى ئۇنىڭغا بېرىشكە قوشۇلغان. پادىشاھ خالىد بۇ مۇكاپاتنى بېرىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭغا: «بۇ مۇكاپات سىزگە بىر كىشىلىك شان ـ شۆھرەت بېغىشلاپلا قالماستىن، بەلكى سىزنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىڭىز بىزنىڭ بۇ فوندىمىزغىمۇ چەكسىز شان ـ شەرەپ ئېلىپ كەلدى» دېگەن.
ئۇنىڭ ھاياتىدا يازغان ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇنداقلا ھېسابلىغاندىمۇ، دىنغا تەۋە بولغانلىرى 15 خىل (جەمئىي 4876 بەت)، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىيغا تەۋەلىرى يەتتە خىل (جەمئىي 6098 بەت)، ئىقتىساد ئىلمىغا دائىرلىرى بەش خىل (جەمئىي 1373 بەت)، قانۇن ۋە جەمئىيەتكە دائىر بولغانلىرى ئۈچ خىل (جەمئىي 635 بەت)، ئۇنىدىن باشقىلىرى 23 خىل (جەمئىي 7497 بەت) بولۇپ، يەنە بىر نەچچە خىلى ھېسابقا ئېلىنمىدى. ئۇنىڭ يەنە ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى 35 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «ئىسلامنى چۈشىنىش» دېگەن كىتابى 27 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان (خەنزۇچىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە). قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان 2 ـ كىتابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بۇ كىتابنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى قىسقىچە بايان قىلساق تۆۋەندىكىچە: 1937 ـ يىلى 34 يېشىدا ئۇنىڭ تالانتى رەسمىي نامايان بولۇشقا باشلىدى. ھەيدەر ئاباد ئوسمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا 800 رۇپىيە (ھىندىستاننىڭ پۇل بىرلىكى)لىك ئىش ھەققى بىلەن پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىندى. دەل شۇ ۋاقىتتا، پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ لاھور شەھىرىدىكى ھازىرقى زاماندىكى ئۇلۇغ پەيلاسوپلۇق شائىر، دوكتور ئىقبال (Allama Muhammad Iqbal) ئۇنىڭ تالانتىغا ئىنتايىن قايىل بولۇپ، ئۇنى بىرلىكتە زامانىۋى شەرىئەت دەستۇرىنى تۈزۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ يۇقىرى تەمىناتلىق پروفېسسورلۇق ئورنىدىن قىلچە ئىككىلەنمەي ۋاز كېچىپ، 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا باياشات ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، تېخى توي قىلغىلى بىر يىل بولمىغان ئايالىنى ئېلىپ،

پاراۋانلىقتا چۆمگەن ھەيدەر ئاباتتىن ئايرىلىپ، لاھورغا قاراپ يول ئالدۇ. ئۇ يىز رۇپىيىلىك ئىش ھەققى بىلەن پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ پاسانكوت (Pathankote) شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى جامالپۇر (Jamalpur) دېگەن كىچىك كەنتتە ئولتۇراقلىشىپ قالدۇ. ئەمدىلا ئىشقا كىرىشەي دەۋاتقاندا، دوكتۇر ئىقبال تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى (1938 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى). ئۇ ھەرگىزمۇ بوشىشىپ قالماي، پاسانكوتتا بىر «ئىسلام ئائىلىسى» (Darul Islam)نى قۇرۇپ، مەخسۇس ئىسلام ئىنقىلابى ياشلىرىنى تەربىيىلىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۇ ھەر جۇمە كۈنى جامالپۇر كەنتىنىڭ مەسجىدىدە «خۇتبە» سۆزلەيدۇ. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب شۇ مەسجىددە سۆزلەنگەن 29 قېتىملىق خۇتبىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جامالپۇر ئىنتايىن نامرات ۋە ئارقىدا قالغان كەنت بولۇپ، ناماز ئوقۇيدىغانلار ئاساسەن ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان دېھقانلار ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقى بولسا، سۆزلىرى چۈشىنىشلىك، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، تەسىرچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، خەلقنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرگەن. قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدا بۇ نۇتۇق تېكىستى توپلىنىپ 20 قېتىم نەشر قىلىنغان، ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان. 1975 ـ يىلى ئىنگلىزچە نەشرى نەشردىن چىقىپ، 1980 ـ يىلىغا كەلگۈچە جەمئىي بەش قېتىم نەشر قىلىندى.

ئۇنىڭ نۇتۇق ۋە ئەسەرلىرى ساۋاتسىز دېھقانلارنى قايىل قىلىپلا قالماي، نەچچە ئونمىڭلىغان تەربىيە كۆرگەن ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش زىيالىيلارنىمۇ قايىل قىلىپ، ئۇلار ئەسلى تەلپۈنگەن غەرب ئىدىيىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىسلام يولىغا قايتىپ كېلىشكە سەۋەب بولغان. چۈنكى، ئادەم بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر قۇرلىرىنى ئوقۇسا ئىمانى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

مەن ئاللاھدىن بۇ كىتابنىڭ مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىشىنى تىلەيمەن. ئامىن!

پىل چىشى قىرغىقى
1988 ـ يىلى 3 ـ ئاي

مۇھاكىمە
ئۇستاز مەۋدۇدىنىڭ ھاياتى تارىخىدىن قانداق تەسىراتقا ئىگە بولدىڭىز؟

# بىرىنچى بۆلۈم ئىمان

## 1 ـ لېكسىيە مۇسۇلمانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىملەر

### ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتى (نېئمىتى)

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ مۇشۇ دۇنياغا قىلغان ئەڭ چوڭ نېئمىتىنىڭ دەل ئىسلام ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىدۇ، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئىسلامدەك سائادەتنى ئاتا قىلغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىدۇ. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان مۇشۇ ئەڭ چوڭ نېئمىتىنى بايان قىلدى:

﴿ ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلۡإِسۡلَٰمَ دِينٗاۚ ﴾

**«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.»** (سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مۇھاكىمە

1. نېمە ئۈچۈن ئىسلامنى ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتى (نېئمىتى) دەيمىز؟

2. «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم» دېگەن مۇشۇ بۆلەك ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈڭ؟

## ئاللاھنىڭ بۇ نېئمىتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك؟

ئاللاھ سىلەرگە بۇ نېئمەتنى بەرگەنلىكتىن، ئاللاھقا جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلار زۆرۈر. جاۋاب قايتۇرمىغان كىشى دەل نېئمەتنى ئۇنۇتقان ۋاپاسىز كىشىدۇر. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ ۋاپاسىزلىق، دەل ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى ئۇنتۇشتۇر.

ئەمدى سىلەر «بىز ئاللاھقا قەرزدار ئىكەنمىز، ئۇنداقتا قانداق قىلىپ بۇنى قايتۇرىمىز؟» دەپ سورىساڭلار، مېنىڭ جاۋابىم شۇكى: ئاللاھ سىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئۈممىتى قىلىپ ياراتقان ئىكەن، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سادىق مۇخلىسلىرىدىن بولۇشتۇر. ئاللاھ سىلەرنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى قىلىپ ياراتقان ئىكەن، سىلەرنىڭ بۇ مېھرى ـ شەپقەتكە جاۋاب قايتۇرىدىغان يولۇڭلار ـ ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولۇشتۇر. ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان بۇنداق كاتتا ئىلتىپاتىغا بۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن جاۋاب قايتۇرالمايسىلەر. ئەگەر بۇ نېئمەتكە جاۋاب قايتۇرمايدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا ۋاپاسىزلارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ دەرىجىسى، ئاللاھنىڭ نېئمىتىدەك چوڭ بولىدۇ. ئاللاھ بىزنى بۇ جازادىن ساقلىسۇن، ئامىن!

مۇھاكىمە

1. نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاللاھقا قەرزدار دەيمىز؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

2. «ئىسلام»دىن ئىبارەت بۇ نېئمەتكە قانداق جاۋاب قايتۇرىمىز؟

## مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى

ئۇنداقتا سىلەر، بىر ئادەم قانداق قىلغاندا ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولالايدۇ؟ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى كېيىنكى ھەر جۈمە كۈنىدە تەرتىپ بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن، بىراق، بۈگۈن ھەر قايسىڭلارغا ئەڭ مۇھىم بولغان بىر باسقۇچنى چۈشەندۈرىمەن.

## مۇسۇلمان دېگەن بىر ئىرقنىڭ نامىمۇ؟

سىلەر ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلاپ بېقىڭلار، مۇسۇلمان دېگەن بۇ نام زادى نېمە مەنە بېرىدۇ؟

ئىسلام ئادەم بىلەن تەڭلا ۋۇجۇدقا كەلگەنمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ئەجدادلىرى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىمۇ مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئەبەدىلئەبەد مۇسۇلمان بولىۋېرەمدۇ؟ خۇددى بىراھمان (Brahmin ـ ھىندى ئاقسۆڭەكلىرى) ئەۋلادلىرى مەڭگۈ بىراھمان بولغاندەك، راجپۇت (Rajput ـ ھىندى ياساۋۇللىرى ـ ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەر) ئەۋلادلىرى مەڭگۈ راجپۇت بولغاندەك، سۇدرا (Sudra ـ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر) ئەۋلادلىرى مەڭگۈ سۇدرا بولۇۋەرگەندەك، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىمۇ مەڭگۈ مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ؟ «مۇسۇلمان» دېگەن بۇ نام خۇددى «ئىنگلىز» دېگەنگە ئوخشاش بىرەر مىللەتنىڭ نامىمۇ؟ ياكى جاترا (ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالىدىكى قوڭۇر تەنلىكلەر)لار ئەۋلادلىرى جاترا بولغاندەك بىرەر ئىرقنىڭ نامىمۇ؟ ئوخشاشلا ئىسلام جەمئىيىتىدە تۇغۇلغان كىشىلەرنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىساق بولىۋېرەمدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا سىلەر قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟ سىلەر چوقۇم: «ياق! بۇنداق ئادەملەر ھەرگىز «مۇسۇلمان» بولۇۋەرمەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ «مۇسۇلمان» بولۇشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئالاھىدە بىر ئىرقا تەۋە بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بولىدۇ. ئەكسىچە بىر ئادەم ئىسلامدىن ۋاز كەچكەن بولسا، ئۇ قايتا مۇسۇلمان ھېسابلىنىشۇەرمەيدۇ. بىر بىراھمان، بىر راجپۇت، بىر ئىنگلىز ياكى بىر جاترا پەقەت ئىسلامنى قوبۇل قىلسىلا ئۇ بىر مۇسۇلمان بولۇۋېرىدۇ. ئەكسىچە، بىر ئادەم مەيلى ئۇ پەيغەمبەر ئەۋلادى ياكى پۇشتۇ (ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالىدىكى ۋە ئافغانىستاندىكى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان مىللەت) بولسۇن، ئىسلامدىن ۋاز كېچىدىكەن، ئۇ يەنە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇۋەرمەيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىسىلەر.

توغرا! ھەر قايسىڭلار چوقۇم شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىسىلەر. سىلەرنىڭ جاۋابىڭلاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرالايمىز: سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئاللاھنىڭ ئەڭ چوڭ نېئمىتى ـ سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭلاردۇر. مۇسۇلمانلىق ـ سىلەر قولۇڭلارنى سوزۇپلا ئېلىپ بەھرىمەن بولىدىغان ئاتا ـ ئانائڭلاردىن مىراس قالغان بايلىق ئەمەس. بەلكى بۇ نېئمەتنى سىلەر ئۆز تىرىشچانلىقىڭلارغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرىسىلەر. سەللا بىخەستەلىك

قىلساڭلار، ئۇنى باشقىلار ئېلىپ كېتىدۇ. رەببىمىز! بۇنداق ئىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، ئامىن!

مۇھاكىمە
1. «مۇسۇلمان» دېگەن بۇ نام بىرەر مىللەتنىڭ ياكى ئىرقنىڭ نامىمۇ؟
2. ئەجدادى «مۇسۇلمان» بولسىلا، ئەۋلادى مۇسۇلمان بولىۋېرەمدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## ئىسلامغا بەيئەت قىلىشنىڭ مەنىسى

سىلەر دېگەن «بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ـ ئۇنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بولىدۇ» دېگەننى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلايلى. بۇ يەردىكى مەسىلە: «ئىسلامنى قوبۇل قىلىش» دېگەننىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ بىر ئادەم ئېغىزىدىلا «مەن مۇسۇلمان» ياكى «ئىسلامنى قوبۇل قىلدىم» دەپ قويسىلا ئۇ مۇسۇلمان بولامدۇ؟ ياكى بىراھمان مۇرىتلىرى ئۆزىمۇ چۈشەنمەي بىر نەچچە بۆلەك «مانچاس» (Mantras ـ بىراھمانلارنىڭ دىنىي كىتابى)نى ئوقۇپ قويغىنىغا ئوخشاش، بىر ئادەم ئۆزىمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ بىر نەچچە جۈملە ئەرەبچىنى ئوقۇپ قويسا، ئۇ بىر مۇسۇلمان بولامدۇ؟ سىلەر بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلەمسىلەر؟ ئەلۋەتتە، سىلەر جاۋاب بېرىپ شۇنداق دەيسىلەركى: ئىسلامنى قوبۇل قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى ـ بىر ئادەم پەقەت ئاڭلىقلىق بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ھاياتى پائالىيەتتە بولسا ۋە مۇشۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، ئۇ بىر مۇسۇلماندۇر. كىمكى بۇنى ئورۇنلىيالمايدىكەن، ئۇ ـ مۇسۇلمان ئەمەس.

مۇھاكىمە
ئىسلامنى قوبۇل قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

## ئالدىنقى شەرت ـ بىلىم

جاۋابىڭلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام بولسا بىر بىلىمنىڭ

ئىسمى، ھەمـمە مۇشـۇ بىلـمىنـى ئەمەلـدە كۆرسـىتىش جەريانىنىـڭ نامـىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىر بىراھمان ئۆز دىنى ھەققىـدە ھېچنېمىنـى بىلمىـسىمۇ، ئـۇ ھەرگىزمۇ بىراھمان ھېسابلانماي قالمايدۇ، چۈنكى ئۇ تۇغۇلغاندىلا بىر بىراھمان بولۇپ، ئەبەدىي بىراھماندۇر. جاترالارمۇ، جـاترا بولـۇپ تۇغۇلغـان ئىـكەن، ئۆمـۈر بويى جاترا ھېسابلىنىدۇ. بىراق مۇسـۇلمانلار ئۇنـداق بولمايـدۇ، مۇسـۇلماننىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىـشتە ئۇنىـڭ ئەجدادىغا قارىمـايمىز، بەلكـى ئۇنىـڭ بىلىمىـگە قـارايمىز. ئەگەر بىـر كىـشى مـۇھەممەد ئەلەيھىسساالامنىڭ تەلىملىرىنى بىلمىسە، ئۇ قانداقمۇ ئۆز ئېتىقادىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلىسۇن؟ ھەم قانـــداقمۇ ئەمەلــــدە كۆرسىتەلـــــسۇن؟ ئەگەر ئـــۇ ئـــۆز ئېتىقـــادىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمىسە ھەم ئـۇنى تولـۇق چۈشەنمىـسە، ئـۇ ئـۆزىنى قانداقـسىگە مۇسـۇلمان دەپ ئاتىـسۇن؟ بۇنىڭـدىن بىلىـشكە بولـدۇكى ـ بىلىمـسىزلىك ئەھۋالدا مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ. ئىسلام ئائىلىـسىدە تۇغۇلـۇپ، ئىسلامى ئىـــسمىدىن بىرنـــى ئـــۆزىگە قويـــۇپ، مۇســـۇلمانلاردەك كىيىنىـــپ، ئـــۆزىنى «مۇسـۇلمان» دەپ ئاتىۋالـسىمۇ، ئەمەلىيەتـتە ئـۇ مۇسـۇلمان ھېـسابلانمايدۇ. ھەقىقىـي مۇسـۇلمان بولـسا ئىـسلامنىڭ نېمىلىكىنـى بىلىـدۇ ۋە ئـۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا (ئىسلامغا) ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىدۇر. بىر مۇسۇلمان بىلەن بىر كاپىر (ئاللاھقا ئىـشەنمەيدىغان ئـادەم)نىـڭ ھەقىقىي پەرقـى ھەرگىزمـۇ ئۇلارنىـڭ ئىـسمىدا ئەمەس. ئابـدۇللاھ (ئاللاھنىـڭ قۇلى) ئىسمىلىك ئادەملەرنى چوقۇم «مۇسۇلمان» دېگىلى بولمايدۇ. رام.پارساد (RamParshad) ئىسمىلىكنى چوقۇم كاپىر دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. ئوخـشاشلا كىيىمدىكى پەرقـقە قـاراپ ئايرىـشقىمۇ بولمايـدۇ. دورى (Dhori ـ ھىنـدىلارنىڭ كـۆكرەك ۋە بېلىنـى ئورىۋالـدىغان كىيىمـى) كىيگىنـى كـاپىر، كەڭ ئىـشتان (Pyjams) كىيىۋالغـاننى مۇسـۇلمان دېگىلـى بولمايـدۇ. مۇسـۇلمان بىــلەن كاپىرنىــڭ ھەقىقىــي پەرقــى ـ بىلىــم. بىــر ئــادەم ئــاللاھ بىــلەن ئۆزىنىــڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆزى بىـلەن ئاللاھنىـڭ مۇناسـىۋىتىنى بىلمىگىنـى ئۈچـۈن، شـۇنداقلا بـۇ دۇنيـادا ئاللاھنىـڭ كۆرسەتمىـسى بـويىچە تـوغرا تۇرمـۇش يولـىدا ياشاشـنى بىلمىگىنـى ئۈچـۈن كـاپىردۇر. ئەگەر ئىـسلام ئائىلىـسىدە تۇغۇلـۇپ ئۆسكەن بىر ئادەم بۇ جەھەتتىكى بىلىملەردىن قىلچە خەۋەرسىز بولـسا، ئۇنىـڭ كـاپىر بىــلەن نــېمە پەرقــى بولــسۇن؟ ســىلەر نــېمە ئۈچــۈن يەنە بــۇ كــاپىر، ئــۇ مۇسۇلمان دەپ يۈرىسىلەر؟

كۆپچىلىـــك، دېگەنلىرىمنـــى كۆڭـــۈل قويـــۇپ ئاڭلىغايـــسىلەر ۋە مەن تەكىتلىمەكچى بولغـان بـۇ نۇقتـا ئۈسـتىدە قايتـا ـ قايتـا پىكىـر قىلغايـسىلەر.

سىلەر شۇنى ئېنىق چۈشىنىشىڭلار كېرەككى ـ سىلەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان ئەڭ كاتتا نېئمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردۈڭلار. بىراق سىلەرنىڭ بۇ نېئمەتكە ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكىڭلار، پۈتۈنلەي سىلەرنىڭ بىلىمىڭلارغا باغلىق. ئەگەر سىلەردە بىلىم بولمىسا، بۇ نېئمەتكە ھەرگىز ئېرىشەلمەيسىلەر. گەرچە بۇ نېئمەتكە ئازراق ئېرىشكەن بولساڭلارمۇ، بىلىمسىزلىكىڭلاردىن ئۇ قىممەتلىك سوۋغىنى يوقىتىپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن. بۇ سوۋغىغا ئېرىشكەن كىشى ئوي ـ پىكرىنىڭ ئاددىيلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرگىز مۇسۇلمان ئەمەس، ئىسلام بىلەن كۇپۇرلۇقنىڭ پەرقىنى، ئىسلام بىلەن كۆپ ئىلاھلىق دىن (شېرىكلىك)نىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان ئادەم، خۇددى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتتە يول يۈرگەنگە ئوخشاش، ئۆزى كېتىۋاتقان يولنى تۈز دەپ قارىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ تۈز يولدىن چەتنەپ كەتكەن بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇ ئېھتىمال بىر ئالدامچىغا يولۇقۇشى، ئۇ ئالدامچى ئۇنىڭغا: «كەل بالام، سەن قاراڭغۇدا يولدىن ئازدىڭ، مەن سېنى كۆزلىگەن جايىڭغا باشلاپ باراي» دېيىشى مۇمكىن. قاراڭغۇلۇقتىكى بۇ بىچارە يولۇچى قايسى يولنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، سەۋىيلىكىدىن ئالدامچى قولىغا چۈشۈپ قېلىشى ۋە يامان يولغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ يولۇچى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق خەتەرگە يولۇققانكى، چۈنكى ئۇنىڭدا نۇر (ئىمان) يوق، شۇڭا يول بەلگىسى بويىچە ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇنىڭدا يورۇقلۇق بولسا ئىدى، ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ يولدىن ئازمىغان، باشقىلار تەرىپىدىن يامان يولغا باشلاپ كېتىلمىگەن بولاتتى. يۇقىرىقى ئوخشىتىشلاردىن سىلەر شۇنى ھېس قىلىسىلەركى ـ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەتەر ـ دەل ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قارىتا بىلىمسىزلىكى، قۇرئان كەرىم كۆرسەتمىسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە قالدۇرغان ھەدىس ـ نەسىھەتلىرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەسلىكتۇر. بىلىمنىڭ كەمچىلىكىدىن ئۇ زۇلمەت ئىچىدە گاڭگىراپ قالغاچقا ئالدامچى تەرىپىدىن يامان يولغا باشلىنىپ كېتىدۇ. بىراق، ناۋادا ئۇنىڭدا بىلىمنىڭ نۇرى بولسا، ھاياتىدا ئىسلامنىڭ داغدام يولىنى كۆرەلەيدۇ، ھەمدە كۇپرىلىق، شېرىكلىك ۋە دىنسىزلىقنىڭ ناتوغرا يولىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنالايدۇ. ھاياتلىق يولىدا ئۇ بىرەر قايمۇقتۇرغۇچىغا يولۇققان ۋاقتىدا، بىر نەچچە ئېغىز پاراڭ بىلەنلا، ئۇنىڭ بىر ئىبلىس (شەيتان) ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ھەرگىزمۇ ئۇ تەرەپكە ماڭمايدۇ.

مۇھاكىمە

1. نېمە ئۈچۈن بىلىمسىزلىك ئەھۋالىدا مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ دەيمىز؟

2. «بىر ئادەم ئاللاھ بىلەن ئۆزىنىڭ، ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توغرا تۇرمۇش يولىدا ياشاشنى بىلمىگىنى ئۈچۈن كاپىردۇر» دېگەن بۇ جۈملىنى تەھلىل قىلىڭ؟

3. نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەتەر- ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ئەقىدىلىرىگە...... قارىتا بىلىمسىزلىكى دەيمىز؟

## بىلىمنىڭ مۇھىملىقى

مۆھتەرەم قېرىنداشلار! سىلەرنىڭ ۋە پەرزەنتىڭلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇش-بولماسلىقى، شۇنداقلا مەڭگۈ مۇسۇلمان بولالىشى پۈتۈنلەي بىلىمگە باغلىق بولىدۇ. مەن ھەر قايسىڭلارغا بىلىمنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن، بۇ ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولىدىغان ئىش ئەمەس. سىلەر يەر تېرىغان، سۇغارغان، ئوتىغان ۋە كالا باققان ۋاقتىڭلاردا قىلچىمۇ بىخەستەلىك قىلمايسىلەر. چۈنكى سەل ئېھتىياتسىزلىق قىلساڭلار ئاچ قالىسىلەر، ھەتتا ھاياتلىقتىن ئىبارەت ئەڭ قىممەت نەرسەڭلاردىن ئايرىلىپ قالىسىلەر. سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلار، سىلەرنى مۇسۇلمانغا ئايلاندۇرىدىغان ھەم مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بىلىمگە شۇنداق سەل قارىساڭلار بولامدۇ؟ ئەجەبا بۇ سىلەرنى ناھايىتى قىممەتلىك بولغان ئىماندىن چىقىپ كېتىشنىڭ خەتىرىگە ئۇچراتمامدۇ؟ ئەجەبا ئىمان ھاياتلىقتىنمۇ قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا تۇرمۇشۇڭلارغا سەرپ بولغان ۋاقتىڭلار ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ 10 دىن بىرىنى سەرپ قىلىپ بولسىمۇ، ئىمانىڭلارنى قوغدىيالامسىلەر؟

مەن سىلەرنى ھەرگىزمۇ موللا بولۇپ، 10-20 يىل ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، بېشىڭلار ئاقارغۇچە ئوقۇڭلار دېمەكچى ئەمەسمەن. بىر مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، ئۇنچىۋالا كۆپ كىتابلارنى ئوقۇش ھاجەت ئەمەس. مەن ھەر بىرىڭلاردىن 24 سائەت ۋاقتىڭلاردىن بىر سائەتنى چىقىرىپ دىنى بىلىم ئىگەللەشنى ئۈمىت قىلىمەن. بۇ چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ھەر بىر مۇسۇلمان ھازىرلاشقا تېگىشلىك چۈشەنچە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ

مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭ نازىل بولۇشىدىكى مەقسەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيدۇ. ھەر بىر ئادەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگەندىكى ۋەزىپىسىنىڭ نېمىلىكىنى، پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولغان يامان ئىشنىڭ نېمىلىكىنى، يولغا قويماقچى بولغان ياخشى ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيدۇ، شۇنداقلا، ھەر بىر ئادەم، ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇغان ئالاھىدە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئىگەللەشكە ئۇنچىۋالا كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. ئەگەر سىز ئىماننى ھەقىقەتەن قىممەتلىك دەپ قارىسىڭىز، ھەر كۈنى پەقەت بىر سائەت ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلسىڭىزلا ئۇنى ئاسانلا ئىگەللىيەلەيسىز.

مۇھاكىمە

1. بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ؟

2. «ئىمان ھاياتلىقتىن قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟» دېگەن جۈملىنى تەھلىل قىلىڭ؟

3. «ئىمان»غا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

## 2 ـ لېكسىيە مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ھەقىقىي پەرقى

### نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ؟

ھەر بىر مۇسۇلمان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىنىڭ كاپىرلارنىڭ ئورنىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، كاپىرلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، كاپىرلار نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار جەننەتكە كىرىدۇ، كاپىرلار دوزاخقا كىرىدۇ. مەن ھەر قايسىڭلاردىن، نېمە ئۈچۈن كاپىر بىلەن مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق چوڭ پەرقنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەپسىلىي ئويلىنىپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى كاپىرلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئادەم. ئۇنىڭمۇ سىزگە ئوخشاش كۆز ـ قۇلاق، پۇت ـ قوللىرى بار، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش، ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ، ئوخشاش سۇ ئىچىدۇ، ئوخشاش زېمىندا

ياشايدۇ. سىزنى ياراتقان ئاللاھ ئۇنىمۇ ياراتقان، ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنى تۆۋەن، سىزنىڭ ئورنىڭىز يۇقىرى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن سىز جەننەتكە كىرىسىز، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ؟

مۇھاكىمە
مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدا ئاقىۋەتتە قانداق پەرق كېلىپ چىقىدۇ؟

## بۇ پەقەت نامى جەھەتتىكى پەرقمۇ؟

بۇ بىر چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بۇنداق چوڭ پەرقنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىڭ ئابدۇللا ياكى ئابدۇراھمان بولۇشى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ دەينى ياكى كاتېرجىنكى ياكى روبىنسون بولۇشى ياكى سىزنىڭ گۆش يېيىشىڭىز، ئۇنىڭ گۆش يېمەسلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس. بارلىق ئىنسانىيەتنى ياراتقان ئاللاھ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇ ئۆزى ياراتقان ئىنسانلىرى ئارىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاساسى مەقسەتكە مۇناسىۋەتسىز بولغان سەۋەبلەر بىلەن ئېچىنىشلىق ھالەتتە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇللىرىنى (بەندىلىرىنى) بىرىنى جەننەتكە كىرگۈزسە، بىرىنى دوزاخقا كىرگۈزگەن ئەمەس.

مۇھاكىمە
ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامى جەھەتتىكى پەرقمۇ؟

## ھەقىقىي پەرق ـ ئىسلام ۋە كۇپرى

ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولمىسا، ئۇنداقتا، ئويلاپ بېقىڭ، ھەقىقىي پەرق زادى نېمىدە؟ بىردىنبىر جاۋاب شۇكى: مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي پەرق ـ ئىسلام ۋە كۇپرىدۇر. ئىسلامنىڭ مەنىسى بولسا ئاللاھقا بويسۇنۇش، كۇپرىنىڭ مەنىسى بولسا ئاللاھقا قارشى تۇرۇشتۇر.

مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوخشاشلا ئادەم، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇللىرى، لېكىن بىرسى ئۆزىنىڭ «رەببى»نى ئېتىراپ قىلغان، ئاللاھقا بويسۇنغان، ئاللاھقا قارشى چىقىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن قورققان، شۇڭا ئۇنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. يەنە بىرسىچۇ؟ ئۆزىنىڭ ئىلاھىنى ئېتىراپ قىلمىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىغان بولۇپ، ئورنى تۆۋەنلىتىلگەن، شۇڭا ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، كاپىرلارنى ئۆچ كۆرىدۇ. مۇسۇلمانلارغا جەننەتنى ئاتا قىلسا، كاپىرلارنىڭ قايتىدىغان جايىنىڭ دوزاخ ئىكەنلىكى بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

مۇھاكىمە

ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۆرۈشى، كاپىرلارنى ئۆچ كۆرۈشىدىكى سەۋەب نېمە؟

## پەرقنىڭ سەۋەبى ـ بىلىم ۋە ھەرىكەتتە

بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككى ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ بىرسى بىلىم، يەنە بىرى ھەرىكەتتۇر. بىر ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى تونۇشى، ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئىگىسىگە بويسۇنۇش ئۇسۇلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئىگىسىنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، نېمىنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە، ئۇ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ قۇلى دەپ بىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئۆزى مەلۇم ئىشنى قىلىشنى ئويلىغان بولسا، لېكىن ئاللاھ بۇ ئىشنى قىلىشنى چەكلىگەن بولسا، ئۇ بۇ ئىشنى قىلىش ھەۋىسىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك، ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشنى قىلىشنى ناھايىتى ئالىيجانابلىق دەپ قارىسا، لېكىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىش ناھايىتى پەسكەش دەپ قارالغان بولسا، ئۇمۇ چوقۇم بۇ ئىشنى ناھايىتى پەسكەش ئىش دەپ قارىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ مەلۇم ئىشنى ناھايىتى پەسكەش ئىش دەپ قارىغان بولسا، لېكىن ئاللاھ بۇ ئىشنى ئالىيجاناب ئىش دېگەن بولسا، ئۇمۇ چوقۇم بۇ ئىشنى ئالىيجاناب ئىش دەپ ئېتىراپ قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ مەلۇم ئىشنى قىلىشنى ئۆزىگە زىيانلىق دەپ بىلگەن بولسا،

ئەمما ئاللاھ بۇ ئىشنى قىلىشنى زۆرۈر دېگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ، جىنىدىن ۋە مېلىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش بولىسىمۇ، ئۇنى چوقۇم قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ مەلۇم ئىشنى قىلسا پايدا ئالىدىغانلىقىنى بىلسە، بىراق ئاللاھ بۇنى قىلىشنى چەكلىگەن بولسا، ئۇ پايدىلىق دەپ قارىغان بۇ ئىشنى قىلىشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك.

ئاللاھنىڭ بىر سادىق قۇلى بولۇش، ئاللاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىش، ئاللاھ ئاتا قىلغان ھۆرمەت ۋە شان ـ شەرەپكە ئېرىشىش ئۇچۇن مانا بۇ ھەر بىر مۇسۇلمان بىلىشكە تېگىشلىك قائىدە ـ پىرىنسىپلار ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلى، ئەكسىچە كاپىردا بۇنداق بىلىم يوق بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنى ئاسىي بەندىلەر قاتارىدا ئۇلارغا بېرىدىغان ئىنئامنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

ئەمدى سىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ خاتالىقىڭلار ئۈستىدە ئۆزۈڭلارغا سوئال قويۇپ بېقىڭلار، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بىر ئادەم، پەسكەشلىك ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشتا كاپىر بىلەن ئوخشاش تۇرۇپ، ئۆزىگە ئوخشىمىغان ئىسمىدىن بىرنى قويۇپ، ئوخشىمىغان كىيىمنى كىيىپ، ئوخشىمىغان يېمەكلىكنى يەپ يۈرۈپ، قانداقمۇ ئۆزىنى ئاشۇ پەزىلەتلىك ئادەملەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويالايدۇ؟ ئۇ يەنە نېمىگە تايىنىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلىسۇن؟ ئىسلام بىرەر مىللەت ياكى بىرەر نەسەب بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بۆۋىسىدىن دادىسىغا، دادىسىدىن بالىسىغا، بالىسىدىن نەۋرىسىگە مىراس قالىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ھىندى دىنىدىكى بىراھمانلارغا ئوخشاش بىلىمسىز بولسىمۇ، پەسكەش ئىشلارنى قىلىپ يۈرسىمۇ، يەنىلا ئاقسۆڭەك ھېسابلىنىۋەرگەنگە ئوخشىمايدۇ، سودىرالار بولسا مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن:

﴿ إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡۚ ﴾

**«ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ).»** (سۈرە ھۇجۇرات 13 ـ ئايەت)

دېمەك، بىر ئادەم ئاللاھنى تونۇسا، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنسا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئورنى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر بۇتپەرەس ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاللاھنى تونۇپ، ئاللاھقا بويسۇنغان، شۇڭا ئۇنى ئاللاھ پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىمامى قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بىر پەيغەمبەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، بىراق

ئاللاھنى تونۇمىغان ۋە ئىتائەت قىلمىغان، شۇڭا ئاللاھ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قارىماستىن، ئۇنى جازالاپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىبرەت قىلغان. مەن كۆپچىلىكتىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ پۈتۈنلەي بىلىم ۋە ئەمەلى ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ ئۆزىنى تونۇغان، ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا ماڭغان، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان ئادەمنى پاناھىغا ئالىدۇ. بۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولمىغانلار، ئىسمىنىڭ ئابدۇللاھ ياكى ئابدۇراھمان بولۇشى، داننى ياكى كاتىرجىنىگى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پەرقسىز بولۇپ، ئاللاھ ئۇنداقلارنى قوغدىمايدۇ.

مۇھاكىمە

نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي پەرق ـ بىلىم ۋە ھەرىكەتتە دەيمىز؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ؟

## نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە خورلۇققا ئۇچرايدۇ؟

قېرىنداشلار، سىلەر ئۆزۈڭلارنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايسىلەر، ھەمدە ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنى قوغدايدىغانلىقىغا ئىشىنىسىلەر، لېكىن كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ قاراپ بېقىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى قوغدىدىمۇ ـ يوق؟ ئاخىرەتتە قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭلار چوقۇم كۆرىسىلەر. لېكىن سىلەر بۇ دۇنيادىكى كەچۈرمىشىڭلارنى كۆرۈپ بېقىڭلار: ھىندىستاندا سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 90 مىليون ئەتراپىدا (بۇ نۇتۇق سۆزلەنگەن ۋاقىتتا، ھىندىستان بىلەن پاكىستان تېخى ئايرىلمىغان بولۇپ، يەنىلا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى). سىلەر بۇنچە كۆپ ئادەم، ھەر بىر ئادەم بىردىن تاش تاشلىساڭلار، بىر تاغ ھاسىل بولىدۇ. لېكىن مۇشۇنچە كۆپ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ زېمىنى، ئىگىلىك ھوقۇقى كاپىرلارنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ بويىنۇڭلار باشقىلارنىڭ قولى بىلەن سىقىلغان بولۇپ، سىلەرنى قايسى تەرەپكە قاراتقۇسى كەلسە، شۇ تەرەپكە قارىتىۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ پەقەتلا ئاللاھقا ئېگىلىدىغان بېشىڭلار ئەمدىلىكتە ئادەمگە قاراپ ئېگىلىۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ ھېچكىم تېگەلمىگەن جۇرئەت قىلالمايدىغان شان ـ شەرىپىڭلارنى ئەمدىلىكتە چاڭ ـ توزان بېسىۋالدى. ئەسلىدە مەغرۇر يۈرىدىغانلار بۈگۈنكى كۈندە

كاپىرلار ئالدىدا تىز پۈكۈپ، نادانلىق، كەمبەغەللىك، موھتاجلىق تۈپەيلىدىن ھەممىلا جايدا خارلىققا دۇچار بولۇۋاتىسىلەر.

مانا بۇ ئاللاھنىڭ قوغدىغانلىقىمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئېنىقكى، بۇ ئاللاھنىڭ جازاسى. ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئازاب چۈشۈرگەنلىكى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك! بۇ مۇسۇلمان دەپ ئاتالغان كىشىلەر، خارلىقتا ئېغىناۋاتىدۇ، قۇلغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھالەت ئەسلى يۈز بەرمەسلىكى كېرەكتىغۇ! مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلار يەنە بۇ دۇنيادا خارلىققا ئۇچرايدۇ؟ ئەجەبا سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار زالىم پادىشاھمۇ؟ ئەگەر سەن ئۇنى تونۇساڭ، ئۇنىڭغا بويسۇنساڭ، ئۇ يەنە باشقا دىندىكىلەرنى ساڭا ھۆكۈمران قىلىپ قويۇپ، سېنىڭ ئاللاھقا بويسۇنغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنى جازالامدۇ؟ ئەگەر سەن ئاللاھنىڭ زالىم ئەمەسلىكىگە ئىشەنسەڭ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بويسۇنغۇچىلارنى خارلىقتا قالدۇرمايدىغانلىقىغا ئىشەنسەڭ، ئۇنداقتا، ئۆزۈڭلارنى مۇسۇلمان ئاتىۋالغان ھەر قايسىڭلارنىڭ «مۇسۇلمانلىق» مەسىلىسىدە چوقۇم توغرا بولمىغان تەرەپلەر بارلىقىنى چوڭقۇر ئويلىنىشىڭلار كېرەك. گەرچە ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئىسمىڭلارنى ھۆججەتكە يازغان بولسىمۇ، بىراق ئاللاھ ھەرگىزمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقارمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆلچىمى، ئۆز ئالدىغا ھۆججىتى بار. سىلەر ئاللاھنىڭ ھۆججىتى ئىچىدىن ئىسمىڭلارنى ئىزدەپ بېقىڭلار، ئىسمىڭلار «بويسۇنغۇچى» قاتارىدىمىكەن ياكى «بويسۇنمىغۇچىلار» قاتارىدىمىكەن؟

ئاللاھ سىلەرگە «قۇرئان»نى چۈشۈرۈپ بەردى، ئۇنى ئوقۇساڭلار ئىگەڭلارنى تونۇيسىلەر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئۇسۇلىنى بىلىۋالىسىلەر. سىلەر «قۇرئان كەرىم»دە نېمىلەر يېزىلغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ باققانمۇ؟ ئاللاھ سىلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتىپ قانداق قىلغاندا بىر مۇسۇلمان بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى. سىلەر پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە نېمىلەرنى ئۆگەتكەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرگە قانداق قىلغاندا ئىككىلا دۇنيادا ھۆرمەتكە ۋە شان ـ شەرەپكە ئېرىشىش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. سىلەر بۇنىڭغا ئەمەل قىلدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرگە قايسى ئىشنىڭ ئىنسانىنىڭ ئورنىنى ئىككىلا دۇنيادا پەسلەشتۈرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. سىلەر بۇ ئىشلاردىن ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئېلىپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار! ئەگەر سىز «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»لەردىن بىلىمگە ئىگە بولمىغانلىقىڭىزنى، ھەمدە ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە

ماڭمىغانلىقىڭىزنى ئىپتىراپ قىلىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز قانداقمۇ مۇسۇلمان بولالايسىز. ھەمدە قانداقمۇ ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەيسىز؟ سىلەر ئۇچرىغان جازالار دەل جايىدا بولغان بولۇپ، ئۇ دۇنيادىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

يۇقىرىدا، مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدا بىلىم بىلەن ھەرىكەتتىن باشقا پەرقىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىلىمى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى كاپىر بىلەن ئوخشاش بولسا، لېكىن ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بولسا، ئۇ قىپقىزىل يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ. كاپىر قۇرئاننى ئوقۇمايدۇ ۋە ئۇنىڭدا نېمىلەر سۆزلەنگىنىنى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمانمۇ كاپىرغا ئوخشاش بىلمىسە، ئۇ ئۆزىنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دەپ ئاتىيالىسۇن؟ بىر كاپىر ھەدىسنىڭ نېمىلىكىنى، قايسى يولنىڭ ئاللاھنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئەگەر بىر مۇسۇلمانمۇ كاپىرغا ئوخشاش بىلمىسە، ئۇ يەنىلا بىر مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ؟

كاپىرلار ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدۇ، ئاللاھقا بويسۇنمايدۇ، ئەگەر بىر مۇسۇلمان كاپىرغا ئوخشاش، كاجلىق بىلەن ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، توساۋ ئاتتەك ئاللاھقا بويسۇنماي، ھەر قانداق ئىشنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە قىلىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتسە، ئۆزىنى يەنە مۇسۇلمان دەپ ئاتاشقا لاياقىتى بولامدۇ؟ كاپىر نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ نەپسىگە ئاساسەن تاللايدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى كاپىر بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇنىڭ كاپىر بىلەن قانداق پەرقى بولسۇن؟ ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر بىر مۇسۇلمان كاپىرغا ئوخشاش، ئىسلامغا قارىتا پۈتۈنلەي بىلىمسىز بولسا، ئىش ـ ھەرىكىتى كاپىر بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ نېمە دەپ كاپىردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە ئۈچۈن كاپىر بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ؟ بۇ ئىشنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ بېقىشىڭىز كېرەك.

مۇھاكىمە

1. بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خورلۇققا دۇچار بولۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىڭ؟

2. مۇسۇلمان بىلەن كاپىر قايسى جەھەتلەردىن پەرقلىنىشى كېرەك؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

# چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار! سىلەر مېنى، مۇسۇلماننى كاپىر دەپ بىزگە هاقارەت قىلىۋاتىدۇ دەپ قالماڭلار، ياق! بۇ ھەرگىز مېنىڭ ئەسلى مۇددىئايىم ئەمەس، مەنمۇ ئويلىنىمەن، ھەم سىلەرنىڭمۇ «ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىزنى قوغدىمايدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. نېمە ئۈچۈن بىز، كۆپچىلىكنىڭ زەربە بېرىش نىشانى بولۇپ قېلىپ، بالايىئاپەتكە دۇچار بولىمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىز، كاپىر دەپ ئاتايدىغان ئاشۇ كىشىلەر ھەممىلا جايدا بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ سادىق قۇللىرى دەپ ئاتالغان بىز- ھەممىلا جايدا بېسىمغا ئۇچرايمىز؟» ئويلىغانسېرى شۇنىڭغا ئىشەنىدىمكى، بىز بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا بىرلا ئىشتا ئوخشاشماسلىق بار، بۇ بولسىمۇ- ئاتىلىش. بولمىسا بىز ئاشۇ كىشىلەرگە ئەگىشىپ، ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان، ئاللاھدىن قورقمايدىغان، ئاللاھقا ئىتائەت قىلمايدىغان بولۇپ قالمايتتۇق. ئەلۋەتتە، بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە ئوخشىماسلىق بار. لېكىن بۇ كىچىككىنە ئوخشىماسلىق بىزنى ئاللاھنىڭ ھەر قانداق ئىلتىپاتىغا ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ كىچىككىنە ئوخشىماسلىق ئاللاھنىڭ جازاسىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئاللاھ بىزلەرگە قۇرئاننى چۈشۈرۈپ بەردى. لېكىن بىزنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيىمىز كاپىر بىلەن ئوخشاش بولدى. بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن بىز كاپىرلارغا ئوخشاش ئۇ زاتقا ئەگەشمەيۋاتىمىز. بىز يەنە ئاللاھنىڭ يالغان سۆزلىگۈچىلەرگە لەنەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئاللاھ پارا بەرگۈچىلەر ۋە پارا ئالغۇچىلارنى دوزاخقا تاشلايدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىغان، ئاللاھ يەنە، پەسكەش، شەھۋەتپەرەس، پاھىشىۋازلارنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بىز مانا مۇشۇ ئىشلارنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، كاپىرلارغا ئوخشاش ئاللاھتىن قىلچە تەپ تارتماي، جىنايەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، مانا بۇ ئىشلار ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشەلمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر. چۈنكى بىز باشقا دىندىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىز پەقەت قۇرۇق سۆلەت مۇسۇلمانلار، شۇڭا بىز باشقا دىندىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، ھەممىلا جايدا ئۇلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراۋاتىمىز. مانا بۇ دەل ئاللاھنىڭ بىزنىڭ جىنايەتلىرىمىزگە بەرگەن جازاسى. جىنايىتىمىز نېمە؟ ئاللاھ بىزگە

ئىسلامدىن ئىبارەت كاتتا نېئمەتنى بەرسە، بىز ئۇنىڭغا قىلچە ھۆرمەت قىلمىدۇق (بىز ئۇنى قىلچە قەدىرلىمىدۇق).

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار! بۇگۈن مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىم ھەرگىزمۇ سىلەرنى ئەيىبلىگەنلىكىم ئەمەس، مەن بۇ يەرگە سىلەرنى ئەيىبلىگىلى كەلمىدىم. مېنىڭ مەقسىتىم، سىلەرنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسەڭلارنى تېپىۋېلىشىڭلارغا ياردەم بېرىش. ئەگەر بىر ئادەم ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويسا، ئۇ نەرسىسىنى تېپىۋېلىشقا بەكمۇ ئالدىرايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى. ئەگەر سىلەر ئىلگىرى ناھايىتى قىممەتلىك نەرسەڭلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان بولساڭلار، ئۇنى سىلەر چوقۇم تېپىپ قايتۇرۇپ كېلىسىلەر.

موھاكىمە

1. «بىز مۇسۇلمان» دېگەن كىشىلەر قايسى جەھەتلەردىن كاپىرلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالدۇق؟

2. بىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمەسلىكىمىزنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە؟

## قىزغىنلىق بىلەن بىلىم ئىگىلەش

ئىلگىرى مەن كۆپچىلىككە، بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ـ ئىسلامنى چۈشىنىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم. ھەر بىر مۇسۇلمان، قۇرئاننىڭ بىزگە نېمىنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى، پەيغەمبەرنىڭ قانداق ئىجرا قىلغانلىقىنى، ئىسلامنىڭ نېمىلىكىنى، ئىسلام بىلەن كۇپرىنىڭ ھەقىقىي پەرقىنىڭ نەدىلىكىنى چوقۇم بىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى بىلمىگەندە، بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، سىلەر بۇ جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى ئىگىلەشكە قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلمەيۋاتىسىلەر. مانا بۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەتكەن ئەڭ چوڭ نېئمەتنى تېخىچە چۈشەنمەيدىغانلىقىڭلارنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. قېرىنداشلار! بالىسى يىغلىمىسا، ئانىسى ئەمچەك سالمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ھەقىقەتەن ئۇسسىغان بولسا، ئۇ ھەممە يەردىن سۇ ئىزدەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سۇ بېرىدۇ.

بىراق سىز ئۇسسىمىغان بولسىڭىز، ئالدىڭىزدا بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق بولغان ھالەتتىمۇ، سىزگە نىسبەتەن قىلچىلىك ئەھمىيىتى بولمايدۇ. سىلەر ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ دىنىغا ئېتىبارسىز قاراشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەقەدەر چوڭ زىياننى چۈشىنىشىڭلار كېرەك. «قۇرئان» قولۇڭلاردا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلمەسلىكتىنمۇ چوڭ زىيان تارتىش بارمۇ؟ ھەتتا سىلەر، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتىڭلاردا ئوقۇغان تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمەيسىلەر. ھەمدە، ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۈتەيدىغان مەسئۇلىيەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيسىلەر! بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ زىيان بولامدۇ؟ زىرائىتىڭلار كۆيۈپ كەتسە، يەۋاتقان نېنىڭلاردىن ئايرىلىپ قالساڭلار، ئىگىلىكتە ۋەيران بولساڭلار بۇلارنى ئەلۋەتتە زىيان ھېس قىلىسىلەر. بىراق ئىسلامنى چۈشەنمەسلىكنى زىيان ھېس قىلمايۋاتىسىلەر. ئەگەر بۇنى زىيان دەپ قارىغان بولساڭلار، بۇ زىياندىن ساقلىنىشنى ئۆزۈڭلار تەلەپ قىلغان بولاتتىڭلار. ئەگەر سىلەرمۇ شۇنداق تەلەپ قىلساڭلار، ئاللاھ خالىسا سىلەرنى بۇ زىياندىن ساقلايدۇ.

مۇھاكىمە

1. بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، قايسى جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى ھازىرلاش كېرەك؟

2. بىر ھەقىقىي مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ زىياننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ؟

## 3 ـ لېكسىيە چوڭقۇر ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش

### بىزنىڭ قۇرئانغا بولغان پوزىتسىيىمىز

ئىسلامى قېرىنداشلار!

مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەر ئىدى، چۈنكى ئۇلاردا مۇكەممەل ساقلانغان، بىرمۇ ھەرپى ئۆزگەرتىلمىگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتىكى بىلەن ئوخشاش بولغان ئاللاھنىڭ سۆزى ـ «قۇرئان» بار ئىدى. ئەمما بۇ مۇسۇلمانلار ـ قولىدا ئاللاھنىڭ كالامى بولغان مۇسۇلمانلار، ئەكسىچە بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ

بەختسىز ئادەملەردىن بولۇپ قالدى، ئاللاھ ئۇلارنى قوغدىمىدى ۋە ئۇلارغا مەرھەمەت قىلمىدى. ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە «قۇرئان»نى بېرىشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇنى ئوقۇشى، چۈشىنىشى، قۇرئاننى ئەمەلىيىتىدە كۆرستىشى، قۇرئانغا تايىنىپ يەر شارىدا ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت. «قۇرئان»نىڭ نازىل قىلىنىشى ئىنسانىيەتنى شەن ـ شەرەپ ۋە ھوقۇققا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ يەر شارىدىكى ۋاكالەتچىلىرىدىن قىلىش (زېمىندا ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان خەلىپىلەردىن قىلىش). تارىخ شۇنى ئوچۇق كۆرسەتتىكى، قۇرئان بويىچە ئىش قىلغاندا، ھاكىمىيەت ھوقۇقنى قولغا ئېلىپ، باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلغىلى، پۈتۈن دۇنياغا رەھبەرلىك قىلغىلى بولىدۇ. بىراق ھازىر قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇلار قۇرئاننى ئۆيلىرىدە جىن ـ شەيتانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ساقلاۋاتىدۇ، ياكى بىر نەچچە ئايەتنى كۆچۈرۈپ بوينىغا ئېسىۋېلىۋاتىدۇ، ياكى سۇغا چىلاپ ئىچىۋاتىدۇ ۋە ياكى تەھلىل قىلماي قارىسىغا ئوقۇپ مەدەت تىلەۋاتىدۇ، ئۇلار رېئال تۇرمۇشتا قۇرئان كۆرسەتمىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەيۋاتىدۇ. ئۇلار قۇرئاندىن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئىزلىمەيۋاتىدۇ: ئېتىقادىمىز نېمە؟ ھەرىكىتىمىز قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئىشلىرىمىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك؟ دوستلىرىمىزغا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دۈشمەنگە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزگە قارىتا قانداق ھوقۇقى بولىدۇ؟ ئۆزىمىزگە نىسبەتەن قانداق ھوقۇقىمىز بولىدۇ؟ بىزگە نىسبەتەن نېمە ھەقىقەت، نېمە ساختا؟ نېمىگە بويسۇنۇشىمىز كېرەك؟ نېمىگە بويسۇنماسلىقىمىز كېرەك؟ قانداق كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتىمىزنى ساقلاپ قالىمىز؟ قانداق كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلمايمىز؟ دوستىمىز كىم؟ دۈشمىنىمىز كىم؟ نېمە بىزنى شان ـ شەرەپكە، بەخت ـ سائادەتكە ۋە ياخشىلىققا ئىگە قىلىدۇ؟ نېمە بىزنى خورلۇققا، مەغلۇبىيەتكە ۋە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ؟ مانا بۇ قۇرئاندىن تېپىلىدىغان ھەقىقەتنى بىز بىر يانغا تاشلاپ قويدۇق. ئەمدىلىكتە نېمە ئىش قىلساق كاپىرلاردىن، مۇشرىكلاردىن، ئالدامچى، ھىيلىگەر، شەخسىيەتچىلەردىن تەلىم ئالدۇق. ھەتتا روھىمىزدىكى شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىدۇق، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنالمىدۇق، بۈگۈنكى كۈندە، ھىندىستان، جۇڭگو، پەلەستىن، سۇرىيە، ماراكەش، ئالجىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار باشقا جايلاردىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى (بۇ ماقالە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئەينى

ۋاقىتتا يۇقىرىدىكى جايلار جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى). قۇرئان بارلىق ياخشىلىقنىڭ مەنبىئى، قانچىلىك ياخشىلىق تەلەپ قىلساڭلار قۇرئان سىلەرگە بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر شەيتاننىڭ يىراق قىلىنىشى، سوغۇق تېگىپ زۇكاما داش، دەۋادا يېڭىش، خىزمەت ئىزدەش قاتارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى تەلەپ قىلساڭلار، سىلەر پەقەت ئاشۇ كىچىك ئىشلارغا ئېرىشەلەيسىلەر. ئەگەر دۇنياغا رەھبەر بولۇپ، ھۆكۈمران بولماقچى بولساڭلار، ئۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلەيسىلەر. ئەگەر ئەڭ يۇقىرى شان ـ شەرەپكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلساڭلار، ئۇنىمۇ قۇرئان سىلەرگە بېرىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئۆزۈڭلارنىڭ تىرىشچانلىقىڭلارغا باغلىق. سىلەرگە دېڭىزدىكى بىر ـ ئىككى تامچە سۇ كېرەكمۇ ياكى پۈتكۈل دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى سۇمۇ؟

قېرىنداشلار! بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىغا قىلغان چاقچىقىمىز بەكمۇ ئېشىپ كەتتى. ئەگەر باشقىلارنىڭ شۇنداق چاقچاق قىلغانلىقىنى كۆرسەڭلار، چوقۇم ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، ھەتتا ئۇلارنى ساراڭغا چىقىرىسىلەر. ئەگەر بىر ئادەم دوختۇر يېزىپ بەرگەن رېتسېپنى بوينىغا ئېسىۋېلىپ ياكى سۇغا چىلاپ ئىچىپ كېسىلىنى داۋالايمەن دېسە، سىز بۇنداق ئادەمنى نېمە دەيسىز؟ سىز، ئۇ ئادەمنى مەسخىرە قىلىپ، «ھاماقەت» ئىكەن دەيسىز. بىراق سىلەر ئەڭ ئۇلۇغ دوختۇرنىڭ سىلەرنىڭ ئىللىتىڭلار ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن تەڭداشسىز رېتسېپىغا، ئاشۇ كىشىلەرگە ئوخشاش ھاماقەتلەرچە مۇئامىلە قىلساڭلار، ھېچكىم بۇ قىلمىشىڭلارنى ئەيىبلىمىسە، ھېچكىم «رېتسېپ دېگەن بوينىغا ئېسىۋالىدىغان ياكى سۇغا چىلاپ ئىچىپ كېسەل داۋالايدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى رېتسېپ بويىچە دورا يەپ كېسەل داۋالاش كېرەك» دېمىسە، بۇ بەكمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟!

مۇھاكىمە

1. ئاللاھنىڭ قۇرئان نازىل قىلىشتىكى مەقسىتى نېمە؟

2. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان دېگەن كىشىلەرنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداق؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

ئەگەر بىر ئادەم كېسەل بولۇپ قېلىپ، بىر قۇچاق تېببىي كىتابنى

قاتتىق ئوقۇپ كېسىلىمنى داۋالايمەن دېسە، سىلەر بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ سىلەر چوقۇم «بۇ ئادەمنىڭ كاللىسى جايىدا ئەمەسكەن، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىش كېرەك» دېيىشىڭلار مۇمكىن. لېكىن ئەڭ دانا دوختۇرنىڭ كېسەلنىڭلارنى داۋالاش ئۈچۈن سىلەرگە تەقدىم قىلغان كىتابىغا سىلەرمۇ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتىسىلەر ئەمەسمۇ؟ سىلەر ئۇنى مۇنداقلا ئوقۇپ قويۇپ بارلىق كېسەللىرىمىزنى داۋالايمىز دېسەڭلار، ھەممىنى كىتابتا دېگەندەك قىلمىسىمۇ بولىدۇ، كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان زىيانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىساڭلار، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ تېبىبىي كىتابنى ئوقۇپلا كېسىلىمنى داۋالايمەن دېگەن كىشىدىن نەرىڭلار پەرقلىنىدۇ؟

ئەگەر سىلەر چەتئەل يېزىقىدىكى بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالساڭلار، چوقۇم ئۇنى ئوقۇيالايدىغان ئادەم تېپىپ ئوقۇتۇپ ئاڭلايسىلەر، خەتنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق بىلمىگۈچە ھەرگىز ئارام تاپمايسىلەر. تىجارەت جەريانىدىكى كىچىككىنە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان بىر پارچە خەتكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىسىلەر. ئەمما پۈتكۈل كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان زاتنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت سائادىتىڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە تەقدىم قىلغان خېتىگە كەلسەك، ئەكسىچە سىلەر ئۇنىڭ بىلەن كارىڭلار بولماي بىر چەتكە تاشلاپ قويىدۇڭلار. شۇنداقلا ئۇنى چۈشىنىشكە قىلچىمۇ ئەھمىيەت بەرمىدىڭلار، بۇ ئىشىڭلار ئادەمنى قانداقمۇ چۆچۈتمىسۇن؟!

مۇھاكىمە
بىزنىڭ «قۇرئان»نى ئوقۇپ، چۈشىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتلەردىكى پوزىتسىيىمىز قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

## ئىلاھى كىتابلارغا ئادىل (توغرا) پوزىتسىيە تۇتمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت

مېنىڭ يۇقىرىدا دېگەنلىرىم چاقچاق ئەمەس، سىلەر ئۆز خاتالىقىڭلار ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىڭلار، بۈگۈنكى دۇنيادا ئىلاھى كىتابلارغا قارىتا ئەڭ ئادالەتسىز ئىشلار بولۇۋاتامدۇ ـ يوق؟ ئاشۇ مۇستەملىكىچىلەر ئۆزلىرىنى ئىلاھى كىتابلارغا ئىشىنىمىز، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز دېيىشىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دەل ئاشۇلار ئىلاھى كىتابلارنى

سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئىلاھى كىتابلارغا ئادالەتسىز پوزىتسىيە تۇتتى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئىلاھى كىتابلار ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەتكە ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت، پاجىئە ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَآ أَنزَلۡنَا عَلَيۡكَ ٱلۡقُرۡءَانَ لِتَشۡقَىٰٓ ﴾

**«بىز قۇرئاننى سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن نازىل قىلمىدۇق.»** (سۈرە تاھا 2 ـ ئايەت)

قۇرئان ـ بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبەئى، ھەرگىزمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە بەختسىزلىكنىڭ مەنبەئى ئەمەس. ئىلاھى كىتابقا تايىنىپ ياشىغان مىللەت، ھەرگىزمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئىڭرىمايدۇ، باشقىلارغا قۇل بولۇپ، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ، بوينىغا سىرتماق سېلىنغان ھايۋانغا ئوخشاش، باشقىلارنىڭ يېتىلىشى بويىچە ماڭمايدۇ. ئومۇمەن، ئىلاھى كىتابلارغا ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان مىللەتنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق ئېچىنىشلىق بولىدۇ. «ئىسرائىل ئەۋلادى» دەل مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا «تەۋرات»نى ۋە «ئىنجىل»نى چۈشۈرۈپ بەردى. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ أَقَامُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ وَٱلۡإِنجِيلَ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِم مِّن رَّبِّهِمۡ لَأَكَلُواْ مِن فَوۡقِهِمۡ وَمِن تَحۡتِ أَرۡجُلِهِمۚ ﴾

**«ئەگەر ئۇلار تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇلارغا نازىل قىلىنغان باشقا كىتابلارغا ئەمەل قىلسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئۈستىلىرىدىن ۋە ئاياغلىرى ئاستىدىن يەر ئىدى (يەنى ئۇلارغا ئاسمان ـ زېمىندىن كەڭ رىزىق بېرىلەتتى).»** (سۈرە مائىدە 66 ـ ئايەت)

لېكىن ئۇلار ئىلاھى كىتابلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالدى:

﴿ وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلۡمَسۡكَنَةُ وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ﴾

**«ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى.»** (سۈرە بەقەرە 61 ـ ئايەت)

شۇڭا بىر مىللەتنىڭ قولىدا ئىلاھى كىتابلار بار تۇرۇپ، خورلۇققا دۇچار بولغانلىقىدىكى سەۋەب، ئۇلار چوقۇم ئىلاھى كىتابلارغا قارشى ھەرىكەتلەردە بولغان، شۇڭا تەبىئىي ھالدا بۇنداق جازاغا ئۇچرىغان. ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلماقچى بولساق، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ ـ ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىشتىن توختاش ۋە ئىلاھى كىتابلارغا ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش. ئەگەر سىلەر بۇنداق چوڭ جىنايەتلەردىن توختىمىساڭلار، ھەر بىر كەنتتە بىردىن ئالىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، بالىلىرىڭلارنى ستۇدېنت قىلىپ تەربىيىلىسەڭلارمۇ، يەھۇدىيلارغا ئوخشاش، جازانىگە تايىنىپ مىليونېرلاردىن بولۇپ كەتسەڭلارمۇ، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلاردا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

مۇھاكىمە

1. ئىلاھى كىتابلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىشتىن قانداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟

2. ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى قايسى؟ ئەمەلى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## مۇسۇلمان دېگەن كىم؟

قېرىنداشلار! مۇسۇلمان دېگەن كىم؟ مۇسۇلمان دېگەن سۆز قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ھەر بىر مۇسۇلمان چوقۇم بىلىشى زۆرۈر. ئەگەر بىر ئادەم، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقىنى بىلمىسە، ئۇنىڭ ھەرىكىتى تەبىئىي ھالدا ھايۋاندىن پەرقلەنمەيدۇ. ئوخشاشلا، بىر مۇسۇلمان «مۇسۇلمان» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمىسە، مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ پەرقىنى بىلمىسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھەرىكىتى كاپىر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىر مۇسۇلمان ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك شان ـ شەرەپ ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا ھەر بىر

مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرى: بىز نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان؟ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟ قانداق مەسئۇلىيىتىمىز بولىدۇ؟ ئىسلامنىڭ بىزگە قويغان چەكلىمىسى نېمە؟ بۇ چەكتىن ھالقىپ كەتكەندە، باشقىلار بىزنى «مۇسۇلمان» دېگەن بىلەنمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان بولالمايدىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت مەسىلىلەرنى چوقۇم بىلىشىلىرى كېرەك.

مۇھاكىمە

مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى قايسى جەھەتتىكى بىلىملەرنى بىلىشى كېرەك؟

## ئىسلامنىڭ مەنىسى

ئىسلامنىڭ مەنىسى ـ ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىش ـ ئىسلامدۇر، ئاللاھقا ھەممە ئىشىدا پۈتۈنلەي بويسۇنۇش ـ ئىسلامدۇر. ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئاللاھقا تاپشۇرالىغان ئادەم ـ مۇسۇلماندۇر. ئۆزىنىڭ ئىشىدا ئۆز كۆز قارىشىدا تۇرۇۋالغان ياكى ئاللاھدىن باشقا ھەر قانداق ئادەمگە بويسۇنغان ئادەم مۇسۇلمان بولالمايدۇ. «ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش» دېگەنلىك ـ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭغا قىلچە قارشىلىق قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەر قانداق ئىشتا قۇرئان ۋە ھەدىستىن كۆرسەتمە ئىزدەپ، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقتا قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلىپ، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بولمىغانلىرىنى قەتئىي رەت قىلىش كېرەك، مانا مۇشۇنداق قىلالىغان ئادەمنى «مۇسۇلمان» دېيىلىدۇ، چۈنكى ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاھقا تەقدىم قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى قۇرئان ۋە ھەدىس بويىچە بولماي، پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىغا تايانغان بولسا، ياكى

ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئىش تۇتقان بولسا، ياكى دۇنيا ئىبقىمى بويىچە ئىش قىلغان بولسا، قۇرئان ۋە ھەدىستە مەلۇم ئىش توغرىلىق ئىنىق بەلگىلىمىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ: «بۇ بەلگىلىمە ماڭا ماس كەلمەيدىكەن، شۇڭا قوبۇل قىلالمايمەن» دېسە، ياكى «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇنداق قىلمىغان، شۇڭا مەنمۇ بۇ بەلگىلىمە بويىچە قىلالمايمەن» دېسە، ياكى «بۇ ئىش (بەلگىلىمە)، دۇنيا ئىبقىمىغا ماس كەلمەيدىكەن، ئۇنى ئىجرا قىلىشقا بولمايدۇ» دېسە، بۇنداق ئادەم يەنە قانداقمۇ ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىيالىسۇن؟ ئۇ بىر يالغانچىدۇر.

مۇھاكىمە
1. ئىسلامنىڭ مەنىسى نېمە؟
2. قانداق ئادەم مۇسۇلمان بولالايدۇ، قانداق ئادەم مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

## مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيتى

ئىمان كەلىمىسى: «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن كەلىمىنى ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىلەر بويسۇنۇشقا تېگىشلىك قانۇن پەقەت ئاللاھنىڭ قانۇنى ئىكەنلىكىنى، سىلەرنىڭ بىردىنبىر پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ئىكەنلىكى، پەقەت ئاللاھقىلا بويسۇنۇش كېرەكلىكىنى، ئىلاھى كىتابلار ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ بىردىنبىر توغرا كۆرسەتمە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولىسىلەر. بۇنداق دېگەنلىك ـ سىلەر مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاللاھ ئۇچۇن ئۆزۈڭلارنىڭ مۇستەقىللىقىڭلاردىن ۋاز كەچكەن بولىسىلەر. شۇڭا: «مېنىڭ قارىشىم مۇنداق، دۇنيا ئىبقىمى ئۇنداق، ئۆرپ ـ ئادەت مۇنداق، پالانى ئۇلۇغ كىشى مۇنداق دېگەن، پۇستانى ئەۋلىيا ئۇنداق دېگەن» دېگەنلەرنى دېيىش ھوقۇقۇڭلار بولمايدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىس ئالدىدا بۇنداق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشكە بولمايدۇ. ھازىردىن باشلاپ، سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار ھەر قانداق ئىشتا قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكۈمىنى ئۆلچەم قىلىش، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇنلىرىنى قوبۇل قىلىش، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن ئەمەسلىرىنى رەت قىلىشىڭلار كېرەك، باشقىلارنىڭ قارىشى، دۇنيا ئىبقىمى، جەمئىيەت ئۇنداق، جەمئىيەت مۇنداق...... دېگەندەك تۇتۇرۇقسىز، بىمەنە گەپلەرنى

كۆتۈرۈپ چىقىشىڭلارنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. بىر تەرەپتىن ئۆزۈڭلارنى «مۇسۇلمان» دەپ تونۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈڭلارنىڭ قارىشى، ئۆرپ-ئادەتلىرىڭلارنى ياكى باشقىلارنىڭ قارىشىنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ «مۇسۇلمان» دېگەن سۆپىتىڭلارغا تامامەن زىت كەلمەمدۇ؟ خۇددى ئۆزىنى «دوختۇر» ئاتىۋېلىپ كېسەل داۋالىيالمىغان ئادەمنى دوختۇر دېگىلى بولمىغانغا ئوخشاش، بىر ئادەم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاھقا تەقدىم قىلماي، ئۆزىنىڭ ئەقلىلىقلىقىنى كۆز-كۆز قىلىپ، ياكى دىنسىزلارغا ئەگىشىپ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلمىسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتاش ھوقۇقى بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولۇشنى خالىمايدىغان ئادەمنى، ھېچكىم مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىمايدۇ. قايسى دىنغا ئىشىنىش ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى، بىراق، ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتايدىكەن، چوقۇم ئىسلام دائىرىسى ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش لازىملىقىنى تولۇق چۈشىنىش كېرەك. ئىسلام دائىرىسى بولسا- قۇرئان ۋە ھەدىسنى ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىش بولۇپ، بۇ ئۆلچەمگە لايىق كەلمىگەنلەر يالغانچىلاردۇر، بۇ ئۆلچەمگە لايىق كەلگەنلەر مۇسۇلمان بولۇپ، چەكتىن ئاشقانلارنى ئىسلام چەتكە قاقىدۇ. بىر ئادەم ئىسلام تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان بولۇپ، يەنىلا ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىۋالغان بولسا، ئۇ ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدىغان بولىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴾

**«كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.»** (سۈرە مائىدە 44-ئايەت)

مۇھاكىمە

1. ئىمان كەلتۈرۈشنى ئېيتىپ ئىسلامغا كىرگەن مۇسۇلماندا قانداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىشى كېرەك؟

2. نېمە ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتاش ھوقۇقى بولمايدۇ؟

# 4 ـ لېكسىيە ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

سىلەر، بىر ئادەم ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتسا مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر، ئىمان كەلىمىسى بىر قانچە سۆزدىن تەركىب تاپقان، قىسقا ئەمما مەنىسى چوڭقۇر سۆز بولۇپ، «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەندىن ئىبارەت. ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتقان ئادەمدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ. كاپىردىن مۇسۇلمانغا، «نىجىسلىق»تىن «پاكلىق»قا، ئاللاھ غەزەپ قىلىدىغان ئادەمدىن، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە ئۆزگىرىدۇ، ئەسلى دوزاخقا كىرىدىغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ. ئەمما ئىش بۇنىڭ بىلەن توختىمايدۇ، ئىمان كەلىمىسى سەۋەبلىك ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتقانلار بىر گەۋدىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىشنى رەت قىلغانلار يەنە بىر گۇرۇھ بولىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ بالا ئىككىسىدىن دادىسى ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتسا، بالىسى ئېيتمىسا، بۇ چاغدا ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ، ئوغلى ئاتىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرى «مەھرەم ۋە نامەھرەم» پرىنسىپى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەيدۇ.[1] ئەگەر باشقا يۇرتتىن كەلگەن بىر ئادەم، ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىپ، بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ قىزى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولسا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەكسىچە، ئىسلام ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بىر ئوغۇل، ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىشنى رەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئائىلە بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىمان كەلىمىسى ئەسلى تونۇشمايدىغانلارنى قېرىنداشقا ئايلاندۇرىدۇ، تۇغقانلارنى ياتلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئىمان كەلىمىسىنىڭ كۈچى مۇشۇنداق زور بولۇپ، قان ـ قېرىنداشلىقتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.

---

[1] ئىزاھات: مۇسۇلمان ئانا ۋە ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئوغۇل ياكى قېرىنداشلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماسلىق ھەققىدە شەرىئەتتە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ، لېكىن قەتئىي ئىرادىلىك ئىسلام ئاياللىرى ئۆلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئوغۇل ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.

مۇھاكىمە
ئىمان كەلىمىسى ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا قانداق چوڭ پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

## نېمە ئۈچۈن شۇنداق چوڭ پەرق بولىدۇ؟

سىلەر ئويلىنىپ بېقىڭلار، نېمە ئۈچۈن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بۇنداق چوڭ پەرق بولىدۇ؟ ئىمان كەلىمىسى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئىمان كەلىمىسى پەقەت بىر قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلارنى باغلاشتۇرۇپ ئوقۇسا، خۇددى سېھىرگە ئوخشاش، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق تۇپتىن ئۆزگىرىش بولامدۇ؟ بۇنداق قىسقا بىر جۈملە سۆز، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرقنى پەيدا قىلالىسا ـ ھە! قېرىنداشلار! سىلەر سوغۇققانلىق بىلەن ئازراقلا ئويلانساڭلار بۇنىڭ جاۋابىنى تاپالايسىلەر، پەقەت ئېغىزىدىلا بىر قانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن قىسقا جۈملىنى ئوقۇپ قويسا، بۇنداق چوڭ تەسىرنىڭ بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، مۇشرىكلار بىر ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن تاغنى تالقان قىلىۋېتىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، گەرچە ئۇلار ئەپسۇننىڭ قانداق مەنىسى بارلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بارلىق ئەپسۇننىڭ كۈچى ئۇنىڭ سۆز بوغۇمىدىن چىقىدۇ، ناۋادا ئوقۇلسا، سېھىرنىڭ ئىشكى ئېچىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ياق! ئىسلام ھەرگىز ئۇنداق بىمەنە ئەپسۇن ئوقۇشقا ئوخشىمايدۇ! ئىمان كەلىمىسىنىڭ ئالاھىدە مەناسى، سۆزنىڭ كۈچى ـ ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىدىن كەلگەن. ئەگەر مەنىسىز بولسا ئىنسان قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالالمايتتى. ئەگەر بۇ كەلىمە سىلەرنىڭ ئىدىيەڭلاردا، ئەخلاقى ـ پەزىلىتىڭلاردا، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلاردا زور تەسىر پەيدا قىلالمىسا، بۇ كەلىمىنى پەقەت ئېغىزىدا ئوقۇپ قويغانىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ.

مەن بۇنى ئاددىي مىسال بىلەن چۈشەندۈرىمەن، ئەگەر سىلەر زىمىستان قىش كۈنلىرى سوغۇقتىن دىربىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، قولۇڭلارغا تەسۋىنى ئېلىپ، كۈن بويى: «پاختا، يوتقان، پاختا، يوتقان.......» دەپ نەچچە مىليون قېتىم تەكرارلىساڭلارمۇ سوغۇق ئازراقمۇ بوشىمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئەگەر بىر قېلىن يوتقاننى يېپىنىۋالساڭلار، دەرھال سوغۇققا دال بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، سىلەر ناھايىتى ئۇسساپ كەتكەن بولساڭلار، كۈن بويى: «سۇ، سۇ.......» دەپ

تۇلساڭلار ئۇسسۇزلۇقۇڭلار پەسەيمەيدۇ، ئەلۋەتتە، ئازراق سۇ ئىچسەڭلار، ئۇسسۇزلۇقۇڭلار دەرھال پەسىيىدۇ. يەنە مەسىلەن، سىلەر قىزىپ قالغان بولساڭلار، پەقەت دورىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇۋەرسەڭلار بۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر قىزىتمىنىڭ دورىسىنى ئىچسەڭلار، قىزىتماڭلار يانىدۇ. مانا بۇ ئىمان كەلىمىسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بولۇپ، ئېغىزدىلا دەپ قويۇش بىلەن سىلەرنى كاپىردىن مۇسۇلمانغا، نىجىسلىقتىن پاكلىققا، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغان ئادەمدىن ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە، ئەھلى دوزىخدىن ئەھلى جەننەتكە ئايلىنالمايسىلەر. ئەگەر سىلەر ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ئىگىلەپ،ئۇنى قەلبىڭلارغا چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىڭلاردا يېتەكچى قىلساڭلار ئاندىن يۇقىرىدىكى مەقسەتكە يېتەلەيسىلەر، شۇڭا سىلەر ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسەڭلار، ئاندىن سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ۋە ئىنسانىيەت ئالىمىگە نىسبەتەن قانچىلىك چەكلىمىنى ئۆز ئۈستۈڭلارغا ئالغانلىقىڭلارنى، بۇ كەلىمىنى ئېيتىش بىلەن قانچىلىك چوڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭلارغا ئالغانلىقىڭلارنى تولۇق چۈشىنەلەيسىلەر. بۇ كەلىمىنى ئېيتىش بىلەن كېلىپ چىققان مەسئۇلىيەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆزۈڭلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىغا چەكلىمە قويۇپ، بۇ كەلىمىگە نامۇۋاپىق ئىش-ھەرىكەت قىلىش خىيالىدا بولماسلىقىڭلار لازىم. سىلەر چوقۇم ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىمان كەلىمىسىگە خىلاپ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساختا، پەقەت ئىمان كەلىمىسىلا-ھەقىقەت دەيدىغان ئىرادىگە كېلىشىڭلار كېرەك. ئىمان كەلىمىسى سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. قاچانكى سىلەر ئىمان كەلىمىسىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىڭلار كاپىرلارغا ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك. سىلەر ئىمان كەلىمىسىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش قىلىشىڭلار، ئۇ چەكلىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىشىڭلار كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم ئىمان كەلىمىسىنى مۇشۇنداق ئېتىراپ قىلسا، ئاندىن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك چوڭ پەرق كېلىپ چىقىدۇ.

### مۇھاكىمە

نېمە ئۈچۈن ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق كېلىپ چىقىدۇ؟ تەپسىلىي بايان قىلىڭ.

## ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى

ئەمدى مەن سىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسىنى ۋە بىر ئادەم چىن قەلبىدىن ئىمان كەلتۈرۈشنى ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن نېمىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى كېرەك؟ بىر ئادەم ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن يەنە قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتۈشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىمەن.

ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسى: «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ كەلىمىدىكى «ئاللاھ» ـ پۈتكۈل كائىناتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، شۇنداقلا پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ باشقۇرغۇچىسى، ياراتقۇچىسى، تەربىيىلەپ پەرۋىش قىلغۇچىسى. ئاللاھ بىزنىڭ تىلەكلىرىمىزنى ئاڭلايدۇ ۋە ئىجابەت قىلىدۇ، ئاللاھ بىز چوقۇنۇشقا لايىق ئىلاھتۇر. سىلەر ھازىر «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى ئېيتتىڭلار، بۇ دېگەنلىك ـ بىرىنچىدىن، بۇ كائىناتنى ئاللاھ ياراتمىغان بولسا مەۋجۇد بولمايدىغانلىقىنى، ھەمدە بۇ ئالەمدە بىر نەچچە ئىلاھنىڭ مەۋجۇد ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىڭلار. ئەمەلىيەتتىمۇ پەقەت ۋە پەقەتلا بىرلا ئىلاھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىدە ئىلاھى ھاكىمىيەت بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ ئىلاھ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار، شۇنداقلا پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، سىلەر ئىگە بولغان ھەر قانداق نەرسىلەر، پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەر قانداق شەيئىنىڭ ئۇ زاتقا تەۋە ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر ئىگە بولغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۇ زات تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ قولىدىن بىرىپ قويغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئۇ زاتنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغانلىقىنى، ئۇ زاتنىڭ ھەممە شەيئىنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋىش قىلىپ تەربىيىلىگۈچى ئىكەنلىكىنى، ھايات ـ ماماتلىق هوقۇقى ۋە مۇشكۈل ـ ئاسانلىقنىڭ ئۇ زاتنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۇ زاتتىنلا قورقۇپ، تىلەكلىرىمىزنى ئۇ زاتتىنلا تىلىسەك، ئاندىن ئېھتىياجلىرىمىزنىڭ قانائەت ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈڭلار. پەقەت ئۇ زاتقىلا باش ئېگىشىمىز لازىم. بىزنىڭ چوقۇنۇشىمىزغا پەقەت ئۇ زاتلا ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ھېچكىمنىڭ

قۇلى ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىزنىڭ ئىگىمىز بولالمايدۇ. بىزنىڭ ھەقىقىي مەسئۇلىيىتىمىز ئۇ زاتنىڭ بۇيرۇقى ۋە قانۇنلىرىغا مۇتلەق بويسۇنۇش.

مۇھاكىمە
1. ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ نېمىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ؟
2. بىر ئادەم ئىمان كەلىمىسىنى ئېتىقادىدىن كېيىن، ئۇنىڭدا قانداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىشى كېرەك؟

## ئاللاھ بىلەن بولغان ۋەدە

سىلەر «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق» دېگەن كەلىمىنى ئېتىقادىدىن كېيىن، ئاللاھ بىلەن توختام تۈزگەن بولىسىلەر، بۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسە سىلەر ئۈچۈن گۇۋاھ بولىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇ توختامغا خىلاپلىق قىلساڭلار، قول ـ پۇتلىرىڭلار، بەدىنىڭلاردىكى بىر تال تۈك، ئاسمان ـ زېمىندىكى ئەڭ كىچىك نەرسىلەر، سىلەر ئۇلار ئالدىدا بۇ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ـ ئاللاھنىڭ سوت مەھكىمىسىدە سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. سىلەر جاۋابكارلىق ئورنىدا ياردەمچىسىز قالغانلىقىڭلارنى ھېس قىلىسىلەر، ھېچكىم سىلەرگە ياردەم قىلمايدۇ، ئۇ يەردە ئادۋوكاتلار يوق، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيادىكى ئادۋوكاتلار ھەممىشە قانۇننى ئويۇنچۇق قىلىۋالىدۇ، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش، ياردەمچىسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ سوت مەھكىمىسى بۇ دۇنيادىكىگە ئوخشىمايدۇ، گەپدانلىق قىلىپ، يالغان ئىسپات ياساپ جازادىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا، جىنايىتىڭلارنى ساقچىلاردىن يوشۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلارمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ ساقچىلىرى ئالدىدا ھېچيەرگە قاچالمايسىلەر، بۇ دۇنيادىكى ساقچىلار پارا ئالىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ ساقچىلىرى مۇتلەق پاك ـ دىيانەتلىك. بۇ دۇنيادىكى گۇۋاھچىلار يالغان گۇۋاھلىق بەرگىنى بىلەن، ئاللاھنىڭ گۇۋاھچىلىرى مۇتلەق ھالدا ئادالەتلىكتۇر. بۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلار ئادالەتسىزلىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. لېكىن ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ، ئاللاھنىڭ تۈرمىسىگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمنىڭ تۈرمىدىن قېچىش ئىمكانىيىتى ھەرگىز بولمايدۇ. ئاللاھ بىلەن بولغان توختامغا خىلاپلىق قىلغان ئادەم ھەقىقىي دۆت ئادەمدۇر.

سىلەر توختام تۈزگەندە، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان ئويلىشىڭلار، ھەمدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىجرا قىلىشىڭلار، زۆرۈر بولمىسا ھېچكىم سىلەرنى ئاللاھ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇرلىمايدۇ، چۈنكى مەنىسىز ھەم ساختا قەسەمنىڭ پۈتۈنلەي ئۈنۈمى بولمايدۇ.

مۇھاكىمە
ئاللاھ بىلەن ئىمان كەلىمىسى ئارقىلىق توختام تۈزگەندىن كېيىن، بۇ توختامغا خىلاپلىق قىلغانلار قانداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ؟

## پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلىش

«بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەندىن كېيىنلا «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دەيسىلەر. بۇ دېگەنلىك ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى، ھەمدە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇنىنى يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولىسىلەر (قوبۇل قىلغان بولىسىلەر). ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئىگەڭلار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسىلەر، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى چۈشىنىشىڭلار، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش، قانداق ئىشلارنى قىلماسلىق قاتارلىقلارنى تونۇپ يېتىشىڭلار كېرەك. تۇرمۇشىمىزدا قايسى ئىشلارغا ئەمەل قىلىپ، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلەيمىز؟ قايسى ئىشلاردىن ساقلىنىپ ئاللاھنىڭ جازاسىدىن ساقلىنالايمىز؟ ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ تەيىنلىشى، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ۋە ئىلاھى كىتاب بولغان «قۇرئان كەرىم»نى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى ئۈچۈندۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سىلەر «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن ئىكەنسىلەر، ئۇنىڭ بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە قەتئىي بويسۇنۇپ ياشىشىڭلار، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ماس كەلمەيدىغان بارلىق ئىنسانىي تۈزۈملەردىن ۋاز كېچىشىڭلار كېرەك. سىلەر ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەگەشمەي، ئۆرپ ـ ئادەتكە ۋە باشقا قانۇنلار ئەگەشسەڭلار،

سىلەردىنمۇ بەك سەمىمىيەتسىز ۋە ساختىپەز ئادەم بولامدۇ؟ سىلەر ئىمان كەلتۈرمىسىڭلار ئىپتىم، سلامغا كىرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتكۈزگەنلىرىنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي قانۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنسىلەر، ئۇنى سەمىمىي ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىجرا قىلىشىڭلار لازىم. سىلەر ئىسلامغا كىرىشىڭلار بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلار بىلەن قېرىنداش بولىسىلەر، مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىڭلارنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىسىلەر، مۇسۇلمان ئايال بىلەن توي قىلالايسىلەر، سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار سىلەرنىڭ قانۇنلۇق ئەۋلادلىرىڭلار بولىدۇ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ھوقۇقۇڭلار بولۇپ، زۆرۈر بولغاندا زاكاتتىن بەھرىمەن بولىسىلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار ۋە مال ـ مۈلكىڭلار، شۇنداقلا ئابروي ـ ئىناۋىتىڭلارنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ، سىلەر ۋەدەڭلارغا خىلاپلىق قىلساڭلار، بۇ دۇنيادا سىلەردىنمۇ بەكرەك يالغانچى سەمىمىيەتسىز ئادەم بولامدۇ؟ ئەگەر سىلەر «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسىنى بىلگەن بولساڭلار، ھەمدە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغانلىقىڭلارنى بىلدۈرگەن بولساڭلار، ئۇنداقتا قانداق ۋاقىت، قانداق جايدا بولۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىشىڭلار كېرەك. بەلكىم بەزىلەر ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ئانچە چوڭ مەسىلە ئەمەس، چۈنكى بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ساقچىلىرى، ئەسكەرلىرىنى، سوتىنى ۋە تۈرمىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئەمما بۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ساقچى، ئارمىيە، سوت ۋە تۈرمىلىرى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىغا بويسۇنماي ياشاش ناھايىتى تەس، دەپ قارىغان بولسا ـ مەن سىلەرگە شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، بۇ ئادەم چوقۇم يالغان قەسەم قىلغان بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىسىنى، دۇنيانى، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۆزىنى ئالدىغان بولىدۇ
.

مۇھاكىمە

1. «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن كەلىمىنى قوبۇل قىلغان ئادەم نېمىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى كېرەك؟

2. «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن ئادەم ئۆزىگە قانداق تەلەپ قويۇشى كېرەك؟

# قەسەم قىلغاندىن كېيىنكى مەسئۇلىيەت

قېرىنداشلار! دوستلار! مەن ھازىرلا ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاپ ئۆتتۈم، ئەمدى تېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىر مەسىلىنى سەمىڭلارغا سېلىپ ئۆتىمەن.

سىلەر ئاللاھنىڭ، سىلەرنىڭ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىڭلار، بۇ دېگەنلىك سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار، پۇت-قوللۇڭلار، كۆز-قۇلاقلىرىڭلار...... سىلەر تېرىپ پايدىلىنىۋاتقان يەرلەر، بېقىۋاتقان ھايۋانلار، مال-مۈلكىڭلار...... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىلەرگە تەۋە بولماستىن بەلكى پەقەت ئاللاھقىلا تەۋە بولۇپ، سىلەرگە پايدىلىنىش ۋە ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئۈچۈنلا بېرىلگەن. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، يەنە سىلەرنىڭ: «ھاياتىم، جىسمىم، مال-مۈلكۈم، ئاۋۇ، ماۋۇ......» مېنىڭ دېيىش ھوقۇقۇڭلار بولامدۇ؟ ئەگەر سىلەر ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەنسەڭلار، تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك ئىشنى چوقۇم قىلىشىڭلار كېرەك: بىرىنچى، ھەممە نەرسە ئاللاھقا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن، ئۇ نەرسىلەردىن ئۇبدان پايدىلىنىشىڭلار كېرەك. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۇ نەرسىلەردىن ئۇبدان پايدىلانمىساڭلار، ئۇنداقتا بىر ساختىپەز بولىسىلەر. سىلەرنىڭ ھەتتا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپ پۇت-قوللۇڭلارنى ئىشلىتىش ھوقۇقۇڭلار بولمايدۇ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ ھالدا قالايمىقان يەپ-ئىچىشىڭلارغا بولمايدۇ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ ھالدا يەر-زېمىنلىرىڭلارنى ۋە مال-مۈلكۈڭلارنى قالايمىقان ئىشلىتىشىڭلارغا بولمايدۇ. سىلەرنىڭ خوتۇن-بالىلىرىڭلار ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ئىنئامى بولۇپ، ئۇلارغا ئۆز خاھىشىڭلار بويىچە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلساڭلار زالىملاردىن بولىسىلەر. بىر ئادەم باشقىلارنىڭ زېمىنىنى زوراۋانلىق بىلەن ئىگەللىۋالسا، كىشىلەر ئۇنى زالىم دەيدۇكى، ھەرگىز سەمىمىي ئادەم دېمەيدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ ئىنئامىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مۈلكى قىلىۋېلىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلماي، پۈتۈنلەي ئۆزۈڭلارنىڭ بىلگىنىڭلار بويىچە ئىشلەتسەڭلار، زالىملاردىن

نەرىڭلار پەرقلىنىدۇ؟ ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا مېڭىپ زىيانغا ئۇچراپ قالساڭلارمۇ، ماڭغان يولۇڭلاردىن قايتماسلىقىڭلار كېرەك، سىلەر ھاياتىڭلاردىن، قول ـ پۇتۇڭلاردىن، پەرزەنتلىرىڭلاردىن ياكى مال ـ مۈلكۈڭلاردىن ئايرىلىپ قالساڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرماڭلار. ئەگەر مال ئىگىسى ئۆزىنىڭ ماللىرىنى قۇربان قىلىشنى خالىغان بولسا، بۇ پۇتۇنلەي ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى ئىش، ئەلۋەتتە. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپ زىيان تارتساڭلار، شۈبھىسىزكى، سىلەر باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى زايە قىلغانلىقىڭلار سەۋەبلىك جازاغا ئۇچرايسىلەر. سىلەر ئۆز روھىڭلارنىڭ ئىگىسى ئەمەس، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھاياتىڭلارنى تەقدىم قىلساڭلار، بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىجرا قىلغانلىقىڭلار، خالاس. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلغان ئەھۋالدا ھاياتىڭلاردىن ئايرىلساڭلار، بۇ بىر نومۇسسىزلىق بولىدۇ!

مۇھاكىمە
ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن قانداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ؟

## ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ـ ئاللاھقا ياردەم بەرگەنلىك ئەمەس

پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسىلەر ئارقىلىق، باشقىلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ بىر كىمگە قىلغان ياردىمىڭلار ئەمەس، «ئاللاھ»قا قىلغان ياردىمىڭلار تېخىمۇ ئەمەس. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەممە نەرسەڭلاردىن كېچىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىساڭلار ياكى ھاياتىڭلارنى قۇربان قىلساڭلار ـ سىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنتايىن چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ سىلەر ھېچكىمگە ياردەم قىلغان بولمايسىلەر. سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلارمۇ مۇشۇنچىلىكلا بولۇپ، بۇ پەقەت ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىگە قايتۇرغان كىچىككىنە جاۋابىڭلار بولۇپ، بۇ قىلغانلىرىڭلار مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىمدۇ؟ ماختاشقا ئەرزىمدۇ؟ ئۇلۇغلاشقا ئەرزىمدۇ؟ ئېسىڭلاردا بولسۇن، بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن ھەرگىز ئۆزىنى قالتىس چاغلىمايدۇ، ئەكسىچە تېخىمۇ كەمتەرلىشىپ كېتىدۇ. مەغرۇرلۇق ياخشى ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدىغان

بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىنئامىنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مۇشۇ دۇنيادا ئىنئامغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇنىڭغا ئېرىشىپ بولغان بولىدۇ.

مۇھاكىمە
نېمە ئۈچۈن «ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ـ ئاللاھقا ياردەم بەرگەنلىك ئەمەس» دەيمىز؟

## ئاللاھنىڭ ئىنئامى ۋە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز

قېرىنداشلار! ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقىغا قاراڭلار، ئۇ ئۆزىگە تەۋە بولغان نەرسىلەرنى سىلەردىن قايتۇرۇۋېلىش بەدىلىگە، سىلەرگە كاتتا ئىنئام ئاتا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر، بۈيۈكتۇر! ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ ٱشۡتَرَىٰ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ أَنفُسَهُمۡ وَأَمۡوَٰلَهُم بِأَنَّ لَهُمُ ٱلۡجَنَّةَۚ ﴾

**«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى.»** (سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت)

مانا بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى. ئەمدى سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلارغا قاراپ باقايلى. سىلەر ئاللاھ سىلەرگە بەدەل تۆلەپ سىلەردىن سېتىۋالىدىغان نەرسىنى باشقىلارغا سېتىۋەتتىڭلار. بۇ سودىدا كىچىككىنە پايدا ئالدىڭلار، سېتىۋالغۇچى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قىلغان ئىشىڭلارنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، سىلەر بولساڭلار ئۇلارنى ئاتا ـ ئاناڭلارغا ئوخشاش كۆتىسىلەر. سىلەر كاللاڭلارنى، قول ـ پۇتلىرىڭلارنى، جىسمىڭلاردىكى بارلىق ئىقتىدارىڭلارنى ئاللاھقا خائىنلىق قىلغانلارغا سېتىۋەتتىڭلار، ئاللاھنىڭ بەندىسى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ نومۇسسىز ئىش بولامدۇ؟! سېتىلىپ بولغان نەرسىنى باشقىلارغا سېتىش قانۇن ۋە ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاشلا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ، بۇ دۇنيادىكى سوت مەھكىمىسى بۇنى

«ئالـدامچىلىق جىنـايىتى» دەپ قارايـدۇ. سـىلەر ئـۆزۈڭلارنى ئاللاھنىـڭ سـوت مەھكىمىسىدە ئەيىبلەنمەيمىز دەپ قارامسىلەر؟

> مۇھاكىمە
> ئاللاھ مېھرىبانلىق بىلەن ئاتا قىلغـان نەرسـىلەرگە كىـشىلەرنىڭ قانـداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ؟

## 5 ـ لېكسىيە «كەلىمە تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى، ياخشى سۆز) ۋە «كەلىمە خەبىسە» (كۇپرى كەلىمىسى، يامان سۆز)

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالـدىنقى قېتىمـدا «كەلىـمە تەييىـبە» ھەققىـدە سـۆزلىدۇق، بۈگـۈن كـۆپچىلىككە بـۇ «ئىمـان كەلىمـسى»نـى چۈشـەندۈرۈپ ئـۆتىمەن، چـۈنكى بـۇ ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى، بىر ئادەمنىـڭ ئىـسلامغا كىرگەنلىكـى ئۇنىـڭ «ئىمان كەلىمىسى»گە قەتئىي ئىشەنگەنلىكىدىن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىمـان كەلىمـىسىنى تولـۇق چۈشـەنمىگەن ھەمـدە «ئىمـان كەلىمـسى»گە تايىنىـپ تۇرمۇشىنى ئىسلاھ قىلالمىغانلارنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتاشقا بولمايـدۇ. ئـاللاھ «قۇرئان»دا «ئىمان كەلىمىسى» ھەققىدە مۇنداق تەبىر بېرىدۇ:

﴿ أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي ٱلسَّمَآءِ  تُؤْتِيٓ أُكُلَهَا كُلَّ حِينِۭ بِإِذْنِ رَبِّهَا ۗ وَيَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ  وَمَثَلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ ٱجْتُثَّتْ مِن فَوْقِ ٱلْأَرْضِ مَا لَهَا مِن قَرَارٍ  يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِي ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِي ٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّـٰلِمِينَ ۚ وَيَفْعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ ﴾

**«ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىـڭ ئاسـتىدا بولغـان،**

**شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ. كەلىمە خۇبىسە (يامان سۆز، كۇپرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملار (يەنى كۇففارلار)نى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.»** (سۈرە ئىبراھىم 24-27 ئايەت)

دېمەك، «كەلىمە تەييىبە» يىلتىزى زېمىنغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ مەھكەم بېكىتىلگەن، غول، يوپۇرماقلىرى بۆك-باراقسان بولۇپ كۆككە تاقاشقان، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن داۋاملىق باراقسان بولۇۋاتقان بىر ئېسىل دەرەخكە ئوخشىتىلغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، «كەلىمە خۇبىسە» (يامان سۆز، كۇپرى كەلىمىسى) يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلانغان، قارارى يوق كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىققىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇياقتىن-بۇياققا دومىلاپ يۈرىدىغان ئۆسۈملۈككە ئوخشىتىلغان.

بۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلساڭلار، بۇ مىساللاردىن چوقۇم ناھايىتى ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولىسىلەر. ئالدىڭلاردا ئىككى تۈپ دەرەخ بار، بىرى مانگو دەرىخى بولۇپ، ناھايىتى مۇستەھكەم ئۆسكەن، غول-شاخلىرى ئېگىز، يوپۇرماقلىرى بۆك-باراقسان، مېۋىلىرى غۇژژىدە بولغان، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئۇرۇقى مۇكەممەل بولغاچقا ئۆسۈپ بىر تۈپ دەرەخ بولالايدۇ. تۇپراق، سۇ، ھاۋا، كۈندۈزنىڭ ئىسسىقلىقى، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسى...... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇقنىڭ ئۆسۈپ، بىر تۈپ دەرەخكە ئايلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا بۇ دەرەخ ياخشى ئۆسۈپ شېرىن مېۋە بېرىدۇ. ئەمەلىيەتمۇ ئۇنىڭ ئۆسۈپ بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. چۈنكى ئاسمان-زېمىندىكى خىلمۇ-خىل كۈچلەر ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ تۇپراق، ھاۋا، سۇ..... قاتارلىقلارنىڭ ئۇنى ئوزۇقلاندۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بىر تۈپ دەرەخ قىلىپ يېتىلدۇرۇش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، يەنى سۈپەتلىك ئۇرۇققا ياردەم قىلىش ئۇلارنىڭ مەقسىتى ۋە مەجبۇرىيىتى.

ئەكسىچە، نۇرغۇن چاتقال ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە تەرەپلىرى بولمايدۇ. ئىنچىكە يىلتىزىنى باللارمۇ يۇلۇۋېتەلەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا قولىڭىز تېگىپ كەتسە بارماقلىرىڭىزنى زەخىملەندۈرىدۇ، مېۋىسى ئاچچىق، ھەر كۈنى بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەردىن

نۇرغۇننىڭ ئۆسۈپ، نۇرغۇننىڭ قۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاللاھ بىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ مانگودەك ئىقتىدارى بولمايدۇ. ئېسىل سورتىنىڭ نەسلى قۇرۇسا زېمىن ئاق قالىدۇ، تىكەنلەر قاپلاپ ئەتراپنى بىر ئالىدۇ. بەزىلىرى سۇغا، بەزىلىرى ھاۋاغا تايانسىمۇ، ئاسمان ـ زېمىندىكى شەيئىلەر بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇشىنى ئانچە ئېتىراپ قىلىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا تۇپراق ئۇلارنىڭ يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلاپ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ، سۇمۇ ئۇلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنى خالىمايدۇ، ھاۋامۇ ئۇلارنىڭ بۈك ـ باراقسان بولۇشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا بۇ ئانچە ياخشى بولمىغان ئۆسۈملۈك تولۇق ئوزۇقلۇقتا ئىگە بولالماي، قىرتاق مېۋە بېرىدۇ، تىكەنلىرى زەھەرلىك بولىدۇ. مانا بۇ ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەر خىل كۈچلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم بەرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھايات تۇرالىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى قانائەتلىنەرلىك ئىش بولىدۇ.

بۇ ئىككى مىسالدىن سىلەر «كەلىمە تەييىبە» بىلەن «كەلىمە خۇبىسە»نىڭ پەرقىنى ھېس قىلالايسىلەر.

> مۇھاكىمە
>
> «كەلىمە تەييىبە» بىلەن «كەلىمە خۇبىسە»نىڭ پەرقىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ؟

## «كەلىمە تەييىبە» دېگەن نېمە؟

«كەلىمە تەييىبە» ھەقىقەتتە ئۇيغۇن بولغان ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ، ئالەمدە ھېچقانداق شەيئى ئۇنىڭدەك كاتتا ئەمەس، «پۈتكۈل كائىناتنىڭ ھۆكۈمرانى ـ يالغۇز ئاللاھدۇر»، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر، ئىنسانلار، ھايۋانلار، دەل ـ دەرەخلەر، قۇم ـ تاشلار، دەريالار، قۇياش...... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان، ئۇلار ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھدىن باشقا كىممۇ ئۇ نەرسىلەرنى يوقىتالايدۇ؟ شۇڭا پۈتكۈل كائىناتنى ئاللاھ ياراتقان ھەمدە پۈتكۈل كائىناتنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ھەمدە پەرۋىش قىلىنىشى پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن بولىدۇ. يالغۇز ئاللاھ بىردىنبىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى. شۇڭا سىلەر: «بۇ ئالەمدە ئاللاھدىن

باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنداق يۈكسەك ئالىي ھوقۇقى بولمايدۇ» دەپ ئىقرار قىلغان ۋاقىتلاردا ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە شەيئى ئورتاق ھالدا: «سىلەر مۇتلەق ھەقىقەتنى ئىپادىلىدىڭلار، بىز ھەممىمىز بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ھەقلىقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمىز» دەپ ئىدا قىلىدۇ. سىلەر ئاللاھقا ئېگىلگەن ۋاقىتلاردا، پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەممە شەيئى سىلەر بىلەن بىللە ئېگىلىدۇ، چۈنكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغان ۋاقىتلاردا، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ئوخشاشلا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ يولى بويىچە ماڭغان ۋاقىتلاردا، سىلەر ھەرگىزمۇ يالغۇز ئەمەس، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ سان ـ ساناقسىز قوشۇنلىرى سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭىدۇ، چۈنكى ئاسماندىكى قۇياشتىن تارتىپ زېمىندىكى كىچىككىنە تۇپراق دانچىسىغىچە، ئاللاھنىڭ يولى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. سىلەر ئاللاھقا تايانغان ۋاقىتلاردا، ھەرگىزمۇ بىر ئاجىز كۈچكە تايانمىدىڭلار، بەلكى ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولغان چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئاللاھقا تايانغان بولىسىلەر. ئومۇمەن سىلەر مۇبادا بۇ تۇتقىنى تۇتساڭلار، كائىناتتىكى بارلىق كۈچلەرنىڭ «كەلىمە تەييىبە»نى سەمىمىي قوللاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىسىلەر. بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشۇڭلارنى ئىسلاھ قىلىپ، دۇنيا ئاخىرەتتە بەخت سائادەت ئىچىدە ياشايسىلەر. مەڭگۈ يولدىن ئازمايسىلەر. مانا بۇ ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ ئىلاھى كىتابلاردا بايان قىلغان كەلىمىسى بولۇپ، بۇ كەلىمە تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى ئاسمانغا تاقاشقان، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ھەمىشە مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان بىر تۈپ ياخشى دەرەخكە ئوخشايدۇ.

مۇھاكىمە

1. «كەلىمە تەييىبە» دېگەن نېمە؟
2. «كەلىمە تەييىبە»نى ئېيتقان ئادەمدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟

## «كەلىمە خۇبىسە» (كۇپرى كەلىمىسى) دېگەن نېمە؟

«كەلىمە خۇبىسە»نىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى. ئۇ بولسىمۇ: «ھېچقانداق ئىلاھ يوق» ياكى «نۇرغۇن ئىلاھ بار» ياكى «ئىلاھى

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقى ئاللاھنىڭ قولىدىلا ئەمەس» دەپ قاراش. ئۇيلاپ بېقىڭلار، بۇنىڭدىنمۇ بەك يالغانچىلىق ۋە تۇتۇرۇقسىزلىق بولامدۇ؟! بۇ دۇنيادا قانداق نەرسە ئۇلارغا گۇۋاھ بولالايدۇ؟ ئاتىزمچىلار: «ئىلاھ يوق» دەيدۇ، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى ئەيىبلەيدۇ، ھەممە ئۇلار ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ يالغان ئېيتقان تىلىنىمۇ ئاللاھ بەرگەن. كۆپ ئىلاھقا چوقۇنغۇچىلار (مۇشرىكلار) ـ ئاللاھنىڭ ئىلاھى ھاكىمىيەت دائىرىسىدە يەنە باشقا ئوخشاشلىرىمۇ بار. ئۇلارمۇ بالايىئاپەت ۋە بەخت سائادەت ئېلىپ كېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلارمۇ ئىنسانلارنىڭ تىلەك ـ ئىلتىجالىرىنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلالايدۇ. ئۇلارغا تايىنىش ۋە ئۇلاردىن قورقۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىمۇ ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىكار قىلىۋېتەلەيدۇ، شۇڭا ئۇلارغا بويسۇنۇشقا ئەرزىيدۇ دەپ جۆيلۈيدۇ. بۇ خىل سەپسەتىلەرگە قارىتا بىزنىڭ جاۋابىمىز مۇنداق: ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەر ھەقىقەتكە قارشى بولغان بۇنداق سەپسەتىلەرنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇيلاپ بېقىڭلار، بۇ خىل سەپسەتىگە تايىنىپ ياشىغان ئادەم، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە قانداقمۇ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ؟ ئاللاھ مېھرىبانلىقى بىلەن ئۇلارغا رىزىق بېرىپ پەرۋىش قىلىپ تۇرغاچقا، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەر خىل كۈچلەر ئۇلارنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياشاش شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ. خۇددى ئاشۇ تىكەنلىك ئوت ـ چۆپلەرنى ياشارتقانغا (كۆكەرتكەنگە) ئوخشاش، ئەمما كائىناتتا ھېچقانداق بىر شەيئى ئۇلارغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇڭا بارلىق شەيئىلەر ئۇلارنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەرمەيدۇ. ھەقىقەتنى تونۇمىغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق تىكەنلىك ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

مۇھاكىمە
«كەلىمە خۇبىسە» (كۇپرى كەلىمىسى) دېگەن نېمە؟

## ئوخشىمىغان ئاقىۋەت

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل مېۋىگە ئوخشاش، «كەلىمە

تەييــــبە»نــى ئىپتىقــانلار ۋە «كەلـــمە خۇبــسە»نــى ئىپتىقانلارنىــڭ ئــاقىۋىتى ئوخـشىمايدۇ. «كەلــمە تەييــبە» شـىرىن، لەززەتلىــك مىــۋە بېرىــپ، دۇنيــادا تىنچلىقنـــى بەرپــا قىلىـــپ، ياخـــشىلىق، راســـتچىللىق، ئـــادالەتنى ئەۋج ئالـــدۇرغاچقا، كەڭ خەلــق بۇنىڭـدىن مەنــپەئەت ئالـــدۇ. ئەكـسىچە: «كەلـــمە خۇبىسە» قــانچە كــۆپ ئوزۇقلۇقنى ئىـرىشـسە، شــۇنچە كــۆپ تىـكەن ۋە شـاخلىرى ئۆسۈپ چىقىپ، تىخىمۇ قىرتاق مىۋىلەرنى بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ زەھـىرى تومـۇرلاردا ئاقـــدۇ. ســـىلەر كـــۆزۈڭلارنى يوغـــان ئېچـــىپ قـــاراپ بـــېقىڭلار، كۇپرىلـــىق، مۇشرىكلىق ۋە ئــاتىزىمچىلىق ئەۋج ئالغـان بـۇ دۇنيـادا كىـشىلەر ئۆزئـارا بىـر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىپ، شەھەرلەرگە ھۇجـۇم قىلىنىۋاتىـدۇ. زەھەرلىـك گـازلارنى ياساپ ياۋۇزلۇق قىلىنىۋاتىـدۇ. كۈچلـۈكلەر ئـاجىزلارنى يەپ كېتىۋاتىـدۇ، خەلـق، ئــارمىيە ۋە ســاقچىلارنىڭ زوراۋانلىقـى دەسـتىدىن بېـشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتىــدۇ، ئازراقلا ئىتائەتسىزلىك قىلسا تۈرمىلەرگە سولاۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زوراۋانلارغـا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئالۋاستىمۇ يىرگىنىدىغان دەرىجىگە بېرىـپ قالـدى: ئىنسانلار ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. ئـانىلار ئۆزلىرىنىـڭ خۇشاللىقى ئۈچـۈن پەرزەنتلىرىنــى ئــۆز قــولى بىــلەن ئۆلتۈرۈۋاتـــدۇ. ئەرلەر خوتـۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ، ئىشرەتخانىلاردا ئەر ـ ئاياللار قىپيالىڭاچ ھـالەتتە ئارىلىـشىپ يۈرۈۋاتـــدۇ. بـايلار جـازانىگە تايىنىـــپ كەمبەغەللەرنىــڭ قېنىنـــى شـــوراۋاتىدۇ. خۇددى كەمبەغەللەر تۇغۇلۇشىدىنلا ئۇلارغا بويسۇنۇشى زۆرۈردەك، ئۇلارنى قۇلنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، خالىغانچە شـۇلىۋاتىدۇ. ئومـۇمەن قىلىـپ ئېيتقانـدا، «كەلـــمە خۇبىسە»دىن ئۈنگەن ئۆسۈملۈك پۈتـۈنلەي تىكەنلىـك، بەرگەن مېۋىـسى قىرتـاق ھەم زەھەرلىـك بولـىدۇ. بـۇ ئىككـى تەمـسىلنى كەلتـۈرۈپ بولغانـدىن كېـيىن، ھەممىگە قادىر ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ ۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّٰلِمِينَ ۚ وَيَفْعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ ﴾

**«ئـاللاھ مـۇئمىنلەرنى مۇسـتەھكەم ئىمـان بىـلەن دۇنيـادا ۋە ئـاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملار (يەنى كۇپپارلار)نى گۇمراھ قىلىـدۇ، ئـاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.»** (سۈرە ئىبراھىم 27 ـ ئايەت)

دېـمەك، «كەلـــمە تەييــبە»گە ئىـشەنگەنلەرگە ئـاللاھ ئۆزىنىــڭ كەسـكىن سۆزى بىلەن دۇنيا ـ ئاخىرەتتە چىدامچانلىق ۋە ساباتلىق ئاتا قىلىدۇ، «كەلىمە

خۇبسە»گە ئىشەنگەن زالىملارنى ئاللاھ گۇمراھلىقتا قويىدۇ. ئۇلار دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ھېچقانداق ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

مۇھاكىمە
«كەلىمە تەييىبە»گە ئىشەنگەن ۋە «كەلىمە خۇبسە»گە ئىشەنگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بولمايدۇ؟

## نېمە ئۈچۈن «ئىمان كەلىمىسى»گە ئەمەل قىلغانلار خارلىققا دۇچار بولىدۇ؟

قېرىنداشلار! سىلەر «كەلىمە تەييىبە» بىلەن «كەلىمە خۇبسە»نىڭ پەرقىنى ۋە ئۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىنى چۈشىنىۋالدىڭلار، ئەمدى سىلەر: «بىز كەلىمە تەييىبەگە ئەمەل قىلدۇق، ئەمما تازا تەرەققىي قىلىپ گۈللىنەلمىدۇق، لېكىن كاپىرلار بولسا تەرەققىي تېپىپ گۈللىنىۋاتىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورۇشۇڭلار مۇمكىن.

بۇ مەسىلىگە مېنىڭ جاۋاب بېرىش مەسئۇلىيىتىم بار دەپ قارايمەن، لېكىن مېنىڭ جاۋابىمدىن خاپا بولماسلىقىڭلار كېرەك، ھەمدە ئۆزۈڭلارنىڭ خاتالىقىڭلار ئۈستىدە ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈپ، مېنىڭ جاۋابىمنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار.

ئالدى بىلەن، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ «ئىمان كەلىمىسىگە ئەمەل قىلساقمۇ يەنىلا تەرەققىي قىلالمىدۇق» دېگەن قارىشىڭلار خاتا، ئىمان كەلىمىسىگە ئەمەل قىلىش ئېغىزدىلا ئېيتىپ قويسا بولىدىغان قۇرۇق نەزەرىيە ئەمەس، بەلكى ئىمان ـ ئېتىقاد سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۈرغۈپ چىقىشى كېرەك. ھەمدە بارلىق قالايمىقان خىياللارنى، ناتوغرا قاراشلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىمىز «ئىمان كەلىمىسى»گە زىت بولماسلىقى كېرەك.

قېرىنداشلىرىم! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن دەپ بېقىڭلارچۇ، سىلەر مۇشۇنداق قىلالىدىڭلارمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەۋج ئالغان خىلمۇ ـ خىل دىنسىزلىق، مۇشرىكلىق ئىدىيىسى «ئىمان كەلىمىسى»گە ماس كېلەمدۇ؟ مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن باشقىغا باش ئەگسە بولامدۇ؟ مۇسۇلمانلار باشقا كۈچلەردىن قورقامدۇ؟ ئۇلار بەزىلەرنى بىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىمىز دەۋاتامدۇ؟ ئۇلار

ئاللاھنىڭ قانۇننى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىپ، ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن باشقا قانۇنغا بويسۇنۇۋاتامدۇ؟ ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتىۋالغان ئاشۇ كىشىلەر سوت مەھكىمىلىرىدە تەپتارتماي ئۆزلىرىنى ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەس بەلكى ئۆرپ ـ ئادەتكە ئېتىقاد قىلىمىز دېيىشىۋاتامدۇ؟ ئاراڭلاردا بەزىلەر ئۆرپ ـ ئادەتنى دەپ تەپ تارتماي ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىشتىن يانمايۋاتىدىغۇ؟ يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقماي كاپىرلارنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن قورقۇۋاتامدۇ؟ بەزىلەر تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كاپىرلارغا ياخشىچاق بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى تىلىمەيۋاتامدۇ؟ بەزىلەر كاپىرلار ھاكىمىيىتىنى ھەقىقىي ھاكىمىيەت دەپ تونۇپ، ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئەزەلدىن ئويلانمايۋاتامدۇ؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن دەپ بېقىڭلارچۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا سىلەر يەنە نېمىگە ئاساسەن «ئىمان كەلىمىسى»گە ئەمەل قىلساقمۇ تەرەققىي قىلالمىدۇق دېيەلەيسىلەر؟ ئالدى بىلەن، سىلەر «كەلىمە تەييىبە»گە چىن قەلبىڭلاردىن ئەمەل قىلىپ، تۇرمۇشۇڭلارنى ئىسلاھ قىلساڭلار، ئاندىن مۇئمىن ھېسابلىنىسىلەر. ئەگەر سىلەر بىر تۈپ دەرەخ يەر ئاستىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، ئەمما شاخ ـ يوپۇرماقلىرى بۇك ـ باراقسان بولالمىدى دەپ قارىساڭلار، ئۇنداقتا «ئاللاھ بىزگە يالغان ۋەدە بېرىپتۇ، بىزگە يالغان ئېيتىپتۇ» دەپ قارىغىنىڭلار ئەمەسمۇ؟ (ئى ئاللاھ بىزنى ئۇنداق قاراشقا كېلىپ قېلىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، بىزنى كەچۈرگىن) ئەمما بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

مۇھاكىمە

1. «بىز مۇسۇلمان» دېگەن كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلمەسلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبى نېمە؟
2. قانداق قىلغاندا بىر مۇئمىن بولغىلى بولىدۇ؟

## «كەلىمە خۇبسە» (كۇپرى كەلىمىسى)گە ئىشەنگەنلەر تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىپ كەتتىمۇ؟

سىلەرنىڭ «كەلىمە خۇبسەگە ئىشەنگەن كىشىلەر تەرەققىي قىلىپ گۈللەندى» دېگەن بۇ سۆزۈڭلار يەنە خاتا. بۇلار ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ گۈللىنىپ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكىنى يوق، كەلگۈسىدە تېخىمۇ شۇنداق. سىلەر

كىشىلەرگە مال ـ مۈلكىنىڭ كۆپلۈكى، تۇرمۇشتا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەنلىكى، سىرتقى قىياپىتىنىڭ سۆلەتلىكلىكىگە قاراپ باھا بېرىسىلەر، ئەمما سىلەر كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەتقىق قىلىپ باقمىدىغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىردەم بولسىمۇ كۆڭلى خاتىرجەم بولالىغان ئادەم زادى قانچىلىك؟ ئۇلار تۇرمۇشتا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلى بىئارامچىلىقتىن خاتىرجەملىكىكە ئىگە ئەمەس. ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنمىغانلىقى تۇپەيلىدىن ئائىلىسى دوزاخقا ئايلاندى. گېزىتلەرگە قارايدىغان بولساق، ياۋروپا، ئامېرىكىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلارنىڭ سانى كۈنسېرى ئېشىۋاتىدۇ، نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلەۋاتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئادەم جىنسى كېسەللىكلەر بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدا ئىشسىزلىق تۇپەيلىدىن جەڭگى ـ جېدەل قىلىشىپ، كاللا ـ قاپاقلىرىنى يېرىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى ئالداپ، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىۋاتىدۇ! ئۆزلىرىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى دەپ پۇقرالارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى بىلەن كارى بولمايۋاتىدۇ. يىراقتىن قارىغاندا جەننەتتەك كۆرۈنگەن چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا، سانسىزلىغان نامراتلار تۇرمۇش قىسىنچىلىقىدا ئىڭراۋاتىدۇ. سىلەرچە بۇ تەرەققىياتمۇ؟ بۇ گۈللەنگەنلىكمۇ؟ سىلەر ئارزۇ قىلغان جەننەت مۇشۇمۇ؟

قېرىنداشلىرىم! ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. «كەلىمە تەيyىبە»دىن باشقا، ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھېچقانداق توغرا يول يوق. سىلەر ئەتراپىڭلارغا ئوبدان قاراپ بېقىڭلار، «كەلىمە تەيyىبە»گە خىلاپلىق قىلىدىغان بىرەر تال شەيئىنى ھەرگىز تاپالمايسىلەر.

مۇھاكىمە

«كەلىمە خۇبىسە» (كۇپرى كەلىمىسى)گە ئىشەنگەنلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

# 6 ـ لېكسىيە «كەلىمە تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى)گە ئىشىنىشتىكى مەقسەت

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالدىنقى قېتىملاردا كۆپچىلىككە «كەلىمە تەييىبە»نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈردۈم، بۈگۈن تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. «كەلىمە تەييىبە»گە ئىشىنىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟
2. نېمە ئۈچۈن «كەلىمە تەييىبە»گە ئىشىنىش زۆرۈر؟

## ھەر قانداق ئىشتا بىر مەقسەت بولىدۇ

بىر ئادەمنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىشتا چوقۇم بىر مەقسىتى بارلىقىنى كۆپچىلىك ئوبدان بىلىدۇ. ھېچكىم مەقسەتسىز ياكى مەنپەئەتسىز ھېچ ئىشنى قىلمايدۇ. سۇ ئىچىشتىن مەقسەت ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش. ئەگەر سۇ ئىچىشلەرمۇ ئۇسسۇزلۇقلار بۇرۇنقىدەكلا پەسەيمىسە، يەنە سۇنى ئىچىۋەرمەيسىلەر. چۈنكى بۇ سۇ ئۇسسۇزلۇقلارنى پەسەيتەلمىدى ئەمەسمۇ! تاماق يېيىشتىن مەقسەت قورساق تويغۇزۇش، ساغلام بولۇش. ئەگەر تاماق يېيىش بىلەن تاماق يېمەسلىكنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولغان بولسا، سىلەر ئەلۋەتتە تاماق يېمىسەممۇ بولىدىكەنغۇ! دەپ قارايسىلەر. كېسەل بولساڭلار نېمە ئۈچۈن دورا يەيسىلەر؟ چۈنكى دورا يېيىش بىلەن كېسەللىكنى داۋالاپ ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەگەر دورا يېگەندىن كېيىنمۇ كېسەل بۇرۇنقىدەك ساقايمىسا، دورا ئۈنۈمسىز ئىكەن دەيسىلەر. سىلەر نېمە ئۈچۈن جاپاغا چىداپ يەر تېرىيسىلەر؟ بۇنىڭدىكى مەقسىتىڭلار ئاشلىق، مېۋە ـ چېۋە، سەي ـ كۆكتات ئېلىش، ئەگەر ئۇرۇقنى تېرىساڭلار ھېچنەرسە ئۈنمىسە، ئۇ چاغدا سىلەر جاپا تارتىپ يەرنى ئاغدۇرۇپ، سۇغۇرۇپ يۈرمەيسىلەر. ئومۇمەن، بۇ دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتا، چوقۇم مەلۇم بىر مەقسەت بولىدۇ. ئەگەر مەقسەت ئىشقا ئاشقان بولسا، ئىشنى ئوبدان قىلىپتىمەن دەيسىلەر. ئەگەر مەقسىتىڭلارغا يېتەلمىسەڭلار، ئوبدان قىلالماپتىمەن دەيسىلەر.

مۇھاكىمە

ھەر قانــداق بىــر ئىــش قىلىــشتا مەلــۇم مەقــسەت بولىــدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ.

## «كەلىمە تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى)نى ئوقۇشتىكى مەقسەت

مىنىڭ سورىغان سوئاللىرىمنى ئىپسىگىلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار، ھەمــدە بىــر-بىرلەپ جاۋاب بېرىڭلار. بىرىنچى سوئال، يەنى ئەڭ مۇھىم مەسىلە: نېمە ئۈچۈن «كەلىمە تەييىبە»نى ئوقۇيمىز؟ بۇنىڭ پەقەت بىرلا جاۋابى بار: «كەلىمە تەييىبە»نى ئوقۇشتىكى مەقسەت، مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرىنى ئايرىش. مەن سىلەردىن سوراپ باقاي: بۇلاردا قانداق ئوخشىماسلىق بار؟ كاپىرنىڭ ئىككى كۆزى، مۇسۇلماننىڭ تۆت كۆزى بارمۇ؟ ياكى كاپىرنىڭ بىر بېشى، مۇسۇلماننىڭ ئىككى بېشى بارمۇ؟ سىلەر چوقۇم: «ياق، بۇ ئۇنداق دېگەنلىك ئەمەس. بۇ دېگەنلىك مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئاقىۋىتىدە زور پەرق بولىدۇ، كاپىرنىڭ ئاقىۋىتى بولسا، ئۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشەلمەسلىك بولۇپ، دەل بىچارە گېزەندىلەرنىڭ ئۆزى. لېكىن مۇسۇلمانلار ئۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە شاپائىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىسىلەر.

مۇھاكىمە
«كەلىمە تەييىبە»نى ئوقۇشتىكى مەقسەت نېمە؟

## ئۇ دۇنيادىكى غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت

جاۋابىڭلار توغرا. لېكىن ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئاخىرەت دېگەن نېمە؟ ئاخىرەتتىكى مەغلۇبىيەت دېگەن نېمە؟ ئاخىرەتتىكى غەلىبە ۋە شان-شەرەپ دېگەن نېمە؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ، داۋاملىق سۆزلەۋېرىشكە بولمايدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ جاۋابى بار: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «بۇ دۇنيا- ئۇ دۇنيانىڭ تېرىلغۇ يېرى» دېگەن، دېمەك، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا بىر-بىرىگە تامامەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىككى

دۇنيا ئەمەس. بەلكى بىر-بىرىنىڭ داۋامى بولغان ئىككى دۇنيا بولۇپ، بۇ دۇنيادا باشلىنىپ ئۇ دۇنيادا ئاخىرلىشىدۇ. دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇناسىۋىتى، خۇددى تېرىقچىلىق قىلىش ۋە ھوسۇلىنى يىغىش مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئاۋۋال يەرنى ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇق سېلىپ، سۇغۇرۇپ، پەرۋىش قىلىپ، زىرائەت پىشقاندىن كېيىن ئورۇيسىلەر. شۇنىڭ بىلەن بىر يىللىق يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكتىن غەم قىلمايسىلەر. بۇغداي تېرىساڭلار بۇغداي ئۈنىدۇ. ئازغان تېرىساڭلار ئازغان ئۈنىدۇ. ھېچنېمە تېرىمىساڭلار، ھېچنەرسە ئۈنمەيدۇ. يەرنى ئاغدۇرغان، سۇغارغان، پەرۋىش قىلغان ۋاقىتىڭلاردا، سەللا بىخەستەلىك قىلساڭلار، قىلغان ئىشلىرىڭلارنىڭ نەتىجىسى چوقۇم سىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئەمما ئىزچىل تۈردە ئەستايىدىل ئىشلەپ بىخەستەلىك قىلمىساڭلار، چوقۇم مول-ھوسۇل ئالىسىلەر. مانا بۇ دەل دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى. بۇ دۇنيا بولسا بىر پارچە ئېتىز بولۇپ، بۇ دۇنياغا كېلىشىمىزدىكى مەقسەت- مېھنەت بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن ھوسۇل تەييارلاش بولۇپ، بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە يېتەرلىك ۋاقىت بار. بۇ دۇنيادا يېتىشتۈرگەن زىرائەت ئۇ دۇنيادا ئوخشاشلا ھوسۇل بېرىپ، ئۇ دۇنيادىكى ھاياتنىڭ مۇھىم تايانچىسى بولىدۇ. بىر ئادەم ئۆمۈر بويى ئېسىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئۆستۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغان بولسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا، تۇنجى بولۇپ كۆزىگە كۆرۈنىدىغىنى غۇچچىدە گۈللەر ئېچىلغان گۈلزارلىقتىكى جاپالىق مېھنىتىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۇ ئەمدى يەنە داۋاملىق ھېچقانداق جاپالىق ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ.

چۈنكى ئۇ گۈلزارلىقتىكى مېۋىدىن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ھالدا بەھرىمەن بولالايدۇ. بۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلەپ يېتىشتۈرگەن مېۋىسى، مانا بۇ جەننەت- ئۇ دۇنيادىكى بەخت باغچىسى، راھەت-پاراغەت ماكانى. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزىلەر بۇ دۇنيادا ئازغان (تىكەن) ۋە قىرتاق، زەھەرلىك مېۋىلىك ئۆسۈملۈك تېرىيدۇ. ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇلارنىڭ ئالىدىغان ھوسۇلى مۇشۇلار بولىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلسا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يامان ئۆسۈملۈكىنىڭ ئورنىغا ياخشى ئۆسۈملۈكنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش پۇرسىتى ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇلار ئۇ دۇنيادا پەقەت تېرىغىنىغىلا تايىنىپ ياشايدۇ، شۇ بەتتەم مېۋىلەرنى يېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۆزلىرى تېرىغان تىكەنلەر ئۈستىدە ئۇخلايدۇ. مانا بۇ ئۇ دۇنيادا مەغلۇپ بولۇپ زىيان تارتىش دېگەننىڭ مەنىسى.

بۇ بۆلەكتە ئىزاھلانغان «ئۇ دۇنيا» ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستە ئاساسى بار. بىر ئادەمنىڭ ئۇ دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتى، ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ مۇشۇ ھاياتلىقىدىكى ئوي ـ پىكرى ۋە قىلمىشىغا قاراپ بولىدۇ.

مۇھاكىمە
نېمە ئۈچۈن ئۇ دۇنيادا بەزىلەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە، يەنە بەزىلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## نېمە ئۈچۈن كاپىر بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئاقىۋىتى ئوخشاش بولمايدۇ؟

يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى چۈشەنگەن بولساڭلار، ھازىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ئاساسەن ھەل بولغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە نەتىجىنىڭ ئوخشىماسلىقى باشلىنىش بىلەنلا بەلگىلىنىپ بولغان بولىدۇ. بۇ دۇنيادا: بىر مۇسۇلماننىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى كاپىرنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بولمىسا ئۇ دۇنيادىكى نەتىجە ئىككى خىل بولمىغان بولاتتى. بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرى كاپىر بىلەن تامامەن ئوخشاش بولسا، ئۇ، ئۇ دۇنيادا كاپىر دۇچار بولىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتتىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## «ئىمان كەلىمىسى»نىڭ مەقستى ـ بىلىم ۋە ھەرىكەتنى ئىسلاھ قىلىش

ئەمدى مەن سىلەردىن يەنە بىر قېتىم سوراپ باقاي: «نېمە ئۈچۈن «ئىمان كەلىمىسى»نى ئوقۇيمىز؟» بۇ مەسىلىگە سىلەر ئاللىقاچان جاۋاب بېرىپ بولدۇڭلار ـ «ئىمان كەلىمىسى» كاپىر بىلەن مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرىنى ئايرىيدۇ. ئەمدى بىز ئۇ دۇنيادىكى ئاقىۋەتنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئالدىمىزغا قويۇلغان مەسىلىنىڭ جاۋابى ئۈستىدە قايتا

ئويلىنىدىغان بولساق، سىلەر چوقۇم: «كەلىمە تەييىبە»نى ئوقۇشتىكى مەقسەت: «بىر ئادەمنىڭ بىلىمى ۋە ھەرىكىتىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۇ دۇنيادا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش» دەيسىلەر. «ئىمان كەلىمىسى» كىشىلەرگە ئۇ دۇنيادا مېۋىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن گۈللۈك باغچىنى قانداق ياخشى پەرۋىش قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم «ئىمان كەلىمىسى»گە ئىشەنمىسە، گۈللۈك باغچىنى ياخشى پەرۋىش قىلمايدۇ، بۇنداق ئادەم ئۇ دۇنيادا قانداقمۇ ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلىسۇن؟ ئەگەر بىر ئادەم ئېغىزدىلا «ئىمان كەلىمىسى»نى ئېيتىپ قويسا، ئەمما بۇ كەلىمىنى ئېيتىشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بىلىمسىز بولسا، ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى كاپىر بىلەن ئوخشاش بولسا، سىلەر چوقۇم «ئىمان كەلىمىسى»نى بۇنداق ئوقۇپ قويغانىنىڭ قىلچە پايدىسى يوق، بۇنداق ئادەمنىڭ ئۇ دۇنيادا كاپىر بىلەن ئوخشاش بولماسلىقىغا ھېچقانداق سەۋەبى يوق، دەيسىلەر. ئۇنداق ئادەم گۈللۈكنى پەرۋىش قىلىشنى ئۆگەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ گۈللۈكنى پەرۋىش قىلمايلا قالماستىن بەلكى، بىر مۇنچە تىكەنلىك دەرەخ ئۇرۇقى چاچىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ ئۇ دۇنيادا قانداقمۇ گۈللەر ئېچىلغان، مېۋىلەر مەي باغلىغان باغچىسى بولسۇن؟ مەن سىلەرگە بىر نەچچە مىسال ئېلىپ ئۆتتۇم. بىر ئىشنى قىلساڭلارمۇ، قىلمىساڭلارمۇ نەتىجە ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بىر كېسەل ئادەم دورا يېگەندىن كېيىنمۇ كېسەلگە نىسبەتەن ھېچقانداق تەسىرى بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ دورىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىغان بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر ئادەم «ئىمان كەلىمىسى»نى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما «ئىمان كەلىمىسى»گە نىسبەتەن تونۇشى، ئىش-ھەرىكىتى «ئىمان كەلىمىسى»نى ئېيتمىغان ئادەم بىلەن ئوخشاش بولغانغا ئوخشاش بولسا، ئۇنداقتا بۇ «ئىمان كەلىمىسى» ئېيتقانىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا كاپىر بىلەن مۇسۇلمان تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوخشاش بولسا ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قانداقمۇ پەرقلىق بولسۇن؟

> مۇھاكىمە
> «ئىمان كەلىمىسى»نىڭ ھەقىقىي مەقسىتى نېمە؟ «ئىمان كەلىمىسى» ئېيتقان ئادەمدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك؟

## «كەلىمە تەييىبە» (ئىمان كەلىمىسى) بىزگە زادى نېمىنى ئۆگىتىدۇ؟

ئەمدى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان مەسىلە: «كەلىمە تەييىبە» بىزگە زادى نېمىنى ئۆگىتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، كاپىر بىلەن مۇسۇلمانىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدە زادى قانداق ئوخشىماسلىق بولۇشى كېرەك؟

1. ئاللاھقا بويسۇنۇش.

سىلەر «ئىمان كەلىمىسى»دىن ئۆگىنىدىغان بىرىنچى مەسىلە: سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئاللاھنىڭلا قۇلى ئىكەنلىكى مەسىلىسى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا، سىلەرنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىڭلار ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولۇشى كېرەككى، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىلەر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇش.

سىلەر «ئىمان كەلىمىسى»دىن ئۆگىنىدىغان ئىككىنچى مەسىلە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ. شۇڭا سىلەر ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۇ دۇنيادا، لەززەتلىك مېۋە بېرىدىغان بىر ياخشى باغ پەرۋىش قىلىشىڭلار، تىكەنلىك ۋە زەھەرلىك ئۆسۈملۈك ئۆستۈرمەسلىكىڭلار كېرەك. ئەگەر سىلەر مۇشۇ بويىچە قىلساڭلار، ئۇ دۇنيادا ياخشى ھوسۇلغا ئېرىشەلەيسىلەر. ئەگەر ئۇ زاتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلمىساڭلار، بۇ دۇنيادا تىكەنلىك دەرەخ ئۆستۈرگەن بولسىلەر-دە، ئۇ دۇنيادا پەقەت تىكەنگىلا ئېرىشىسىلەر.

> مۇھاكىمە
>
> «ئىمان كەلىمىسى» قايسى ئىككى مەسىلىنى ئۆگىتىدۇ؟

## بىلىم ۋە ھەرىكەت بىرلىككە كېلىشى كېرەك

بىلىم ئۆگىنىشتە، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك.

ئەگەر سىلەر ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىڭلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە بىر ھاياتلىقنىڭ بارلىقىغا، ئۇ يەردىكى ھاياتىڭلارنى، مۇشۇ دۇنيادا تىرىكىنىڭلارغا تايىنىپ قامدايدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنسەڭلار، ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا يول ئىزدىمەيسىلەر. سىلەر نېمە ئۈچۈن يەر تېرىيسىلەر؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر يەرنى تېرىمىساڭلار ھوسۇل ئالالماي ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىسىلەر. ئەگەر سىلەر بۇنى چۈشەنمەي، ئەمگەك قىلمىسىمۇ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ دەپ قارىساڭلار، ياكى ئاشلىق بولمىسىمۇ ئاچلىققا ئۆلۈپ قالمايمىز دەپ قارىساڭلار، ئۇنداقتا جاپا تارتىپ يەر تېرىپ يۈرمەيسىلەر. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، سىلەر ئۆزۈڭلار شۇنداق ھۆكۈم قىلالايسىلەركى: بىر ئادەم پەقەت ئاغزىدا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسا، ھەمدە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىمەن دېسە، لېكىن ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى قۇرئان، ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپ بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەمنىڭ ئېتىقادى بەكمۇ ئاجىز ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم تىرىكچىلىك قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى ئېنىق بىلىۋېلىشى كېرەك. ئوخشاشلا ئەگەر ئۇ، ئۇ دۇنيا ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلمىغاندا كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى تونۇپ يەتكەن بولسا، ئۇ بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سەل قارىمىغان بولاتتى، پەقەت ئۆزىنىڭ تېرىغان تىكەنلىرىنىڭ ئۆزىنى زەخمىلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن ئادەملەرلا، مانا مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىدۇ. سىلەر ھەرگىزمۇ چوغنىڭ قولۇڭلارنى كۆيدۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تۇتمايسىلەر. كىچىك باللارنىڭ ئوت ئويىنىشى ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمىگەنلىكتىن بولىدۇ.

مۇھاكىمە

نېمە ئۈچۈن ئۆگەنگەن بىلىم ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشى كېرەك دەيمىز؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

# ئىككىنچى بۆلۈم ئىسلام

## 1 ـ لېكسىيە مۇسۇلمان دەپ كىمنى ئېيتىمىز؟

ئىسلامى قېرىنداشلار!

بۇگۈن مەن كۆپچىلىككە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن، ھەمدە بىر مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي شەرتى ۋە بىر ئادەم قانداق قىلغاندا ئاندىن بىر مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

### كۇپرى دېگەن نېمە؟ ئىسلام دېگەن نېمە؟

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نېمىنىڭ كۇپرى، نېمىنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك. كۇپرىنىڭ مەنىسى: ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىش. ئىسلامنىڭ مەنىسى: ئاللاھقا مۇتلەق بويسۇنۇش، ھەمدە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپ بولغان بارلىق تۈزۈملەر، قانۇن، ئەمر ـ پەرمان...... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىشنى بىردەك رەت قىلىش دېمەكتۇر. ئىسلام بىلەن كۇپرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ھەققىدە ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَن لَّمۡ يَحۡكُم بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ ﴾

**«كىملەركى ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر.»** (سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەت)

بۇ يەردە دېيىلگەن ھۆكۈم پەقەت سوت ئۈستىدە ئەنزە ئەھۋالغا قاراپ كىتاب بويىچە ھۆكۈم قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا دائىم قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سىلەر ھەمىشە، مەلۇم ئىشنى قىلىش كېرەكمۇ ـ يوق؟ دېگەندەك ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىسىلەر. ياكى مەلۇم بىر ئالاھىدە ئىشقا نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك؟ مەلۇم ئىش قايسى مەسىلىگە ياتىدۇ؟ دېگەندەك ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىسىلەر. بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىشىمىز ھەققىدە

قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق كۆرسەتمە بار! لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەپسى ـ خاھىش، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزنىڭ قائىدىلىرى، ئىنسانلار تۈزگەن تۈزۈم ۋە قانۇنلار. بۇ ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىشتا، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئەكسىچە يول تۇتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، باشقىچە يول تۇتسا، ئۇنداقتا ئۇ كۇپرىنىڭ يولىغا ماڭغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر ئۆمۈر شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇ سېپى ئۆزىدىن كاپىر بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بەزى ئىشلاردا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇپ، يەنە بەزى ئىشلاردا نەپسى ـ خاھىشىغا، ئۆرپ ـ ئادەتكە ياكى ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنغا بويسۇنسا، ئۇنداقتا ئۇ ئادەم ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن يۈز ئۆرۈپ، كۇپرى تەرەپكە ماڭغان بولىدۇ. بەزى ئادەملەر يېرىم كاپىر، بەزىلەر تۆتتىن بىر كاپىر، بەزىلەر ئوندىن بىر كاپىر، بەزىلەر يىگىرمىدىن بىر كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن، كۇپرىلىق دەرىجىسى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئىسلام باشقا نەرسە بولماستىن، بەلكى پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇش بولۇپ، بىر ئادەم ھەرگىز ئۆزىنىڭ قۇلى ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قۇلى ئەمەس، جەمەتىنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ قۇلىمۇ ئەمەس، سوتچى، باي ـ پومىشچىك، باجگىر، بەگ ـ ھاكىملار ياكى ئاللاھتىن باشقا مەخلۇقلارنىڭ قۇلى تېخىمۇ ئەمەس، ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ يَـٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَـٰبِ تَعَالَوْا۟ إِلَىٰ كَلِمَةٍۢ سَوَآءٍۭ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلَّا نَعْبُدَ إِلَّا ٱللَّهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهِۦ شَيْـًۭٔا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابًۭا مِّن دُونِ ٱللَّهِ ۚ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقُولُوا۟ ٱشْهَدُوا۟ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ ﴾

**«‹ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىي، ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار»**.» (سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەت)

﴿ أَفَغَيْرَ دِينِ ٱللَّهِ يَبْغُونَ وَلَهُۥٓ أَسْلَمَ مَن فِى ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ طَوْعًۭا

وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ ﴿

**«ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ.»** (سۈرە ئال ئىمران 83 ـ ئايەت)

بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ، ھەقىقىي دىن ـ ئاللاھقا باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت. ئاللاھقا چوقۇنۇش ـ ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدا ئىجرا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ چەكلىگەننى قىلماسلىق، بۇيرۇغاننى چوقۇم قىلىش، ھەر بىر ئىشنى قىلىشتا، بۇ ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلىشىڭلار، ھەرگىزمۇ شەخسىي خاھىشىڭلارنى ئاساس قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى ئەقىللىق ھېسابلاپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇنداق قىلغان، بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلۇغ غوجاملار مۇنداق، مۇنداق....... دېگەن، پالانى مۇنداق دېگەن، پوستانى ئۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن دېگەننى ئاساس قىلماسلىقىڭلار كېرەك. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنماي، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلساڭلار، شۇ ئادەمنى ئاللاھ بىلەن ئوخشاش ئورۇندا كۆرۈۋالغان بولىسىلەر. ھالبۇكى، بۇ ئورۇن ئاللاھقىلا خاس بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭلا بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

﴿ إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ ﴾

**«....... بارچە ھۆكۈم ئاللاھقا خاس.......»** (سۈرە ئەنئام 57 ـ ئايەت)

پەقەت ئاللاھلا چوقۇنۇشقا ئەرزىيدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ياراتتى، ئاللاھنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايسىلەر، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق شەيئى ئاللاھقا بويسۇنىدۇ، بىر پارچە تاش، يەنە بىر پارچە تاشقا بويسۇنمايدۇ. بىر تۈپ دەرەخ يەنە بىر تۈپ دەرەخكە بويسۇنمايدۇ. بىر ھايۋان يەنە بىر ھايۋانغا بويسۇنمايدۇ. مانا بۇ تاشلار، دەل ـ دەرەخلەر، ھايۋاناتلار......نىڭ ھەممىسى ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. ئەمما سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئۆزۈڭلار بىلەن ئوخشاش ئىنسانلارغا بويسۇنۇۋاتىسىلەر، سىلەر، ئاشۇ تاش، دەرەخ، ھايۋاناتلار......چىلىكمۇ بولالمامسىلەر؟

مانا بۇ يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى.

مۇھاكىمە
1. كۇپرى دېگەن نېمە؟ ئەمىلى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
2. ئىسلام دېگەن نېمە؟ ئەمىلى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## ئازغۇنلۇقنىڭ ئۈچ تۈرلۈك يولى

ئەمدى مەن سىلەرگە «كۇپرىلىق نەدىن كېلىدۇ؟» «ئازغۇنلۇق قارىشى نەدىن باشلىنىدۇ؟» دېگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىمەن. قۇرئان بىزگە لەنەتگەردى رەزىللىكنىڭ ئۈچ خىل مەنبەئىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.
1. نەپسى ـ خاھىشىغا چوقۇنۇش.
رەزىللىكنىڭ بىرىنچى مەنبەئى ـ ئىنسانلارنىڭ نەپسى ـ خاھىشىغا بويسۇنۇشى.

﴿ وَمَن أَضَلُّ مِمَّنِ ٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ بِغَيۡرِ هُدٗى مِّنَ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴾

**«ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»** (سۈرە قەسەس 50 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئىنساننى ئازدۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل ـ ئىنساننىڭ ئۆز تىنىدىكى نەپسى ـ خاھىشى (ھاياجىنى). ئەگەر بىر ئادەم نەپسى ـ خاھىشىغا بويسۇنسا، ئاللاھنىڭ قۇلى بولالمايدۇ. ئۇ ھەمىشە قايسى خىزمەتنى تاللىسام پۇل تاپالايمەن؟ قايسى كەسىپنى قىلسام ئابرۇيۇم ئۆسىدۇ؟ قايسى ئىشنى قىلسام راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشاپ، نەپسىم قانائەت تاپىدۇ؟ قانداق قىلسام شاد ـ خۇراملىققا ئېرىشىمەن؟ دەپلا ئويلايدۇ. ئومۇمەن ئۇ مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇپ، ئاللاھنىڭ بۇ ئىشلارنى چەكلىگەن ـ چەكلىمىگەنلىكى بىلەن كارى بولمايدۇ. مۇشۇ ئارزۇلىرىغا يېتەلمەيدىغان ئىش بولسا، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىش بولسىمۇ، ھەرگىز قىلمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل كىشىلەرنىڭ «ئىلاھى» ھەممىگە قادىر ئاللاھ بولماستىن بەلكى

«ئۆزىــدۇر». بۇنــداقتا ئــۇ قانــداقمۇ ئاللاھنىـــڭ نىئمىتــى (تــوغرا يــول)گە ئېرىشەلەيدۇ؟ يەنە بىر ئايەتتە بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن:

﴿ أَرَءَيْتَ مَنِ ٱتَّخَذَ إِلَـٰهَهُۥ هَوَىٰهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلاً أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ أَوْ يَعْقِلُونَ ۚ إِنْ هُمْ إِلَّا كَٱلْأَنْعَـٰمِ ۖ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلاً ﴾

**«نەپسى ـ خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ساقلاش ئۈچۈن) ھامى بولالامسەن؟ ئۇلارنىڭ تولىسىنى (گېپىڭنى) ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار (چۈشەنمەسلىكتە) پەقەت چاھارپايلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر.»** (سۈرە فۇرقان 43 ـ 44 ئايەت)

شۈبھىسىزكى، ئۆز نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلانغانلار ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر. بىر ھايۋان ھەرگىزمۇ ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن چەكلىمىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ھەر بىر خىل ھايۋان ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن نەرسىنى يەيدۇ، يېمەكلىكنىڭ مىقدارىمۇ ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ھەر بىر خىل ھايۋان پەقەت ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ئىقتىدارىنىلا كۆرسىتەلەيدۇ. ئەمما ئادەم مۇبادا نەپسى ـ خاھىشىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالسا، ئالۋاستىنىمۇ تىترىتىدىغان (ھەيران قالدۇرىدىغان) ھايۋانغا ئايلىنىدۇ.

2. ئەجدادلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش.

ئازغۇنلۇقنىڭ ئىككىنچى يولى: ئەجدادلىرىدىن قالغان ئۆرپ ـ ئادەت، ئەقىدە ۋە رەسىم ـ قائىدىلەرگە ھەدەپ ئەگىشىۋېرىش. ھەتتا بۇلارنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىنمۇ يۇقىرى بىلىش. باشقىلار ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئەجدادلىرىنىڭ قائىدىلىرى، جەمەتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئىللەتى بار ئادەم قانداقمۇ ئاللاھنىڭ قۇلى بولالايدۇ؟ ئۇنىڭ «ئىلاھى» ـ ئاتا ـ بوۋىلىرى، جەمەتى، قەۋمى تۇرسا، ئۇنىڭ يەنە ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دېيىشكە نېمە ھەققى بار؟ قۇرئاندا مۇنداق بىر قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار:

﴿ وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلْ نَتَّبِعُ مَآ أَلْفَيْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۗ أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَهْتَدُونَ ﴾

**«ھەر قاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھىيگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟»** (سۈرە بەقەرە 170 ـ ئايەت)

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

﴿ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْاْ إِلَىٰ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ وَإِلَى ٱلرَّسُولِ قَالُواْ حَسْبُنَا مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَآ ۚ أَوَلَوْ كَانَ ءَابَآؤُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَلَا يَهْتَدُونَ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ عَلَيْكُمْ أَنفُسَكُمْ ۖ لَا يَضُرُّكُم مَّن ضَلَّ إِذَا ٱهْتَدَيْتُمْ ۚ إِلَى ٱللَّهِ مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴾

**«ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈمگە، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېيىلسە، ئۇلار: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ؟) ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.»** (سۈرە مائىدە 104 ـ 105 ئايەت)

ھەر بىر دەۋردىكى نادان كىشىلەر بۇ ئازغۇنلۇققا گىرىپتار بولىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلغاندا، بۇ خىل ئازغۇنلۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلسا، قەۋمى مۇنداق دېدى:

﴿ قَالُوٓاْ أَجِئْتَنَا لِتَلْفِتَنَا عَمَّا وَجَدْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَا ﴾

**«سەن بىزگە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن (ئەقىدىسىدىن) ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟»** (سۈرە يۇنۇس 78 ـ ئايەت)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى بۇتپەرەسلىكنى تاشلاشقا چاقىرغاندا، ئۇلار مۇنداق دېدى:

﴿ قَالُواْ وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا لَهَا عَٰبِدِينَ ﴾

**«ئۇلار: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى.»** (سۈرە ئەنبىيا 53 ـ ئايەت)

ھەر بىر پەيغەمبەر بىلەن قەۋمى ھامان ئوخشاش سۆزلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ: «سىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگىنىڭلار دەل ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى ئىكەن، شۇڭا قوبۇل قىلالمايمىز» دېيىشتى. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

﴿ وَكَذَٰلِكَ مَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ فِي قَرۡيَةٖ مِّن نَّذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتۡرَفُوهَآ إِنَّا وَجَدۡنَآ ءَابَآءَنَا عَلَىٰٓ أُمَّةٖ وَإِنَّا عَلَىٰٓ ءَاثَٰرِهِم مُّقۡتَدُونَ ۞ قَٰلَ أَوَلَوۡ جِئۡتُكُم بِأَهۡدَىٰ مِمَّا وَجَدتُّمۡ عَلَيۡهِ ءَابَآءَكُمۡۖ قَالُوٓاْ إِنَّا بِمَآ أُرۡسِلۡتُم بِهِۦ كَٰفِرُونَ فَٱنتَقَمۡنَا مِنۡهُمۡۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُكَذِّبِينَ ﴾

**«شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز» دېيىشتى. (ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە) «ئاتا ـ بوۋاڭلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنغا قارىغاندا ئەڭ توغرا بىر دىننى كەلتۈرسەم يەنىلا ئاتا ـ بوۋاڭلارغا ئەگىشەمسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: «سىلەر ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەنمەيمىز» دېيىشتى. بىز ئۇلارنى جازالىدۇق، (توغرا يولنى) ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.»** (سۈرە زۇخرۇف 23 ـ 25 ئايەت)

ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ پاكىتلارنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: سىلەر ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلارنىڭ قائىدىسىگە ئەمەل قىلىڭلار ياكى مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇڭلار، بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ بىرگە مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر سىلەر بىر مۇسۇلمان بولماقچى بولساڭلار، بارلىق ساختا (ئەھمىيەتسىز) نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ، مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ.

﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّبِعُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ بَلۡ نَتَّبِعُ مَا وَجَدۡنَا عَلَيۡهِ ءَابَآءَنَآۚ أَوَلَوۡ كَانَ ٱلشَّيۡطَٰنُ يَدۡعُوهُمۡ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلسَّعِيرِ ۞ وَمَن يُسۡلِمۡ وَجۡهَهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰۗ وَإِلَى ٱللَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ وَمَن كَفَرَ فَلَا يَحۡزُنكَ كُفۡرُهُۥٓۚ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ فَنُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ﴾

**«ئەگەر ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسە (يەنى قۇرئان)غا ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ياق، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىغا ئەگىشىمىز» دەيدۇ، شەيتان ئۇلارنى دوزاخ ئازابىغا چاقىرغان تۇرسا (ئۇلار يەنىلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشەمدۇ؟). ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇپرى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئۇلارغا (دۇنيادىكى) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (سۈرە لوقمان 21 ـ 23 ئايەت)

3. ئاللاھتىن باشقا كۆپچىلەرگە بويسۇنۇش.

ئازغۇنلۇقنىڭ ئۈچىنچى تۈرلۈك يولى بولسا، قۇرئاندا بايان قىلىنغانىدەك، بىر ئادەم ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ھەر خىل بانا ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، باشقىلارغا بويسۇنسا، مەسىلەن: پالانى ئۇلۇغ ئەرباب، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزى ناھايىتى توغرا، ياكى پالانىغا تايىنىپ ياشايمەن، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىم كېرەك، ياكى پالانىنىڭ چوڭ ھوقۇقى بار، شۇڭا ئۇنىڭغا بويسۇنۇش كېرەك، ياكى پالانى مېنى جەننەتكە كىرگۈزەلەيدۇ ھەم دوزاختا تاشلىيالايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ دېگىنىلا توغرا، ياكى پالانى دۆلەت ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، شۇڭا بىز ئۇلارغا ئەگىشىشىمىز كېرەك دېگەنگە ئوخشاش. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ.

﴿وَإِن تُطِعۡ أَكۡثَرَ مَن فِي ٱلۡأَرۡضِ يُضِلُّوكَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ﴾

**«ئەگەر سەن يەر يۈزىدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر (يەنى كۇففارلار)گە ئىتائەت**

**قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ.»** (سۈرە ئەنئام 116 ـ ئايەت)

بۇنىڭ مەنىسى: پەقەت يالغۇز ئاللاھقىلا ئېتىقاد قىلغاندىلا ئاندىن توغرا يولدا ماڭغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نۇرغۇنلىغان «ئىلاھلار»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بۇگۈن ئۇنىڭغا، ئەتە بۇنىڭغا چوقۇنۇپ يۈرسە، ئۇ قانداقمۇ توغرا يولدا ماڭالايدۇ؟

هازىر سىلەر ئازغۇنلۇقنىڭ ئۈچ تۈرلۈك مەنبەئىنى بىلىۋالدىڭلار:

1. نەپسى ـ خاھىشىغا بويسۇنۇش.

2. ئاتا ـ بوۋىسىغا، جەمەتىگە ۋە قوۋمىغا قارىغۇلارچە بويسۇنۇش.

3. پۇلى، هوقۇقى بارلارغا، ساختا دىنى رەھبەرلەرگە بويسۇنۇش.

بۇ ئۈچى كىشىلەر ئويدۇرۇپ چىققان ساختا مەبۇدلار بولۇپ، مۇسۇلمان بولماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن بۇ ئۈچ بۇتنى پاچاقلاپ تاشلىغاندا، ئاندىن بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالايدۇ. ئەگەر كىمنىڭ قەلبىدە بۇ ئۈچ بۇت ساقلىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ قۇلى بولمىقى ناھايىتى تەس بولۇپ، بىر كۈندە 50 ۋاخ ناماز ئوقۇسۇن، توختىماي روزا تۇتسۇن، كۆرۈنۈشتە مۇسۇلماندەك بولۇۋېلىپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ، ئۆزىنى كامىل مۇسۇلمان ئاتىۋالسىمۇ، لېكىن ئاللاھنى ئالدىيالمايدۇ.

مۇھاكىمە

1. نەپسى ـ خاھىشىغا بويسۇنۇش قانداق بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

2. ئەجدادلىرىغا، جەمەتىگە، قەۋمىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

3. ئاللاھدىن باشقا كۈچلەرگە بويسۇنۇش قانداق بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## پەنجاپ ① مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى

قېرىنداشلار! كىمكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ بۇتنىڭ قۇلى بولىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتەك چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ. سىلەر تاشلاردىن ياسالغان بۇتلارنى چېقىپ، بىتوندىن قوپۇرۇلغان بۇتخانىلارنى ۋەيران قىلدىڭلار، لېكىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلاردا يەنە بەزى بۇتخانىلار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش ئىنتايىن مۇھىم، مۇھىم بولۇپلا قالماي بەلكى بۇ بىر مۇسۇلمان بولۇشۇڭلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى. گەرچە مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار بولسىمۇ، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۈگۈنكى دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئۇچراۋاتقان زىيانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ «ئىلاھ»لارغا چوقۇنۇشنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان. لېكىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى پەنجاپلىق قېرىنداشلار، سىلەرگە شۇنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرىمەنكى، سىلەردىكى چۈشكۈنلۈك، نومۇسقا قېلىشىڭلار ۋە باشقا ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن كېلىپ چىققان. پەنجاپتا، سىلەرنىڭ سانىڭلار 15 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكە ئومۇمى نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئەمما سىلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدىڭلار. ھوقۇقدارلارنىڭ سانى سىلەردىن شۇنچە ئاز تۇرۇپ سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ بىردىنبىر سەۋەب شۇكى: سىلەر نەپسى ـ خاھىشىڭلارنىڭ، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ، ئىنسانىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدىڭلار، ئاللاھنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇڭلار، سىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىڭلار يىلتىزىدىن چىرىپ كەتتى.

1. سىنىپىي پەرق (تەبىقە جەھەتتىكى پەرق).

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا راجكۇتلار (Rajquts) (ھىندىستانىنىڭ غەربى

---

① پەنجاپ ـ ئەسلى ھىندىستانىنىڭ غەربى شىمالىدىكى بىر شتات بولۇپ، 1947 ـ يىلى ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىلىشتىن ئىلگىرى تەخمىنەن 30 مىليون مۇسۇلمان ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ شتات ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. مۇسۇلمانلار پاكىستانغا، ھىندى دىنى مۇرتلىرى ۋە شىيك دىنى مۇرتلىرى ھىندىستانغا تەۋە بولدى. ھازىر پەنجاپ شتاتى بۆلۈنۈپ، ھىندىستانىنىڭ بىر شتاتى ۋە پاكىستانىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولدى. ئاپتور بۇ نۇتقىنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا (1938 ـ يىلى) ھىندىستان بىلەن پاكىستان تېخى ئايرىلمىغان ئىدى.

شىمالىدىكى راجپۇتلارنىڭ بىر بۆلىكى)، گاكارلار (Gakhars)، مۇگۇللار (Mughuls)، جارلار (Jars) (ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر خىل قوۋۇر تەنلىكلەر) قاتارلىقلار بار. ئىسلام بۇنداق ئىرقلار ۋە مىللەتلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنى، ئۆزئارا قېرىنداشلارچە ياشاپ، بىر مۇستەھكەم سېپىلدەك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما سىلەر، تېخىچىلا قەدىمىي ھىندى ئىدىيىسىدىن مېھرىڭلارنى ئۈزەلمەي، ھىندى دىنى ئىدىيىسى بويىچە تەبىقىگە بۆلۈنىدۇڭلار. مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش قۇدا-باجا بولۇشۇپ، باردى-كەلدى قىلىشىپ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولالمىدىڭلار، گەرچە ئېغىزىڭلاردا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» دەپ ئاتاشساڭلارمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى ئېنىق ئايرىمىچىلىق قىلىدىڭلار. مانا بۇ ئايرىمىچىلىق تۈپەيلىدىن سىلەر مۇستەھكەم سېپىل بولالمىدىڭلار. سىلەر بىر تاۋاق قۇمدەك بولۇپ، ناۋادا ئاپەتكە ئۇچرىساڭلار ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان ھېچقانداق ئىقتىدارىڭلار بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىم سىلەردىن ئىسلام دىنى نامى بىلەن ئاراڭلاردىكى ئۆزئارا كەمسىتىشنى، ئايرىمىچىلىقنى يوقىتىپ، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىشنى تەلەپ قىلسا، سىلەر بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟ يەنىلا ئاتام ئېيتقان بايىقى: «ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قائىدىسىنى بۇزالمايمىز» دەيسىلەر. ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ بۇ كۆرسەتكەن باناىيڭلارغا بېرىدىغان جاۋابىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسىمۇ: «ئۆرپ-ئادىتىڭلارنى بۇزمىساڭلارمۇ، ھىندى دىنىچە رەسىم-قائىدەڭلاردىن ۋاز كەچمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئەمما مەن سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىغا قارىماي، يەر بىلەن يەكسان قىلىپ خورلۇقنىڭ تەمىنى تېتىتىمەن» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

2. مىراس تەقسىماتىدىكى ئادالەتسىزلىك.

ئاللاھ سىلەرگە قىز-ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىراسخور بولىدىغانلىقىنى بۇيرۇغان. لېكىن سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇ بۇيرۇقىغا قارىتا بەرگەن جاۋابىڭلار: «ئاتا-بوۋىمىزنىڭ قانۇنى بويىچە، ئوغۇللار مىراسخور بولىدۇ، قىزلار مىراسخور بولمايدۇ، بىز ئاتا-بوۋىمىزنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلىمىز، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئېتىراپ قىلمايمىز» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇنداقتا ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، مۇشۇمۇ ئىسلام بولدىمۇ؟ ئەگەر بىر كىم سىلەردىن ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ قانۇنىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلسا، سىلەر ھەممىڭلار باشقىلار ۋاز كەچسە مەنمۇ ۋاز كېچىمەن دەيسىلەر، خۇددى باشقىلار قىزلىرىغا مىراس بۆلۈپ بەرمەي، سىلەرلا بۆلۈپ بەرگەندەك، سىلەرنىڭ مال-مۈلكىڭلار باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قېلىپ، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكى سىلەرنىڭ

ئۆيۈڭلارغا كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىسىلەر. ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەرنىڭ بۇ جاۋابىڭلار نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشتا، چوقۇم ئالدى بىلەن باشقىلار بويسۇنۇش، ئاندىن سىلەر بويسۇنۇشۇڭلار كېرەكمۇ؟ ئەتە سىلەر يەنە: «ئەگەر باشقىلار پاھىشە بىلەن شۇغۇللانسا، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن. باشقىلار ئوغرىلىق قىلسا، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن. ئىشقىلىپ، باشقىلار جىنايەتتىن قول ئۈزمىسە، مەنمۇ بۇ جىنايەتلەرنى داۋاملاشتۇرىمەن» دەمسىلەر؟ ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ مەئبۇدنىڭ ھەممىسىگە چوقۇنۇپ، نەپسى ـ خاھىشىڭلارنىڭ، ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ، مۇشرىك قەۋمنىڭ قۇلى بولدۇڭلار. بۇ ئۈچ چوڭ جىنايەتنىڭ ھەممىسىنى سادىر قىلىپ تۇرۇپ، يەنە تېخى ئۆزۈڭلارنى ئىسلام ئىچىدە دەپ قارامسىلەر؟

بۇ پەقەتلا نۇرغۇن ئەھۋاللار ئىچىدىكى ئىككى مىسال بولۇپ، ئەگەر كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ باقىدىغان بولساق، ئاراڭلاردا مۇنداق ئىللەتلەردىن قانچىلىك بارلىقىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. سىلەر بەزىدە بىر ئىلاھقا چوقۇنىسىلەر، بەزىدە ئىككى ئىلاھقا، بەزىدە ئۈچ ئىلاھنىڭ ھەممىسىگە چوقۇندۇڭلار. بىر تەرەپتىن بۇ مەئبۇدلارغا چوقۇنۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈڭلارنى ئىسلام ئىچىدە دەپ ئاتايسىلەر. بۇنداقتا سىلەر ئاللاھنىڭ نېئمىتىنى قانداقمۇ ئۈمىد قىلالايسىلەر، بۇ نېئمەتلەر ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

> مۇھاكىمە
> ئۇستاز مەۋدۇدى پەنجاپ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ساقلانغان قايسى خىل ئىللەتلەرنى تەنقىدلىگەنلىكىنى مىساللار بىلەن بايان قىلىڭ؟

## 2 ـ لېكسىيە ئىمان (ئېتىقاد)نىڭ سىناق تېشى (سىنتاش)[1]

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالدىنقى جۈمە كۈنى كۆپچىلىككە، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىگە

[1] سىناق تېشى (سىنتاش) ـ ئالتۇن كۈمۈشنى سىناق قىلىپ كۆرىدىغان تاش.

ئاساسلانغاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئازغۇنلۇقىنىڭ يولى بارلىقىنى، ئۇلار بولسا: (1) ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز نەپسىنىڭ قۇلى بولۇش. (2) ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ ئۈستىگە قويۇش (ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن يۇقىرى بىلىش). (3) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بەلگىلىمە ـ پىرىنسىپلىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئاتالمىش «ئۇلۇغ زاتلار» ياكى دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە، ھوقۇقدارلارغا بويسۇنۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم.

## «مۇسۇلمان» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي تەبىرى

«مۇسۇلمان»نىڭ ھەقىقىي تەبىرى بولسا ـ چوقۇم يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك ئىللەتلەردىن ساقلىنىپ، ھەر قانداق ئىنساننىڭ قۇلى بولماي ئاللاھنىڭلا قۇلى بولۇپ، ھېچقانداق ئىنسانغا ئەگەشمەي، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگىلا ئەگەشكەن بولسا، بۇ ئادەم ئاندىن مۇسۇلمان بولالايدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ بىردىنبىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە، بۇنىڭغا زىت بولغانلىرىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىگە، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستە تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەن ئادەم، ئاندىن مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەتكە تامامەن ئىشەنگەن ئادەم ئۆز ھاياتىدا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ تەلىمى ئىچىدىن كۆرسەتمە ئىزدەيدۇ. ئەگەر بۇ كۆرسەتمىگە ئىگە بولسىلا، بوشاشماي شۇ بويىچە ئىجرا قىلىدۇ. بۇنداق ئادەم مەيلى كۆڭلىدە بىئاراملىق ھېس قىلسىمۇ، جەمەتىدىكىلەر ئەيىبلىسىمۇ، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقسىمۇ، ئۇ ھەرگىز گاڭگىراپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئېنىق قىلىپ: «مەن ئاللاھنىڭ قۇلى، سىلەرنىڭ قۇلۇڭلار ئەمەس. مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىمەن، سىلەرگە ئەگەشمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ.

> مۇھاكىمە
> قانداق ئادەم ھەقىقىي «مۇسۇلمان» بولالايدۇ؟

## مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى

1. نەپسى ـ خاھىشىغا چوقۇنۇش.

ئەگەر بىر كىشى «بۇ ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تەلىمى بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقمايدىكەن. چۈنكى بۇ ماڭا زىيانلىق دەپ قارايمەن، شۇڭا ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز پىكرىم بويىچە ئىش كۆرىمەن» دېسە، ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنداق ئادەمنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئۇ بىر مۇئمىن ئەمەس، بەلكى بىر مۇناپىقتۇر. ئۇ ئاغزىدا «مەن ئاللاھنىڭ قۇلى، پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى» دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ قۇلى، ئۇي ـ پىكىرىنىڭلا ئېتىقادچىسى بولىدۇ.

2. ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە يېپىشىۋېلىش.

ئوخشاشلا، ئەگەر بىر ئادەم «بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ تەلىمى بولسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن بۇگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىن چوقۇم ۋاز كېچەلمەسمىز كېرەكمۇ؟ جەمەتلىرىمىز، تۇغقانلىرىمىز، دوستلىرىمىز، بۈگۈنكىچە بويلاپ ماڭغان قائىدە ـ يوسۇنلاردىن چوقۇم ۋاز كېچەلمەسمىز كېرەكمۇ؟» دېسە، بۇ خىل ئادەم مۇناپىق بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسى كۆپ سەجدە قىلغانلىقتىن يېغىر بولۇپ كەتسىمۇ، سىرتقى قىياپىتى ناھايىتى دىنداردەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر مۇناپىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان. دىن دېگەن ـ پەقەتلا ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، كىيىم ـ كېچەك ۋە چىراي بىلەن ئىپادىلەش بولماستىن بەلكى، دىنىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بولسا ـ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش بولۇپ، ھەر قانداق ئىش قىلغاندا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنمىغان ئادەم، دىنىنىڭ تەۋەلىكىدە بولمايدۇ، ئۇنىڭ نامىزى، روزىسى ۋە دىندار قىياپىتى پۈتۈنلەي ساختا.

3. باشقا ئەللەرنى دوراش.

ئوخشاشلا، ئەگەر بىر ئادەم قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئېتىبار قىلماي، ئەنگلىيىلىكلەرمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ مەلۇم ئۆرپ ـ ئادەتتە چىڭ تۇرۇۋالسا، مەلۇم ئىشنى قىلىشتا، باشقا دۆلەتلەرمۇ شۇنداق قىلىپ روناق تاپقان دەپ تۇرۇۋالسا، پالانى ئەرباب مۇنداق دېگەن دەپ مەلۇم قاراشتا چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەم ئېتىقادىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئېھتىيات

قىلىشى كېرەك. بۇنداق سۆزلەر ئىمانغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر سىلەر بىر مۇسۇلمان بولساڭلار، ھەمدە داۋاملىق مۇسۇلمان بولماقچى بولساڭلار، ئۇنداقتا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىكى ئىشتىن ۋاز كېچىشىڭلار كېرەك. ئەگەر بۇنى قىلالمىساڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئىسلامغا تەۋە دەپ ئاتىماڭلار. ئىغىزىڭلاردا «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىشىنىمەن» دەپ قويۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلاردا دىنى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلماي، باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ كەتسەڭلار، ئىمانىڭلاردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئىسلامدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى سېپى ئۆزىدىن مۇناپىق بولغان بولىسىلەر.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَّقَدْ أَنزَلْنَآ ءَايَٰتٍ مُّبَيِّنَٰتٍ ۚ وَٱللَّهُ يَهْدِى مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٍ مُّسْتَقِيمٍ وَيَقُولُونَ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٌ مِّنْهُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ ۚ وَمَآ أُو۟لَٰٓئِكَ بِٱلْمُؤْمِنِينَ وَإِذَا دُعُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُم مُّعْرِضُونَ وَإِن يَكُن لَّهُمُ ٱلْحَقُّ يَأْتُوٓا۟ إِلَيْهِ مُذْعِنِينَ أَفِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَمِ ٱرْتَابُوٓا۟ أَمْ يَخَافُونَ أَن يَحِيفَ ٱللَّهُ عَلَيْهِمْ وَرَسُولُهُۥ ۚ بَلْ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّٰلِمُونَ إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوٓا۟ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَن يَقُولُوا۟ سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَخْشَ ٱللَّهَ وَيَتَّقْهِ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴾

**«شۈبھىسىزكى، بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئاللاھ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. (مۇناپىقلار): «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۇئمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ**

**(ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ. ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ تەرىپىدىن بولىدىغان بولسا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن)، پەيغەمبەرگە بويسۇنغان ھالدا كېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) ئىللىتى بارمۇ؟ يا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن) گۇمانلىنامدۇ؟ يا ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىدىن قورقامدۇ؟ ياق، ئۇلار (رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكمىدىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن) زالىمدۇر. (پەيغەمبەر) مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، ئاللاھدىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (سۈرە نۇر 46 ـ 52 ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىكى ئىمانغا بېرىلگەن تەبىرنى ئويلىنىپ باقساڭلار، ھەقىقىي ئىمان بولسا ـ قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۆزىنى ئاتاش، ئومۇمەن قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇيرۇلغانلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇش، بۇنىڭغا قارشى بولغانلىرىنىڭ ھېچقاندىقىنى ئاڭلىماسلىق (بۇ خىل قارشى پىكىر بەلكىم شۇ ئادەمنىڭ نەپسى ـ خاھىشى ياكى جەمەتى ياكى باشقا كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشى بولۇشى مۇمكىن)، مۇشۇنداق قىلالىغاندا ئاندىن مۆئمىن، مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلالمىغانلار مۇناپىقلاردۇر.

> مۇھاكىمە
> مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟ تەپسىلىي بايان قىلىڭ.

## ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ مىساللىرى

1. ھاراقنى مەنئى قىلىش.

سىلەر چوقۇم بۇرۇنقى ئەرەبلەر ئارىسىدا ھاراق ئىچىشنىڭ ئىنتايىن ئەۋج ئالغانلىقىنى، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسىنىڭ ھاراققا ئامراق ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇنى ياخشى كۆرۈپ، ناخشا ئارقىلىق مەدھىيىلەپ، ھاراقنى مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى

بىلىشىڭلار مۇمكىن. ئەگەر بىر ئادەم هاراققا خۇمار بولۇپ قالسا، تاشلىمىقىنىڭ بەك تەس ئىكەنلىكىنى، هاراقكەش ئۆلۈشكە رازى بولسىمۇ، هاراقتىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر. ئەگەر هاراق بولمىسا، ئۇنىڭ بەدەن ساغلاملىقى كېسەلدىنمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن قۇرئاندا هاراقنى مەنئى قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق چۈشكەندىن كېيىنكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ بۇ ئەرەبلەر، هاراقنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان بۇ ئەرەبلەر ـ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان هامان دەرھال هاراق كوزىلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن چېقىپ تاشلىدى، مەدىنە كوچىلىرىدا، هاراق، يامغۇردىكى كېيىنكى ئېرىقچىلاردا ئاققان سۇدەك ئاقتى. يىغىلىشلاردا هاراق ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىۋاتقان كىشىلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ هاراقنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى يەتكۈزگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قوللىرى تۇرغان جايىدا قېتىپلا قالدى، بەزىلەر رومكىدىكى هاراقنى ئىچەي دەپ تەمشىلىپ تۇرغاندا، بۇيرۇقنى ئاڭلاپ دەرھال قوللىرىنى توختىتىپ بىر يۇتۇممۇ ئاغزىغا ئالمىدى، مانا بۇ ئىماننىڭ شان ـ شەرىپى! مانا بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇش دەيمىز.

2. جىنايەتكە تۆۋە قىلىش.

سىلەر ھەممىڭلار، ئىسلامدا زىناخورنى قاتتىق جازالاش بەلگىلەنگەنلىكىنى، يەنى يالىڭاچلىنىپ 100 دەررە ئۇرۇلۇپ ئىبرەت قىلىنىدىغانلىقىنى، ئەگەر تويى قىلىپ بولغانلار بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزسە، چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر. ئىمانى بار مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ بۇيرۇققا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ بىر ئادەم زىنا قىلغان، لېكىن ھېچكىم كۆرمىگەن، بىر كىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرزمۇ قىلمىغان، ساقچىمۇ ئۇنى تۇتۇۋالمىغان، پەقەت ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىمانى ئۇنى ئەيىبلەپ، «سەن ئۆزۈڭنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدىڭ، ئاللاھ بەلگىلىگەن جازانى تارتىشقا تەييار بول» دەپ خىتاب قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزلۈكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن زىنا قىلدىم، مېنى جازالىغىن» دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يۈزىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالغان. لېكىن بۇ ئادەم قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئۈچ قېتىم باشقا ياققا بۇرۇۋالغان. مانا بۇ ئىمان، ئىمانى بار ئادەم يۈز دەررە يېيىشكە ياكى چالما ـ كېسەك قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە رازىكى، ئاسىيلار قاتارىدا

ئاللاھ بىلەن ئۆچرىشىشقا رازى بولمايدۇ.

3. ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تۇغقانچىلىقتىن ۋاز كېچىش.

سىلەر ھەممىڭلار، دۇنيادا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقتىنمۇ يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلىسىلەر، بولۇپمۇ ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكا مۇناسىۋىتى كىشىلەر ھەر قانداق قۇربان بېرىشكە قارىماي قوغدايدىغان مۇناسىۋەتتۇر. ئەمما بەدرى ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىدا كىم بىلەن كىم قىرغىن قىلىشتى؟ بەزىلەرنىڭ ئاتىسى ئىسلام قوشۇنىدا، ئوغلى كاپىرلار قوشۇنىدا، بەزىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە ئوغلى ئىسلام قوشۇنىدا، ئاتىسى كاپىرلار قوشۇنىدا، بەزىلەرنىڭ ئاكىسى بۇ تەرەپتە، ئىنىسى ئۇ تەرەپتە بولۇپ، ئەڭ يېقىن قېرىنداشلىرى بىلەن يات كىشىلەردەك ئۆزئارا قىرغىن قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەرگىزمۇ مال ـ دۇنيا، يەر ـ زېمىن ياكى شەخسى ئۆچ ـ ئاداۋەت ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمىدى.

4. كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئەگەشكەنلىك جىنايەتلىرىگە پۇشايمان قىلىش.

سىلەر ھەممىڭلار، ئىسلامنىڭ ئەرەبلەرنىڭ كونا قەبىھ ئادەتلىرىنى بىر يولىلا سۈپۈرۈپ تاشلىغانلىقىنى بىلىسىلەر. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەڭ رەزىل ئادەتلەردىن بىرى بۇتلارغا چوقۇنۇش. ئىسلام بۇ خىل رەزىل ئادەتنى بىكار قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھاراقنى، پاھىشىۋازلىقنى، قىمارنى، ئوغرىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقنى مەنئى قىلدى. ئىلگىرى ئەرەب ئاياللىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا سىرتلارغا چىقىۋېرەتتى، ئىسلام ئۇلارنى «ھىجاپ ـ پەردە ئىچىدە بولۇش» تۈزۈمىگە رىئايە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاياللارنىڭ ئەسلى مىراسخورلۇق ھوقۇقى يوق ئىدى، ئىسلام ئۇلارنىڭمۇ بىر ئۈلۈش مىراسخورلۇق ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېلان قىلدى. ئىلگىرى باشقىلارنىڭ ئاياللىرىنى بېقىۋېلىپ مىراسخور قىلىسا بولاتتى، ئىسلام بۇنى چەكلىدى. ھەمدە بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالى بىلەن توي قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئومۇمەن، بارلىق رەزىل، كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئىسلام قويماي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ بۇلار ئەجدادلىرى نەچچە ئەسىردىن بېرى چوقۇنۇپ كەلگەن بۇتلارنى ئۆز قوللىرى بىلەن چېقىپ تاشلاپ، جەمەتلىرىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىر يولىلا بىكار قىلىپ تاشلىدى. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىلگىرى مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن

نەرسىلەرنى، ئاياغلىرى ئاستىدا چەيلىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلگىرى قاتتىق نەپرەتلەنگەن ئىشلار، ھازىر شەرەپلىك مۇقەددەس ئىشلارغا ئايلاندى. نەچچە ئەسىردىن بۇيان پاك دەپ تونۇلغان نەرسىلەر بىردىنلا پاسكىنا نەرسىلەرگە ئايلاندى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەقىقەت دەپ قارالغان ئىشلاردىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىردەك ۋاز كېچىلدى. ھالبۇكى، ئىسلامنىڭ نەسىھەتلىرى نېرى ـ بېرى سۈرۈشتۈرۈلمەي، بىردەك مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىندى. مانا بۇ ئىمان، مانا بۇ ئىسلام، ئەگەر ئۇز ۋاقتىدىكى ئەرەبلەر: «بۇ ئىش بىزگە زىيانلىق، شۇڭا قوبۇل قىلالمايمىز. ئۇ ئىش بىزگە پايدىلىق، شۇڭا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيمىز. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىمىز. رىملىقلار ۋە پارسلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ياقتۇرىمىز، شۇڭا ئۇنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دەپ ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان بولسا، ئۇيلاپ بېقىڭلار، بۈگۈنكى دۇنيادا يەنە مۇسۇلمان بولامتى؟

مۇھاكىمە

1. ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك مىساللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىڭ؟

2. ئۆزىڭىزنىڭ ئاللاھقا بويسۇنغان ياكى بويسۇنمىغانلىقىڭىز ئۈستىدە پىكىر قىلىپ بېقىڭ.

## ئاللاھنى رازى قىلىشنىڭ يولى

قېرىنداشلار، ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَن تَنَالُواْ ٱلۡبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَ ۚ ﴾

**«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر.»** (سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقى مانا مۇشۇنىڭدا. سىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭلارنى چوقۇم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلىشىڭلار كېرەك. سىلەر دىققەت

قىلدىڭلارمىكىن، ھاياتىڭلاردىكى ھەر قانداق بىر ئىشتا، ئاللاھ سىلەرنى بىر تەرەپكە بۇيرۇسا، نەپسى ـ خاھىشىڭلار قارشى يۆنىلىشكە مېڭىشقا قىستايدۇ. ئاللاھ مەلۇم ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇسا، نەپسىڭلار «بۇنى قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ زىيانلىق» دەيدۇ. ئاللاھ مەلۇم ئىشنى قىلىشنى چەكلىسە، نەپسىڭلار «بۇ ياخشى ئىش» دەپ سىلەرنى قىزىقتۇرىدۇ. بىر تەرەپتە ئاللاھنىڭ رازىلىقى، يەنە بىر تەرەپتە بولسا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن قانائەتلىنىش. ئومۇمەن، ئىنسان ھاياتىدىكى ھەر بىر قەدەمدە ئىككى يول بولۇپ، بىرى ئىسلام يولى، يەنە بىرى كۇپرى ۋە مۇناپىقلىق يولىدۇر. ئومۇمەن، بۈگۈنكى دۇنيادىكى خىلمۇ ـ خىل ساختا، رەزىل ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن قۇتۇلۇپ، پەقەت يەككە ـ يېگانە ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنغۇچىلار ـ ئىسلام يولىدا ماڭغان بولىدۇ. ئومۇمەن، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا ئېتىبار قىلماي، نەپسى ـ خاھىشى ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىرىگە بېرىلىپ كەتكۈچىلەر، كۇپرى ياكى مۇناپىقلىقنىڭ يولىدا ماڭغان بولىدۇ.

مۇھاكىمە

سىلەر ھاياتىڭلاردا دۇچ كەلگەن ھەر بىر ئىشتا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلدىڭلارمۇ ياكى نەپسى ـ خاھىشىڭلارغا ئەگەشتىڭلارمۇ؟

## بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلار

بۈگۈنكى كۈندىكى كىشىلەر ئىسلامغا نىسبەتەن، ئۆزىگە پايدىلىق بولسا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، كۇپرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغۇدەك بولسا، دەرھال شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش تۇتىدۇ، بۇ ئىللەت ھەتتا ئىسلام رەھبەرلىرىدىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەمىشە: «ئىسلام، ئىسلام» دەپ كانايلىرى يىرتىلىپ كەتكۈچە توۋلىشىدۇ. ھەتتا ئىسلامنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلاندۇرىدىغاندەك ئىشلارنى قىلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما مۇبادا بىرسى ئۇلارغا: «سىلەر مۇشۇنداق مەدھىيىلىگەن ئىسلام قانۇنىنى (شەرىئىتىنى) ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىپ كۆرەيلىچۇ» دېسە، ئۇلار دەرھال «بۇنداق قىيىنچىلىق بار، ئۇنداق توسالغۇ بار، ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرايلى» دېيىشىدۇ. ئۇلار ئىسلامنى جازىغا تىزىپ قويۇپ، يىراقتىن تاماشا قىلىدىغان چىرايلىق ئويۇنچۇقتەك قىلىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ. ئىسلام

ئـــارقىلىق ئـــۆزلىرىمىزنى، ئـــۇرۇق ـ تۇغقـــان، ئـــائىلە ـ تاۋابىئـــاتلىرىمىزنى چەكلىمەيۋاتـــــدۇ. تىجـــــارەتلىرىمىزنى ۋە تۇرمۇشـــــمىزدىكى ئىـــــشلارنى چەكلىمەيۋاتـــدۇ. بۈگـــۈنكى كۈنـــدىكى ئىـــسلام كىـــشىلىرىنىڭ ئەھـــۋالى مانـــا مۇشۇنداق بولىۋاتىدۇ. مۇشۇ خىل پوزىتسىيە تۈپەيلىدىن، نامـاز ئوقۇمايـدۇ، روزا تۇتمايدۇ، قۇرئان ئوقۇمايدۇ، شەرىئەتنى ئىجرا قىلىشتىن تېخىمۇ سۆز ئـاچقىلى بولمايدۇ. بۇنـداق بولۇشـىدىكى تـۈپ سـەۋەب ـ ئـۇلار روھىنـى يوقاتقـان (روھـى ئۆلـۈك). روھـتىن مەھـرۇم بولغـان جەسـەت قانـداقمۇ ئاجايىـپ ئىـشلارنى قىلالىسۇن؟!

مۇھاكىمە
بۈگۈنكى كۈندەك ئۆزىنى «ئىسلام ئىچىـدە» دەپ ئاتىۋالغـان كىـشىلەرنىڭ ئىسلامغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداق بولىۋاتىدۇ؟

## 3 ـ لېكسىيە ئىسلامنىڭ ھەقىقي ئۆلچىمى

ئىسلامى قېرىنداشلار!
ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلۡ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحۡيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُۥۖ وَبِذَٰلِكَ أُمِرۡتُ وَأَنَا۠ أَوَّلُ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم، ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن.»** (سۈرە ئەنئام 162 ـ 163 ئايەت)

تۆۋەنـدىكى ھەدىـستە، پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام بـۇ ئـايەتنى مۇنـداق شەرھلەيدۇ:

«بىر ئادەمنىڭ بىر كىمنى دوست تۇتۇشى ياكى دۈشمەن تۇتۇشى، بېرىش ياكى بەرمەسلىكى، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان بولسا، بۇنداق ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇق بولغان بولىدۇ، ئۇ بىر مۇكەممەل مۇئمىنگە

ئايلىنىدۇ.»

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام بىزدىن، بىزنىڭ بويسۇنۇشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى، ئاللاھنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى، ھاياتىمىز، ماماتىمىز، پەقەت يالغۇز ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشىنى، ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ بويسۇنۇشىمىز، ھاياتىمىز، ماماتىمىز، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم ئۈچۈن بولماسلىقى كېرەك.

يۇقىرىدىكى ھەدىس بىزگە مۇنداق كۆرسەتمە بېرىدۇ: بىر ئادەمنىڭ دوست ياكى دۈشمەن تۇتۇشى، ئېلىشى ياكى بېرىشى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئىمانى تولۇق بولغان بولمايدۇ. روھى جەھەتتىن يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشتىن (يۇكسىلىشتىن) تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىماننىڭ پۈتۈن ياكى كەمتۈكلۈك دەرىجىسىنى بېكىتىشتە پۈتۈنلەي مۇشۇنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. بىر ئادەمنىڭ بۇ جەھەتلەردە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن تامامەن بىردەك بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىمانى ئاندىن مۇكەممەل (تولۇق) بولغان بولىدۇ.

بەزىلەر، بۇ خىل ھەرىكەت پەقەت ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يېتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولىدۇ. ئىماننى ۋە ئىسلامنى ساقلاشتا ئۇنچىۋالا قىلىپ كېتىش ھاجەتسىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىمۇ، بىر مۇئمىن، بىر مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىش بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر «بۈگۈنكى دۇنيادىكى قانۇندىكى (شەرىئەتتىكى) ئىسلام» بىلەن «ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي ئىسلام»نى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ.

مۇھاكىمە
بىر مۇكەممەل مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى نېمە؟

## قانۇندىكى (شەرىئەتتىكى) ئىسلام بىلەن ھەقىقىي ئىسلامنىڭ پەرقى

1. قانۇندىكى (شەرىئەتتىكى) ئىسلام.

قانۇندىكى ئىسلامدا، بىر ئادەمنىڭ پەقەت ئېغىزىدا دېگىنىنىڭ، ئېتىقادىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە قاراپ ئۇ ئادەمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىگە كەلسەك، بۇ قانۇن دائىرىسىدىكى ئىش ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھقا ئىشەنسە، پەيغەمبەرگە، قۇرئانغا، قىيامەتكە ۋە ئېتىقادنىڭ مۇھىم شەرتلىرىگە ئىشەنسە، ئۇنداقتا ئۇ ئىسلامنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىگە ئۇيغۇنلاشقان بولۇپ، بىر ئىسلام ئەزاسىغا ئايلانغان بولىدۇ، كۆپچىلىك ئۇنى بىر مۇسۇلمان دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ پەقەت بۇ دۇنيادىلا شۇنداق بولىدۇ. ئادەت بويىچە ئۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قانۇن ۋە مەدەنىيەت ئاساسىنى قۇرغان بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ، كۆپچىلىك ئۇنى كاپىر دېمەي مۇسۇلمان دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ قانۇن، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقى مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا نىكاھلىنالايدۇ، ئۇلارنىڭ مىراسخورلۇق ۋە باشقا قانۇنى ھوقۇقلىرى بولىدۇ.

2. ھەقىقىي ئىسلام.

لېكىن، ئاخىرەتتە بىر ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشەلەمدۇ-يوق؟ مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ، مۇسۇلمان ھېسابلانمامدۇ؟ مۇئمىنمۇ-ئەمەسمۇ؟ ئاللاھنىڭ سادىق بەندىلىرىدىن بولالامدۇ-يوق؟ بۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلماستىن، بەلكى بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا ئىشەنگەن، ئىشەنمىگەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ خىل ھۆكۈم ھەقىقىي ھۆكۈم بولۇپ، ئېغىزدىكى ھۆكۈمنى سوتچىلار (قازىلار) ۋە ئاددىي خەلق چىقىرىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت كىشىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىنىلا كۆرەلەيدۇ. ئەمما ئاللاھ ئىنسانىنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى كۆرۈپ، بىر ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىشكە تامامەن قادىردۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمى بولسا- بىر ئادەمنىڭ ھاياتى، ماماتى، ساداقىتى، بويسۇنۇشى، ئۆزىنى بېغىشلىشىنىڭ كىم ئۈچۈن بولغانلىقىغا قاراش. ئومۇمەن، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ، ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈنمۇ ياكى باشقىلار ئۈچۈنمۇ؟ دېگەنگە قاراشتىن ئىبارەت. ئەگەر ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇ بىر مۇئمىن، مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر باشقىلار ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇ بىر مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. ئومۇمەن، مۇشۇ ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمىگەنلەر بۇ دۇنيادا قانچىلىك دىندار ياكى ئورنى قانچىلىك يۇقىرى دەپ قارالسۇن، ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە ئىسلامى ئىنتايىن كەمتۈك بولغان بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، بىردىنبىر ئەرزىيدىغان ئىش، ئاللاھ سىزگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنى، پۈتۈنلەي ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلالىدىڭىزمۇ-يوق دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر شۇنداق قىلالىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا، ساداقەتمەن بەندىلەر ئۇچۇن بېرىلىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشىسىلەر. ئەگەر سىلەرنىڭ بويىسۇنۇشۇڭلاردا كەمتۈكلۈك (يېتەرسىزلىك) بولۇپ، گەرچە ئۆزۈڭلارنى ئېغىزىڭلاردا مۇسۇلمان ئاتىۋالساڭلارمۇ، ئەمەلىيەتتە، دۇنيانى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، مۇسۇلمانلار بۇ دۇنيادا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇپ يۈرگەن بولىسىلەر. لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئالدىنىپ، ھەرگىزمۇ ساداقەت بەندىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى (ئورنىنى) سىلەرگە بەرمەيدۇ. مەن سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قويغان «قانۇندىكى ئىسلام» بىلەن «ھەقىقىي ئىسلام»نىڭ پەرقىنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلساڭلار، بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى، ئۇ دۇنيادىلا ئەمەس، بۇ دۇنيادىمۇ شۇنداق چوڭ پەرقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىلەر. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ۋە ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

مۇھاكىمە

1. «قانۇندىكى ئىسلام»دا بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىگە قانداق ھۆكۈم قىلىنىدۇ؟

2. ئاللاھنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنى تاللاشتىكى ئۆلچىمى قايسىلار؟

## ئىككى خىل مۇسۇلمان

1. تولۇق بولمىغان مۇسۇلمان.

بىر خىل مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلار ئېغىزىدا ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ئىشىنىمىز، ئىسلام بىزنىڭ دىنىمىز دەيدۇ. ئەمما ئۇلار دىننى پۈتكۈل ھاياتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ بىر قىسىم ھاياتلىقىدا، ئىنتايىن تەقۋادارلىشىپ، تەسۋى سىيرىپ، ناماز ئوقۇپ، ئاللاھنى ئەسلەپ، يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە پاكىزلىقنى تەكىتلىشىپ، ناھايىتى تەقۋادار قىياپەتتە بولىدۇ. ئەمما بۇ بىر قىسىم ھاياتلىقنىڭ سىرتىدىكى بارلىق ھاياتلىقنى ئىسلام بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى

كۆرۈشى، نەپسى ـ خاھىشى، شەخسىي مەنپەئەت ياكى باشقىلار ئۈچۈن بولغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يامان كۆرۈشى، ئۆرۈش ـ جېدەل، ئۆرپ ـ ئادەت ياكى شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى، خوتۇن ـ بالىلىرى، ئائىلە، جەمئىيەت قاتارلىقلاردا بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ دىن بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. ئۇلار تىجارەتچى، ئەمەلدار، ئەسكەر ياكى ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولسۇن، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى، ئابرۇيىنى مۇھىم بىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن مەدەنىيەت، مائارىپ، سىياسىي ئورگانلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرسا، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىگە ۋە مۇشۇ خىل ئاپپاراتلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاپپاراتلار ئىسلام بىلەن ئەزەلدىن مۇناسىۋەت باغلىيالمايدۇ.

2. تولۇق (مۇكەممەل) مۇسۇلمان.

ئىككىنچى خىل مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ئادەمىيلىكىنى، مەۋجۇدلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىسلام ئىچىدە دەپ قارايدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار قانداق ئورۇندا بولۇشتىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئۆلچىمىگە قەتئىي رىئايە قىلىدۇ. مەيلى ئاتىسى، بالىسى، ئېرى، ئايالى بولسۇن، تىجارەتچى، دېھقان، ئىشچى، پومېشچىك، ئەركىن خىزمەتچى، ھۆكۈمەت خادىمى بولسۇن، ئۆزىنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەزى، ئۈمىدى، تەپەككۇرى، ئىدىيىسى، پىكرى، ھەۋىسى، مۇھەببەت ـ نەپرىتىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دائىرىسى ئىچىدە بولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى، ئىرادىسى، كۆز ـ قۇلىقى، ئاشقازىنى ۋە باشقا ئەزالىرى، قول ـ پۇتى، پۈتكۈل جىسمى ۋە روھى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ياكى يامان كۆرۈشى ئىسلام بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مەلۇم ئادەم بىلەن دوستلاشسا ياكى دۈشمەنلەشسە، پۈتۈنلەي ئىسلام ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مەلۇم نەرسىنى مەلۇم ئادەمگە بەرگەن بولسا، ئىسلام ئۇنىڭغا شۇنداق بۇيرۇغانلىقىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ مەلۇم ئادەمگە مەلۇم نەرسىنى بەرمىگەن بولسا، ئىسلام مۇشۇنداق تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن بەرمەيدۇ (يەنى ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى ئىسلام ئۈچۈن بولىدۇ). ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھالىتى شەخسنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى كوللېكتىپ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىدىمۇ ئىپادىلىنىپ، پۈتۈنلەي ئىسلام روھىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھى، پۈتۈنلەي ئىسلامنى ئاساس قىلىدىغان جەمئىيەتكە تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتىمۇ

پۈتۈنلەي ئىسلام يېتەكچىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ.

مۇھاكىمە
1. تولۇق بولمىغان مۇسۇلمانىنىڭ قانداق ئىپادىلىرى بار؟
2. تولۇق (مۇكەممەل) مۇسۇلمان قانداق بولۇشى كېرەك؟

## ئاللاھ ياقتۇرىدىغان (رازى بولىدىغان) مۇسۇلمانلار

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل مۇسۇلمانغا قانۇنى نۇقتىدىن قارىغاندا، ھەر ئىككىلىسى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھېسابلىنىپ، مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن ئوخشىماسلىق بار. ئىسلام تارىخىدىن قارىغاندا، بىرىنچى تۈردىكى مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ باققىنى يوق. ئەمەلىيىتى ئۇلارنىڭ ئىسلامغا نىسبەتەن ھېچقانداق تۆھپىسى يوق. ئەكسىچە، شۇلار سەۋەبلىك ئىسلام كەينىگە چېكىندى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە بۇنداق ئادەملەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئىسلامنىڭ تۈرمۇش تۈزۈملىرىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى كۆپپارلارغا قوش قوللاپ ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى تۆھپىكار ھېسابلاپ، ئازراقلا چەكلىك دىنى تۈرمۇشتىن قانائەتلىنىپ يۈرۈشىۋېرىدۇ. ئاللاھ ھەرگىزمۇ بۇنداق «مۇسۇلمانلار»دىن رازى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ دۇنياغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشى، كىتابلارنى چۈشۈرۈشى ھەرگىزمۇ بۇنداق «مۇسۇلمانلار» ئۈچۈن ئەمەس. ئاللاھنىڭ ئارقا-ئارقىدىن كىتابلارنى چۈشۈرۈشى، ئارقا-ئارقىدىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى، مۇشۇ خىلدىكى «مۇسۇلمانلار» بولمىغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئاللاھ رازى بولىدىغان مۇسۇلمانلار ئىلگىرىمۇ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىسلام نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئىش-ھەرىكەت قىلىدىغان مۇسۇلمانلار بولۇپ، بۇلار ئىككىنچى تۈردىكى مۇكەممەل (تولۇق) مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ.

مۇھاكىمە
ئاللاھ رازى بولىدىغان مۇسۇلمانلار قانداق كىشىلەر؟

# مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن ھەقىقىي بويسۇنسا ئاندىن باشقىلارنى قايىل قىلالايدۇ

بۇ، ئىسلامدىلا مۇشۇنداق بولۇپ قالماستىن، دۇنيادىكى ھەر قانداق دىنىنىڭ گۈللىنىشى، ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئېتىقادىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، نەپسى - خاھىشىنى ئېتىقادىغا بويسۇندۇرالىشىدىن بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ، بىر دىنىنىڭ ھەقىقىي مۇرىتى پەقەتلا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئۆز ئېتىقادىغا سادىق بولغان كىشىلەر بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەيدىغان كىشىلەر ئەمەس. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر دىن مۇشۇنداق مۇرىتلىرىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەر قانداق بىر دىن بۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ مۇشۇنداق مۇرىتلىرى بولغانلىقتىن بولىدۇ.

> مۇھاكىمە
> دىنىنىڭ ھەقىقىي مۇرىتلىرى قانداق بولۇشى كېرەك؟

## مۇسۇلمانلار ئاللاھقىلا سادىق بولۇشى كېرەك

ئىسلامنىڭ باشقا دىنلارغا ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى - باشقا دىنلاردا ئەگەر كىشىلەرنى دىن ئۈچۈن ئۆزىنى ھالاك قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ بۇنداق قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەمما ئىسلام باشقا دىنلارغا ئوخشىمايدۇ. ئىسلامنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشقا تولۇق ھوقۇقى بولىدۇ. چۈنكى باشقا دىنلار كىشىلەردىن تەلەپ قىلغان ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئوبيېكتىنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەمما ئىسلامدا ئۆزىنى بېغىشلاش تەلەپ قىلىنغان ئوبيېكت بولسا - ئاللاھدۇر. چۈنكى ئاسمان - زېمىندىكى ھەممە شەيئى ئاللاھقا مەنسۇپ. شۇڭا بۇنداق تەلەپنى قويۇشقا تامامەن ھوقۇقلۇق. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارمۇ ئاللاھقا تەۋە بولۇپ، ئۇلار ئىگە بولغان بارلىق نەرسىلەر، ئاللاھ ئاتا قىلغان بارلىق نەرسىلەر ئاللاھقا مەنسۇپ. شۇڭا بۇنداق تەلەپنى قويۇش تامامەن ھەقلىق بولۇپ، ئاللاھقا تەۋە نەرسىلەر چوقۇم ئاللاھقا قايتۇرۇلۇشى كېرەك. ئىنسانلار باشقىلار ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قۇربان بەرسە،

ساداقەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن، ئاللاھ ئۈچۈن قۇربان بەرگەنلەر چوقۇم مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.
بەزىلەر ئۆزىنىڭ نەپسى ـ خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، ساختا دىنلار ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىدۇ، ھەمدە ئىنتايىن ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. تارىخ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ، ئىنسانىيەت راستلىقى بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىغان ساختا نىشانلار ئۈچۈن، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنى نامايان قىلغان. بۇنداق ئىشلاردىن بۇگۈنكى مۇسۇلمانلار چوڭقۇر ساۋاق ئېلىشقا ھەقىقەتەن ئەرزىيدۇ.

مۇھاكىمە
نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئاللاھقا سادىق بولۇپ، بارلىقىنى بېغىشلاش كېرەك دەيمىز؟

## ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش

مەن كۆپچىلىكتىن، يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسكە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە ئىسلامىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى، مۇشۇ ئۆلچەم ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر سىلەر ئىسلامنى قوبۇل قىلدىم، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا سادىق بولدۇم، دەپ قارىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا ھاياتىڭلار، ماماتىڭلار ئاللاھ ئۈچۈن بولىدىمۇ ـ يوق؟ ھاياتىڭلار، ئەقىل ـ ئىدرىكىڭلار، ۋۇجۇدۇڭلارنىڭ قۇۋۋىتى، ۋاقتىڭلار، تىرىشچانلىقىڭلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بولىدىمۇ ـ يوق؟ ياكى سىلەرنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭلار تامامەن نەپسى ـ خاھىشىڭلار ۋە ئائىلە، تۇغقانلىرىڭلار، دوستلىرىڭلار ئۈچۈن كەتمەن چېپىش بولىدىمۇ ـ يوق؟ سىلەرنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىڭلار ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولىدىمۇ ـ يوق؟ بۇلارنىڭ تەكشۈرۈپ باقتىڭلارمۇ؟ يەنە قاراپ بېقىڭلار، سىلەرنىڭ مەلۇم ئادەتنى ياخشى كۆرۈشۈڭلار ياكى يامان كۆرۈشۈڭلار ئاللاھ ئۈچۈن بولىدىمۇ ـ يوق؟ مۇھەببەت نەپرىتىڭلارغا ئازراق شەخسىي ھېسسىيات ئارىلىشىپ قالىدىمۇ ـ قانداق؟ سىلەرنىڭ ئېلىشىڭلار ۋە بېرىشىڭلار ئاللاھ ئۈچۈن بولىدىمۇ ـ يوق؟ باشقىلارغا بىرەر نەرسە بەرگەن بولساڭلار، ئاللاھ شۇنداق بەلگىلىگەچكە، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ شۇنداق قىلدىڭلارمۇ؟ ئوخشاشلا، مەلۇم ئادەمگە بىرەر نەرسە بەرمىگەن بولساڭلار،

ئـاللاھ بىرىـشنى چەكلىگەنلىكـتىن، ئاللاھنىــڭ رازىلىقـى ئۈچـۈن ئـۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالدىڭلارمۇ؟ ئەگەر سىلەردە «مۇشۇنداق قىلالىدىم» دەيدىغان تۇيغـۇ بولـسا، ئۇنـداقتا، ئاللاھنىــڭ ســىلەرگە تولــۇق ئىمــان ئاتــا قىلغانلىقىغــا رەھــمەت ئېيتىشىڭلار كېرەك. ئەگەر بۇ جەھەتلەردە يېتەرسـىزلىكنىڭ بـارلىقىنى ھـېس قىلـساڭلار، بىئــارام بولمــاي، ئامــال قىلــىپ، زېھنىڭلارنــى يىغىــپ بــۇ يېتەرســىزلىكلەرنى تۈگەتــسەڭلار، دۇنيــا ـ ئــاخىرەتتە بەخــت ـ ســائادەتكە ئېرىشىـسىلەر. ئەگەر سىـلەر ئۇنـداق قىلمـاي، بـۇ دۇنيـادا مەلـۇم نەتىجىـلەرگە ئېرىشسەڭلارمۇ، بۇ نەتىجەڭلار، يۇقىرىقى يېتەرسىزلىكىڭلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققــان زىياننىــڭ ئــورنىنى تولدۇرالمايـدۇ. ئەممـا بـۇ يېتەرسـىزلىكىڭلارنى تولۇقلىساڭلار، بۇ دۇنيادا ھېچقانـداق مەنـپەئەتكە ئېرىشەلمىـسەڭلارمۇ، لـېكىن ئاقىۋەتتە بىر زىيان تارتقۇچى بولمايسىلەر. بـۇ ئـۆلچەم ھەرگىـزمـۇ باشـقىلارنىڭ «مـۇئمىن» يـاكى «مۇنـاپىق»، «مۇسـۇلمان» يـاكى «كـاپىر» ئىكەنلىكىنـى بەلگىلىشىڭلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكـى ئـۆزۈڭلارنى تەكـشۈرۈش ئۈچۈنـدۇر. نـاۋادا ئۆزۈڭلاردا مەلۇم يېتەرسىزلىكلەرنى بايقىساڭلار، ئۇ دۇنيادىكى سـوتقا بېرىـشتىن ئىلگىرى، پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن بۇ يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىڭلار. بۇ دۇنيـادىكى مـۇپتى، قازىلارنىــڭ (شــەرىئەت ھۆكـۈمىنى ئــېلان قىلغۇچىلارنىــڭ) ســىلەرنى مۇسۇلمان دەپ ئەنگە ئالغانلىقىدىن ئۆزۈڭلارغا تەمەننا قويۇپ يـۈرمەڭلار، بەلكـى ئاللاھنىــڭ دەپتىرىــدە ئىــسمىڭلارنىڭ بــار ـ يوقلۇقىــدىن ئەنـسىرەڭلار. پۈتــۈن دۇنيــادىكى كىــشىلەرنىڭ ھەممىــسى ســىلەرنىڭ ئىــسلامىڭلار ۋە ئىمانىڭلارغــا گۇۋاھلىق بەرگەن تەقدىردىمۇ قىلچىلىك پايدىسى يوق. سـىلەرنىڭ «مۇنـاپىق ئەمەس، مــۇئمىن»، «ئاســيلار ئەمەس، ســادىق بەنــدىلەر»، «كــاپىر ئەمەس، مۇسۇلمان»لىقىڭلار ھەققىـدە، ئـاللاھ ئـاخىرقى ھۆكـۈمنى چىقارغانـدا، ئانـدىن ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشىسىلەر.

مۇھاكىمە
ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈشتىكى ئۆلچەم قايسىلار؟

## 4 ـ لېكسىيە نېمە ئۈچۈن ئاللاھقا بويسۇنىمىز؟

ئىسلامى قېرىنداشلار!
ئـۆتكەن بىـر نەچـچە ھەپتىـدە، كـۆپچىلىككە «ئىـسلام ـ ئـاللا ۋە ئۇنىــڭ

ئەلچىسىگە بويسۇنۇشتۇر» دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم. بۇ دېگەنلىك، بىر ئادەم نەپسى ـ خاھىشى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلماي، پەقەت ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇش دېگەنلىكتۇر. بەزىلەر: «ئاللاھ بىزنىڭ ئۆزىگە ۋە پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇشىمىزغا مۇشۇنداق جىددىي ئېھتىياجلىقمۇ؟ ئاللاھ بۇ دۇنيادىكى پادىشاھلارغا ئوخشاش، ئەمەلدار ـ پۇقرالارنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇمدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن، بۇگۈن مەن دەل مۇشۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىمەن.

## ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى
## ئاللاھقا بويسۇنۇشقا باغلىق

ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا چاقىرىق قىلىشىدا، ماھىيەتتە پۈتۈنلەي ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى كۆزدە تۇتۇلغان، ئاللاھ دۇنيادىكى پادىشاھلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار شەخسەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ ھېچقانداق مەنپەئەتكە موھتاج ئەمەس، ئاللاھ كىشىلەردىن باج ئېلىشقا موھتاج ئەمەس، ئاللاھ سىلەرنىڭ پۇلۇڭلار بىلەن ھەشەمەتلىك سارايلارنى، داچىلارنى سالمايدۇ، ئالىي ماشىنىلارنى سېتىۋالمايدۇ، قىممەت باھالىق زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ توپلىمايدۇ. ئاللاھ پاكتۇر. ئاللاھ ھېچنەرسىگە موھتاج ئەمەس، ئالەمدىكى ھەممە شەيئى ئاللاھقا مەنسۇپ، ئاللاھ بارلىق بايلىقنىڭ ئىگىسى. ئاللاھنىڭ سىلەرنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا بۇيرۇشى، پەقەت سىلەرنىڭ بەخت ـ سائادەتىڭلار ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ ئۆزى ياراتقان ئەڭ ھۆرمەتلىك مەخلۇق بولغان ئىنساننىڭ شەيتاننىڭ ياكى باشقا ھەر قانداق ئىنساننىڭ قۇلى بولۇپ، رەزىللىك ئالدىدا باش ئېگىشىنى خالىمىغان. ئاللاھ ئۆزىنىڭ زېمىندىكى خەلىپىلىرى (ۋاكالەتچىلىرى)نىڭ ھايۋانلاردەك ياشاپ، زۇلمەتتە تىمىسقىلاپ، ئاخىرى نەپسى ـ خاھىشىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ئۆز قەدرى ـ قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر مېنىڭ ئەلچىلىرىم ئېلىپ كەلگەن نۇرغا تايىنىپ ئىلگىرىلەڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار توغرا يولدا بولغان بولىسىلەر، پەقەت توغرا يولدا بولساڭلارلا، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە شەرەپلىك ئورۇنغا ئېرىشىسىلەر».

﴿ لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ قَد تَّبَيَّنَ ٱلرُّشۡدُ مِنَ ٱلۡغَيِّۚ فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَوۡلِيَآؤُهُمُ ٱلطَّٰغُوتُ يُخۡرِجُونَهُم مِّنَ ٱلنُّورِ إِلَى ٱلظُّلُمَٰتِۗ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴾

**«دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھدىن باشقا بارچە مەئبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ، كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.»**

(سۈرە بەقەرە 256 ـ 257 ئايەت)

مۇھاكىمە

نېمە ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئاللاھقا بويسۇنۇشقا باغلىق بولىدۇ؟

## ئاللاھدىن باشقا نەرسىلەرگە بويسۇنۇش ـ غەيرىي ئەقىدە

ئەمدى بىز: نېمە ئۈچۈن بىر ئادەم ئاللاھدىن باشقا نەرسىلەرگە بويسۇنسا، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تېڭىرقايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھقىلا بويسۇنغاندا يورۇقلۇققا ئىگە بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ باقايلى.

كۆپچىلىككە مەلۇم، بىزنىڭ ھايات ياشىشىمىز نۇرغۇنلىغان ھالقىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىكى بىرىنچى ھالقا، ئۆزىمىزنىڭ بەدىنى بولۇپ، بەدىنىمىزدىكى قول ـ پۇت، كۆز، قۇلاق، تىل، يۈرەك، مېڭە، ئاشقازان

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈن ئاللاھ بىزگە بەرگەن، ئەمدى بۇلارنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى ئۆزۈڭلار بەلگىلەيسىلەر، يەنى ئاشقازىنىڭلارغا نېمىلەر كىرىپ، نېمىلەر كىرمەسلىكى كېرەك؟ قولۇڭلاردا نېمىنى قىلىپ، نېمىنى قىلماسلىق كېرەك؟ پۇتۇڭلار قانداق يولدا مېڭىپ، قانداق يولدا ماڭماسلىقى كېرەك؟ كۆز ـ قۇلىقىڭلار نېمىنى كۆرۈپ، نېمىنى ئاڭلاش، نېمىنى كۆرمەسلىك ۋە نېمىنى ئاڭلىماسلىق لازىم؟ ئاغزىڭلاردا نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك كېرەك؟ مېڭەڭلاردا قانداق مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىش كېرەك؟ دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە، بۇلارنى ياخشىلىققا ياكى يامانلىققا ئىشلىتىشنى پۈتۈنلەي ئۆزۈڭلار بەلگىلەيسىلەر، ئۇلار سىلەرنى ئىنتايىن ئالىيجاناب قىلىۋېتىشىمۇ ياكى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.

ئىككىنچى ھالقا، سىلەرنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلار، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭلار، خوتۇن ـ بالىلىرىڭلار ۋە باشقا تۇغقانلىرىڭلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشۇڭلار كېرەك. سىلەرنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن قانداق ھوقۇقۇڭلار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ سىلەرگە نىسبەتەن قانداق ھوقۇقى بولىدۇ؟ سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى خاتىرجەملىكىڭلار ۋە مۇۋەپپەقىيىتىڭلار، سىلەرنىڭ ئۇلار بولغان مۇناسىۋەت ئۇسۇلۇڭلارنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىگە قارىلىدۇ، ئەگەر بۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىساڭلار، ئۇنداقتا بۇ دۇنيا سىلەر ئۈچۈن دوزاخ بولىدۇ. بۇ دۇنيادىلا ئەمەس، ئۇ دۇنيادىمۇ ئاللاھقا جاۋاب بېرىشىڭلار كېرەك.

بۇ دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىسىلەر. بەزىسى قوشناڭلار، بەزىسى دوستلىرىڭلار، بەزىسى دۈشمەنلىرىڭلار، بەزىلەر سىلەرگە ياردەمدە بولغانلار، بەزىلىرى سىلەر ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىپ بەرگەنلەر، بەزىلىرى سىلەرگە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىپ بەرگەنلەر، بەزىلەر سىلەرنىڭ مەسئۇللىرىڭلار، سىلەر بەزىلەرنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، ئومۇمەن، مۇشۇنداق نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىسىلەر. سىلەرنىڭ بۇ ھاياتلىقىڭلاردىكى بەخت ـ سائادىتىڭلار ۋە نام ـ ئابرۇيىڭلار مۇشۇ كىشىلەر بىلەن توغرا يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشىڭلارغا باغلىق بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ھوقۇقۇڭلارنى قالايمىقان ئىشلەتمەي، ھېچقانداق كىشىگە زىيان سالماي ياشىغان بولساڭلار، ئۇ دۇنيادا ـ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، ئاللاھقا يېقىن جايدىن ئورۇن ئالىسىلەر. ھەمدە ئۇ يەردە ھېچكىم سىلەرنى ئەرز قىلماسلىقى، باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، باشقىلارنىڭ نام ـ ئابرۇيى، ھاياتى، مال ـ مۈلكىگە قانۇنسىز زىيان سالغان دەپ ئەيىبلەنمەسلىكىڭلار

كېرەك، شۇڭا، بۇ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە قارىتا، قانداق مۇۋاپىق پوزىتسىيە قوللىنىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۇسۇلى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشىڭلار كېرەك.

ئەمدى شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۆز ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىڭلار بىلەن، ۋە باشقا بارلىق كىشىلەر بىلەن توغرا مۇناسىۋەتنى ساقلىشىڭلار ئۈچۈن، ھەر بىر قەدىمىڭلاردا بىلىمگە موھتاج بولىسىلەر، ھەر بىر قەدىمىڭلاردا، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ئادىل، نېمىنىڭ ساختا، نېمىنىڭ ئادالەتلىك، نېمىنىڭ ئادالەتسىزلىك، كىملەرنىڭ سىلەرگە نىسبەتەن ھوقۇقى بولىدۇ؟ قانچىلىك بولىدۇ؟ سىلەرنىڭ كىملەرگە ھوقۇقۇڭلار بولىدۇ؟ قانچىلىك بولىدۇ؟ نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى قاتارلىقلار ناھايىتى ئايدىڭ بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇلارغا ئۆزۈڭلار جاۋاب ئىزدىسەڭلار، جاۋابىنى تاپالمايسىلەر. چۈنكى نەپسىڭلار بۇنداق ئىزدىنىشىڭلارنى توسۇۋېلىپ، جىسمانىي تەلەپىڭلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. نەپسىڭلار سىلەرنى ھاراق ئىچىشكە، پاھىشە قىلىشقا، بەزى قانۇنسىز قىلمىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ، بۇلاردىن خۇشاللىق تېپىشقا كۈشكۈرتىدۇ. نەپسىڭلار يەنە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى تۇتۇپ قېلىش ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىشكە ئۈندەيدۇ. ئومۇمەن، ئالىسىلەر، بەرمەيسىلەر، نەپسىڭلار سىلەرگە باشقىلارنىڭ سىلەرگە ئىش قىلىپ بېرىشىنى، سىلەرنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلماسلىقىڭلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە خېلى كۆپ پايدا كېلىدۇ. ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق رەزىل شەخسىيەتچىلىككە تىز پۈكسەڭلار، ئۇ سىلەرنى بىر شەخسىيەتچى قارا نىيەت ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، دۇنيا-ئاخىرەتلىكىڭلارنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئىككىنچى ئىش، نەپسى-خاھىشىڭلارغا بويسۇنمىدىڭلار، لېكىن ئۆزۈڭلار بىلەن ئوخشاش بولغان باشقا ئادەملەرگە بويسۇنىسىلەر، پۈتۈنلەي شۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئاڭلايسىلەر، ئۇلار سىلەرنى قاياققا بۇيرۇسا شۇ ياققا ماڭىسىلەر. بۇلار ئەگەر شەخسىيەتچى بولسا، سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرىدۇ، ياكى سىلەرنى قايمۇقتۇرىدۇ. ئۇلار ناۋادا يامان يولغا ماڭسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ يامان يولغا ماڭىسىلەر. ئەگەر بۇلار رەھىمسىز كىشىلەردىن بولسا، سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قوراللىرىغا ئايلاندۇرۇپ، سىلەردىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىدۇ. ئومۇمەن، ئەگەر سىلەر بۇ يولدا ماڭساڭلار، ئىلىمنىڭ نۇرىغا ئىگە بولالماي، ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتەلمەيسىلەر. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادا توغرا يولدا ماڭالمايسىلەر.

مۇھاكىمە

1. ئاللاھدىن غەيرىيگە بويسۇنغاندا قانداق يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ؟

2. ئۆزىمىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە قارىتا قانداق توغرا يول تۇتۇشىمىز كېرەك؟

3. ئاللاھ بىزنىڭ بەدىنىمىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلەرنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟

## ھەقىقىي يېتەكچىلىك ـ ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ

ئەڭ ئاخىرىدا سىلەر چوقۇنۇشقا لايىق بىردىنبىر ئىلاھنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئاللاھ تەرەپتىن سىلەرگە زۆرۈر بولغان يورۇقلۇقا ئىگە بولالايسىلەر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئاللاھنىڭ بىلىشىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق، قانداق ئىشنى قىلىشقا بولىدۇ، قانداق ئىشنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچنەرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ئاللاھ ھېچقانداق مەنپەئەتكە موھتاج ئەمەس. شۇڭا بۇ بۈيۈك زاتنىڭ سىلەرگە كۆرسىتىپ بەرگەن يولىدا ھەرگىزمۇ باشقىچە غەرەز بولمايدۇ، بەلكى مۇتلەق ھالدا سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئاللاھ ـ ئادالەتنىڭ ئىگىسى، ئاللاھ ـ بارلىق نۇقسانلاردىن پاكتۇر. شۇڭا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى پۈتۈنلەي ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ زاتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنساڭلار، ئۆزۈڭلار ۋە باشقىلارغا ھەرگىزمۇ ئادالەتسىزلىك خەۋپى كېلىپ چىقمايدۇ.

مۇھاكىمە

نېمە ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە ھەقىقىي يېتەكچىلىك ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ دەيمىز؟

## قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكىدىن (ھىدايىتىدىن) ئىلتىپاتقا (نېئمەتكە) ئېرىشكىلى بولىدۇ

ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكى (نۇرى) ئىچىدىن ئىلتىپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىككى زۆرۈر شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنىش، چۈنكى يېتەكچىلىك (نۇر) ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ، بۇ دېگەنلىك، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىگە تامامەن ئىشىنىش (ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى چۈشىنىڭلار ياكى چۈشەنمەڭلار، سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرماي تامامەن ئىشىنىش). ئىككىنچىدىن، ئەگەر ئېتىقادىڭلار تۇرغۇزۇلغان بولسا ئىلاھى يېتەكچىلىككە ئەگىشىپ مېڭىشىڭلار كېرەك. چۈنكى يېتەكچىلىك بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى نەتىجىلىك ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم سىلەرگە مەلۇم نەرسە زەھەرلىك، يېسە ئادەم ئۆلىدۇ، شۇڭا يېيىشكە بولمايدۇ، دېسە، سىلەرمۇ «توغرا دېدىڭىز، ئۇ زەھەرلىك» دەيسىلەر. ئەمما سىلەر ئۇ نەرسىنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا يېسەڭلار، ئاقىۋىتىڭلار، ئۇنىڭدا زەھەر بارلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ يەپ زەھەرلەنگەن ئادەم بىلەن ئوخشاش بولىسىلەر. ئۇنداقتا بۇ نەرسىدە زەھەر بارلىقىنى بىلگىنىڭلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟ سىلەر ئاللاھقا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئاندىن ھەقىقىي ئىلتىپاتقا ئېرىشەلەيسىلەر. ئاللاھ نازىل قىلغان نەسىھەتلەرگە، پەقەت ئاغزىڭلاردا «ئىشەندىم، راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېمەسلىكىڭلار، بەلكى ھەقىقىي تۇردە شۇ بويىچە قىلىشىڭلار كېرەك. ئاللاھ بىزنى قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَ ﴾

**«ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار.»** (سۈرە مائىدە 92 ـ ئايەت)

﴿ وَإِن تُطِيعُوهُ تَهۡتَدُواْ ﴾

**«...... ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر......»** (سۈرە نۇر 54 ـ ئايەت)

﴿ فَلۡيَحۡذَرِ ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنۡ أَمۡرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمۡ فِتۡنَةٌ أَوۡ يُصِيبَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴾

**«...... پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.»** (سۈرە نۇر 63 ـ ئايەت)

مۇھاكىمە

قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ يېتەكچىلىكى (ھىدايىتى)دىن ئىلتىپاتقا (نېئمەتكە) ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

مەن سىلەرگە «پەقەت ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش كېرەك»لىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدىم. بۇ ھەرگىزمۇ «باشقىلارنىڭ سۆزىنى بىردەك ئاڭلىماسلىق كېرەك» دېگەنلىك ئەمەس. بۇ دېگەنلىك، باشقىلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كەتمەسلىكنى تەكىتلەشتۇر. ئەگەر باشقىلار سىلەرنى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇغان ۋاقىتتا، سىلەر بۇ ئىش ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇنمۇ ـ يوق؟ دېگەننى ئويلىنىپ بېقىشىڭلار كېرەك. ئەگەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولسا، ئۇنى قىلساڭلار بولىدۇ. چۈنكى سىلەر بۇ ئارقىلىق ھېلىقى ئادەمگە ئەمەس، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنغان بولىسىلەر. ئەگەر بۇ ئادەم ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغۇچى، پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغۇچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى دەرھال رەت قىلىشىڭلار كېرەك. چۈنكى «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىنى قويۇپ، باشقىلارغا بويسۇنۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ». بۇ سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار.

سىلەرگە مەلۇمكى، ئاللاھ ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئۆزى كېلىپ، سىلەرگە نەسىھەت قىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھنىڭ نەسىھەتلىرى سىلەرگە پەيغەمبەر

ئـارقـلىق يەتكۈزۈلـىدۇ. مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنـدىن 1350 يـىل بـۇرۇن (1938 ـ يىلى سۆزلەنگەن نۇتۇق) جەننەتكە كەتكەن. ئاللاھنىـڭ پەيغەمبىرىمىـز ئـارقـىلىق يەتكـۈزگەن نەسـىھەتلىرى قۇرئـان ۋە ھەدىـستە ساقلانغان. لـېكىن قۇرئـان بىـلەن ھەدىـس ئـۆزى ھەرىـكەت قىلـىپ، بـۇيرۇق چۈشـۈرمەيدۇ. ئـۇلار (قۇرئـان، ھەدىـس) ئالـدىڭلارغا كېلىـپ ئـۇنى قىلىـڭلار، بـۇنى قىلمـاڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈرمەيدۇ، شۇڭا پەقەت ئادەملەرلا سىلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس بـويىچە ئىـش قىلىـشىڭلارغا يـاردەم بېرىـدۇ. شـۇڭا ئادەملەرنىـڭ يېتەكلىـشىگە ئەگىشىـشتىن باشـقا يـول يـوق، بىـراق، مـۇھىمى كـۆزۈڭلارنى يۇمـۇپلا ئەگىشىۋېرىشكە بولمايدۇ. بەلكى يۇقىرىدا بايان قىلىـپ ئۆتكىنىمـدەك، ئالـدى بىلەن، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىغان ۋە قىلمايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭلار لازىم. ئەگەر ئۇلار پۈتـۈنلەي قۇرئـان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتەكچىلىك قىلسا، ئۇلارغـا بويـسۇنۇشۇڭلار كېـرەك. ئەگەر ئۇلارنىـڭ يېتەكچىلىكىـدە خاتـالىق بولـسا، ئۇلارغـا بويسۇنماسلىقىڭلار لازىم.

مۇھاكىمە

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاشتا، ئادەملەرنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشتىكى شەرتلەر قايسى؟

## 5 ـ لېكسىيە دىن ۋە شەرىئەت

ئىسلامى قېرىنداشلار!

دىنى ئاتالغۇلار ئىچىدە دىن ۋە شـەرىئەت دېگەن بـۇ ئىككـى سـۆزنى دائىـم ئاڭلاپ تۇرىسىلەر، لېكىن ئاراڭلاردا بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىـسىنى بىلىـدىغانلار كـۆپ ئەمەس، ساۋاتـسىزلار بـۇ ئىككـى سـۆزنىڭ ئاجايىـپ پەرقىنـى ئەلـۋەتتە بىلەلمەيدۇ، خېلى تەربىيە كۆرگەنلەرمـۇ، ھەتتـا نۇرغۇنلىغـان شەرىئەتـشۇناسلار (مەۋلـۋىلار)مـۇ ، بـۇ سـۆزلەرنىڭ ھەقىقىـي مەنىـسى ۋە ئىككـى سـۆزنىڭ مەنە جەھەتتىكى پەرقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بـۇ نـادان كىـشىلەر دىـن ۋە شـەرىئەتتىن ئىبارەت ئىككى سۆزنى ئارىلاشتـۇرۇۋېتىپ، قالايمىقـانچىلىق تۇغدۇرىـدۇ، بۇگـۈن مەن كۆپچىلىككە بۇ ئىككى سـۆزنىڭ مەنىـسىنى ئاددىي قىلىـپ چۈشـەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

# دىنىنىڭ مەنىسى

دىنىنىڭ بىر قانچە مەنىسى بولۇپ، بىرىنچىسى، شان ـ شەرەپ، ھۆكۈمەت، ئىمپېرىيە، پادىشاھلىقنىڭ تۈزۈلمىسى، ھۆكۈمرانىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقى دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچىسى، دەل يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بويسۇنماق، تەۋە بولماق، قۇل قىلماق، جاپالىق ئىش دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۈچىنچىسى، چۈشەندۈرمەك، ھۆكۈم قىلماق، ھەمدە قىلمىشلىرىغا مۇكاپات ـ جازا بېرىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئاندا بۇ ئۈچ خىل مەزمۇنىنىڭ ھەممىسى بار. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُ ۗ ﴾

**«ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى)دۇر...»** (سۈرە ئال ئىمران 19 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: دىن پەقەت ئاللاھقا تەۋە بولغاندا، ئۇ بىر ھەقىقىي دىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ـ شان ـ شەرەپنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى ھەم ئۇنىڭ كاپالەتلەندۈرگۈچىسى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ باشقا شەيئىلەرگە چوقۇنۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئىنسان چوقۇم ئاللاھنىلا ھەقىقىي ئىگە، پادىشاھ دەپ بىلىپ باشقا شەيئىلەردىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايدۇ. ئىنسان چوقۇم ئاللاھنى بىردىنبىر مۇكاپات ـ جازا بەرگۈچى دەپ تونۇپ، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنىڭ جازالىشىدىن قورقماسلىقى كېرەك. مانا بۇ دىنىنىڭ نامى ـ ئىسلامدۇر. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانلار، شان ـ شەرەپنىڭ باشقا ئىگىلىرىمۇ بولىدۇ، ئۇلارمۇ پادىشاھ، ئۇلارمۇ مۇكاپات ـ جازا بېرەلەيدۇ دەپ تونۇسا، ھەمدە ناھايىتى ياخشىچاقلىق بىلەن ئۇلارغا چوقۇنسا، بويسۇنسا، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلاردىن مۇكاپات ئۈمىد قىلسا، ئۇلارنىڭ جازاسىدىن قورقسا، ئۇنداقتا بۇ يالغان دىن بولۇپ، ئاللاھ بۇنداق دىننى قوبۇل قىلمايدۇ، چۈنكى، بۇ ھەقىقەتكە پۈتۈنلەي قارشى بولۇپ، كائىناتتا، ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق شان ـ شەرەپ ئىگىسى، سەلتەنەت ئىگىسى يوق، ھېچكىمنىڭ ئاللاھدەك ئالىي ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمرانلىقى مەۋجۇد ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى ھەرگىزمۇ باشقا مەخلۇقلارغا قۇل بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم، مۇكاپات ـ جازا يۈرگۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا بۇ ھەقىقەتلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿ وَمَن يَبۡتَغِ غَيۡرَ ٱلۡإِسۡلَٰمِ دِينٗا فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡهُ وَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴾

**«كىمكى ئىسلام (دىنى)دىن غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ.»** (سۈرە ئال ئىمران 85 ـ ئايەت)

بۇ، ئاللاھنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمرانلىقىغا سەل قاراپ، باشقا مەخلۇقلارنى ئىلاھ بىلىپ، ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۇنى مۇكاپاتلىيالايدۇ ۋە جازالىيالايدۇ، دەپ تونۇغان بولسا، ئۇنداقتا، ئاللاھ ئۇنىڭ دىنىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، دېگەنلىكتۇر، چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**«ئۇلارنى پەقەت ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىشقا، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ساپ ۋە توغرىلىقىنى ساقلاشقا بۇيرۇغىن.»**

ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭلا قۇلى بولۇشقا بۇيرۇغان بولۇپ، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ قۇلى بولۇشقا بۇيرۇمىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ نىشانىنى ئېنىق پەرق ئېتىپ، دىققىتىنى دىنغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاللاھقىلا بويسۇنۇپ، ئاللاھقىلا يۈزلىنىش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ئاللاھنى رازى قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش، ھەممە ئاللاھدىنلا قورقۇش كېرەك.

﴿ أَفَغَيۡرَ دِينِ ٱللَّهِ يَبۡغُونَ وَلَهُۥٓ أَسۡلَمَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ طَوۡعٗا وَكَرۡهٗا وَإِلَيۡهِ يُرۡجَعُونَ ﴾

**«ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئاللاھنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاللاھقا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) ئاللاھ تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ.»** (سۈرە ئال ئىمران 83 ـ ئايەت)

بۇ ـ ئەجەبا ئىنسانىيەت، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭلا قۇلى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتنىڭمۇ ئاللاھقا بويسۇنۇشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئاللاھدىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنامدۇ؟ ئەجەبا، ئىنسانىيەت پۈتكۈل كائىناتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقا بىر يېڭى پىلان تۈزمەكچىمۇ؟ دېگەنلىكتۇر.

﴿ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَرۡسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلۡهُدَىٰ وَدِينِ ٱلۡحَقِّ لِيُظۡهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ

﴿ كُلِّهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡمُشۡرِكُونَ ﴾

**«ئاللاھ ھەق دىن (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ.»** (سۈرە تەۋبە 33 ـ ئايەت)

بۇ، ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ھەقىقىي دىننى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، بارلىق ساختا نوپۇزلۇق ھۆكۈمرانلارنى يوقىتىپ، ئىنسانىيەتنى ئازات قىلىپ، مۇشرىكلار ۋە كاپىرلارنىڭ نادانلارچە سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ قارشى تۇرۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، ئىنسانلارنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇلى بولماسلىققا چاقىرىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

﴿ وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ كُلُّهُۥ لِلَّهِۚ ﴾

**«پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.»** (سۈرە ئەنفال 39 ـ ئايەت)

بۇ، سىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىشىڭلاردىكى مەقسىتىڭلار، بارلىق يالغان ئىلاھلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ رەزىللىكىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، دۇنيادا پەقەت ئاللاھنىڭ قانۇنىنىلا يۈرگۈزۈپ، پەقەت ئاللاھنىڭلا ئەڭ ئالىي نوپۇزلۇق زات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىنسانىيەتنى پەقەت ئاللاھنىڭلا قۇلى بولسۇن، دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

بۇ چۈشەندۈرۈشلەردىن، «دىن»نىڭ مەنىسىنى بىلىۋالدىڭلار، «دىن» بولسا ـ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىگە، مۇتلەق پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش. پەقەت ئاللاھقىلا بويسۇنۇش، ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش، ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قورقۇش، مۇكاپاتىنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت.

ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە بەلگىلەپ بەرگەن بەلگىلىمىسى، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، كىتابلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇش، دىنىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ إِمَّا يَأۡتِيَنَّكُمۡ رُسُلٞ مِّنكُمۡ يَقُصُّونَ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتِي فَمَنِ ٱتَّقَىٰ

وَأَصْلَحَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴾

**«ئى ئادەم بالىلىرى! ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەرلىرىم كەلگەندە، تەقۋادارلىق قىلغان ۋە (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەرگە (كەلگۈسىدىن) غەم قىلىش، (كەتكەنگە) قايغۇرۇش يوقتۇر.»** (سۈرە ئەئراف 35 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئىنسانىيەتكە بىۋاسىتە چۈشمەستىن، بەلكى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا، ئومۇمەن، ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئادەم، پەقەت ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلسا، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئىجرا قىلسا، ئاللاھقا بويسۇنغان بولىدۇ. مانا بۇ «دىن» دېگەن سۆزنىڭ ئۇقتۇرىدىغان مەزمۇنى.

مۇھاكىمە

«دىن»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈڭ.

## «شەرىئەت» دېگەن نېمە؟

ئەمدى «شەرىئەت»نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. «شەرىئەت» دېگەن سۆزنىڭ «ئۇسۇل» ۋە «يول» دېگەن مەنىلىرى بار. سىلەر ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىگەڭلار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ھەمدە ئۇنىڭغا بويسۇنغان ئىكەنسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھقا ۋاكالىتەن ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى، ئىلاھىي كىتابلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنسىلەر، «دىن»غا كىرگەن بولىسىلەر. ئاندىن كېيىن ئاللاھقا بويسۇنۇش ئۈچۈن، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۇسۇلۇڭلار ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مېڭىشىڭلارغا تېگىشلىك بولغان يول «شەرىئەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ۋە يولنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەلچىسى ئارقىلىق بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسىلا بىزگە ئۆز ئىگىمىزگە بويسۇنۇش ئۇسۇلىنى ۋە پاكلىنىش يولىنى ئۆگىتىدۇ. پەيغەمبەر بىزگە توغرا يوسۇندا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشنىڭ يولىنى، ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇلىنى، سودا ـ سېتىق، باردى ـ كەلدى قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە پۈتكۈل ھاياتلىقتىكى

ئىش ـ ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئوخشىمايدىغان يېرى «دىن» ئىلگىرىمۇ شۇنداق، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما «شەرىئەت» ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى ئەمەلدىن قالدى، بەزىلىرى ئۆزگەرتىلدى. بىراق «شەرىئەت»نىڭ قانداق ئۆزگەرتىلىشىدىن قەتئىينەزەر «دىن» ئۆزگەرتىلمىدى. نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا، شۇئەيىب، سالىھ، ھۇد ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ «دىن»ى تامامەن ئوخشاش، ئەمما ھەر قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ «شەرىئەت»دە ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرقلەر بار. بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ئۇسۇلى مۇنداق بولسا، يەنە بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ئۇسۇلى يەنە باشقىچە بولغان. ھالال ـ ھارامىلىقتىكى كۆرسەتمە، پاكىزلىقتىكى بەلگىلىمىسى، توي قىلىش، ئاجرىشىش ۋە مىراسخورلۇق قانۇنى جەھەتلەردە ئۆزئارا نۇرغۇن جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولۇپ، نۇھنىڭ، ئىبراھىمنىڭ، ئىيسانىڭ، مۇسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان ھېسابلىنىمىز. چۈنكى، ھەممىمىزنىڭ «دىن»ى پۈتۈنلەي ئوخشاش. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «شەرىئەت»نىڭ ئوخشىمىغانلىقى «دىن»غا قىلچىلىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. گەرچە ئەمەل قىلىش ئۇسۇللىرى كۆپ خىل بولسىمۇ، ئەمما «دىن» پەقەت بىردۇر.

مۇھاكىمە
«شەرىئەت» دېگەن نېمە؟

## ھەر قايسى «شەرىئەت»لەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ خاراكتېرى

بۇ پەرقنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىر خوجايىنىنىڭ نۇرغۇن قۇللىرى بولۇپ، خوجايىننى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بۇ خوجايىنىنىڭ قۇلى بولالمايدۇ، ئۇ خوجايىننى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى زۆرۈر دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلىشتىن قورققان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇشۇ خوجايىنىنىڭ قۇلى قاتارىغا كىرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۇسۇلى، خوجايىنغا ئىتائەت قىلىش ئۇسۇلى، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ

قوللۇق سالاھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەگەر خوجايىن مەلۇم بىر قۇلغا مۇنداق، مۇنداق... قىلىسەن دېسە، باشقا بىر قۇلغا يەنە باشقىچىراق تەلەپ قويسا، ئالدىنقى قۇلنىڭ پەقەت مەنىلا خوجايىنىنىڭ قۇلى، باشقىلار ئۇنداق ئەمەس، دېيىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئوخشاشلا، خوجايىن بىر بۇيرۇق چۈشۈرسە، A قۇلنىڭ چۈشىنىشى مۇنداق بولسا، B قۇلنىڭ چۈشىنىشى ئۇنداق بولۇپ، ھەر ئىككىيلەن ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىككىيلەن خوجايىنغا بويسۇنغۇچىلاردىن بولىدۇ. ئەمما، A قۇل بۇيرۇقنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولۇشى، B قۇل بۇيرۇقنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا ھېچكىمنىڭ: «سەن بويسۇنمىدىڭ، خوجايىنىنىڭ قۇلى بولۇشقا لايىق ئەمەس» دېيىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەردىن، «دىن» بىلەن «شەرىئەت»نىڭ پەرقىنى بىلىۋالدىڭلار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمىغان شەرىئەتلەرنى چۈشۈردى، مەلۇم پەيغەمبەرگە مەلۇم خىل چوقۇنۇش ئۇسۇلىنى چۈشۈرگەن بولسا، يەنە بىر پەيغەمبەرگە يەنە باشقىچە ئۇسۇلنى چۈشۈردى. گەرچە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈم، بەلگىلىمە جەھەتتە پەرقلەر بولسىمۇ، ئومۇمەن، مۇشۇ ئۇسۇللار بويىچە ئاللاھقا چوقۇنغانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىن، ئاللاھ «ئەمدى مەن ئىلگىرىكى نازىل بولغان ئۇسۇللارنى بىردەك بىكار قىلىمەن، بۇندىن كېيىن، كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلماقچى بولسا، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىمگە نازىل بولغان قائىدە ـ تۈزۈملەرگە بويسۇنسۇن» دەپ بۇيرۇدى. شۇندىن ئېتىبارەن، ھەر قانداق بىر بەندىنىڭ يەنىلا ئىلگىرىكى ئۇسۇل بويىچە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىمىز دەپ تۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەگەر يېڭى ئۇسۇل بويىچە ئەمەس، كونا ئۇسۇل بويىچە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىمەن دېسە، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشى بويىچە ئىش قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاللاھنىڭ قۇللىرى قاتاردىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. دىنى تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ بىر كاپىرغا ئايلىنىدۇ.

مۇھاكىمە

ھەر قايسى شەرىئەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىقلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك؟

# ھەر قايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ خاراكتېرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممىتىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى يۇقىرىقى مىسالنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، يەنى، ئۇمۇمەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن «شەرىئەت»نى ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى» دەپ ئىشەنگەن، ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەلۇم ئادەمنىڭ «شەرىئەت»نى چۈشىنىشى مۇنداق، يەنە باشقا بىر ئادەمنىڭ چۈشىنىشى ئۇنداق بولۇپ، ھەر ئىككىيلەن ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنى بويىچە ئەمەل قىلغان بولسا، ئىككىيلەننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئانچە ـ مۇنچە پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ قۇللىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلدىم دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ھېچكىممۇ ئۆزىنىلا ئاللاھنىڭ قۇلى، باشقىلار ئۇنداق ئەمەس دېيەلىسۇن؟

ھەتتا پەقەت مەنىلا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلىدىم، باشقىلار ئۇنداق قىلالمىدى دەپ، قانداقمۇ باشقىلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتەلىسۇن؟ بۇنداق ئۆكتەملىك بىلەن سۆزلەيدىغانلار، خۇددى ئۆزلىرىنى خوجايىندەك ھېسابلاپ: «سىلەر خۇددى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغاندەك، مېنىڭ چۈشەنگىنىم بويىچە ئىش ـ ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار زۆرۈر. ئۇنداق قىلمىساڭلار، مېنىڭ سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىش ھوقۇقۇم بار» دېگەندەك قاراشتا بولىدۇ. ئۇيلاپ بېقىڭلار، بۇ نېمە دېگەن ئېغىر ئەھۋال ـ ھە!

شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىمكى يەڭگىللىك بىلەن بىر مۇسۇلماننى كاپىر دېسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزى تارتىدۇ» دېگەن. چۈنكى، ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇغان، ئەمما بۇ بۇرادەر: «ياق، سىلەر چوقۇم مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۇم ۋە ھۆكۈمۈمگە بويسۇنۇشۇڭلار كېرەك (بۇ ـ سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ئاللاھلا ئەمەس، يەنە مەندەك كىچىك ئىلاھمۇ بار دېگەنلىكى ئەمەسمۇ؟)، ئەگەر بۇيرۇقۇمغا بويسۇنمىساڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىش ـ چىقارماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەن سىلەرنى دىندىن ھەيدەپ چىقىرىمەن» دەيدۇ. بۇنداق تەكەببۇرانە سۆزنى دېگۈچىلەر، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىش ـ كەتمەسلىكىدىن

قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىش خەۋپى بار.
كۆپچىلىك! مەن سىلەرنىڭ «دىن» بىلەن «شەرىئەت» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تولۇق چۈشىنىشىڭلارنى، ھەمدە ئاللاھقا چوقۇنۇش جەھەتتىكى ھەر قانداق پەرقىنىڭ، «دىنى» جەھەتتىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقىنى چۈشىنىشىڭلارنى، مەلۇم ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىغان ئادەم ھەقىقىي تۈردە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بۇيرۇغانلىقىنى، ھەمدە قۇرئان ۋە ھەدىستە ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە دەپ تونۇغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇھاكىمە
ئاللاھقا بويسۇنۇش جەھەتلەردىكى پەرقلەرگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك؟

## «دىن» بىلەن «شەرىئەت» ئوتتۇرىسدىكى پەرقنى چۈشەنمەسلىك قانداق زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

ئەمدى مەن سىلەرگە «دىن» بىلەن «شەرىئەت» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشەنمەسلىكنىڭ، سىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رايونۇڭلارغا قانداق زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىمەن.
مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش جەھەتتە بىر نەچچە خىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئۆرە تۇرغاندا، بەزىلەر قولىنى كۆكرىكىگە قويىدۇ، بەزىلەر كىندىكىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ئىمامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇغاندا، بەزىلەر ئىمام سۈرە «فاتىھە»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى پەس ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىدۇ، بەزىلەر ئوقۇمايدۇ، «ئامىن»نى بەزىلەر ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ، بەزىلەر پەس ئوقۇيدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر بىر خىل ئۇسۇلنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ھەقىقىي ئاساسى بار. شۇڭا، ناماز ئوقۇش ئۇسۇلىدا ئازراق پەرق بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بەزى مىجەزى ئىتتىك كىشىلەر، بۇنداق «شەرىئەت» مەسىلىلىرىنى، «دىنى» مەسىلە قىلىۋېلىپ، بۇ جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلارنى «دىنى» جەھەتتىكى خاتالىق دەۋېلىپ، گۇرۇھ بولۇۋېلىپ، مەسجىدكە بارماي، ئۆزئارا بىر-بىرىنى قاتتىق

سۆكۈشۈپ، بىر-بىرىنى مەسجىدلەردىن قوغلاپ چىقىرىشىپ، قاتتىق دەۋالىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى نۇرغۇن مەزھەپلەرگە بۆلۈۋەتتى.

بەزىلەر ھەتتا بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي، كىچىك ئىشلارنى باھانە قىلىپ، ئۆزئارا بىر-بىرىنى كاپىر، گۇناھكار ياكى بىدئەتچى دەپ سۆكۈشتى. بەزى ئادەملەر مەلۇم ئىشقا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىن چۈشەنگىنىنى ئاساس قىلىپ، باشقىلارنى ئۆزلىرىگە ئەگىشىش كېرەك دەپ قارايدۇ. ناۋادا رەت قىلىنسا، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ «دىنى»نىڭ دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەنەفىيە، شافىئىي...... قاتارلىق نۇرغۇن مەزھەپلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىسىلەر. بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئەڭ يۇقىرى نوپۇزلۇق كىتاب دەپ تونۇيدۇ. ھەممە ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن، ئۇلاردىن كۆرسەتمىلەرنى ئالىدۇ. بەلكىم بىرىنىڭ توغرا، يەنە بىرىنىڭ خاتا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مەن مەلۇم مەزھەپتە بولسام، ھەممە ئۆزۈمنىڭكىنى توغرا دەپ قارىسام، باشقا مەزھەپتىكى كىشىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، مەن توغرا دەپ قارىغان جايلارنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىمەن. ئەمما مەلۇم ئادەمنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشى بىر ئىش. ئۇنى دىندىن ھەيدەپ چىقىرىش تامامەن باشقا بىر ئىش. ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە «شەرىئەت»كە ئەمەل قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەگەر 10 نەپەر مۇسۇلمان، 10 خىل ئۇسۇل بىلەن ئەمەل قىلسا، ئۇلار پەقەت شەرىئەتكە ئىشەنسە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بىر «ئۈممەت»نى (Ummah) تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدىغانلىغا ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئەمما بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر، ھەمىشە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن ئۈممەتنى چاك-چېكىدىن پارچىلاپ، مەسچىت تاللاپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلمايدۇ. ئۆزئارا قۇدا-باجا بولۇشمايدۇ. كىچىك گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆزىنىلا ئۈممەت ھېسابلاپ يۈرۈشىدۇ.

مۇھاكىمە

«دىن» بىلەن «شەرىئەت» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشەنمەسلىك قانداق زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

# ئۆزئارا چەتكە قېقىشنىڭ زىيىنى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى چەتكە قېقىشىدىن كېلىپ چىققىدىغان زىياننى مۆلچەرلەش ئىنتايىن تەس. ھىندىستاننى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق (1938-يىلى پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئايرىلمىغان بولۇپ، بۇ شۇ چاغدا سۆزلەنگەن نۇتۇق)، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 80 مىليون بولۇپ، ئەگەر مۇشۇنداق زور بىر ئۇممەت بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئاللاھنىڭ بۇيۇك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان بولسا، دۇنيادا كىممۇ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىققا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ئەمما ئەمەلىيەتتە، مەزھەپچىلىك تۇپەيلىدىن بۇ ئۇممەت نەچچە يۈز مەزھەپكە پارچىلىنىپ، ئۆزئارا ھەسەتخورلۇق قىلىشىپ، ھەتتا چوڭ ئىشلاردىمۇ ئۆزئارا بىرلىشىپ، سىرتقا قارىتا بىردەكلىكنى ساقلىيالمايدۇ. ئۆزئارا دۈشمەنلىكى، ھەتتا يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دۈشمەنلىكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. بەزى چاغلاردا بىر مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار تەپتارتماستىن غەيرىي دىندىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، باشقا مەزھەپتىكىلەرنى بوزەك قىلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قېلىشى، بوزەك قىلىنىشقا ئۇچرىشىدىن ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. ئۇلار جازاغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَوۡ يَلۡبِسَكُمۡ شِيَعٗا وَيُذِيقَ بَعۡضَكُم بَأۡسَ بَعۡضٍۗ ﴾

**«...... ياكى سىلەرنى پىرقىلەر قىلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى ئۇرۇشقا سېلىپ) بىرىڭلارغا بىرىڭلارنىڭ ئازابىنى تېتىشقا قادىردۇر......»** (سۈرە ئەنئام 65-ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بولسا، ئاللاھنىڭ جازالاش ئۇسۇلىدىن بىرى، سىلەرنى نۇرغۇن كىچىك مەزھەپلەرگە بۆلۈپ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلغۇزۇپ، تەڭ ھالاك قىلىشتۇر.

قېرىنداشلار! مانا بۇ دەل بۈگۈنكى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى دۇچار بولۇۋاتقان جازا بولۇپ، بولۇپمۇ پەنجاپ ئۆلكىسىدە تېخىمۇ شۇنداق. بۇ يەرلەردە مەزھەپلەر ئارىسىدىكى كۈرەش مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، گەرچە پەنجاپتا سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ سانلىقنى ئىگەللىسىمۇ، ئەمما كۈچ-قۇدرىتىڭلاردىن قىلچىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز ھەممىمىز بەخت-سائادەتنى ئويلايدىكەنمىز، ئۇنداقتا بۇ مەزھەپلەرنى

تارقىتىۋېتىپ، ئۆزئارا بىر تۇغقاندەك بولۇپ، ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى» ئاستىدا بىر ئۈممەت بولۇپ ئۇيۇشۇش كېرەك. Ah_Ihadith، ھەنەفىي، Ddobandi، Brelvi، شىئە، سۈننىي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈممەتنى تەشكىل قىلالمايدۇ، بۇ ئاتالمىش «ئۈممەتلەر» جاھىلىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەقەت بىرلا ئۈممىتى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ (Ummahe_Muslimah) مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت.

مۇھاكىمە

1. ئۆزئارا چەتكە قېقىشنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟

2. ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قايسى ئىللەتلەرنى يوقىتىش كېرەك؟

# ئۈچىنچى بۆلۈم ناماز

## 1 ـ لېكسىيە ئىبادەت (IBADAT) دىنى مەجبۇرىيەت

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالىدىنقى قېتىمدا سىلەرگە «دىن» ۋە «شەرىئەت»نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەن ئىدىم. بۇگۈن سىلەرگە، گەرچە مۇسۇلمانلار دائىم قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ. ئەمما توغرا مەنىسىنى بىلىدىغانلار بەك ئاز بولغان بىر سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن، ئۇ بولسىمۇ «ئىبادەت»(Ibadat).

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴾

**«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.»** (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە، سىلەرنىڭ توغۇلۇشۇڭلار ۋە ياشىشىڭلاردىكى بىردىنبىر مەقسەت باشقا ئىش ئۈچۈن بولماستىن، پەقەت ئاللاھقا چوقۇنۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن، ئەمدى سىلەر چوقۇم «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىشنى تەشنالىق بىلەن ئارزۇ قىلىۋاتىسىلەر، چۈنكى ئەگەر بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمىسەڭلار، بۇ ھاياتىڭلاردىكى بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلالمايسىلەر، ھەر قانداق ئىشتا كۆزلىگەن مەقسەت ئىشقا ئاشمىسا، مۇشۇ ئىشتا چوقۇم مەغلۇپ بولغان بولىسىلەر. بىر دوختۇر ئەگەر بىمارنى داۋالىيالمىسا، ئۇ بىر دوختۇر ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر بىر دېھقان ياخشى ھوسۇل ئالالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يەرنى ئوبدان تېرىمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئوخشاشلا ئەگەر سىلەر دۇنيا ھاياتىڭلاردىكى ھەقىقىي مەقسەتنى يەنى «ئىبادەت»نى ياخشى ئورۇنلىمىساڭلار، ئۇنداقتا بۇ، ھاياتىڭلاردىكى ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت بولىدۇ. شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ مەن چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىڭلارنى، ھەمدە ئېسىڭلاردا مەھكەم ساقلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشۇڭلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.

مۇھاكىمە
نېمە ئۈچۈن «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىۋېلىشىمىز لازىم؟

## «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى

ئىبادەت دېگەن بۇ سۆز «ئابدى» (ABD) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ABD دېگەن سۆز مالاي ياكى قۇل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ـ چاكارلىق ياكى قۇللۇقنىڭ يولى دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مەلۇم ئادەمنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئورۇنلىسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ خوجايىنغا ئىتائەت قىلغان بولسا، مانا بۇ قۇلچىلىق بولىدۇ، يەنى ئىبادەت بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر بىر ئادەم مەلۇم ئادەمگە قۇل بولغان بولسا، ھەم ئىش ھەققى ئالغان بولسا، ئەمما قىلغان ئىشلىرىدا خوجايىنغا ساداقەتمەن بولمىغان بولسا، بۇ ئىتائەتسىزلىك بولىدۇ. ھەتتا جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىزمەتتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئادەم بولىدۇ.

ئەمدى بىز بىر چاكار ياكى قۇلنىڭ ئۆز خوجايىنىغا نىسبەتەن زادى قانداق ئىتائەتمەن بولۇشى توغرىسىدا سۆزلىشىپ باقايلى.

بىرىنچى، ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى ئۆزىنىڭ ئىگىسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا سادىق بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ، ئۇنىڭ خوجايىنى، پەرۋىش قىلغۇچى، قوغدىغۇچى، نازارەت قىلغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا سادىق بولۇشقا ئەرزىگۇدەك يەنە بىر كىشىنىڭ يوقلۇقىغا قەتئىي ئىشىنىش.

ئىككىنچى، خوجايىنغا مەڭگۈ سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي ئىجرا قىلىش. خىزمەت ئورنىدا ھەرگىزمۇ ھۇرۇنلۇق قىلماسلىقى، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقى ياكى باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، خوجايىنىنىڭ خاھىشىغا خىلاپلىق قىلماسلىقى لازىم. بىر قۇل ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋە ھەر قانداق جايدا ئوخشاشلا قۇل بولۇپ، خوجايىنىنىڭ بەزى بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىمەن، لېكىن باشقا بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمايمەن دېمەسلىكى كېرەك. ياكى ئۇ بەزى ۋاقىتتا خوجايىنغا قۇل بولۇپ، باشقا چاغدا ئەركىن ئادەممەن دېمەسلىكى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا چوقۇنۇشى كېرەك، ئۇ خوجايىنى تۈزۈپ بەرگەن قانۇن ـ پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چوقۇنۇشىنى

ئىپادىلىشى لازىم. ئۇ چوقۇم خوجايىنى بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا خوجايىنغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشى لازىم. ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا مۇتلەق سادىق ۋە ئىتائەتمەن ئىكەنلىكىنى دەلىللىشى لازىم.

مانا بۇ «ئىبادەت»نى شەكىللەندۈرىدىغان ئۈچ مۇھىم شەرت بولۇپ، بىرىنچى، خوجايىنىغا سادىق بولۇش. ئىككىنچى، خوجايىنىغا ئىتائەت قىلىش. ئۈچىنچى، خوجايىنىغا چوقۇنۇش. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴾

**«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.»** (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت)

يەنى، ئاللاھنىڭ بۇ ئىككى تۈردىكى مەخلۇقلارنى يارىتىشى، ئۇلارنىڭ پەقەتلا ئاللاھقا سادىق بولۇشى، ئاللاھنىڭلا بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئاللاھقا قارشى ھەر قانداق بۇيرۇقنى ئاڭلىماسلىقى، ئاللاھقىلا ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، باشقىلارغا بۇنداق قىلماسلىقى لازىم، دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ئۈچ ئىش «ئىبادەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولۇپ، ئاللاھ نۇرغۇن ئايەتلەردە پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە دىنىنى يەتكۈزۈشىمۇ مۇشۇ ئاساسى مەقسەت ئۈچۈن بولغان.

«سىلەرگە چوقۇنۇش ئۈچۈن ئاللاھدىن باشقا مەئبۇد يوق».

دېمەك، سىلەر پەقەت بىرلا پادىشاھقا سادىق بولۇشۇڭلار، ئۇ پادىشاھ دەل ئاللاھ بولۇشى كېرەك. سىلەر پەقەت بىرلا قانۇنغا بويسۇنۇشۇڭلار، بۇ قانۇن ئاللاھنىڭ قانۇنى بولۇشى كېرەك. سىلەر پەقەت بىرلا ئىلاھقا چوقۇنۇشۇڭلار، ئۇ ئاللاھ بولۇشى لازىم.

مۇھاكىمە

«ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ؟

## «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشەندۈرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەر

ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى ئېسىگىلاردا تۇتقان بولساڭلار، ئەمدى مېنىڭ

سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار.

بىر چاكار بولۇپ، خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي، ئەتىگەندىن كەچكىچە قول باغلاپ تۇرۇپ خوجايىنىنى مەدھىيىلىسە، سىلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانداق ھېسسىياتتا بولىسىلەر؟ خوجايىنى ئۇنى مەلۇم ئادەمنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇسا، لېكىن ئۇ بىر قەدەممۇ ئالماي، خوجايىنغا نەچچە ئون تەزىم قىلىپ، ئاندىن كېيىن قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرسا، خوجايىنى ئۇنى مەلۇم خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇسا، ئۇ مىدىرلاپمۇ قويماي، خوجايىنغا سەجدە قىلىشقا باشلىسا، خوجايىنى: «ئوغرىنىڭ قولىنى كەس!» دەپ بۇيرۇسا، ئەمما ئۇ بۇ بۇيرۇقنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماي، يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن «ئوغرىنىڭ قولىنى كەس!»، «ئوغرىنىڭ قولىنى كەس!» دەپ نەچچە ئون قېتىم تەكرارلىسا، ئەمما ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىدە «ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش» تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا ئىنتىلمىسە، سىلەر بۇ ئادەمنى ئۆز خوجايىنغا ھەقىقىي بويسۇنىدۇ دېيەلەمسىلەر؟ ئەگەر سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار ئارىسىدا مۇشۇ خىل پوزىتسىيىدىكى ئادەملەر بولسا، سىلەرنىڭ ئۇلارنى نېمە دەيدىغانلىقىڭلارنى بىلمەيمەن، ئەمما ئىش ـ ھەرىكىتى مۇشۇنداق بولغان بىر ئادەمنى، سىلەرنىڭ ئاللاھقا ساداقەتمەنلىك بىلەن چوقۇنغۇچى دەپ قارىشىڭلاردىن ئىنتايىن ئەجەبلىنىۋاتىمەن! بۇ خىل ئادەملەر، ئەتىگەندىن كەچكىچە، قۇرئاندىكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى توختىماي ئوقۇيدۇ. ئەمما ئەزەلدىن ئۆز ئەمەلىيىتىدە بۇ بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ توختىماي نەپلى (قوشۇمچە) ناماز ئوقۇشقا باشلايدۇ. تەسۋى سىيرىپ ئاللاھنى نەچچە مىڭ قېتىملاپ مەدھىيىلەيدۇ، جاراڭلىق ئاھاڭلار بىلەن قۇرئاننى ئوقۇيدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى كۆرسەڭلار: «نېمىدېگەن تەقۋادار، نېمە دېگەن دىندار كىشى ـ ھە!» دەپ ماختاپ كېتىسىلەر، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خاتا چۈشىنىش بولۇپ، بۇ سىلەرنىڭ «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىڭلاردىن كېلىپ چىققان.

يەنە بىر خىل چاكار بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە توختىماي باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنى بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىغا ئانچە ئېتىبار قىلماي كەتمەيدۇ. پەقەت ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋاقتى كەلگەندە، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا پەقەت ئاغزىدىلا خوجايىنىنىڭ ئىسمىنى پىچىرلاپ مەدھىيىلەيدۇ .ئەگەر سىلەر قۇللىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنداق پوزىتسىيىدىكى ئادەملەر بولسا، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ سالام ـ سائەتلىرىنى چۆرۈپ

تاشلىۋەتمەمسىلەر؟ ئۇ سىلەرنى خوجايىنىم دەپ ئاتىغان ۋاقتىدا سىلەر دەرھال: «سەن بىر پەس تەبىئەتلىك ساختىپەز، مەندىن ئىش ھەققى ئالىسەن، ئەمما باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيسەن، ئاغزىڭدا خوجايىن دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايسەن!» دەپ رەددىيە بېرىسىلەر. بۇ ھەرقانداق ئادەم بىلەلەيدىغان بىر ئاددىي ساۋات، لېكىن ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، سىلەر ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، تەسۋى سىيرىش، قۇرئان ئوقۇش، ھەج قىلىش، زاكات بېرىش قاتارلىقلارنى ئاللاھقا قىلىنغان «ئىبادەت» دەپ قارايسىلەر، ئەمما شۇنداق قىلىۋاتقان ئاشۇ ئادەملەر كېچە-كۈندۈز ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، كاپىرلار ۋە ئاتىزمچىلارنىڭ (خۇداسىزلارنىڭ) بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى (قانۇنلىرىنى) ئەزەلدىن ئويلىنىپ باقمايدۇ، بۇ خىل خاتا چۈشىنىشمۇ، سىلەرنىڭ «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

يەنە بىر خىل چاكار بولۇپ، خوجايىنى بەلگىلەپ بەرگەن ئىنتايىن يارىشىملىق «فورما» كىيىدۇ، خوجايىنى ئالدىدا ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن تۇرىدۇ. خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندا، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ: «پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىمەن» دەيدۇ. قارىماققا باشقا چاكارلاردىن ساداقەتمەن كۆرۈنىدۇ. تىنچلىق سورىغان ۋاقىتتا، كۆپچىلىك ئالدىدا يۇقىرى ئاۋازدا خوجايىنىنى مەدھىيىلەيدۇ، ئاۋازى باشقىلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشىدۇ. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن، دەل مۇشۇ بۇرادەر خوجايىنىنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ساتقۇنلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ خوجايىنىغا قارشى چىقىش سۇيىقەستلىرىگە قاتنىشىپ، خوجايىنىنىڭ نامىنى دۇنيا سەھىپىسىدىن يوقاتماقچى بولىدۇ. قاراڭغۇ كېچىلەردە، خوجايىنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قەست قىلماقچى بولىدۇ، كۈندۈزلىرى بولسا، خوجايىنى ئالدىدا قول قۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئىنتايىن ساداقەتمەن قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، بۇنداق ئادەملەرگە، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ ئۇ بىر ساختىپەز، خائىن، ساداقەتسىز ئادەمدۇر. ئەمما ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئەگەر مۇشۇنداق ئىش-ھەرىكەتتە بولسا، ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتايسىلەر؟ ئۇلارنى دىندار، ئاللاھقا سادىق مۇئمىن ئادەم دەپ ئاتايسىلەر، چۈنكى سىلەر ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يارىشىملىق ساقال-بۇرۇتلىرىنى كۆرىسىلەر، ئۇلارنىڭ يەكتەكلىرى تىزىدىن ئاشقان، پېشانىلىرىدە تولا سەجدە قىلغانلىقىنىڭ ئىزلىرى قېلىپ قالغان، ئۇلار نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيدۇ، تەسۋىلىرى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئۇلارنى ئىنتايىن دىندار ۋە ئىنتايىن تەقۋادار دەپ قالىسىلەر.

بۇ خىل خاتا چۈشىنىشمۇ سىلەرنىڭ «ئىبادەت» ۋە «تەقۋادار»لىقنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتىن بولغان.

سىلەر، قول قوشتۇرۇپ كەئبىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى، ئىككى قولىدا تىزىنى تۇتۇپ ئېگىلگەنلىكىنى، سەجدە قىلغاندا ئىككى قول، ئىككى تىز ۋە پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ئېغىزىدا بىر نەچچە ئېغىز مۇقىم مەدھىيە سۆزلىرىنى ئوقۇشتىن ئىبارەت پائالىيەتنى «ئىبادەت» دەپ قارايسىلەر. رامىزان ئېيىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە يېمەي، ئىچمەي بۇ ئاينى توشقۇزسا، بۇنى سىلەر «ئىبادەت» دەپ قارايسىلەر. بىر نەچچە سۈرىنى يادلىيالىغانلىقىنىمۇ «ئىبادەت» دەپ قارايسىلەر. يەنە مەككىگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ كەلسە، بۇنى «ئىبادەت» دەپ ھېسابلىۋېرىسىلەر، ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىكى ھەرىكەتلىرىگە قاراپلا «ئىبادەت» دەپ قاراۋېرىسىلەر. ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى «ئاللاھ»قا «ئىبادەت» قىلىپ، ئاللاھنىڭ «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىگە ئەمەل قىلغانلىق دەپ قارايسىلەر.

بۇلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار تامامەن ئەركىن ئازادىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ـ خاھىشى بويىچە خالىغان ئىش ـ پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

> مۇھاكىمە
>
> بىزدە «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە نىسبەتەن قانداق ـ قانداق خاتا قاراشلار بار؟ ئەمىلى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## «ئىبادەت» ـ ئۆمۈر بويى بوشاشماي ئىتائەت قىلىش

ئاللاھنىڭ سىلەرنى يارىتىپ، سىلەرگە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان «ئىبادەت»، سىلەرنىڭ چۈشەنگىنىڭلار بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ، ھەقىقىي «ئىبادەت» بولسا ـ سىلەرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭلاردىكى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ۋاقتىڭلارنىڭ ھەممىسىدە ئازراقمۇ بوشاشماي، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشۇڭلار، سىلەرنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىڭلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى، سىلەرنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىڭلار ئاللاھ بەلگىلىگەن پىرىنسىپقا ئۇيغۇن بولۇشى زۆرۈر. سىلەر ھاياتىڭلاردا

مۇشۇنداق قىلالىساڭلار، ئاندىن «ئىبادەت» كونكرېت گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. بۇ ھاياتىڭلاردا ئۇخلاڭلار ياكى ئويغۇنۇڭلار، يەپ ـ ئىچىڭلار، مېڭىڭلار، سۆزلەڭلار ھەممىسى «ئىبادەت»، ئايالىڭلار بىلەن بىللە بولساڭلارمۇ، بالىلىرىڭلارنى سۆيۈپ قويساڭلارمۇ، يەنىلا «ئىبادەت» بولۇۋېرىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئىش ـ ھەرىكىتىڭلار، دىنى بەلگىلىمە ۋە «ئىبادەت»كە ئۇيغۇن كېلىشى، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكەتتە ئاللاھ رۇخسەت قىلغانمۇ ـ يوق؟ نېمە ھالال، نېمە ھارام، نېمىنى قىلىش، نېمىدىن چەكلىنىش، نېمىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، نېمىنى ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدۇ؟ دېگەنلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: سىلەر سىرتلارغا چىقىپ تىرىكچىلىك قىلساڭلار، ئاسانلا ھارام پۇل تاپقىلى بولىدىغان نۇرغۇن پۇرسەتلەر بار. ئەگەر سىلەر ئاللاھدىن قورقۇپ، بۇنداق پۇلنى تاپماي، ھالال تىرىكچىلىك قىلساڭلار، بۇنىڭ ھەممىسى «ئىبادەت» ھېسابلىنىدۇ. سىلەر بولىكا سېتىۋېلىپ ئۆيۈڭلارغا بارغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭلار يېسەڭلار، خوتۇن ـ بالىلىرىڭلارغىمۇ بەرسەڭلار، ھەمدە ئاللاھ بېرىشكە بۇيرۇغان كىشىلەرگىمۇ بەرسەڭلار، بۇ ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ زەخمىلەنمەسلىكى ئۈچۈن، يولدا ئۇچرىغان بىرەر پارچە تاش، داشقال ياكى تىكەنلەرنى ئېلىۋەتسەڭلار، بۇمۇ «ئىبادەت» بولىدۇ. ئەگەر سىلەر بىرەر كېسەلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولساڭلار، ياكى بىرەر ئەما كىشىنىڭ مېڭىشىغا ياردەملەشكەن بولساڭلار، ياكى بىرەر كىمنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان بولساڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىبادەت» بولىدۇ. سىلەر بىرەرسى بىلەن پاراڭلاشقان ۋاقىتىڭلاردا، ئەگەر يالغان سۆزلىمىسەڭلار، غەيۋەت قىلمىساڭلار، باشقىلارغا ئازار بەرمىسەڭلار، مەسخىرە قىلمىساڭلار، ئاللاھدىن قورقۇپ، ھەر قانداق ۋاقىتتا راست سۆزلىسەڭلار، پاك دىل بولساڭلار، بۇمۇ «ئىبادەت» ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا، ئاللاھقا بولغان «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسى قورامىغا يەتكەندىن تارتىپ ئۆلگۈچە، بوشاشماي ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت. «ئىبادەت» قىلىشنىڭ مۇئەييەن (بەلگىلىك) ۋاقتى بولمايدۇ، بەلكى ھەر ۋاقىت قىلىش زۆرۈر. «ئىبادەت»نىڭ ئالاھىدە شەكلى بولمايدۇ. ھەر قانداق ئىشتا، ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن ئاللاھقا «ئىبادەت» قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، «مەن مەلۇم (بەلگىلىك) ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ قۇلى، يەنە بەزى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ قۇلى ئەمەس» دېيەلمەيسىلەر. سىلەر يەنە، بەزى ۋاقىتنى ئاللاھ ناماز ئوقۇش،

«ئىبادەت» قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بەلگىلىگەن، قالغان ۋاقىتلاردا بۇنداق ئىشلارنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ دېيەلمەيسىلەر.

قېرىنداشلار! ئەمدى سىلەر «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنىڭ ئۆمۈر بويى ئاللاھقا بويسۇنۇش ئىكەنلىكىنى، ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ «ئىبادەت» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىڭلار. سىلەر يەنە بەلكىم: «ئۇنداقتا، ناماز، روزا، ھەج قاتارلىقلار نېمە ھېسابلىنىدۇ؟» دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇنىڭ جاۋابى شۇكى ـ بۇلار ئاللاھ چوقۇم قىلىشنى بۇيرۇغان (بەلگىلىگەن) «ئىبادەت»لەر بولۇپ، بۇلارنى قىلىشتىكى مەقسەت، سىلەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت تىرىشچانلىق قىلىدىغان «چوڭ ئىبادەت» ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ناماز ـ بىر كۈندە بەش قېتىم سىلەرنى «سىلەر ئاللاھنىڭ قۇللىرى، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. زاكات ـ سىلەر ئېرىشكەن مال ـ دۇنيانىڭ ئاللاھنىڭ سوۋغىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى جىسمىڭلارنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ئۈچۈن سەرپ قىلماي، ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىشىڭلارنىڭ لازىملىقىنى ئېنىق تونۇتىدۇ. ھەج بولسا ـ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مېھرىبانلىقىنى تونۇتۇپ، كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر بېرىدىغان پائالىيەت بولۇپ، بۇ تەسىرات ناۋادا ئىنسان قەلبىگە چوڭقۇر ئورناشسا، بۇنى ئۆمۈر بويى ئۇنتالمايدۇ. ناۋادا بۇ ئىبادەتلەر ئورۇنلانسا، سىلەرنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشۇڭلار ـ ئاللاھقا قىلىنغان «ئىبادەت»ڭلارنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا، نامىزىڭلار ناماز بولىدۇ، روزاڭلار روزا بولىدۇ، بەرگەن زاكىتىڭلار زاكات بولىدۇ، قىلغان ھەجىڭلار ھەج بولىدۇ. بۇ مەقسەتلەر ئەمەلگە ئاشمىسا، پەقەتلا رۇكۇ، سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇش، كۈن بويى يېمەي ـ ئىچمەي روزا تۇتۇش، قائىدە بويىچە ھەج قىلىش ۋە زاكات بەرگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بۇ سىرتقى قىياپەتتىكى ھەرىكەتلەر بىر ئادەمنىڭ جىسمىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر تەندە جان بولسا، ئاندىن ئۇ ھەرىكەت قىلالايدۇ، ئىش قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تىرىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر روھ (جان) بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ تەن بىر جەسەت ھېسابلىنىدۇ. بىر جەسەتتە، قول ـ پۇت، كۆز ـ قۇلاقلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ، پەقەت جانلا يوق، شۇڭا ئۇنى يەرگە كۆمۈۋېتىسىلەر. ئوخشاشلا، گەرچە ناماز ئوقۇش شەكلى توغرا بولسىمۇ، ئەمما ناماز، روزىدا زۆرۈر بولغان «ئاللاھدىن قورقۇش، ئاللاھنى سۆيۈش، ئاللاھقا سادىق بولۇش»قا تۇرتكە بولۇش كەمچىل بولغاچقا، بۇ بىر جانسىز جەسەت بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

كېلەركى قېتىمدا سىلەرگە نېمە ئۈچۈن بۇ بەش پەرزنىڭ بىر چوڭ

ئىبادەت ئۇچۇن تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى، ھەمـدە ئەگەر سىـلەر بۇ بەش پەرزنـى تولـۇق چۈشەنـسەڭلار ۋە ئـۇنى ئورۇنلىـساڭلار، ھەمــدە ئۇنىـڭ ئاساسـى مەقـسـتىنى ئىـشقا ئاشـۇرۇش ئۇچـۇن تىرىشـساڭلار، سـىلەرنىڭ تۇرمۇشـۇڭلارغا نەقەدەر چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

مۇھاكىمە
1. «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسى نىمە؟
2. نـىمە ئۈچـۈن «ئىبـادەت»نـى بىـر ئۆمـۈر بوشاشـماي ئاللاھقـا ئىتـائەت قىلىش دەيمىز؟

# 2 ـ لېكسىيە ناماز

ئىسلامى قېرىنداشلار!
ئالـدىنقى قېتىمـدا كـۆپچىلىككە «ئىبـادەت»نـىڭ ھەقىقـىي مەنىـسىنى چۈشـەندۈرۈپ ئۆتتـۇم، ھەمـدە يەنە كـۆپچىلىككە، ئىـسلام بەلگىلىـگەن «بەش پەرز»نــىڭ ئۇلــۇغ ھەم ھەقىقـــىي «ئىبـــادەت» ئۇچـــۇن تەييـــارلىق قىلىـــش ئىكەنلىكىنــى چۈشــەندۈرۈپ قويمــاقچى بولــدۇم. بــۇ ئاللاھنىـــڭ جىـــنلار ۋە ئىنـسانلارنى يارىتىـشتىكى مەقـسىتى. بەش پەرز ئىچىـدە، نامـاز ئەڭ ئۇلـۇغ ۋە مـۇھىم بولـۇپ، بۇگـۈن كـۆپچىلىككە مۇشـۇ مەسـىلە ئۈسـتىدە چۈشـەندۈرۈش بېرىمەن.

## «ئىبادەت» ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

سـىلەر ھەقىقـىي «ئىبــادەت»نــىڭ «قۇلچىلىــق يــولى» ئىكەنلىكىنـى بىلىۋالـدىڭلار. سـىلەر تۇغۇلۇشـۇڭلاردىنلا ئاللاھنىــڭ قــۇلى بولــۇپ، قانــداق ئەھۋالدا بولۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر، بىردەممۇ بـۇ قۇللـۇق سـالاھىيىتىڭلاردىن قۇتۇلالمايسىلەر. خۇددى سىلەر مـانچە سـائەت يـاكى مـۇنچە مىنـۇت ئاللاھنىـڭ قۇلى، قالغان ۋاقىتتا ئۇنداق ئەمەس دېيەلمىگىنىڭلارغا ئوخـشاش. ئوخـشاشلا، سىلەر يەنە، ئاللاھنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن نۇرغـۇن ۋاقىـت سـەرپ قىلـدىم، شـۇڭا قالغان ۋاقىتتا ئەركىن ـ ئازادە ھالـدا خـالىغىنىمنى قىلىـمەن دېيەلمەيسىلەر. سىلەر شۇنى ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇشۇڭلار كېرەككى، سىلەر تۇغۇلۇشۇڭلاردىنلا

ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇپ، ئاللاھنىڭ سىلەرنى يارىتىشى پەقەت ئۆزىگە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈندۇر، شۇڭا سىلەر پۈتكۈل ھاياتىڭلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىڭلار، ئاللاھنىڭ «ئىبادەت»نى بىردەممۇ ئۈنتۇپ قالماسلىقىڭلار كېرەك.

مەن كۆپچىلىككە، «ئىبادەت»نىڭ ھەرگىزمۇ تەركىدۇنيا بولۇپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئاللاھنى ئەسلەش ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسى بولسا ـ بۇ دۇنيادا، قانداقلىكى ئىش قىلماڭلار، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە بولۇشى، ئۇخلاڭلار ياكى ئويغاق بولۇڭلار، يەپ ـ ئىچىڭلار، يول يۈرۈڭلار، ھەممىسىدە ئاللاھنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلغان بولۇشۇڭلارنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدىم. ئائىلەڭلاردا ئايالىڭلار، بالىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، ھەمشىرەڭلار ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭلارغا ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىڭلار كېرەك. دوستلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرغان ۋاقتىڭلاردىمۇ، ئۆزۈڭلارنىڭ يەنىلا ئاللاھنىڭ بىر قۇلى ئىكەنلىكىنى ئېسىڭلاردا ساقلىشىڭلار كېرەك. سىلەر سىرتلارغا چىقىپ تىرىكچىلىك قىلغان ۋاقتىڭلاردا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىسىلەر. بۇنداق چاغدىمۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ بەلگىلىملىرىنى ئېسىڭلاردا ساقلىشىڭلار، ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلىرىڭلاردا ئاللاھنىڭ بەلگىلىمە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكىڭلار كېرەك. قاراڭغۇ كېچىلەردە ھېچكىم كۆرمىدى دەپ بىرەر گۇناھنى قىلىشىڭلار مۇمكىن. لېكىن شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار كېرەككى، ئاللاھ سىلەرنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ قورقىدىغىنىمىز دۇنيادىكى ھەر قانداق كىشى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ، ئەمما سىلەر ئورمانلىقتا يالغۇز كىرسەڭلار، ساقچى ۋە باشقا گۇۋاھچىلاردىن قورقماي بىرەر جىنايەتنى قىلىشىڭلار مۇمكىن. بىراق سىلەر بۇ خىياللاردىن دەرھال ۋاز كېچىشىڭلار، ئاللاھنى ئەسلەپ، ئاللاھنىڭ نارازىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھېلىقى قىلماقچى بولغان ئىشىڭلاردىن كېلىدىغان مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىشىڭلار كېرەك. سىلەر قائىدە يوسۇنلۇق، سەممىيەتلىك بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلغاندا، ناھايىتى چوڭ زىيان تارتقاندەك ھېس قىلىسىلەر، ئەمما سىلەر ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن قىلىشىڭلار زۆرۈر، چۈنكى بۇ ئىشىڭلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىڭلار مۇمكىن. شۇڭا تەركىدۇنيا بولۇپ، تىنچ ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىش ھەرگىزمۇ «ئىبادەت» ئەمەس دەيمىز. ئەكسىچە، كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلار چوقۇم «ئىبادەت» بولۇشى،

ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشۇڭلار، ئاللاھنى ئەسلەشتە، ئاغزىڭلاردىلا «ئاللاھ» دەپ قويماسلىقىڭلار لازىم. ئاللاھنى ھەقىقىي ياد ئېتىش قەلبتە بولىدۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولساڭلارمۇ ئاللاھنى ئۇنۇتماسلىقىڭلار كېرەك. دۇنيا ھاياتىڭلاردا، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، پايدا ـ مەنپەئەت بىلەن ئېزىقتۇرۇش، قورقۇنچ ۋە زور زىيانغا ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ، قەتئىي ھالدا ئاللاھنى ئەسلەپ، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنساڭلار، ئاندىن ئاللاھنى ھەقىقىي ئەسلىگەن بولىسىلەر.

ئاللاھ قۇرئاندا ئاللاھنى ئەسلەش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَإِذَا قُضِيَتِ ٱلصَّلَوٰةُ فَٱنتَشِرُواْ فِي ٱلْأَرْضِ وَٱبْتَغُواْ مِن فَضْلِ ٱللَّهِ وَٱذْكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرًا لَّعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ﴾

**«ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.»** (سۈرە جۇمۇئە 10 ـ ئايەت)

مۇھاكىمە

«ئىبادەت»نىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىڭ.

## نامازنىڭ پايدىسى

ئەمدى سىلەر «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇپ، قانداق ئەخلاقىي ـ پەزىلەت بولغاندا ئاندىن بۇ ئۇلۇغ «ئىبادەت»نى ئورۇنلىغىلى بولىدىغانلىقىنى، نامازنىڭ بۇ خىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى قانداق بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ بېقىڭلار.

1. قۇللۇق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىر قۇلى ھېس قىلىشىڭلار، بۇ ئۆمرۈڭلاردا قانداق ئىش قىلىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، ئىزچىل تۈردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشىڭلار، بۇ نۇقتىنى دائىم ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار

لازىم. بۇنداق قىلىشىڭلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈرىيىتى بار، چۈنكى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە بىر شەيتان ـ نەپسى يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇ توختىماستىن ئادەمگە: «سەن مېنىڭ قۇلۇم» دەپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ. بىر ئادەم ھەر كۈنى نەچچە قېتىم ئۆزىنى شەيتاننىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ قۇلى دەپ سەگىتىپ تۇرۇشى كېرەك، بولمىسا شەيتاننىڭ سېھرىنى (ئازدۇرۇشىنى) بىتچىت قىلماق بەكمۇ تەس، بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇش ناماز ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. سەھەردە ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، بىر كۈنلۈك خىزمەتكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى، «ناماز» سىلەرنى بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىدۇ. كۈندۈزى ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكىنىڭلاردا «ناماز» يەنە سىلەرنى ئۈچ قېتىم ئاگاھلاندۇرىدۇ. كەچتە ئۇخلاشتىن ئىلگىرى «ناماز» يەنە سىلەرنى ئاخىرقى قېتىم ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ نامازنىڭ بىرىنچى پايدىسى، قۇرئاندا نامازنىڭ ـ ياد ئېتىش، يەنى ئاللاھنى ياد ئېتىش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

2. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

سىلەر ھاياتىڭلاردا ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتتا ئاللاھنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى (پەرز) (Fard)نى قانداق پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى، ھەمدە ئۇنى دەرھال ئىجرا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشۈڭلار كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم ھەتتا ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنىمۇ بىلمىسە، ئۇ ھەرگىز بىر مەسئۇلىيەتچان ئادەم بولالمايدۇ. شۇڭا ئەگەر بىر ئادەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇغان بولسا، لېكىن تەربىيىلىنىشى يېتەرلىك بولمايدىكەن، ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇنداق ئادەملەر بىر كۈندە نۇرغۇن بۇيرۇقلارنى ئۆزلۈكىدىن ئىجرا قىلمايدۇ.

3. بويسۇنۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش.

ھەربىيگە ياكى ساقچىغا قاتناشقانلار، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قانداق تەربىيىلىنىدىغانلىقىنى، ھەر كۈنى ئەتىگەن، كەچتە نەچچە قېتىم كاناي چېلىنىدىغانلىقىنى، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغاندا، بىر يەرگە يىغىلىپ بۇيرۇق ئاڭلايدىغانلىقىنى، بۇيرۇقتا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئادەتكە ئايلانغانلىقىنى بىلىدۇ. ئومۇمەن، باشلىنىشتىلا ھۇرۇنلۇق قىلىپ قىسمىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنەلمىگەنلەر ياكى كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ ياتاق ئۆيىدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرىۋەرگەنلەر، ياكى مەشىقتە ماڭالماي قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك شاللىۋېتىلىدۇ. نامازمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر كۈنى بەش قېتىم ئوقۇلىدۇ. ئەزان ئاۋازى ئاڭلاش بىلەنلا، ئاللاھنىڭ جەڭچىلىرى تېزلىكتە

تەرەپ ـ تەرەپتىن بىر جايغا توپلىنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئاكتىپ بويسۇنغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئومۇمەن، ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ يەنىلا بىپەرۋالىق بىلەن تۇرىۋەرگەن مۇسۇلمانلار، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيلا قالماستىن، بەلكى ھاماقەتلىكىدىن ئاللاھنىڭ قوشۇنىدا داۋاملىق تۇرۇشقا لايىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان بولىدۇ.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ بىپەرۋالىق بىلەن تۇرىۋەرگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتسەم دەيمەن» دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «ناماز ـ كۆپرى بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرا» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ دەۋرىدە، پەقەت جامائەت نامىزىغا قاتناشقان ئادەملا، ئاندىن مۇسۇلمان دەپ قارىلاتتى، ئەمما مۇناپىقلارنى ئەيىبلەش بولسا، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نامازغا خۇشياقماسلىق ۋە چېچىلاڭغۇ پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىن بولغان.

﴿ وَإِذَا قَامُوٓاْ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ قَامُواْ كُسَالَىٰ ﴾

**«ئۇلار نامازغا تۇرغاندا، خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ (ساۋاب ئۈمىد قىلمايدۇ).»** (سۈرە نىسا 142 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىلەر مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئىسلام بىر ئېتىقاد بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. بىر مۇسۇلمان ئۆز ھاياتىدا ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپرى ۋە رەزىللىك بىلەن كۈرەش قىلىش لازىم. شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلمان دائىم ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى تېزلىكتە ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىشكە بىر ئۆمۈر تەييار تۇرۇشى كېرەك، بۇ خىل چەبدەسلىك روھى كەمچىل كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا نىسبەتەن پۇتۇنلەي كېرىكى يوق. شۇڭا ئاللاھنىڭ بىر كۈندە بەش ۋاخ نامازنى بۇيرۇشى ـ ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىنى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈندۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئاللاھنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنىلا بىپەرۋالىق بىلەن يۈرۈۋەرسە، ئۇنداقتا ئۇ ئادەمنىڭ ئىسلام ھاياتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېنىق ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرگە ئىشىنىمىز دېگىنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

﴿ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى ٱلۡخَٰشِعِينَ ﴾

**«...... ناماز ئاللاھدىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.»** (سۈرە بەقەرە 45 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى بولسا، پەقەتلا ئىسلام تۇرمۇشىغا ئەمەل قىلىش نىيىتى يوق ئاشۇ كىشىلەر، نامازنى بىر جاپالىق ئىش ھېس قىلىدۇ. نامازنى جاپالىق ئىش ھېس قىلغانلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھقا بويسۇنۇشقا لايىق ئەمەس دېگەندىن ئىبارەت.

4. ئاللاھدىن قورقۇش.

تۆتىنچىدىن، دائىم «ئاللاھدىن قورقۇش»نىڭ لازىملىقىنى ئېسىدە ساقلاش. بىر مۇسۇلمان، ئاللاھنىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا، قاراڭغۇدىمۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش ھاسىل قىلغان بولسا، ئاندىن ئۇ ئىسلامنى ئەمەلىيلەشتۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سىرلىرىنى پۈتۈن دۇنيادىن يوشۇرالىشى مۇمكىن، ئەمما ئاللاھدىن يوشۇرالمايدۇ. بىر ئادەم پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالىشى مۇمكىن، ئەمما ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئېتىقاد تۈپەيلىدىن، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئېتىقادنىڭ كۈچى بىلەن، ئۇ ئاندىن ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن چەكلىمىسىگە، نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە رىئايە قىلىدۇ، ئەگەر بۇ ئېتىقاد ئاجىزلاپ قالسا، كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كەچۈرۈۋاتقىنى ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلارچە ھايات بولمايدۇ، شۇڭا ئاللاھ ھەر كۈنى بەش ۋاخ نامازنى بەلگىلەپ، مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدە بۇ ئېتىقادنى كۈچەيتكۈزگەن. بۇنى ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِۗ ﴾

**«...... ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ......»** (سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت)

پەقەت ئازراقلا پىكىر قىلساڭلار، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىۋالالايسىلەر، مەسىلەن، سىلەر ئالدى بىلەن پاكلىنىشىڭلار كېرەك،

تاھارەت بولغانـدىلا ئانـدىن نامـاز ئوقـۇغىلى بولـىدۇ، ئەگەر بەدىـنىڭلار پاسـكىنا بولۇپ، يۇيۇنمىساڭلار ياكى كىيىمىڭلار مەينەت بولۇپ، ئۇنى يۇمىـساڭلار يـاكى تاھارىتىڭلار بولمىسىمۇ، «تاھارىتىم بار» دەۋېلىپ ناماز ئوقۇساڭلار، بـۇ دۇنيـادا ھېچكىمنىـــڭ ســىلەرگە ئامـــالى يـــوق، ئەممـــا ســـىلەر ھەرگىـزمـــۇ بۇنـــداق قىلمايسىلەر. نـېمە ئۈچـۈن؟ چـۈنكى سـىلەر بـۇ جىنـايىتىڭلارنى ئاللاھـدىن يوشۇرالمايـسىلەر. ئوخـشاشلا، نامـازدا تـۆۋەن ئـاۋازدا ئوقۇيـدىغان جـايلارنى ئوقۇمـــساڭلار، ھـــېچكىم بىلمەيـــدۇ. لـــېكىن ســـىلەر ھەرگىـزمـــۇ بۇنـــداق قىلمايسىلەر. نـېمە ئۈچـۈن؟ چـۈنكى سـىلەر ئاللاھنىـڭ ھەممىنـى ئـاڭلاپ تۇرىـدىغانلىقىنى، ئـاللاھ سـىلەرگە ئۆزۈڭلارنىـڭ قـان تومۇرىـدىنمۇ يـېقىن ئىكەنلىكىــگە ئىشىنىــسىلەر. ئوخـشاشلا، ســىلەر ئورمانلىقتـا يـاكى ئـۆزۈڭلار ئـائىلەڭلاردا يـالغۇز تۇرغىنىڭلاردىمـۇ، گەرچە ســىلەرنىڭ نامـاز ئوقۇغـان، ئوقـۇمىغىنىڭلارنى ھـېچكىم كۆرمىـسىمۇ، ئوخـشاشلا ئاۋۋالقىـدەكلا نامـاز ئوقۇيـسىلەر، بـۇ نـېمە ئۈچـۈن؟ گەرچە سـىلەر ئـۆزۈڭلار يـالغۇز بولـساڭلارمۇ، ئاللاھنىــڭ بۇيرۇقىغــا خىلاپلىــق قىلغىنىڭلارنــى ئاللاھـــدىن يوشـــۇرۇپ قالالمايــدىغانلىقىڭلاردىن قورققــانلىقىڭلار ئۈچۈنــدۇر. بۇنىڭــدىن، نامازنىــڭ كىشىلەرنى ئاللاھدىن قورقۇشقا قانداق ئۈندەيدىغانلىقىنى، ئاللاھنىـڭ ھەممە يەردە ھازىر ۋە نازىر ئىكەنلىكىنى، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا نىسبەتەن قەتئىي ئىشەنچ تۇرغۇزۇسىلەر. ئەگەر قەلبىڭلاردا بۇ خىل ئەيمىنىش ۋە ئېتىقـاد داۋاملىق قوزغىتىلمىسا، قانـداقمۇ بىـر كـۈن 24 سائەتتە توختىمـاي ئىبـادەت قىلالايسىلەر، ھەمدە ئاللاھقا ئىتائەت قىلالايسىلەر؟ ئەگەر قەلبىڭلاردا بـۇ خىـل تويغۇ بولمىسا، سىلەردىن سوراپ باقاي، سىلەر قانـداقمۇ ئەتىگەنـدىن كەچكىـچە ئاللاھدىن قورقۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقنى توسۇيالايسىلەر؟

5. ئاللاھنىڭ قانۇنىنى چۈشىنىش.

بەشــىنچى ئامــىل بولــسا ـ ســىلەر ئاللاھنىــڭ قــانۇنىنى چۈشىنىــشىڭلار كېرەك، چۈنكى، قانۇننى بىر ئازمۇ بىلمىسەڭلار، قانداق رىئايە قىلىـسىلەر؟ بـۇ ۋەزىپىمۇ نامازغا تايىنىپ ئورۇندىلىدۇ. نامـازدا ئوقۇلىـدىغان قۇرئـان ئـايەتلىرى، سىلەرگە ئاللاھنىـڭ بـۇيرۇقى ۋە قـانۇنىنى ئېيتىـپ بېرىـدۇ. جـۈمە كۈنىـدىكى خۇتبىدىمۇ سـىلەرگە ئىـسلامى ئەقىـدە سـۆزلىنىدۇ. جامـائەت نـامىزى ۋە جـۈمە نامىزىنىڭ پايدىلىق تەرىپىدىن بىـرى شـۇكى، بىلىملىـك كىـشىلەر ۋە ئـاددىي پۇقرالار بىر سورۇنغا يىغىلىپ، ئاللاھنىڭ بـۇيرۇقلىرىنى بىلىـۋېلىش پۇرسـىتى تۇغۇلىدۇ. ئەگەر سىلەر نامازدا ئوقۇلغان ئايەتلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنمىسەڭلار، بـۇ سىلەرنىڭ بەختسىزلىكىڭلار بولىدۇ. جۈمە كۈنىدىكى خۇتبىدە خەتىپ سىلەرگە

سوزلەپ بەرگەنلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىساڭلار، جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا، بىلىملىك كىشىلەر، ئاددىي پۇقرالارغا بىلىم ئۆگەتمىسە، ئاددىي پۇقرالار بىلىملىك كىشىلەردىن ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلمىسا، ناماز سىلەرگە مۇشۇنداق پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرەلەمتى؟ سىلەر ئۇنىڭدىن ئوبدان پايدىلانمىساڭلار، بۇنى كىمدىن كۆرىسىلەر؟

6. كوللېكتىپ ھالدا تەربىيىلىنىش.

ئالتىنچى ئامىل بولسا ـ مۇسۇلمانلار جامائەتتىن ئايرىلماسلىقى، كۆپچىلىك بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مۇستەھكەم جامائەت تەشكىللىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىش، ھەمدە ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش لازىم. كۆپچىلىككە مەلۇم، بۈگۈنكى دۇنيادا، بىر تەرەپتىن مۇسۇلمان (ئاللاھنىڭ قۇلى) بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن كاپىر (خائىن) بولۇش مۇمكىن ئەمەس. خائىنلار بولسا، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنماستىن ئەكسىچە شەيتاننىڭ قانۇنىغا بويسۇنغۇچىلاردۇر. ئەگەر ھەربىر مۇسۇلمان تەنھا بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بۇ خىل ئاسىيلىققا ھەرگىزمۇ يالغۇز قارشى تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ قۇللىرى بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ خىل ئاسىيلىقنى كوللېكتىپنىڭ كۈچى بىلەن يوقىتىشى كېرەك، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا، ناماز ـ بۇ خىل كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. بىر كۈندىكى بەش ۋاخ ناماز، جۈمە كۈنىدىكى جۈمە نامىزى، يىلدا ئىككى قېتىم ئوقۇلىدىغان ھېيت نامىزى ئارقىلىق ئۇيۇشۇش، مۇسۇلمانلارنى مۇستەھكەم سېپىلغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ۋە ھەرىكىتىنى بىردەكلىككە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ.

مۇھاكىمە

1. نامازنىڭ پايدىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىڭ؟
2. نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىلەرنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ؟
3. نېمە ئۈچۈن دائىم «ئاللاھدىن قورقۇش» تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك؟
4. كوللېكتىپ ھالدا تەربىيىلىنىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

## 3 ـ لېكسيه نامازدا نېمىلەر ئوقۇلۇشى كېرەك؟

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالدىنقى قېتىمدا كۆپچىلىككە نامازنىڭ ئىنساننىڭ ئاللاھقا قانداق بويسۇنۇش، يەنى قانداق ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم. بىر ئادەم ئەگەر ئاللاھ بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ناماز ئوقۇسا، قەلبىدە ئاللاھدىن قورقسا، ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنسە، بۇ كىشى گەرچە ئوقۇلغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، داۋاملىق مۇشۇنداق ئېتىقادتا بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىگە قەلبىدە كۈچلۈك تونۇش شەكىللەنگەن بولسا، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا، ئاللاھقا سادىق بولۇش، ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىجرا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرسە، بۇ خىسلەتلەر بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان ھاياتقا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندىڭلار.

ئەمدى بىر نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن، ئەگەر بىر ئادەم ناماز ئوقۇغاندا ئوقۇلغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنسە، ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇنداقتا بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ئادىتى، ئەخلاقى ـ پەزىلىتىگە قانچىلىك چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئېتىقادى قانچىلىك مۇستەھكەملىنىدۇ؟ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا قانچىلىك چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ؟

### ئەزان (ADHAN) ۋە ئۇنىڭ تەسىرى

ئالدى بىلەن «ئەزان» ھەققىدە توختىلايلى، «ئەزان» سۆزلىرى ھەر كۈنى بەش قېتىم نامازغا چاقىرىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق:

ئاللاھ ئۇلۇغدۇر! (تۆت قېتىم)

گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق! (ئىككى قېتىم)

گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! (ئىككى قېتىم)

نامازغا چاپسان كېلىڭلار! (ئىككى قېتىم)

نىجاتلىققا چاپسان كېلىڭلار! (ئىككى قېتىم)
ئاللاھ ئۇلۇغدۇر! (ئىككى قېتىم)
ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر!

قارىڭلار، نېمىدېگەن قۇدرەتلىك چاقىرىق ـ ھە! بۇ چاقىرىق، ھەر كۈنى بەش قېتىم «دۇنيادىكى ئۆزىنى ئىلاھ ئاتىۋالغان نۇرغۇنلىغان مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى ساختىپەز، ئاسمانلار ۋە زېمىندا پەقەت بىرلا قۇدرەت ئىگىسى بولۇپ، پەقەت ئاشۇ زاتلا بىزنىڭ چوقۇنۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ. كۆپچىلىك شۇ زات ئۈچۈن ناماز ئوقۇڭلار، پەقەت شۇ زاتقا چوقۇنغان ۋاقتىمىزدا ئاندىن دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيمىز!» دەپ سىلەرنى قانداق ئاگاھلاندۇرغان ـ ھە! بۇ چاقىرىقنى ئاڭلىغانلاردىن كىممۇ تەسىرلەنمەي تۇرالىسۇن؟ ھەر بىر ئىمانى بار ئادەم، بۇنداق ئۇلۇغ گۇۋاھلىق سۆزىنى، بۇنداق قۇدرەتلىك چاقىرىقنى ئاڭلىغاندا، قانداقمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋېرىپ، خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلمىسۇن؟

مۇھاكىمە
ئەزاننىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى قانداق؟

## تاھارەت ئېلىش

بۇ چاقىرىقنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، بىرىنچى بولۇپ ئۆز تېنىڭلارنىڭ پاكىز ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرىسىلەر. بۇ سىلەرنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىغا تاۋاپقا بېرىشىنىڭ ئادەتتىكى ئىشلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكىنىڭلارنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتىكى ئىشلارنى خالىغانچە قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما ناماز ئوقۇغاندا، ئەگەر كىيىمىڭلار ۋە بەدىنىڭلار پاكىزە بولمىسا، تاھارىتىڭلار بولمىسا، بۇ بىر چوڭ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. شۇڭا سىلەر ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ پاكىزە ياكى ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن تاھارەت ئېلىشقا باشلايسىلەر، تاھارەت ئالغاندا، قەلبىڭلاردا ئاللاھنى ئەسلىشىڭلار لازىم. تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆگەتكەن دۇئانى ئوقۇشۇڭلار لازىم. شۇنىڭ بىلەن پۇت ـ قولۇڭلار پاكىزلىنىپ قالماستىن، بەلكى قەلبىڭلارمۇ پاكلىنىدۇ، بۇ دۇئا تۆۋەندىكىچە:

«گۈۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھ يەككە يېگانىدۇر، ئىلاھلىقتا شېرىكى يوقتۇر. گۈۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى. پەرۋەردىگارىم مېنى تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن، پاك بولغۇچىلاردىن قىلغىن.»

مۇھاكىمە
تاھارەتنىڭ قانداق رولى ۋە روھى تەسىرى بار؟

## نامازغا كىرىش

ئاندىن سىلەر ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، قىبلىگە قاراپ، پاك جىسمىڭلار بىلەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىپ نامازنى باشلاپ، ئالدى بىلەن «ئاللاھ ئۇلۇغدۇر!» دېگەن جۈملىنى دەيسىلەر، ئاللاھنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى قولۇڭلارنى قۇلىقىڭلارغىچە كۆتۈرۈپ، ئۆزۈڭلارنىڭ بارلىق دۇنيا ئىشلىرىڭلارنى قويۇپ قويغانلىقىڭلارنى ئىپادىلەيسىلەر، ئاندىن كېيىن ئىككى قولۇڭلارنى قوۋۇشتۇرۇپ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇرىسىلەر. ئاندىن كېيىن تەرتىپ بويىچە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇيسىلەر:
**تەسبىھ (ئىستائەت قىلىش سۆزى):**
«پەرۋەردىگارىم! سېنى پاك ھەم مەدھىيىگە لايىق دەپ تونۇيمەن، سېنىڭ نامىڭ مۇقەددەستۇر، سەن ئەڭ ئۇلۇغ، سېنىڭدىن باشقا ئىلاھ ھېچ يوق.»
**ياردەم تەلەپ قىلىش سۆزى(Ta'awwudh) :**
«لەنەتگەردى شەيتاننىڭ پاراكەندە قىلىشى ۋە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئاللاھنىڭ قوغدىشىنى تىلەيمەن.»
**باشلاش سۆزى(Bismillah) :**
«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.»
**باشلاش سۈرىسى(Fatihah) :**

﴿ بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝١ ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝٢ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ۝٣ مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ ۝٤ إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ ۝٥

**ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ﴿٦﴾ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ﴿٧﴾**

**«جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەتنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).»** (ئامىن!)

ئاندىن كېيىن بىر نەچچە قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇيسىلەر، تۆۋەندە ئۈچ سۈرىنى مىسال قىلىپ ئۆتىمەن:

1. ئەسىر (Al’ـAsr) سۈرىسى

**﴿ وَٱلۡعَصۡرِ ﴿١﴾ إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ ﴿٢﴾ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلۡحَقِّ وَتَوَاصَوۡاْ بِٱلصَّبۡرِ ﴿٣﴾ ﴾**

**«زامان (ئەسىر) بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.»**

بۇ سۈرە بىزگە، ئىنسانىيەتنىڭ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشىنىڭ بىردىنبىر يولى ـ ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا يار-يۆلەكتە بولۇپ، «دىن»نى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2. ھۇمەزە سۈرىسى (پىتنە-پاسات تېرىغۇچى) (Al ـ Humazah)

**﴿ وَيۡلٞ لِّكُلِّ هُمَزَةٖ لُّمَزَةٍ ﴿١﴾ ٱلَّذِي جَمَعَ مَالٗا وَعَدَّدَهُۥ ﴿٢﴾ يَحۡسَبُ أَنَّ مَالَهُۥٓ أَخۡلَدَهُۥ ﴿٣﴾ كَلَّاۖ لَيُنۢبَذَنَّ فِي ٱلۡحُطَمَةِ ﴿٤﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡحُطَمَةُ ﴿٥﴾ نَارُ ٱللَّهِ ٱلۡمُوقَدَةُ ﴿٦﴾ ٱلَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى ٱلۡأَفۡـِٔدَةِ ﴿٧﴾ إِنَّهَا عَلَيۡهِم مُّؤۡصَدَةٞ ﴿٨﴾ فِي عَمَدٖ مُّمَدَّدَةِۭ ﴿٩﴾ ﴾**

**«(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۆخەنچىگە ۋاي! ئۇ مال توپلىدى ۋە ئۇنى (ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلماي ساقلاش ئۈچۈن) سانىدى. ئۇ مېلى ئۆزىنى (دۇنيادا مەڭگۈ قالدۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ)، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ چوقۇم ھۆتەمەگە تاشلىنىدۇ. ھۆتەمەنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ ئۇ، ئاللاھنىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى، (ئۇنىڭ ئەلىمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ، ئۇلار چوقۇم دوزاختا سولىنىدۇ. ئېگىز تۈۋرۈكلەرگە باغلىنىدۇ.»**

3. مائۇن (ھاجىتىدىن چىقىش (ياردەم بېرىش)) سۈرىسى (Al_Ma'oun)

﴿ أَرَءَيۡتَ ٱلَّذِي يُكَذِّبُ بِٱلدِّينِ ۝١ فَذَٰلِكَ ٱلَّذِي يَدُعُّ ٱلۡيَتِيمَ ۝٢ وَلَا يَحُضُّ عَلَىٰ طَعَامِ ٱلۡمِسۡكِينِ ۝٣ فَوَيۡلٞ لِّلۡمُصَلِّينَ ۝٤ ٱلَّذِينَ هُمۡ عَن صَلَاتِهِمۡ سَاهُونَ ۝٥ ٱلَّذِينَ هُمۡ يُرَآءُونَ ۝٦ وَيَمۡنَعُونَ ٱلۡمَاعُونَ ۝٧ ﴾

**«دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر، شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ، نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ، ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ.»**

بۇ ئايەتلەر بىزگە، «ئاخىرەتكە ئىشىنىش» ئىسلامنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل ئېتىقادى يوق كىشىلەرنىڭ ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا ماڭالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن، نامازدا قۇرئاندىكى قايسى سۈرىنى ئوقۇماڭلار، ھەممىسى سىلەرگە تەلىم ۋە كۆرسەتمە بېرىدۇ. ھەمدە سىلەرگە بۇ دۇنيادا بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بولغان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

### ئېگىلىش (تەزىم قىلىش)

ئۆرە تۇرۇپ مەلۇم سۈرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، «ئاللاھ ئۇلۇغدۇر» دەپ ئىككى تىزىڭلارنى تۇتۇپ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا ئېگىلىسىلەر، ھەمدە «پەرۋەردىگارىمنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمەن» دېگەن جۈملىنى ئۈچ قېتىم ياكى يەتتە قېتىم تەكرارلايسىلەر. ئاندىن كېيىن: «ئاللاھ مەدھىيىلىگۈچىنىڭ مەدھىيىسىنى ئاڭلىدى» دەپ بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرىسىلەر.

### سەجدە قىلىش

يەنە «ئاللاھ ئۇلۇغدۇر» دەپ ئىككى قېتىم سەجدە قىلىسىلەر، ھەر قېتىمدا: «پەرۋەردىگارىمنى ئەڭ ئالىي دەپ مەدھىيىلەيمەن» دېگەن جۈملىنى

ئۈچ قېتىم، بەش قېتىم ياكى يەتتە قېتىم دەيسىلەر.

**گۇۋاھلىق سۆزى(At_Tahiyyat)**

ئاندىن كېيىن «ئاللاھ ئۇلۇغدۇر» دەپ بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ، ھۆرمەتتە ئولتۇرۇپ: «بىزنىڭ بارلىق مەدھىيىلىرىمىز، نامىزىمىز ۋە ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ! ئى پەيغەمبەر! ساڭا ئامانلىق بولسۇن، ئاللاھنىڭ شەپقىتى ۋە ياخشىلىقى دائىم ساڭا ھەمراھ بولسۇن! ئاللاھدىن تىنچ ئامانلىق تىلەيمىز! بارلىق مۆئمىنلەرگە ئامانلىق ئاتا قىلغىن! مەن يەنە، ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.»

**پەيغەمبەرگە مەدھىيە ئوقۇش سۆزى ـ دۇرۇت(Durud)**

«پەرۋەردىگارىم! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئائىلىسىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلغىن، خۇددى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا مېھرى ـ شەپقەت قىلغاندەك، سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىق، مېھرى ـ شەپقىتى چەكسىز پەرۋەردىگارىمسەن!

ئى پەرۋەردىگارىم! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت (بەختىيارلىق) ئاتا قىلغىن، خۇددى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيىگە لايىق، مېھرى ـ شەپقىتى چەكسىز پەرۋەردىگارىمسەن!»

**دۇئا (تىلەش) (Dua)**

«ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى دوزاخ ئازابىدىن ۋە قەبرە ئازابىدىن ساقلىغىن! ئۆزىنى نىجاتكار ئاتىۋالغان دەججالنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغىن! مېنى ھاياتلىقنىڭ ۋە ئۆلۈمنىڭ ئاپەتلىرىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىم! مېنى گۇناھ ئىشلاردىن ۋە قەرزدارلىقتىن ساقلىغىن.»

**سالام سۆزى(Salam)**

دۇئا سۆزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ناماز تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قايتىپ كېلىسىلەر. قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىڭلار نېمە بولىدۇ؟ بېشىڭلارنى ئاۋۋال ئوڭغا، ئاندىن كېيىن سولغا بۇراپ، شۇ سورۇندا ھازىر بولغان كىشىلەرگە ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئامانلىق تىلەيسىلەر:

«ئاللاھ سىلەرگە ئامانلىق ۋە مېھرى ـ شەپقەت ئاتا قىلسۇن!»

بۇ سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دۇنيا

خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن خۇش خەۋەرچىلەر بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى سىلەرنىڭ ھەر كۈندىكى بەش ۋاخ نامازدا ئوقۇيدىغىنىڭلار. بۇ بەش ۋاقىت بولسا: (1) سەھەردە ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتىڭلارغا كىرىشتىن ئىلگىرى. (2) بىر نەچچە سائەت ئالدىراش بولغاندىن كېيىن، تىك چۈشتىن سەل ئۆتكەندە، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ناماز ئوقۇيسىلەر. (3) يەنە بىر نەچچە سائەت ئالدىراش بولغاندىن كېيىن، ئەسىر ۋاقتىدا، يەنە ناماز ئوقۇيسىلەر. (4) كۈن ئولتۇرغاندا يەنە ناماز ئوقۇيسىلەر. (5) دۇنيا ئىشلىرى بىلەن بىر كۈن ئالدىراش ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى نامازنى ئوقۇيسىلەر. بۇ ئەڭ ئاخىرقى ناماز «ۋىتىر» نامىزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى رۇكۇ (ئېگىلىش)تىن ئىلگىرى، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن مۇكەممەل بىر ئەھدىنى (توختامنى) ئوتتۇرىغا قويىسىلەر. بۇ دۇئايى قۇنۇت دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى بولسا، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنىڭ ئىتائەتمەنلىكىڭلارنى كەمتەرلىك بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

قۇنۇت (Dua－i－Qunut) (ئاللاھقا بويسۇنۇشنى تىلەش دۇئاسى)

«ئى پەرۋەردىگارىم! بىزگە ياردەم قىلىشىڭنى، توغرا يولغا باشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى كەچۈرۈشۈڭنى تىلەيمىز، ساڭا ئېتىقاد قىلىمىز، ساڭا تايىنىمىز، سېنىلا مەدھىيىلەيمىز، ساڭىلا تەشەككۇر ئېيتىمىز، سېنىڭ نېئمىتىڭگە ھەرگىز تانالمايمىز، ساڭا ئىتائەت قىلمايدىغانلاردىن يىراق بولىمىز!

ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، ساڭىلا ئىلتىجا قىلىمىز، ساڭا سەجدە قىلىمىز، بىزنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىمىز، پەقەتلا سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن، سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، سېنىڭ ئازابىڭدىن قورقىمىز، شۈبھىسىزكى، ساڭا ئىشەنمەيدىغانلار قورقۇنچلۇق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»

مۇھاكىمە

1. ناماز ئوقۇشنىڭ تەرتىپلىرىنى پىششىق بىلىۋېلىڭلار.

2. نامازدا ئوقۇلىدىغان سۈرە، ئايەتلەر، مەدھىيە سۆزلىرى، دۇئا ــ تىلەكلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىپ، ئەمىلى تۇرمۇشۇڭلارغا تەتبىقلاڭلار.

# ناماز ۋە ئۇنىڭ ئاللاھىدىلىكىنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئويلاپ بېقىڭلار، بىر ئادەم بىر كۈندە بەش قېتىم ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مەلۇم ئۇلۇغ ئىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى، بىزنىڭ ئەڭ ئالىي، ھەممىگە قادىر پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرىلغانلىقىمىزنى ھېس قىلغان بولسا، ھەر قېتىم بۇ چاقىرىقنى ئاڭلىغاندا، دەرھال ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇ ئەڭ ئالىي سەلتەنەت ئىگىسى، ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى، شۇنداقلا پۈتكۈل كائىناتنىڭ خوجايىنى بولغان زات تەرەپكە ئالدىرايدۇ. ئۇ ھەر قېتىملىق نامازدىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ جىسمى ۋە روھىنى پاكلايدۇ، ھەمدە ئۇ بۇلارنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىدۇ، خۇددى مەن سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندەك ـ بۇنداق ئادەملەر، قانداقمۇ قەلبىدىن ئاللاھدىن قورقمىسۇن؟ قانداقمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، خىجىللىق ھېس قىلمىسۇن؟ ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبلىك قانداقمۇ ۋۇجۇدى تىترىمەي تۇرالىسۇن؟ ئاللاھقا قەتئىي ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ قىيامەت (ھېساب ـ كىتاب) كۈنىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ئادەم، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ، پارا بېرىپ، پارا ئېلىپ، جازانە قىلىپ، ئۆسۈم تۆلەپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، يامان ئىشلارنى قىلىپ، قانۇننى بۇزغاندىن كېيىنمۇ، شۇ جىنايەتلىرى بىلەن يەنىلا ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ۋە ئىخلاسىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ بىر ئادەم بىر كۈندە 32 قېتىم ئاللاھنىڭ ئالدىدا پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن: «ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز» دەپ ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ تۇرۇپ، باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇپ، ئۇلاردىن ياردەم تىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ساداقەتمەنلىكىڭلارنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلساڭلار، 1 ـ قېتىمدا ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەپ خىجىللىق ھېس قىلىسىلەر، 2 ـ قېتىم يەنە خىلاپلىق قىلساڭلار، ئۆزۈڭلارنى تېخىمۇ ئەيىبلەپ، قەلبىڭلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىئارام بولىسىلەر، ئەگەر سىلەر بىر كۈندىكى بەش ۋاخ نامازنى ئۆمۈر بويى داۋاملاشتۇرغان بولساڭلار، ئىش ـ ھەرىكىتىڭلاردا ئۆزگىرىش بولماسلىقى، ئەخلاقى ـ پەزىلىتىڭلاردا

ئىلگىرىلەش بولماسلىقى، تۇرمۇشۇڭلاردا ئاساسى جەھەتتىن ئۆزگىرىش بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا، ئاللاھ نامازنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەپ:

﴿ إِنَّ ٱلصَّلَوٰةَ تَنْهَىٰ عَنِ ٱلْفَحْشَآءِ وَٱلْمُنكَرِ ۗ ﴾

**«...... ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ......»** (سۇرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت) دېگەن.

بۇنداق زور تەسىرلەندۇرۇش ئۇسۇلى، ئەگەر يەنىلا ئۇنۇم بەرمىسە، ئۇنداقتا بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدىن بەكمۇ زەئىپلىكىنى، نامازغا لايىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قارىنى ئاقارتىشتا، سوپۇن بىلەن سۇنىڭ رولى بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى كۆمۈرنىڭ ئەسلىنىڭ قارا ئىكەنلىكىدىن بولغان.

قېرىنداشلار! مانا بۇ سىلەر ئوقۇۋاتقان نامازنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى. سىلەر ئۆزۈڭلار ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەيسىلەر، ئەگەر سىلەر ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلساڭلار، ئوقۇغان دۇئانىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىۋالالايسىلەر. ئۆزۈڭلار ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالالايسىلەر.

مۇھاكىمە
نامازنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى قايسى؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## 4 ـ لېكسىيە جامائەت نامىزى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالدىنقى بىر نەچچە قېتىمدا كۆپچىلىككە نامازنىڭ پايدىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتۇم، كۆپچىلىك ئۇيلىنىش ئارقىلىق بۇنىڭ ئىنتايىن قۇدرەتكە ئىگە «ئىبادەت» شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدى. ئۇ ئىنسانىنى ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىشتا، قانداق قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا جارى قىلىش، ھەممە بۇ جەھەتتە ئىنسانىنى ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا لايىقلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئەمدى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرىدىغىنىم ـ جامائەت نامىزىنىڭ پايدىسى. ئەگەر سىلەر بۇ نۇقتىنى چۈشەنسەڭلار، ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن بارلىق ئىلتىپاتىنى نامازغا قانداق مەركەزلەشتۈرگەنلىكىنى بىلىۋالالايسىلەر. ئالدى بىلەن، ناماز ئەسلىدىنلا

يېتەرلىك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، جامائەت بولۇپ ئورۇنلاشقا بۇيرۇلغانلىقى ـ ئۇنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھاياتى كۈچ بېغىشلاپ، بىر ئادەمنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئۇنىڭ ئۇنۇمى تەڭداشسىزدۇر.

## ناماز قانداق ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ؟

ئاللاھقا بولغان «ئىبادەت»نىڭ ـ خۇددى ئىنتائەتمەن چاكارنىڭ، ئۆز خوجايىنىنىڭ كۆرسەتمىسى ئاستىدا ياشاپ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ، قۇللۇق مەسئۇلىيىتىنى ئۇستىگە ئالغانغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆپچىلىككە بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. ناماز بولسا ـ مۇشۇ «ئىبادەت»نى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئەخلاقى ـ پەزىلەت جەھەتتە تەييارلىق قىلىشتۇر. مەن يەنە كۆپچىلىككە، بۇ «ئىبادەت»نى ئورۇنلاشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەخلاقى ـ پەزىلەتنىڭ، ناماز ئارقىلىق جارى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىق ئىككى ـ ئاللاھقا ئىشىنىش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى، كىتابلىرىغا ئىشىنىش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، ئاللاھدىن قورقۇش، ئاللاھنىڭ ھەممىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەمدە ئاللاھنى ئۆز يېنىدا دەپ تونۇپ، شەرتسىز ئىتائەت قىلىشقا تەييار تۇرۇش، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى پىششىق بىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەر ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەر، ئادەمنى ئاللاھنىڭ ھەقىقىي قۇلىغا ئايلاندۇرىدۇ، ناماز بولسا بۇ ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەرنى ۋۇجۇدۇڭلاردا جارى قىلدۇرىدۇ.

> مۇھاكىمە
> ناماز قانداق ئەخلاقى ـ پەزىلەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ؟

## بىر ئادەم يەككە ـ يېگانە ھالدا ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى ئورۇنلىيالمايدۇ

ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقساڭلار، بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك مۇكەممەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئاللاھنىڭ باشقا قۇللىرىنىڭ ياردىمى بولمىسا، ئاللاھنىڭ بارلىق قۇللىرىنىڭ زۆرۈر شەرتنى ھازىرلىيالمايدىغانلىقىنى

بىلىۋالالايسىلەر. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ياشاۋاتقان باشقا كىشىلەرنىڭ ياردىمى ۋە ھەمكارلىقىغا ئېرىشەلمىسە، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق ئىجرا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان بۇ دۇنيادا يەككە ـ يېگانە ياشىيالمايدۇ. ھەمدە يەككە ـ يېگانە ھالدا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوستلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى، سودا ـ سېتىق جەھەتتىكى باردى ـ كەلدىلىرى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان تونۇش ـ بىلىشلىرى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى پەقەت بىر ئادەم ئۇچۇنلا ئېلان قىلىنغان بولماستىن، بەلكى سىلەر بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەر خىل كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۇچۇن ئېلان قىلىنغان. ئەگەر بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلسا، ئۆزئارا يار ـ يۆلەكتە بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ سادىق قۇللىرى بولغان بولىدۇ. ئەگەر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىتائەتسىزلىك قىلسا، ياكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتا ئۆزئارا يار ـ يۆلەكتە بولالمىسا، ئۇنداقتا بىر ئادەم يەككە ـ يېگانە ھالدا ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ھايات كەچۈرەلمەيدۇ.

مۇھاكىمە
نېمە ئۇچۇن يەككە ـ يېگانە ھالدا ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ؟

## يەككە ـ يېگانە ھالدا شەيتانغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ

ئەگەر سىلەر قۇرئاننى ئەستايىدىل ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە يەككە ـ يېگانە ھالدا ئۆزىگە بويسۇنۇشقا، ئۇنىڭ سادىق قۇلى بولۇشقا بۇيرۇمىغانلىقىنى، بەلكى سىلەر ئۆزۈڭلاردىن باشقا يەنە پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا، دۇنيادا ئۇنىڭ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا، شەيتاننىڭ قانۇنىنى يوقىتىپ، ئەڭ بۈيۈك زات ئاللاھنىڭ قانۇنىنى يولغا قويۇشقا بۇيرۇغانلىقىنى بىلىۋالالايسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇنداق بىر بۈيۈك ۋەزىپىنى تاپشۇردى. بۇنى بىر مۇسۇلماننىڭ كۈچى بىلەن ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. ھەتتا بىر مىليون مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارسا، يەنىلا شەيتاننىڭ قۇللىرىنىڭ تەشكىللىك كۈچىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار چوقۇم

ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا يار يۆلەكتە بولۇپ، ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم.

مۇھاكىمە
نېمە ئۈچۈن يەككە يېگانە هالدا شەيتانغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ؟

## بويسۇنۇشتا هازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر

سىلەر بۇلارنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىن، بۇنداق ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن، توغرا نىشان بويىچە ئىتتىپاقلىشىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايسىلەر. يەنى، مۇسۇلمانلار جامائىتى ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرا ۋە مۇۋاپىق بولۇشى، ئازراقمۇ خاتالىق سادىر قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ بىر ئورتاق نىشانى بولۇشى، بىر رەھبەرگە بويسۇنۇشى، رەھبەرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش ـ هەرىكەتتە بولۇشى لازىم، ئۇلار رەھبەرگە قايسى دەرىجىدە بويسۇنۇشنىڭ لازىملىقىنى، قانداق ئەھۋال ئاستىدا، بويسۇنۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى لازىم.

مۇھاكىمە
بويسۇنۇشتا هازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر قايسىلار؟

## جامائەت نامىزىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى چۈشەنگەندىن كېيىن، جامائەت نامىزىنىڭ تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ هەممىسىنى ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىلەر.

1. بىر چاقىرىق ئاستىغا جەم بولۇش.

بەلگىلىمە بويىچە، ئەزان (Adhan)نى ئاڭلىغان هامان ئىشلىرىڭلارنى تاشلاپ قويۇپ، مەسجىدكە بارىسىلەر. مۇسۇلمانلار بۇ چاقىرىقنى ئاڭلاپ بىر مەركەزگە توپلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال خۇددى هەربىي قىسىمغا ئوخشايدۇ، ئەسكەرلەر كاناي ئاۋازىنى ئاڭلىغان هامان قوماندانىنىڭ ئۆزلىرىنى يىغىلىشقا

چاقىرغانلىقىنى بىلىدۇ. يىغىلىش كانىيىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە پەقەت قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئويىلا بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ بۇ چاقىرىققا قايتۇرغان ئىنكاسى بولسا ـ بىر ئىشنى قىلىش، يەنى تەرەپ ـ تەرەپتىن بىر يەرگە جەم بولۇشتىن ئىبارەت. ھەربىي قىسىمدا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تۈزۈم بولىدۇ؟ ئالدى بىلەن، ھەر بىر ئەسكەرنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، كۆپچىلىك ئەسكەرلەرنى بىر كوللېكتىپقا ئايلاندۇرۇپ، قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، مەلۇم بىر ئورۇن، مەلۇم بىر ۋاقىتتا، بىرلىكتە يىغىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، پۈتكۈل ھەربىي قىسىمنى بىرلا چاقىرىق بىلەن، بىر نىشان ئۈچۈن كوللېكتىپ ھالدا خىزمەت قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت. ئەگەر بەزى ئەسكەرلەر، ئۆزلىرىنىڭ كۆرەشچانلىقىنى كۆچلۈك چاغلاپ، كاناي ئاۋازىغا بويسۇنۇپ كۆرەش قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلسا، بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. تەربىيىلەنگەن 50 نەپەر ئەسكەردىن تەركىپ تاپقان بىر قىسىم، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغان 1000 نەپەر قەھرىمان ئەسكەرنى يوقىتالايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىنىدىغىنىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلمان «ئەزان» ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئىشلىرىنى قويۇپ مەسجىدكە بارىدۇ. كۆپچىلىك بىرلىكتە يىغىلىپ، ئاللاھنىڭ بىر قوشۇنىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى بەش قېتىم ئوخشاش مەشىق ئېلىپ بارىدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ قوشۇنىنىڭ تەربىيىلىنىشى دۇنيادىكى ھەرقانداق ھەربىي قوشۇننىڭ تەربىيىلىنىشىدىن قاتتىق بولىدۇ. باشقا قوشۇنلاردا، ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتتە بىرەر قېتىم ئۇرۇش بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەربىي مانېۋىرىمۇ ئارىلاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ قوشۇنى بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ، شۇڭا قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش زۆرۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر ئۇلۇغۋار بولغان ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش بولۇپ، بىر كۈندە پەقەت بەش قېتىم مۇقەددەس چاقىرىقنى ئاڭلاپ، ئاللاھنىڭ مۇداپىئە رايونى ـ مەسجىدكە ئالدىراپ بېرىش زۆرۈر.

2. چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىلىش.

ئەزاننىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولۇپ، مەسجىدكە يىغىلىش تېخىمۇ كۆپ پايدىلىق تەرەپلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. سىلەر بۇ يەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىسىلەر، تونۇشىسىلەر، سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ قۇللىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇخلىسلىرى بولۇپ، بىر كىتابقا ئېتىقاد قىلىسىلەر. كۆپچىلىك پەقەت بىر نىشان ئۈچۈن ياشايدۇ.

سىلەرنىڭ توپلىنىشىڭلار پەقەت بىر نىشان ئۈچۈن بولۇپ، ھەتتا مەسجىدتىن ئايرىلىپ ئائىلىگە قايتقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا مۇشۇنداق ئىشەنچتە بولىسىلەر. بۇ خىل ھېسسىيات، بۇ خىل تونۇش، تەبىئىي ھالدا سىلەرگە، سىلەر كۆپچىلىكنىڭ بىر كوللېكتىپ ئىكەنلىكىڭلارنى، ئوخشاش بىر قوشۇنغا تەۋە ئەسكەرلەردىن ئىكەنلىكىڭلارنى، سىلەر ئۆزئارا قېرىنداش بولۇپ، پايدا ـ مەنپەئەتىڭلار، نىشانىڭلار، پايدا ـ زىيىنىڭلارنىڭ بىردەكلىكىنى، سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنىڭمۇ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

3. ئۆزئارا ھېسداشلىق قىلىش.

سىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىڭلارغا قارىغاندا، دۈشمەندەك بىر ـ بىرىڭلارغا غەزەپ بىلەن ھومايماستىن، بەلكى دوستلاردەك، قېرىنداشتەك قارايسىلەر، ئەگەر بىرەر قېرىندىشىڭلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكىنى، يەنە بىرىنىڭ غەمكىن چىرايىنى، ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقانلىقىنى، مېيىپ، ئاقساق ـ چولاق، ياكى كۆزىنىڭ كۆرمەيدىغانلىقىنى كۆرسەڭلار، سىلەردە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارغا ھېسداشلىق قوزغىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بايلار، ئاشۇ ياردەمچىسىز كەمبەغەللەرگە ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دەردمەن ئادەم بۇ باي قېرىندىشىغا دەردىنى ئېيتىدۇ، ئەگەر مەلۇم ئادەم كېسەللىك ياكى باشقا ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن مەسجىدكە كېلەلمىسە، بەزىلەر ئۇنى چوقۇم يوقلىغىلى بارىدۇ، ئۇنىڭدىن ھال سورايدۇ. ئەگەر مەلۇم ئادەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئاڭلانسا، كۆپچىلىك ھەممىسى ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشىپ، مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ھەمدەرد بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەردە ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش روھىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

4. بىر مۇقەددەس نىشان ئۈچۈن يىغىلىش.

ئەمدى سىلەر بىر مۇقەددەس جايغا بىر مۇقەددەس نىشان ئۈچۈن يىغىلدىڭلار. بۇ بىر ئوغرىلارنىڭ، مەسلەرنىڭ ياكى قىمارۋازلارنىڭ يېغىلىشى ئەمەس، بۇلارنىڭ قەلبى ئىپلاسلىق بىلەن توشقان بولىدۇ، ئەمما سىلەرنىڭ يىغىلىشىڭلار بولسا ئاللاھنىڭ قۇللىرىنىڭ ئاللاھقا چوقۇنۇش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلغان يىغىلىشتۇر. بۇ يىغىلىشقا ھەر بىر ئادەم ئاللاھقا ساداقەتمەنلىك بىلەن كېلىدۇ، بۇنداق بىر مۇھىتتا، بىر سەممىي ئادەم قىلغان جىنايىتى (گۇناھى) تۈپەيلىدىن قەلبىدىن خىجىللىق ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇ سورۇندىكىلەرنىڭ ئالدىدا ھەر قانداق بىر گۇناھنى قىلغان بولسا، بۇ شۇ ۋاقىتتىكى يىغىلىش ئۇنى ئىنتايىن پۇشايمان قىلدۇرىدۇ. ئەگەر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىدە بىر ـ بىرىگە ئىلھام بېرىش نىيىتى

بولسا، ھەممەيلەن دوستانىلىك ۋە ھېسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن ئەھۋاللىرىنى ياخشىلاشقا ئۆزئارا ياردەملىشىدۇ، ئۇنداقتا بۇ يىغىلىش ياخشىلىق ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مەنبىئى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار مانا مۇشۇنداق ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پۈتكۈل جامائەتنى ئاستا ـ ئاستا بىر تەقۋادارلار قوشۇنىغا ئايلاندۇرىدۇ.

5. قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ياخشىلىق پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىدكە يىغىلىشىدىن ئىبارەت بۇ بىر رېئاللىقتىن كەلگەن، ئەمما جامائەت نامىزى تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ: سىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنۇڭلارنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، باراۋەر ھالەتتە مۇرەڭلارنى، مۇرەڭلارغا تىرەپ بىر سەپكە تىزىلىسىلەر، بۇ ئىبادەتخانىدا، ئاللاھ ئالدىدا، كۆپچىلىك ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قولى ياكى بەدىنى باشقىلارغا تېگىپ كەتسە، ئۇ ھەرگىزمۇ يىرگىنىش ھېس قىلمايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى پاك، چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىنسان، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قۇللىرى، بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسى، ئىرقى، ۋەتىنى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر پەيغەمبەر ئەۋلادى (Sayyid)، بەزىلەر پاتيانلار (Patyan)، بەزىلەر راجپۇت، بەزىلەر جاتلار (Jat) (بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنى، ئاسىيادىكى، بولۇپمۇ ھىندىستاندا ئولتۇراقلاشقان بەزى قەبىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ) بولۇپ، بەزىلەر بۇ دۆلەتكە تەۋە، بەزىلەر ئۇ دۆلەتكە تەۋە، بەزىلەر بىر خىل تىلدا سۆزلەيدۇ، يەنە بەزىلەر باشقا بىر خىل تىلدا سۆزلەيدۇ. ئەمما كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىر سەپ بولۇپ، ئاللاھقا چوقۇنىدۇ. بۇ دېگەنلىك، كۆپچىلىك ئورتاق بىر ئۇممەتكە تەۋە بولۇپ، بارلىق نەسەب، قانداشلىق، ئىرق، مىللەت جەھەتتىكى پەرق پۈتۈنلەي ساختا، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئۇلۇغۋار مۇناسىۋەت ئاللاھقا چوقۇنۇش بىلەن بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر سىلەر باشقا ئىشلاردىمۇ مۇشۇنداق بولساڭلار، قانداقمۇ سېنىڭ، مېنىڭ، سەن ئۇ يەرلىك، مەن بۇ يەرلىك...... دېگەندەك ئايرىمچىلىق يۈز بېرىدۇ؟

6. ھەرىكەتتىكى بىردەكلىك.

سىلەر كۆپچىلىكنىڭ مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ تىك تۇرغان ۋاقتىڭلار، خۇددى قوماندان ئالدىدا دىققەتتە تۇرغان قوشۇنغا ئوخشاش، بىر سەپ بولۇپ، بىردەك ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرىسىلەر. ھەممەيلەندە تەبىئىي ھالدا ئورتاق نىشانغا ئىگە بىر خىل روھ شەكىللىنىدۇ. سىلەر مۇشۇنداق تەربىيىلىنىپ بىرلىكتە

ئاللاھقا ئىتائەت قىلىسىلەر، سىلەرنىڭ پۇت ـ قولۇڭلارنىڭ ھەرىكىتى تامامەن بىردەك بولۇپ، 10، 20، 100 ياكى بىرەر مىڭ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىدە بەلكى بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتىدەك بىرلىشىپ كېتىسىلەر.

7. ناماز.

سىلەر سەپكە تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىسىلەر؟ بىر ئاۋاز بىلەن، كۆپچىلىك بىرلا ۋاقىتتا ئىگەڭلارغا بويسۇنىسىلەر.

......

ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز.

بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن.

پەرۋەردىگارىمىز، بارلىق ھەمدۇسانا ساڭىلا خاس!

بارلىق مۇئمىنلەرگە ئاللاھدىن تىنچ ـ ئامانلىق تىلەيمىز!

ناماز تۈگىگەندىن كېيىن، سىلەر يەنە ئۆزئارا ئامانلىق تىلەيسىلەر:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ

(As ـ Salam ـ o ـ Alaykum ـ wa ـ Rahmat ـ u ـ Allah) (مېھرىبان ئاللاھدىن سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز! دەپ ئوڭ ـ سولغا سالام بېرىسىلەر).

مانا بۇ سىلەر كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا كۆيۈنىدىغانلىقىنى، بىردەك ھالدا بىردىنبىر پادىشاھقا چوقۇنىدىغانلىقىنى، ھەممەيلەن ئۈچۈن بەخت تىلەيدىغانلىقىنى، ھېچكىم يەككە ـ يېگانە ھالدا ئۆزى ئۈچۈن بىر نەرسە تىلىمەيدىغانلىقىنى، ھەر بىر ئادەم ئاللاھنىڭ كۆپچىلىككە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىشىنى، كۆپچىلىكنىڭ توغرا يولدا مېڭىپ، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئۈمىدىنى ئىپادىلەيدۇ. ناماز دەل كۆپچىلىكنىڭ قەلب رىشتىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۆپچىلىكنى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە بەخت سائادەت تىلەش ئىچىدە ياشىنىتىدۇ.

8. ئىمام (رەھبەر) يېتەكچىلىكىدىكى جامائەت نامىزى.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا، چوقۇم بىر ئىمام بولۇشى، ھەتتا پەقەت ئىككى ئادەم ناماز ئوقۇغاندىمۇ، ئۇلاردىن بىرى ئىمام بولۇشى، يەنە بىرى ئەگىشىپ ئوقۇشى لازىم. ناۋادا جامائەت بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ جامائەتتىن ئايرىلىپ ئۆزى يالغۇز ئوقۇماسلىقى لازىم، ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق قىلساڭلار نامىزىڭلار ھېسابقا ئېلىنمايدۇ، كېچىكىپ قالغانلار بەلگىلىمە بويىچە ئۆلگۈرەلىگىنىچە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ (ئەگىشىدۇ)، ئۆلگۈرەلمىگىنىنى سالامدىن كېيىن تولۇقلايدۇ، بۇ بەلگىلىمىلەر نامازغا قوللىنىپلا قالماستىن، بەلكى كۆپچىلىك ئۈچۈن بىر تەربىيە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر سىلەر مۇسۇلماندەك ياشايمەن دەيدىكەنسىلەر، مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن جامائەت ئىچىدە ياشىشىڭلار كېرەك، سىلەرنىڭ جامائىتىڭلاردا بىر ئىمام بولمىسا ئۇ بىر جامائەت بولالمايدۇ. ناۋادا جامائەت بارلىققا كېلىدىكەن، ئەگەر سىلەر جامائەتتىن ئايرىلساڭلار، ئۇنداقتا سىلەر مۇسۇلمانلاردەك ياشىمىغان ھېسابلىنىسىلەر!

مۇھاكىمە
1. جامائەت نامىزىنىڭ روھىي تەرەپتىكى پايدىلىرى قايسىلار؟
2. جامائەت نامىزىنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىكى پايدىلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىڭ.
3. نېمە ئۈچۈن جامائەت نامىزىنى «ھەربىي قوشۇنغا ئوخشاش» كوللېكتىپ تەربىيىلىنىش دەيمىز؟
4. نېمە ئۈچۈن جامائەتتىن ئايرىلىپ يالغۇز ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ؟

## ئىمامنىڭ شەرتلىرى ۋە ئەھمىيىتى

ئىمام بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇنداق بولىدۇ: بىر كىچىك مەسجىدنىڭ ئىمامىنىڭ ئورنى، «يەر شارى جامەسى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ مەسجىدنىڭ ئىمامىنىڭ ئورنى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ئۇنىڭ نېمە مەسئۇلىيىتى بار؟ قانداق ھوقۇقى بولىدۇ؟ سىلەر ئۇنىڭغا قانداق ئەگىشىشىڭلار كېرەك؟ قانداق پوزىتسىيىدە ئەگىشىشىڭلار كېرەك؟ ئەگەر ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزسە قانداق قىلىشىڭلار كېرەك؟ ئەگەر ئۇ توغرا قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا قانچىلىك ئەگىشىشىڭلار كېرەك؟ قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا تۈزىتىش بېرىش ھوقۇقۇڭلار بولىدۇ؟ قانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ قويىسىلەر؟ قانداق ۋاقىتتا ئۇنى «ئىمام» دەپ ئېتىراپ قىلمايسىلەر؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كىچىك مەسجىدتە ئېلىپ بېرىلىپ، چوڭ بىر ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنىدۇ، بۇ خىل مەشىق دەل سىلەرنىڭ ئاشۇ كىچىك مەسجىدتە ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشۇڭلاردۇر.

مۇھاكىمە

ئىمام بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاخىرقى مەقسەت نېمە؟

## ئىمامنىڭ شەرتلىرى ۋە ئىمام بولۇشنىڭ پرىنسىپلىرى

تۆۋەندە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت بىر نەچچە چوڭ پرىنسىپ ھەققىدە توختىلىمىز:

1. تەقۋادار، ئەخلاقلىق بولۇش.

بەلگىلىمە بويىچە، ئىماملىق قىلىدىغان ئادەم: (1) ئەخلاقى ياخشى، بىلىملىك بولۇش. (2) قۇرئانغا بولغان تونۇشى باشقىلاردىن چوڭقۇر بولۇش. (3) ياشقا چوڭ بولۇشى كېرەك. يۇقىرىدىكى قائىدە ـ نىزاملارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى ھەددىستە چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلارنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلاپ، رەھبەر تاللىغاندا پايدىلىنىشىمىز لازىم.

2. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇش.

بەلگىلىمە بويىچە، ئەگەر كۆپ سانلىق جامائەت بىر ئادەمنى ياقتۇرمىسا، ئۇنى ئىمام سايلاشقا بولمايدۇ. ئادەتتە ھەر قانداق بىر ئادەمنى ھەممە ئادەمنىڭ ياقتۇرۇپ كېتىشى ناتايىن، ئەمما كۆپ سانلىق جامائەت بۇ ئادەمنى ياقتۇرمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىماملىق قىلىشىغا بولمايدۇ. بۇ ئۆلچەمدىنمۇ رەھبەر سايلىغاندا پايدىلانسا بولىدۇ.

3. كۆپچىلىككە ھېسداشلىق قىلىش.

بەلگىلىمە بويىچە، ئىماملىق قىلىدىغان ئادەم ناماز باشلاپ ئوقۇغاندا، نامازخانلار ئىچىدىكى ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنى مۇشەققەتتە قويماسلىقى كېرەك. ئەگەر ياشانغانلار بولسا، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇماسلىقى لازىم (ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇماسلىقى، رۇكۇ، سەجدىنى ئۇزۇن قىلماسلىقى لازىم). نامازنى ئۇزۇن ئوقۇش ياشلارغا، تېنى ساغلام، ۋاقتى يېتەرلىك كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇڭا ئىمام، جامائەت ئارىسىدا ياشانغانلار، تېنى ئاجىزلار، كېسەللەر ۋە ئىشى ئالدىراش بولۇپ، نامازدىن كېيىن دەرھال ئىشقا كىرىشىدىغانلار بارمۇ ـ يوق، بۇلارغا دىققەت قىلىشى لازىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناماز باشلاپ ئوقۇغاندا، ئەگەر كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسا، قىرائەتنى توختىتىپ، نامازنى قىسقارتىپ، بالىنىڭ ئانىسىنى بىئارامچىلىقتىن خالاس قىلاتتى. بۇ مىسالنى، رەھبەر بولغۇچىنىڭ

خەلق ئارىسىدىكى دەرد ـ ئەلەمگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىغا تەتبىقلاشقا بولىدۇ.

4. ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئارقىغا چېكىنىشكە جۈرئەت قىلىش.

بەلگىلىمە بويىچە، ئىمام ناماز باشلاپ ئوقۇغاندا، ئەگەر تۇيۇقسىز ئەھۋال يۈز بېرىپ (تاھارەتكە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلار دېگەندەك.......) نامازغا باشچىلىق قىلالمىغۇدەك بولۇپ قالسا، دەرھال ئورنىدىن ئايرىلىپ، كەينىدىكى بىرەيلەننىڭ داۋاملاشتۇرۇشىغا ئۆتۈنۈشى لازىم. بىر رەھبەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلالمىغان ۋاقىتتا، دەرھال خىزمىتىنى باشقا دانىشمەن كىشىلەرگە ئۆتۈنۈشى كېرەك. بۇ خىل ئەھۋالدا، خىجىل بولماسلىقى، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ مەنسەپتىن ۋاز كېچەلمەي يۈرمەسلىكى كېرەك.

5. پۈتۈنلەي بويسۇنۇش.

بەلگىلىمە بويىچە، ئىمام ئىش ـ ھەرىكىتىدە، قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى لازىم. ئەگەشكۈچىلەر ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئىمامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىكى لازىم، ھەدىستە «بىرەر ئادەم رۇكۇ ياكى سەجدىدە ئىمامدىن تېزرەك ھەرىكەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم قىيامەت كۈنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىدە قايتا تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېيىلگەن. شۇڭا بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرىمۇ ئىمامغا بويسۇنۇشى لازىم.

6. خاتالىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇش.

نامازدا ئەگەر خاتالىق يۈز بەرسە، مەسىلەن، ئىمام ئولتۇرىدىغان ۋاقىتتا ئۆرە تۇرسا، ياكى ئۆرە تۇرىدىغان ۋاقىتتا ئولتۇرغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا «سۇبھانەللاھ» (SubhanAllah) (ئاللاھ پاكتۇر، مەڭگۇ خاتالاشمايدۇ، سىلەر ئاددىي ئىنسان، خاتالىقتىن خالى ئەمەس) دەپ ئىمامنى ئەسكەرتىپ قويۇشى لازىم. ئىمام بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خاتالىقىنى دەرھال تۈزىتىشى، يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس ـ تۇيغۇدا بولماسلىقى لازىم. گەرچە باشقىلار ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىمام خاتالاشمىدىم، دەپ قارىغان بولسا، نامازنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە بولىدۇ. ئەگەشكۈچىلەرمۇ ئەگىشۋېرىشى كېرەك، ئىمامنىڭ خاتالىقىنى ئېنىق بىلگەن بولسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، نامازدىن كېيىن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئىمامغا سۆزلەپ، خاتالىقىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، قايتىدىن ناماز باشلاپ ئوقۇشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

7. جىنايەتكە ئەگىشىشكە بولمايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار كىچىك خاتالىقلار بولۇپ، ئەگەر ئىمام

ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ناماز ئوقۇماي، نامازنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتسە، ياكى نامازدا قۇرئاننى قەستەن خاتا (غەلەت) ئوقۇسا، ياكى نامازدا ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە كۇپرى ياكى شېرىك بولىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلسا، ياكى ئېنىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلسا، بۇ چاغدا، جامائەت نامازنى دەرھال توختىتىپ، بۇ ئىمامنى ئىمامىلىقتىن ئېلىپ تاشلىسا بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پرىنسىپلار، كۆپچىلىككە دۆلەت رەھبەرلىرىگە قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىسلامى قېرىنداشلار!

بۈگۈن كۆپچىلىككە سۆزلىگىنىم ـ جامائەت نامىزىنىڭ پايدىلىرى. كۆپچىلىك، ھەر كۈنى پەقەت ناھايىتى ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇغاندا، ئاللاھنىڭ سىلەرگە دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى، پەقەت نامازدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىبادەت ئارقىلىق، سىلەرگە بارلىق كاتتا نېئمەتلەر (ئىلتىپاتلارنىڭ) ئاتا قىلىنغانلىقىنى، ھەممە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىڭلار. ئەمدى كۆپچىلىك، ناماز مۇشۇنداق ياخشى ئىش بولغاندىكىن، نېمە ئۈچۈن سىز دېگەن مەنپەئەتلەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟ دەپ سورىشى تۇرغانلا گەپ، ئاللاھ خالىسا، بۇ مەسىلىگە كېيىنكى قېتىمدا جاۋاب بېرىمەن.

مۇھاكىمە

1. ئىمام بولۇشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟
2. ئىمام بولۇشنىڭ پرىنسىپلىرى قايسىلار؟
3. جامائەتنىڭ ئىمامغا نىسبەتەن قانداق ھوقۇقلىرى بولىدۇ؟

## 5 ـ لېكسىيە نېمە ئۈچۈن نامازنىڭ ئۇنۇمى بولمايدۇ؟

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئۆتكەن بىر نەچچە قېتىمدا، كۆپچىلىككە نامازنىڭ خىلمۇ ـ خىل پايدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم، ئەمما نېمە ئۈچۈن بۇ پايدىلىق تەرەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلدە كۆرۈلمەيدۇ؟ بۇگۇن كۆپچىلىككە بۇ مەسىلە ئۈستىدە جاۋاب بېرىمەن. گەرچە سىلەر نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇساڭلارمۇ، ئەمما تۇرمۇشۇڭلاردا ياخشىلىنىش كۆرۈلمەيۋاتىدۇ، ئەخلاقىڭلاردا ئۆزگىرىش بولمايۋاتىدۇ، ئاللاھنىڭ بىر قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئايلىنالمايۋاتىسىلەر. كاپىرلار يەنىلا سىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ، سىلەر تېخىچىلا غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرىۋاتىسىلەر، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئاددىي جاۋاب شۇكى: بىرىنچى، سىلەر ئادەتتە ناماز ئوقۇمايۋاتىسىلەر. ئىككىنچى، سىلەر نامازنى ئاللاھ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئوقۇمايۋاتىسىلەر. شۇڭا سىلەر نامازنىڭ پايدىلىرىدىن بەھرىمەن بولالمايۋاتىسىلەر، ناماز ئارقىلىق بىر مۇئمىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يۈكسەلمەيۋاتىدۇ، ئەمما ماڭا ناھايىتى ئېنىقكى، سىلەر مېنىڭ جاۋابىمدىن چوقۇم رازى بولمايسىلەر، ئۇنداقتا مەن سىلەرگە بۇ مەسىلىلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.

### «سائەت»نى مىسال قىلىپ چۈشەندۈرۈش

سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان تامغا ئېسىلغان سائەتنىڭ ئىچكى قىسمى نۇرغۇنلىغان كىچىك زاپچاسلارنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاچقۇچنى بۇرىغان ھامان، ھەر قايسى زاپچاسلار ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، سائەت يۈزىدە نامايان بولۇپ، سائەت ستىرېلكىسى سىلەرگە ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەمدى سىلەر ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ بېقىڭلار، سائەت ياساشتىكى مەقسەت، بىزگە بىر توغرا ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرىش بولۇپ، سائەت ئىچىدىكى ھەر خىل زاپچاسلارنىڭ ئىقتىدارى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ھەر قايسى زاپچاسلار ئۆزئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق بىر توغرا

ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئاچقۇچنى بۇراشتىكى مەقسەت، ھەر قايسى زاپچاسلارنى توختىماستىن ھەرىكەتلەندۈرۈش، ھەر قايسى زاپچاسلارنى ئالدى بىلەن ئوبدان تەكشەپ، ئاندىن ھەرىكەتلەندۈرگەندە، بۇ سائەت جەزمەن رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر ئاچقۇچنى بۇرىمىساڭلار، ئۇ سىلەرگە ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، ئەگەر ئاچقۇچنى بۇرىساڭلار، ئەمما بەلگىلەنگەن ئۇسۇل بويىچە بۇرىمىساڭلار، سائەت توختاپ قېلىپ، ۋاقىتنى يەنىلا توغرا ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر سىلەر بىر نەچچە تال زاپچاسنى ئېلىۋېتىپ ئاچقۇچنى بۇرىغان بولساڭلار، ئۇنداقتا چوقۇم بىكار ئاۋارە بولغان بولىسىلەر. ئەگەر سىلەر سائەتنىڭ زاپچاسلىرىنىڭ بىر نەچچىسىنىڭ ئورنىغا كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئاندىن ئاچقۇچنى بۇرىساڭلار، ئۇنداقتا بۇ سائەت ھەم سىلەرگە توغرا ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، ھەم ھەر قانداق كىيىمنى تىكىپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر زاپچاسلىرى تولۇق بولسىمۇ، ئەمما قۇراشتۇرۇلمىغان بولسا، ھەر قانچە ئاچقۇچ بەرگەن بىلەن، زاپچاسلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ھەرىكەت قىلمايدۇ. گەرچە زاپچاسلىرى ھەممىسى ئېچىدە بولسىمۇ، ئەمما توغرا قۇراشتۇرمىساڭلار، زاپچاسلار رولىنى جارى قىلدۇرالمىغانلىقتىن ھەرىكەتلەنمەيدۇ-دە، سىلەرگە توغرا ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. مۇشۇنداق خىلمۇ-خىل ئەھۋالدا، گەرچە بىر سائەت بولسىمۇ، ئاچقۇچ بەرگەن بولساڭلارمۇ، بۇنىڭ پۇتۇنلەي پايدىسى بولمايدۇ. سائەتتىن سەل يىراقراق تۇرغان ئادەم «بۇ بىر سائەت ئەمەس» دېمەيدۇ، «سائەتكە ئاچقۇچ بەرمىدىڭىزمۇ» دېمەيدۇ. ئۇ چوقۇم: «بۇ سائەتكە ناھايىتى ئوخشايدىكەن، سائەتكە ئوخشاش رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېيىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا ئۇ سىلەرنىڭ سائەتكە ئاچقۇچ بەرگىنىڭلارنى كۆرگەندە، سىلەرنى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلدى دەپ قاراپ، سائەتنىڭ رولىنىڭ جارى بولۇشىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۆرگىنى پەقەت سائەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ.

مۇھاكىمە

يۇقىرىدىكى مىسالدا قانداق ئەھۋالدا سائەت ۋاقىتنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىدۇ، قانداق ئەھۋاللاردا رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ؟

## مۇسۇلمانلار ئۇممىتىنىڭ مەقسىتى (Ummah)

يۇقىرىدىكى مىسالدىن سىلەر بۇنداق بىر ئەھۋالنى چۈشىنىۋالالايسىلەر، ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلامغا توغرا مۇئامىلە قىلالايسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ـ سائەت ياساشتىكى مەقسەت توغرا ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئىسلامنىڭ مەقسىتى بولسا سىلەرنى، بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ۋاكالەتچىلىرىدىن قىلىش، كىشىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ گۇۋاھچىلىرىدىن قىلىش، بۇگۈنكى دۇنيادىكى ھەقىقەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشتىكى بايراقدارلاردىن قىلىش، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇندىغان قىلىپ تەربىيىلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەت قۇرئاندىكى ئايەتلەردە ئېنىق كۆرسىتىلگەن:

﴿ كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ ﴾

**«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.......»** (سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)

﴿ وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَٰكُمْ أُمَّةً وَسَطًا لِّتَكُونُوا۟ شُهَدَآءَ عَلَى ٱلنَّاسِ وَيَكُونَ ٱلرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيدًا ﴾

**«شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق........»** (سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەت)

﴿ وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ مِنكُمْ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ كَمَا ٱسْتَخْلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ ٱلَّذِى

ٱرْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا ۚ 

**«ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى.......»** (سۇرە نۇر 55 ـ ئايەت)

 وَقَـٰتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ كُلُّهُۥ لِلَّهِ ۚ 

**«پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.......»** (سۇرە ئەنفال 39 ـ ئايەت)

مۇھاكىمە

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەقسىتى نېمە بولۇشى كېرەك؟ بۇ ھەققتە قۇرئاندىكى قايسى ئايەتلەردە ئېنىق كۆرسەتمە بار؟

## ئىسلامنىڭ تەرتىپى سائەت زاپچاسلىرىغا ئوخشايدۇ

بۇ مەقسەتكە يېتىشتە ـ ئىسلامنىڭمۇ سائەتكە ئوخشاش نۇرغۇن زاپچاسلىرى بولۇپ، بۇ زاپچاسلار مۇۋاپىق قۇراشتۇرۇلۇشى زۆرۈر. دىنى ئېتىقاد ۋە ئەخلاق پرىنسىپى، دۇنيا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۆلچىمى، ئاللاھنىڭ ھوقۇقى، ئاللاھنىڭ قۇللىرىنىڭ ھوقۇقى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھوقۇقى، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھوقۇقى، تىرىكچىلىك قانۇنىيىتى، پۇل سەرپ قىلىش ئۇسۇلى، ئۇرۇش قانۇنى، تىنچلىق قانۇنى، ئىسلامى ھاكىمىيەتكە بويسۇنۇش پوزىتسىيىسى ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى سائەتنىڭ زاپچاسلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ھەر قايسى زاپچاسلار ئۆزئارا مۇستەھكەم كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، ناۋادا ئاچقۇچى بۇرالسا، ھەر قايسى زاپچاسلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى بولسا ـ ئىسلام ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالەتتە ئۈزلۈكسىز ئىجرا قىلىنىدۇ. خۇددى ئۇدۇلۇڭلاردىكى سائەتنىڭ ستربلكىسىغا ئوخشاش ھەر خىل زاپچاسلارنى مۇستەھكەم ئورنىتىش ئۈچۈن، نەچچە تال مىخ ۋە مېتال پارچىلىرى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئوخشاشلا ھەر قايسى

زاپچاسلارنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلام ھەر قايسى زاپچاسلارنىڭ تىزىلىش تەرتىپىنى ساقلىشى زۆرۈر. مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىملىك، دانىشمەن بىر رەھبىرى بولۇشى، باشقا دىنى قېرىنداشلىرى بىرلىشىپ ئۈنىڭغا ياردەم بېرىشى، مۇسۇلمانلار ئامىسى ئۈنىڭغا بويسۇنۇشى، ئۇ بۇ خىل كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلىشى، ھەمىدە خەلقنىڭ ئىسلام قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشىنى چەكلىيەلىشى لازىم، بارلىق زاپچاسلار مۇشۇنداق بىرلىكتە ماسلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن قوزغىتىلىشى ھەمىدە داۋاملىق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈشى لازىم. ئاچقۇچنى بۇراش زۆرۈر، ئاچقۇچنى بۇراش دەل بىر كۈندىكى بەش ۋاخ نامار ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. سائەت زۆرۈر بولغاندا يۈيۈپ تازىلىنىدۇ. بۇ خىزمەتكە بىر يىلدىكى 30 كۈن رامزان روزىسى مەسئۇل بولىدۇ. سائەت زۆرۈر بولغاندا سىلىقلاش مېيى بىلەن مايلىنىپ تۇرىدۇ. زاكات دەل سىلىقلاش مېيى بولۇپ، بىر يىلدا بىر قېتىم مايلىنىدۇ. بۇ سىلىقلاش مېيى باشقا يەردىن كەلگەن بولماستىن، بۇ سائەتتىكى بىر نەچچە زاپچاس ئەسلىدىنلا سىلىقلاش مېيى ھاسىل قىلالايدۇ، مايلىغاندىن كېيىن، ماشىنا تېخىمۇ ياخشى ئايلىنىدۇ، بەزى چاغدا ئاندا-ساندا رېمونت قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ھەج قىلىش ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھەج ئۆمرىدە كەم دېگەندە بىر قېتىم بولىدۇ، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.

مۇھاكىمە

ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئاللاھنىڭ قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن قانداق تەرتىپ بولۇشى كېرەك؟

## زاپچاسلىرى مۇۋاپىق بولمىسا ئۈنۈمى بولمايدۇ

ئەمدى كۆپچىلىك، سائەتنىڭ بارلىق زاپچاسلىرى سائەت ئىچىگە تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەھۋالدا، ئاچقۇچنى بۇراش، تازىلاش، مايلاش، رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلغاندا ئاندىن سائەتنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەر قايسى زاپچاسلار سائەت ياسىغان زاۋۇتنىڭ لايىھىسى بويىچە قۇراشتۇرۇلۇپ، ئاچقۇچنى بۇرىغاندا، ھەر قايسى قىسىملار ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاندىن سائەتنىڭ ۋاقىت ھېسابلاش ئىقتىدارىنىڭ ئەمەلدە كۆرۈلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدىڭلار. ئەمما بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز

ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئالدى بىلەن بىزدە بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە يوق (سائەتنىڭ ھەر قايسى زاپچاسلىرى ئۇنىڭغا تايىنىپ مۇستەھكەملىنىدۇ)، شۇڭا ھەر قايسى زاپچاسلار بىرلىكتە مۇستەھكەملەنمىگەن، بەزىلىرى شالاقشىپ قالغان، بەزىلىرى بوشاپ قالغان، كۆپچىلىك ھەر قايسىسى ئۆز بىلگىنىنى قىلىپ، بىر-بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمايدۇ، خالىسا ئىسلام قانۇنىغا بويسۇنىدۇ، خالىمىسا بويسۇنمايدۇ. ھەتتا كۆڭلۈڭلارغا ياقمىغان ۋاقىتىدا، سائەت ئىچىدىن بىر نەچچە زاپچاسنى ئېلىۋېتىپ، باشقا ماشىنىلاردىن ئېلىۋەتكەن زاپچاسلارغا ئالماشتۇرۇپ قويىسىلەر. بەزىلەر كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ياخشى كۆرگەچكە كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ، بەزىلەر ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ياخشى كۆرگەچكە ئۇن تارتىش ماشىنىسىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. يەنە بەزىلەر ئاپتوموبىلنى ياخشى كۆرگەچكە ئاپتوموبىلنىڭ زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار بۇ زاپچاسلارنى سائەت ئىچىدىكى زاپچاسلارغا ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئوخشىتىش سىلەرگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ، چۈنكى سىلەر مۇسۇلمان بولۇپ تۇرۇپ، جازانىخورلۇق قىلىسىلەر، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىسىلەر، يالغان ئەرز قىلىپ تۆھمەت قىلىسىلەر، كۇپرىغا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىسىلەر. سىلەرنىڭ قىزلىرىڭلار، ئاچا-سىڭىللىرىڭلار ۋە خوتۇنلىرىڭلار ئاقسۆڭەك خېنىملارنىڭ ھەمراھلىرىدىن (MemSahib) بولۇۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىڭلار كاپىرلارنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىۋاتىدۇ، ۋەھاكازا. ئومۇمەن ئىسلامغا يات بولغان نەرسىلەرنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ سائەت ئىچىگە ئېلىپ كىرىۋاتىدۇ.

مۇھاكىمە

ئىسلام دىنىغا غەيرىي قاراشلارنىڭ ئېلىپ كىرىلگەنلىكى قانداق ئوخشىتىش بىلەن بايان قىلىنغان؟

## ئەخمىقانە خام خىيالنىڭ نەتىجىسى بولامدۇ؟

سىلەر مۇشۇنداق غەلىتە ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن، يەنە بۇ سائەتنىڭ ئاچقۇچىنى بۇرىساق، ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، دېيەلەمسىلەر؟ يۇيۇپ تازىلىساق، مايلاپ تۇرساق، رېمونت قىلدۇرۇپ تۇرساق سائەتتىن

مەنپەئەتلىنەلەيمىز دەپ قارامسىلەر؟ ئازراقلا ئەقلى-ھوشى بار ئادەم شۇنى ئېنىق بىلەلەيدۇكى، بۇ خىل ئەھۋالدا ئاللىقاچان سائەتنى بۇزۇپ بولدۇڭلار، ئۆمۈر بويى توختىماي ئاچقۇچنى بۇرىساڭلارمۇ، مايلاپ، رېمونت قىلدۇرۇپ تۇرساڭلارمۇ، تاكى سىرتتىن ئەكېلىپ، سائەت ئىچىدىكى زاپچاسلارغا ئالماشتۇرغان زاپچاسلارنى ئېلىۋەتمىگۈچە، ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئەسلىدىكى زاپچىسىنى ئالماشتۇرۇپ، قائىدە بويىچە قۇراشتۇرۇپ چىقمىتىڭلار، بولمىسا بۇ سائەتنىڭ سىلەرگە ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرىشىدىن ھەرگىزمۇ ئۈمىد كۈتمەڭلار.

مۇھاكىمە
نېمە ئۈچۈن ئەخمىقانە خام خىيالنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ؟

## دىنى ئەمەللەرنىڭ ئۈنۈمى بولماسلىقنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى

نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئوقۇغان ناماز، تۇتقان روزا، بەرگەن زاكات، قىلغان ھەج پائالىيىتىڭلارنىڭ ئۈنۈمى بولمىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىڭلار، يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ئۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى. ئالدى بىلەن، ئاراڭلاردا ناماز ئوقۇيالايدىغان، روزا تۇتالايدىغان، ھەج قىلالايدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ پارچىلىنىشى سەۋەبلىك، ھەر بىر ئادەم ئۆز ئىشى بىلەنلا بولىدىغان بولۇپ قالدى، باشقىلار بۇ پەرز ئەمەللىرىنى قىلدىمۇ-يوق، ئەزەلدىن ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ قويمايدۇ. بۇ ئىبادەتلەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ، ئىبادەت قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىشە جامائەت نامىزىغا قاتناشمايدىغان، مەلۇم جايدا جامائەت نامىزى بولغاندا مەسجىدنىڭ ئىماملىقىغا سايلانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تىرىكچىلىك قىلىشقا ئامالسىز قالغان كىشىلەر بولۇپ، سەدىقىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەربىيە كۆرمىگەن، قابىلىيەتسىز، ئەخلاقى ناچار كىشىلەر بولۇپ، بۇ خىل ئادەملەر سىلەر تەرىپىدىن مەسجىدلەرگە ئىماملىققا سايلانغان بولۇپ، سىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ جامائەت نامىزى ئوقۇيدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئاللاھ سىلەرنى جامائەت نامىزى ئارقىلىق تەربىيىلەپ بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ خەلىپىسى (ۋاكالەتچىسى) قىلىشنى مەقسەت قىلغان. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، سىلەر يەنە نۇرغۇن

مۇسۇلمانلار دىنى ئەمەللەرنى توغرا ئىجرا قىلمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە تۈرلۈك كېسەللىكلەر پەيدا بولۇۋاتىدۇ، دېيىشكىلى بولمايدۇ، بۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دېيىشكە بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار دىنى ئەمەللەرنى توغرا ئىجرا قىلمىغاچقا، دېيىشكىلار مۇمكىن. ئەمما، سىلەرگە سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، سائەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زاپچاسلار ئالدىراپ بوشاپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتىن نۇرغۇن زاپچاسلار مەجبۇرى كىرگۈزۈلۈپ سەپلەندى، شۇڭا سىلەر ئاچقۇچنى بۇرامسىلەر، بۇرىمامسىلەر، تازىلامسىلەر، تازىلىمامسىلەر، مايلامسىلەر، مايلىمامسىلەر، بەربىر ئوخشاش. ئىچكى ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ بىر سائەت ئىكەنلىكىگە قاراپ، ئەلۋەتتە: «بۇ بولسا ئىسلام، سىلەر بولساڭلار مۇسۇلمانلار» دېيىشى مۇمكىن. ئاچقۇچنى بۇرىغان، تازىلىغان ۋاقىتىڭلاردا، ھېلىقى قاراپ تۇرغان كىشى: «سىلەر ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىبادەت قىلىدىكەنسىلەر، ھېچكىممۇ سىلەرنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىڭلارنى، روزا تۇتقانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلالمايدۇ» دەيدۇ. ئەمما ئۇ سائەتنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئالدىراپ كاردىن چىققانلىقىنى بىلەمدۇ ـ بىلمەمدۇ؟ بۇ بىر مەسىلە.

مۇھاكىمە
دىنى ئەمەللەرنىڭ ئۈنۈمى بولماسلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى زادى نېمە؟

## ھازىرقى ئېچىنىشلىق ئەھۋال

ئىسلامى قېرىنداشلار!

مەن كۆپچىلىككە نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى دىنى ئەمەللەرنىڭ ئۈنۈمى بولماسلىقنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. گەرچە سىلەر ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇۋاتساڭلارمۇ، يەنىلا كاپىرلارنىڭ چاڭگىلىدا ياشاۋاتىسىلەر، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتىسىلەر، ئەمما ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى نازارەتچىلىرىدىن بولالمايۋاتىسىلەر. ئەگەر كۆڭلۈڭلارغا كەلمىسە، سىلەرگە تېخىمۇ بىر ئېچىنىشلىق بىر پاكىتنى سۆزلەپ بېرەي: 1000 ئادەمدىن 989 نەپەردىن كۆپرەك ئادەم ھازىرقى ئەھۋالدىن قانائەتلىنىپ، رازىمەنلىك بىلەن ياشاۋاتىدۇ. سىلەر بۇنىڭدىن چوقۇم ئېچىنىسىلەر، بۇ ئىسلام سائىتىگە نىسبەتەن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى يەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ سائەت ئالدىراپ چاك ـ چېكىدىن چۇۋۇلۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىر ئادەمنىڭ ياخشى كۆرگىنى بويىچە نۇرغۇن قالايمىقان نەرسىلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى سائەت ئىچىدىن چىقىرىۋېتىشقا كۆزى قىيمايدۇ.

سىلەرنىڭ باشقىلار ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزۈڭلار كىرگۈزگەن قالايمىقان نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇشۇڭلارمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئوخشاشلا، ئۆزۈڭلارنىڭ زاپچىسىنى چىڭىتساڭلار، باشقا زاپچاسلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىڭىتىلىدۇ، ئەمما باشقا زاپچاسلار چىڭىتىلغاندا، سىلەرنىڭ زاپچىسىڭلارنىڭ چىڭىتىلماي قېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، مۇھىمى، سىلەرنىڭ زاپچىسىڭلار چىڭىتىلغاندا، باشقا زاپچاسلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ھەممىسى چىڭىتىلىدۇ، بۇ بىر ئادەم تاقەت قىلالمايدىغان ئىش.

شۇڭا، ئۇلار بۇ سائەتنى مۇشۇ ھالىتىدە ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنى تاملارغا ئېسىپ قويۇپ، كۆرگەزمە قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ داۋاملىق ئاچقۇچنى بۇرىشىدىن، ئەستايىدىل تازىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەمما زاپچاسلىرىنى ئەزەلدىن مۇۋاپىق تەڭشىمەيدۇ، ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى قالايمىقان زاپچاسلارنى چىقىرىۋېتىشنىمۇ خالىمايدۇ.

مەن كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن مەن بۇنداق قىلالمايمەن. چۈنكى مەن ئەخلاقى-پەزىلىتىمگە خىلاپ ئىش قىلالمايمەن. كۆپچىلىككە شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا، ئەگەر سىلەر بەش ۋاخ نامازدىن سىرت، ھەر خىل نەپلى نامازلارنى ئوقۇڭلار، بىر كۈندە بەش سائەت قۇرئان ئوقۇڭلار، رامىزان ئېيىدىن سىرت، قالغان 11 ئاينىڭ بەش يېرىم ئېيىدا يەنە روزا تۇتۇڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلارمۇ، يەنىلا ئازراقمۇ پايدىسى بولمايدۇ. مۇھىمى، ئەگەر ئەسلىدىكى زاپچاسلىرىنى مۇۋاپىق ھالدا قۇراشتۇرغاندا، ھەمدە مەھكەم چىڭىتقاندىن كېيىن، ئاچقۇچنى ئازراقلا بۇراپ قويسا، سائەت ناھايىتى راۋان مېڭىپ كېتىدۇ، ئانچە-مۇنچە پاكىزلاپ ۋە مايلاپ تۇرسا، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بولمىسا، سىلەر كېچە-كۈندۈز سائەتنىڭ ئاچقۇچىنى بۇراڭلار، سائەت ئازراقمۇ مېڭىپ قويمايدۇ.

مۇھاكىمە

مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى بايان قىلىڭ؟

# تۆتىنچى بۆلۈم روزا

## 1 ـ لېكسىيە ھەر بىر ئۈممەت چوقۇم روزا تۇتۇشى كېرەك

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىككىنچى ئىبادەت ـ «روزا» تۇتۇشتۇر. روزا تۇتۇشنىڭ مەنىسى ـ كۈندۈزدە يەپ ئىچىشتىن چەكلىنىشتىن ئىبارەت. روزا نامازغا ئوخشاش باشلىنىشىدىلا ھەر قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ «شەرىئەت»ىدە چوقۇم ئىجرا قىلىش بەلگىلەنگەن. ئىلگىرىكى ھەر قايسى ئۈممەتلەرنىڭ روزا تۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرىنىڭ روزا تۇتۇش ئۇسۇلى ئوخشاش. ئەمما روزا تۇتۇشنىڭ قائىدىسى، روزا كۈنلىرىنىڭ سانى، روزا تۇتۇش مەزگىلى قاتارلىقلاردا ھەر قايسى «شەرىئەت»لەردە ئانچە ـ مۇنچە پەرقلەر بار. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، نۇرغۇنلىغان دىنلارنىڭ روزا تۇتۇش بەلگىلىمىسى بولسىمۇ، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قارىشى بويىچە نۇرغۇن بەلگىلىمىلەرنى قوشقان بولغاچقا، ئەسلىدىكى روزا تۇتۇش ئۇسۇلى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴾

**«ئى مۇئمىنلەر (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»** (سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ چۈشۈرگەن «شەرىئەت»لەرنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن.

### نېمە ئۈچۈن روزا تۇتۇش پەرز قىلىندى؟

ئاللاھنىڭ ھەر بىر دەۋردە رامىزان روزىسىنى پەرز قىلغانلىقىدىن، روزا تۇتۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

1. ئۆمۈرۋايەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى مەقسەت قىلىش.

مەن كـۆپچىلىككە نۇرغـۇن قېـتىم، ئىـسلامنىڭ ھەقىقىـي مەقـسىتىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ھاياتلىقىنى ئاللاھقا «ئىبادەت» قىلىشقا ئايلانـدۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشـەندۈرۈپ ئۆتتـۈم. ئىنـسانىيەت بويـسۇنۇش ئۈچـۈن ياشـايدۇ. تۇغمـا بويـسۇنۇش (قۇللـۇق) ئىپگـى بولــدۇ. شـۇڭا ئـۇ ئىبـادەتتىن بىردەممـۇ ئايرىلالمايدۇ. يەنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ھەر ۋاقىـت، ھەر جايدا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇپ، قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىـشكىلى بولىـدىغانلىقىنى، قانـداق قىلغانـدا ئاللاھنىـڭ غەزىـپىگە دۇچـار بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى لازىم. شۇڭا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان يولدىن قەتئىي قايتماسلىقىمىز، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئېرىـشتۈرىدىغان يولـدىن قەتئىـي يىـراق بولــشىمىز لازىـم. ھەر بىـر ئـادەم ئـاللاھ تەرىـپلىگەن يـولنى تاللىشى، رۇخسەت قىلمىغان يولدىن يىراق بولۇشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتى مۇشۇنداق تۈس ئالغان بولـسا، ئۇنـداقتا ئـۇ، ئاللاھقـا ئىتـائەت قىلىـش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغـان دەپ قارىلىـدۇ. چـۈنكى ئـۇ تۆۋەنـدىكى ئايەتنىـڭ كۆرسەتمىسىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ:

﴿ وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴾

**«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا يـاراتتىم.»** (سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت)

2. «ئىبادەت» ـ ئىتائەت قىلىش تەربىيىسى.

ئالــدىنقى قىــسىملاردا، نامــاز، روزا، ھەج، زاكـــات قاتارلىقلارنىـــڭ پەرز قىلىنىشى بىر چوڭ «ئىبادەت» ئۈچـۈن تەربىيىلىـنىش ئۈچـۈن ئىكەنلىكىنـى سۆزلەپ ئۆتتۈم. بۇ پەرزلەرنى ئـورۇنلاش، سـىلەرنى ئاللاھقـا ئـۇ، بـۇ نەرسـىلەرگە قەرزدار، چوقۇم قايتۇرۇشۇڭلار كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، يـاكى سـىلەر ھەر كـۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، رامزان ئېيىدا 30 كـۈن ئـاچ، ئۇسـسۇز يـۈرۈپ روزا تۇتـۇپ، ئېشىنالىساڭلار زاكات بېرىپ، ئۆمرۈڭلاردا بىر قېتىم ھەج قىلىـپ، ئاللاھنىـڭ قەرزىنــى قــايتۇرۇپ، ئاللاھقــا يەنە ئىتــائەت قىلىــپ يۈرمىــسەڭلارمۇ، ئــۆزۈڭلار خالىغــاننى قىلــساڭلارمۇ بولــدۇ دېگەنلىــك تېخىمــۇ ئەمەس. بــۇ پەرزلەرنـى ئورۇنلاشــتىكى ئاساسـى مەقــسەت ـ بىــر ئــادەمنى پۈتكـۈل ھاياتىـدا ئاللاھقـا «ئىبادەت» قىلىـپ ياشايدىغان قىلىـپ تەربىيىلەشـتىن ئىبـارەت. ئەمـدى بىـر مۇشۇ مەقسەت بىـلەن، روزا تۇتۇشـنىڭ ئـادەمنى قانـداق قىلىـپ چەكلىمىـسىز «ئىبادەت» قىلىدىغان قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

3. روزا تۇتۇش بىر خىل كۆرگىلى بولمايدىغان ئىبادەت.

روزىدىن باشقا دىنى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بولىدۇ. مەسىلەن، نامازدا بىر ئادەم ئۆرە تۇرىدۇ، ئولتۇرىدۇ، ئېگىلىدۇ، سەجدە قىلىدۇ، ...... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشقىلار كۆرەلەيدۇ. يەنە ئېلىپ ئېيتساق، ھەج قىلىش بولسا، ھەج قىلغۇچى نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنىڭ بىر قېتىملىق ئۇزۇن سەپەر قىلىشىدۇر. زاكات بولسا، بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە خەير ـ ئېھسان قىلىشىدۇر. بۇ دىنى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى باشقا كىشىلەردىن يوشۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر قىلساڭلار، باشقىلار كۆرىدۇ، ئەگەر قىلمىساڭلار، بۇنىمۇ باشقىلار بىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، روزا بولسا بىر خىل كۆرگىلى بولمايدىغان «ئىبادەت» بولۇپ، ئۇز بەندىسىنىڭ روزا تۇتقان ـ تۇتمىغانلىقىنى ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھلا بىلىپ تۇرىدۇ. بىر ئادەم سەھەردە زوھورلۇق يەپ، تاكى كۈن ئولتۇرغۇچە روزىسىغا ئەمەل قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئارىلىقتا ئوغرىلىقچە يەپ ـ ئىچىۋالسا، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەممە ئادەم ئۇنى «روزا تۇتتى» دەپ بىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ روزا تۇتمىغان بولىدۇ.

4. روزا ـ ئىماننى كۈچەيتىشنىڭ بەلگىسى.

بىر ھەقىقىي روزا تۇتقان ئادەم، ھەرگىزمۇ ئوغرىلىقچە يەپ ـ ئىچىۋالمايدۇ. ھەتتا تومۇز ئىسسىق ياز كۈنلىرى، ئاغزى قۇرۇپ چاڭقاپ كەتسىمۇ، بىر تامچە سۇمۇ ئىچمەيدۇ، قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتسىمۇ، ھەرگىزمۇ ئازراق بىر نەرسە يەۋېلىش نىيىتىدە بولمايدۇ. بۇنداق ئادەم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن روزا تۇتقان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسىلەر. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىنى دۇنيا خەلقىدىن يوشۇرۇپ قالالىغان بىلەن، ئاللاھدىن يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھدىن قورقۇش بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئازاب تارتىشى ئاللاھدىن قورققانلىقتىن بولۇپ، ھەرگىزمۇ روزىسىنى بۇزۇش خىيالىدا بولمايدۇ. تولۇق بىر ئاي ئىچىدە، ئۇ كەم دېگەندە 360 سائەت روزا تۇتقان بولىدۇ. ئۇ ئاخىرەت كۈنىدىن ئازراقمۇ گۇمانلانمايدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرەت كۈنىدىكى مۇكاپات ـ جازاغا بولغان ئىمانى شۇ قەدەر چوڭقۇر! ئەگەر ئۇ ئاخىرەت كۈنىدىكى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتىن قىلچىلىك گۇمانلانغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ روزىسىغا ئەمەل قىلمىغان بولاتتى. ناۋادا بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلسا، يېمەي ـ ئىچمەي ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

5. بىر ئاي ئۇدا تەربىيىلىنىش (ئۈزلۈكسىز تەربىيىلىنىش).

ئاللاھ مانا مۇشۇنداق ھەر يىلى توپتوغرا بىر ئاي ۋاقىت ئىچىدە

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى سىنايدۇ. بۇ سىناقتىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. ئەگەر سىلەر بىر كىمگە بىرەر ئىشنى ھاۋالە قىلساڭلار، ئالدى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ سەممىيىتىنى سىناپ كۆرىسىلەر. ئەگەر ئۇ سىناقتىن ئۆتسە، ساداقەتسىزلىك قىلمىسا، ئۇنىڭغا مۇھىم ئىشلارنى تاپشۇرىسىلەر. ئوخشاشلا، ئاللاھ سىلەرنى ئۇدا بىر ئاي قاتتىق سىنايدۇ (ھەر كۈنى 12 سائەتتىن 24 سائەتكىچە)، ئەگەر بۇ سىناقتىن ئۆتسەڭلار، ئۇنداقتا جىنايەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىڭلار ئاشىدۇ، چۈنكى سىلەر ئاللاھدىن قورقىسىلەر. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى. بۇ نۇقتا ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلمايسىلەر، يوشۇرۇنچىمۇ خىلاپلىق قىلمايسىلەر. ھەر قانداق ئەھۋالدا، شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇشۇڭلار كېرەككى، ھامان بىر كۈن، ھەممە ئىشلار ئاشكارا بولىدۇ، ھېچنەرسە قالمايدۇ. ياخشىلىققا مۇكاپات، يامانلىققا جازا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ:

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴾

**«ئى مۇئمىنلەر (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»** (سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت)

6. ئۇزۇن مۇددەت بويسۇنۇش مەشىقى قىلىش.

بۇ بولسا روزا تۇتۇشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ ئادەمنى ئۇزۇن مۇددەت بوشاشماي «شەرىئەت»كە بويسۇنۇشقا كۆندۈرىدۇ. ھەر قېتىملىق ناماز ئۈچۈن بىر نەچچە مىنۇت كېتىدۇ. زاكاتنىمۇ يىلدا بىر قېتىم تارقىتىمىز. ھەج قىلىش مەزگىلى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان بىلەن ئۆمرىدە بىر قېتىم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەمدىن ھەج قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ (شارائىتى يار بەرمىگەن ئەھۋالدا ھەج قىلمايدۇ). بۇنىڭ ئەكسىچە، روزا تۇتۇش ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «شەرىئەت»ىگە رىئايە قىلىنىپ، بىر يىلدا بىر ئاي كۈندۈزى ۋە كېچىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ زوھورلۇق يەيسىلەر، ھەمدە تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال يېمەك ـ ئىچمەكنى توختىتىسىلەر. كۈندۈزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ، ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن ساقلىنىپ، كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىپتار قىلىسىلەر. تاماقتىن كېيىن

ئازراق دەم ئېلىپ، يەنە «تەراۋىھ» نامىزى ئوقۇغىلى بارىسىلەر. شۇنداق قىلىپ، بىر يىلدا توپتوغرا بىر ئاي سۈبھىدىن كۈن ئولتۇرغۇچە، كۈن ئولتۇرغاندىن تارتىپ سۈبھىگىچە بۇ ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرىسىلەر. ئەگەر بىر مۇسۇلمان قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلمىسا، ھەربىي قىسىمدىكى ئەسكەرگە ئوخشاش، كېيىنكى 11 ئايدا ئۇنىڭ بىر ئاي تەربىيىلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر يەنىلا نۇقسان كۆرۈلسە، كېيىنكى يىلدىكى تەربىيىلىنىشتە تولۇقلىۋالسا بولىدۇ.

7. پايدىلىق بولغان كوللېكتىپ تەربىيىلىنىش مۇھىتى.

بۇ خىل ئۇسۇل ئادەمنىڭ ئايرىم تەربىيىلىنىشىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ھەربىي قىسىمدىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئايرىم پاراتتىن ئۆتۈشى بۇيرۇق قىلىنمايدۇ. ھەربىي سىگنال چېلىنىشى بىلەن كۆپچىلىك تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن بىر خىل قوشۇن روھىنى يېتىلدۇرۇپ، ئۆزئارا بىرلىكتە تەربىيىلىنىشنىڭ ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، A ئادەم ئېلىپ بارىدىغان مەشىق، بەلكىم B ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇنلىنىشى مۇمكىن. B ئادەمنىڭ يېتەرسىزلىكىنى C ئادەم تولۇقلىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بولۇپ، بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ بىرلىكتە روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ بۇيرۇق يەككە «ئىبادەت»نى كوللېكتىپ «ئىبادەت»كە ئايلاندۇرىدۇ. خۇددى بىر بىردىن يىغىلىپ تۈمەن بولغانغا ئوخشاش. ئەگەر بىر مىليون ئادەم بىرلا ۋاقىتتا روزا تۇتسا، ئۇ ھالدا بىر ئادەم روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان مەنىۋى ۋە ئەخلاقى جەھەتتىكى ياخشىلىق بىر مىليون ھەسسە كۆپىيىدۇ. رامىزان ئېيى پۈتكۈل مۇھىتنى تەقۋادارلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن پۈركەيدۇ، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىخلاسمەنلىك روھى ئۇرغۇيدۇ، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى گۇناھلاردىن تارتىپلا قالماستىن، ئەگەر بىرەرسى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، باشقا نۇرغۇنلىغان روزىدار قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ھەر بىر ئادەم روزىدار ۋاقىتىدا قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن نومۇس ھېس قىلىدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئىستىكى يالقۇنجاپ، نامراتلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك سەدىقە قىلىدۇ، ئاجىزلارغا يار يۆلەكتە بولىدۇ، خەيرلىك ئىشلارغا قاتنىشىدۇ. جىنايەتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى چەكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر خىل ئاقكۆڭۈللۈك ۋە ئىززەت ـ ئىكرامغا تولغان كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ، خۇددى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن مول ـ ھوسۇل يىغىۋېلىش پەسلى كەلگەندە،

بىپايان مۇنبەت يەرلەر مول ـ هوسۇل خۇشاللىقىغا چۈمگەنگە ئوخشاش.

شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسانىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاللاھ 100 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ئىنئام بېرىدۇ، لېكىن ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان روزىسىغا بېرىلىدىغان ئىنئام بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىنئامنى ئۆزۈم بەلگىلەيمەن، قانچىلىك كۆپ ئىنئام قىلىشنى خالىسام شۇنچىلىك ئىنئام قىلىمەن»».

بۇ ھەدىستىن بىلەلەيمىزكى، بارلىق ياخشى ئەمەللەر، ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ نىيىتى ۋە ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئىنئامغا ئېرىشىدۇ. لېكىن ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىسى بار. ئەمما، رامىزان روزىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىنئامنىڭ چېكى بولمايدۇ. رامىزان ئېيى ياخشىلىقتا ۋە تەقۋادارلىقتا تولغان پەسىل بولۇپ، بۇ پەسىلدە نەچچە مىليونلىغان ئادەملەر بىرلىكتە بۇ گۈزەل ئەخلاق باغچىسىدا يايرايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ دائىرىسى چەكسىز كېڭىيىدۇ. بۇ بىر ئايدا ياخشى ئەمەللەرنى قانچە قىلساڭلار، ئېرىشىدىغان ئىنئامىڭ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر ئېرىشكەن بۇ ئىنئاملار باشقا قېرىنداشلىرىڭلارغىمۇ ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر قالغان 11 ئايدىمۇ بوشاشماي مۇشۇ ھالىتىڭلارنى ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ باغچىنىڭ گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن ھالىتىنى ساقلىيالىساڭلار، چەكسىز ئىنئامغا ئېرىشىسىلەر، ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلمىساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ئۆزۈڭلارنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولىدۇ.

مۇھاكىمە

1. رامىزان روزىسىنىڭ روھى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ؟

2. رامىزان روزىسىنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىڭ؟

3. نېمە ئۈچۈن رامىزان روزىسىنى ئۇزۇن مۇددەت بوشاشماي ئاللاھقا «ئىبادەت» قىلىش ئۈچۈن تەربىيىلىنىش دەيمىز؟

## ئۇنداقتا «ئىبادەت»نىڭ نەتىجىسى قەيەردە؟

كۆپچىلىك رامىزان روزىسىنىڭ مۇشۇنداق پايدىلىرىنى ئاڭلىغاندىن

كېيىن، چوقۇم: بۇگۈن بۇ ياخشىلىقلارنى كۆرمىدۇققۇ؟ «ناماز ئوقۇۋاتىمىز، روزا تۇتۇۋاتىمىز، ئەمما بىز دېگەن بۇ ياخشىلىقلارنى كۆرمەيۋاتىمىزغۇ» دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ سەۋەبلىرىنى مەن كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن، ناۋادا ئىسلامنىڭ مەنىسى بۆلۈۋېتىلسە، ياكى ئىسلام مەنىلىرى ئىچىگە يېڭى نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرىمىز دەپ ئويلىماڭلار، چۈنكى ئىسلامنىڭ پۈتكۈل تۈزۈمى مۇكەممەل ۋە كەم-كۈتىسىزدۇر. ئىككىنچى سەۋەب: سىلەرنىڭ «ئىبادەت»كە بولغان قارىشىڭلار ئۆزگىرىپ كەتكەن. سىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە يېمەي-ئىچمەي يۈرۈشنى «ئىبادەت» دەپ قارايسىلەر، مۇشۇنداق قىلغانلىقنى «ئىبادەت» قىلغانلىق دەپ بىلىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر يەنە ھەر خىل چوقۇنۇش كۆرۈنۈشلىرىنى «ئىبادەت» دەپ قارايسىلەر. ئاراڭلاردا 99% تىن يۇقىرى ئادەم ھەقىقىي «ئىبادەت» روھىنىڭ قانداقلىقىنى تېخى بىلمەيسىلەر. بۇ روھ سىلەرنىڭ ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتىڭلارغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا سىلەر دەۋاتقان بۇ «ئىبادەت»لەر تولۇق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمايدۇ. ئىسلامدا ھەر بىر ئىش نىيەتكە، چۈشىنىشكە، ئۆزلەشتۈرۈشكە قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ خالىسا، كېيىنرەك قېتىمدا كۆپچىلىككە بۇ مەسىلە ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش بېرىمەن.

مۇھاكىمە
«ئىبادەت»نىڭ ئۈنۈمى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

## 2-لېكسىيە روزا تۇتۇشنىڭ ھەقىقىي مەقستى

### ھەر بىر ئىشنى قىلىشتا بىر مەقسەت بولىدۇ

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئىنسان قىلىدىغان ھەر بىر ئىشتا ئىككى ئامىل بولىدۇ، بىرىنچى ئامىل- بۇ ئىشنى قىلىشتىكى مەقسەت. ئىككىنچى ئامىل بولسا، قانداق ئۇسۇل بىلەن مەقسەتكە يېتىش. بىر مىسال ئالايلى، يېمەكلىك يېيىشنى ئېلىپ ئېيتساق، يېمەكلىك يېيىشتىن مەقسىتىڭلار ھاياتىڭلارنى ۋە بەدەن قۇۋۋىتىڭلارنى ساقلاپ قېلىش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۇسۇلى بولسا، بىر پارچە يېمەكلىك ئېلىپ، ئاغزىڭلارغا سېلىپ، چايناپ، يۇتۇشتىن ئىبارەت. بۇ

ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭلاردىكى سەۋەب، بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇمكى بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەت سىلەر قوللانغان ئۇسۇل ئەمەس، بەلكى يېمەكلىكنى يېيىش. ئەگەر بىر ئادەم بىر سىقىم ھەرە كېپىكى ياكى بىر چاڭگال لاينى ئېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ، چايناپ، يۇتسا، سىلەر قانداق ئويلايسىلەر؟ سىلەر چوقۇم بۇ ئادەمنىڭ «كاللىسى چاتاق» ئىكەن دەيسىلەر، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بۇ دۆت يېمەكلىك يېيىشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى بىلمەي، پەقەت يۇقىرىقىدەك تۆت ھەرىكەتنى قىلسام، يېمەكلىك يېگەنگە باراۋەر دەپ قارايدۇ. ئوخشاشلا، بىر ئادەم يېمەكلىكنى يەپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن قولىنىڭ بارماقلىرىنى ئاغزىغا تىقىپ ياندۇرۇۋېتىپ، مەن نېمە ئۈچۈن تاماق يېگەندىن كېيىن لەززەتكە ئېرىشەلمەيمەن؟ دەپ نارازى بولغان بولسىمۇ، ئەكسىچە بۇ ئادەم كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ، ئۇنداقتا بۇ ئادەمنى سىلەر چوقۇم «ساراڭ» دەيسىلەر. بۇ «ئەخمەق» كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ يېمەكلىكتىن نارازى بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ نادانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئەقلى ـ قۇۋۋىتىنىڭ تولۇق بولماسلىقى سەۋەبلىك، ئۇ يېمەكلىك يېگەندىكى ھەرىكەتنى قىلسىلا ھاياتى كۈچكە ئىگە بولالايمەن دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇ «نېمە ئۈچۈن يېمەكلىكنى چوقۇم قورسىقىمىزغا يەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن يېمەكلىكنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ئاشقازان ـ ئۈچەيلىرىمىزنى ئارامىدا قويمايمىز؟ مەن يېمەكلىك يېگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىدىمغۇ؟» دەپ ئويلايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق نادانلارچە خىيال قىلىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ تەبىئىي ھالدا ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇ چوقۇم يېمەكلىك ئاشقازانغا كىرگەندە، ھەزىم قىلىش ئارقىلىق قانغا كىرىپ، بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغا توشۇلىدىغانلىقىنى، بۇنداق بولمىغاندا ھاياتى كۈچكە ئىگە بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. سىرتقى ھەرىكەت بولمىسا يېمەكلىك ئاشقازانغا كىرمەيدۇ. شۇڭا سىرتقى ھەرىكەتمۇ ناھايىتى مۇھىم، ئەمما يالغۇز مۇشۇ ھەرىكەتلەرگىلا تايانغاندا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. يالغۇز مۇشۇ ھەرىكەتلەرنىلا ئورۇنلىغاندا، سېھىردەكلا ئۈنۈم ھاسىل بولمايدۇ. قان سۈيۈقلۇقى ئادەمنىڭ قان تومۇرىدا سىرلىق ھالدا ئايلانمايدۇ، بەلكى قان سۈيۈقلۇقى ـ ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنىيەت بويىچە ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنسا، بۇ ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ھالاك قىلغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مۇھاكىمە

ئاساسى مەقسەتنى ئاساس قىلمىغان ئىش ـ ھەرىكەت قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

## سىرتقى كۆرۈنۈشتىلا ھەقىقىي بولغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن ئۆزۈڭلارنىڭ قىلغان «ئىبادەت»نىڭ نېمە ئۈچۈن ئۈنۈمى بولمىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايسىلەر. مەن كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقىنىڭ دەل ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە باشقا بارلىق سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىكى ھەرىكەتلەرنى ھەقىقىي «ئىبادەت» ھېسابلاپ، مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلىساقلا، ئاللاھقا «ئىبادەت» قىلغان بولىمىز دەپ تونۇش ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ ئۆتكەن ئىدىم. سىلەر خۇددى يۇقىرىدىكى مىسالدا تىلغا ئېلىنغان ئادەمگە ئوخشاش تۆت خىل ھەرىكەتنى (يېمەكلىكنى ئېلىش، ئاغزىغا سېلىش، چايناش، يۇتۇش ھەرىكىتىنى) ئورۇنلىسا، يېمەكلىك يېيىش تەرتىپىنى ئورۇنلىغان بولۇپ، كىمكى مۇشۇ تۆت خىل ھەرىكەتنى ئورۇنلىسا، ئۇنىڭ قورساقى يېگەنلىكى ياكى يەپ بولۇپ قۇسۇۋەتكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، يېمەكلىك يېگەن ۋە يېمەكلىك يېيىشنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولغان بولىدۇ، دەپ قارايسىلەر. ئەگەر بىر ئادەم ئەتىگەندىن كەچكىچە روزا تۇتۇپ، «ئىبادەت»تە بوشاشماي تىرىشچانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يالغان سۆزلىسە، غەيۋەت قىلسا، ئەگەر سىلەرنىڭ ئازراقلا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭلار بولسا قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ ئادەم يەنىلا «ئىبادەت» ئىچىدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ كىچىككىنە ئىشلار تۈپەيلىدىن باشقىلار بىلەن جېدەللىشىدۇ، ھەمىدە يامان گەپلەرنى قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھارام بايلىقلارنى ئېلىپ ھارام ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ؟ ئۇ مۇشۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا ئۆزىنى ئاللاھنىڭ «ئىبادىتى»نى قىلدىم دېسە بولامدۇ؟ بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان لاي يېگەن ئادەمگە ئوخشاش، تۆت خىل ھەرىكەتنى ئورۇنلىدىم، يېمەكلىك يېگەن بىلەن ئوخشاش، دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟

مۇھاكىمە

كۆرۈنۈش جەھەتتىلا «ئىبادەت»نىڭ ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ قويۇش توغرىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

## رامىزان ئېيىدىن كېيىن، يەنىلا ئىلگىرىكى يولىسىزلىقنى داۋاملاشتۇرۇش

ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ بۇ رامىزان ئېيىدا تەخمىنەن 360 سائەت ئاللاھقا «ئىبادەت» قىلغاندىن كېيىن، بارلىق تەقۋادارلىقىڭلار ۋە ئىخلاسىڭلار بىلەن بىراقلا خوشلىشىپ، ھىجرىيە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى (رامىزاندىن كېيىنكى ئاينىڭ 1 ـ كۈنى)دىن باشلاپ، يەنە ئۆزۈڭلارنىڭ بىلگىنىنى قىلىساڭلار بولامدۇ؟ سىلەر خۇددى ھىندىلار بايرام ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش، روزا ھېيت كۈنىلا ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، ھەتتا زىناخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىلەر. مەن بەزى مۇتتەھەملەرنىڭ كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، ئاخشاملىرى ھاراق ئىچىپ، پاھىشىۋازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمەن. شۇنىڭ سەمىڭلارغا سېلىپ قويay، ئەڭ ئادەتتىكى مۇسۇلمان، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ئېيتىپ، بۇ خىل ئەھۋالغا چۆشۈپ قالمايدۇ. لېكىن رامىزان ئېيى تۈگىشى بىلەن، ئاراڭلاردىكى قانچىلىك ئادەم روزا ھېيتنىڭ 2 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ساقلاپ قالالايدۇ؟ ئاللاھنىڭ قايسى بىر تۈرلۈك قانۇنىغا خىلاپلىق قىلمايدۇ؟ قانچىلىك ۋاقتىڭلارنى سەرپ قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ باقتىڭلار؟ سىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكىڭلار قانچىلىك پەسەيدى؟

> مۇھاكىمە
> رامىزان ئېيىدىن كېيىن بەزى كىشىلەر قانداق جىنايەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ؟

## «ئىبادەت» چۈشەنچىسىگە بولغان خاتا تونۇشنىڭ ئاقىۋىتى

ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭلار. زادى نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ سىلەرگە ئېيتىپ قوياي: بىردىنبىر سەۋەب سىلەر «ئىبادەت»نىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭلار، سىلەر پەقەت ئەتىگەندىن كەچكىچە يېمەي، ئىچمەي يۈرسىلا روزا تۇتقان بولىدۇ، مانا بۇ «ئىبادەت» دەپ قارىدىڭلار،

شۇڭا قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي، ئاللاھدىن قورقۇپ روزىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايسىلەر. ھەتتا ھاياتىڭلار خەۋپكە دۇچ كەلسىمۇ، روزاڭلارنى بۇزمايسىلەر. ئەمما سىلەر ئاچ، ئۇسسۇز يۈرۈشنىڭ ئۆزىلا ھەقىقىي «ئىبادەت» ئەمەسلىكىنى بىلمەيسىلەر. ئۇ پەقەت بىر شەكىل بولۇپ، بۇ خىل شەكىل سىلەرنى ئاللاھدىن قورقۇپ، ئاللاھنى سۆيۈش ھېسسىياتىغا كەلتۈرىدۇ. سىلەرنىڭ سەۋرچانلىقىڭلارنى ئاشۇرۇپ، كۆرۈنۈشتە سىلەرگە پايدىلىق، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزۈڭلارنى كونترول قىلىپ، كۆرۈنۈشتە سىلەرگە زىيانلىقتەك، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىڭلارغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەمما بۇ كۈچلۈك غەيرەتكە سىلەر پەقەت روزا تۇتۇشنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، جىسمىڭلارنىڭ تەشنالىقىنى يېڭىپ، ئاللاھدىن قورقۇپ، ئاللاھنى سۆيۈپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قەتئىي ھالدا سەئيى ـ ھەرىكەتلەردە بولغان ۋاقىتىڭلاردا ئاندىن ئېرىشەلەيسىلەر. ئەمما رامىزان ئېيى ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن بىر ئايدىن بىرى ئېرىشكەن گۈزەل ئەخلاقلارنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋەتسەڭلار، خۇددى تاماقنى يەپ بولۇپ، قولىنى ئاغزىغا تىقىپ، تاماقنى ياندۇرۇۋەتكەن ئادەمگە ئوخشاپ قالىسىلەر. ئەمەلىيەتتە ئاراڭلاردىكى بەزى كىشىلەر بىر كۈن روزا تۇتقاندىن كېيىن، ئىپتار قىلىش بىلەن بارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنى بىر تىيىن قىلىۋېتىدۇ. ئەمدى ئۆزۈڭلارغا ھۆكۈم قىلىپ بېقىڭلار. رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش، ھەقىقەتەن شۇنداق سېھرى كۈچكە ئىگىمۇ؟ پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىكى ھەرىكەتتى ياخشى بولسىلا ساباتلىق (چىدامچان) بولغىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭغا ھەقىقىي روزا تۇتقانلار ئېرىشەلەيدۇ.

بولكا ئادەمنىڭ قورسىقىغا كىرىپ ھەزىم بولغاندىن كېيىن، قانغا سۈمۈرۈلۈپ، قان تومۇرلار ئارقىلىق پۈتۈن بەدەننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىغا توشۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن بەدەن قۇۋۋەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئوخشاشلا روزا تۇتقۇچى روزا تۇتۇشنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ، ھەمدە ئىدىيىسى، ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزىگە يېتەكچى قىلغاندا ئاندىن كېيىن، بۇ بىر روھى كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ.

مۇھاكىمە

1. ھەقىقىي چىدامچانلىققا (ساباتلىققا) قانداق كىشىلەر ئېرىشەلەيدۇ؟

2. بىزدە روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ «ئىبادەت»كە نىسبەتەن قانداق خاتا چۈشەنچە بار؟

## روزا تۇتۇش ـ تەقۋادارلىقنىڭ مەنبئى

ئاللاھ رامىزان روزىسىنى پەرز قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴾

**«ئى مۇئمىنلەر (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.»** (سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەت)

بۇ دېگەنلىك، بۇنى پەرز قىلىش ـ سىلەرنى تەقۋادار، ئۆزىنى تۇتالايدىغان قىلىش بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ پەقەت روزا تۇتسىلا تەقۋادار، ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدا پۈتۈنلەي ھەر بىر ئادەمنىڭ نىيىتى ۋە چۈشىنىشىگە قارىلىدۇ. كىمكى روزا تۇتۇشنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنسە، ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇشۇ مەقسەتكە يەتكەن بولسا، مۇشۇ ئادەم تەقۋادار ۋە ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولغان بولىدۇ، ئەگەر بىر ئادەم روزا تۇتۇشنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىسە، ھەمدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشمىسا، ئۇنىڭ روزا تۇتۇش ئارقىلىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشىدىن ئۈمىد يوق.

مۇھاكىمە

ئاللاھنىڭ روزىنى پەرز قىلىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟ روزا تۇتۇش ئارقىلىق قانداق كىشىلەر تەقۋادار ۋە ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولالايدۇ؟

## روزا تۇتۇشتىكى ھەقىقىي مەقسەت

1. يالغان سۆزلەشنى مەنئى قىلىش.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە روزا تۇتۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىگە دىققەت قىلىشىمىزنى ئېيتقان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەتسىز ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنا بەرداشلىق بېرىپ يۈرۈشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ».

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئۇمۇمەن يالغان سۆزلەش ۋە ساختىپەزلىك

قىلىشتىن ساقلىنالىمىغان ئادەمنىڭ يېمەي ـ ئىچمەي يۈرۈشىگە ئاللاھ موھتاج ئەمەس» دەيدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز:

«نۇرغۇن روزا تۇتقۇچىلار باركى، ئۇلارنىڭ روزىسى ئۇلارغا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا ھېچنەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر كېچىلەردە تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرۇشى ئۇلارغا كېچىدە ئۇيقۇسىزلىقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ» دەيدۇ.

بۇ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، يالغۇزلار ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىش ھەرگىزمۇ «ئىبادەت» ئەمەس، بۇ پەقەت ھەقىقىي «ئىبادەت»نى ئورۇنلاشتىكى بىر ۋاستە. ھەقىقىي «ئىبادەت» بولسا: ئاللاھدىن قورقۇش يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلماسلىق، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىش، ھەمدە ئىمكانقەدەر ئۆز جىسمىنىڭ تەشنالىقىنى تىزگىنلەش. ئەگەر بىر ئادەم بۇ ھەقىقىي «ئىبادەت»كە ئەھمىيەت بەرمىسە، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئۇنى 12 ـ 14 سائەتكىچە يېمەي ـ ئىچمەي، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەردىنى تارتىشقا بۇيرۇشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟

2. . ئېتىقاد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ روزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىگە دىققەت قىلىشىمىزنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىر ئادەم تولۇپ تاشقان ئېتىقاد بىلەن روزا تۇتسا، ھەمدە ئاللاھنىڭ شەپقىتىنى ئۈمىد قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

ئاللاھقا ئىشىنىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ھەمىشە سەگەك بولۇشى لازىم. ئېتىقاد بولسا ـ پەقەت ئاللاھنىڭلا رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان ئادەم داۋاملىق تۈردە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ۋە سۆز ـ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشى، ئاللاھ نارازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلغان ـ قىلمىغانلىقى ھەققىدە دائىم ئويلىنىپ تۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مۇشۇ ئىككى پرىنسىپ بويىچە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتقان بولسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى بىر مەزگىل تەربىيىلەنمىگەن ئاسىيلاردىن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئۇ ئاللىقاچان ئۆز ئىگىسى ئالدىدا گۇناھلىرىغا تولۇق تەۋبە قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھىغا تەۋبە قىلغان ئادەم، گۇناھ قىلمىغان ئادەم بىلەن ئوخشاش

بولىدۇ».

3. گۇناھتىن توسىدىغان قالقان.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«روزا خۇددى بىر قالقانغا ئوخشايدۇ (دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان قالقانغا ئوخشاش، روزا شەيتاننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قالىدۇ)، شۇڭا ھەر بىر روزا تۇتقۇچى (قالقىنى بىلەن) ھارام ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى چەكلىشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەم روزا تۇتقۇچىنى ھاقارەتلىسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشسە، روزا تۇتقۇچى ئادەم ئۇنىڭغا: «قېرىنداشىم، مەن روزىدار (مېنى ئۆزىڭىز بىلەن ئوخشاش قارىماڭ)» دېيىشى كېرەك».

مۇھاكىمە

روزا تۇتۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى قايسىلار؟

## قىزغىنلىق بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز بىزگە «روزا تۇتقۇچى كۆپلەپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى، بەس ـ بەستە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى لازىم» دەپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ، روزا مەزگىلىدە، باشقا دىنى قېرىنداشلىرىغا قارىتا ھېسداشلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان بولغاچقا، كەمبەغەلچىلىكتە ياشاۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ باشقا قۇللىرىنىڭ دەردىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىدا ئالاھىدە سېخىي بولۇپ كېتەتتى، سائىللار ئىشىك ئالدىغا كەلسە قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى، قۇللارنى ئازات قىلاتتى.

مۇھاكىمە

رامىزان ئېيىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىڭ؟

## ئىپتار قىلدۇرۇشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:
«رامىزان ئېيىدا روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرغان ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ. دوزاخ ئازابى تارتمايدۇ. كىمكى روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرۇپ، مېھمان قىلسا، شۇ ئادەم روزا تۇتقۇچى بىلەن ئوخشاش مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئازراقمۇ كېمەيتىلمەيدۇ».

> مۇھاكىمە
> ئىپتار قىلدۇرۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى بۇ ھەدىسنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈپ بېقىڭ؟

# بەشىنچى بۆلۈم زاكات

## 1 ـ لېكسىيە زاكاتنىڭ مۇھىملىقى

ئىسلامنىڭ بەش پەرزى ئىچىدە زاكاتنىڭ مۇھىملىقى نامازدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتە بەش پەرز ئىچىدە روزا نامازدىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، لېكىن قۇرئاندا بىزگە زاكاتنىڭ مۇھىملىقىنىڭ نامازدىن كېيىنلا تۇرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇلار ئىسلامدىكى ئىككى چوڭ تۈۋرۈك بولۇپ، بۇ ئىككى تۈۋرۈك بولمىسا ئىسلام مەۋجۇد بولمايدۇ.

### زاكاتنىڭ مەنىسى

زاكاتنىڭ مەنىسى ـ پاكىزلاش ۋە تازىلاش بولۇپ، مال ـ مۈلكۈڭلارنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىش زاكات دەپ ئاتىلىدۇ. زاكات بەرگۈچى ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە نەپسى تازىلىنىدۇ. بېخىللىق قىلىپ زاكات بەرمىگەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى ناپاك بولىدۇ، نەپسىمۇ ناپاك بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شەخسىيەتچىلىككە تولغان، قارنى ـ كۆكسى شۇقەدەر تار بولۇپ،

ئۇنىڭ شەخسىيەتچى، ئاچكۆزلۈكى ئۇنى پۇل، مال ـ دۇنياغا چوقۇنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن بىر قىسمىنى ئايرىپ سەدىقە قىلسا، ئۇ قاتتىق ئازاب ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشىنى، دىنى ئېتىقادى ئۈچۈن قۇربانلارنى بېرەلىشىنى ئۈمىد قىلالامسىلەر؟ شۇڭا بۇ خىل ئادەملەرنىڭ نەپسىمۇ پاك ئەمەس، ئۇلار يىغىپ توپلىغان مال ـ مۈلكىمۇ پاكىز ئەمەس.

مۇھاكىمە
زاكاتنىڭ مەنىسى نېمە؟

## زاكات ـ بىر خىل سىناق

ئاللاھنىڭ زاكاتنى پەرز قىلىشى، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن بىر خىل سىناقتۇر. ئەسلى ئاللاھقا تەۋە بولغان مال ـ مۈلۈكتىن ئېھتىياجىدىن ئاشقانلىرىدىن بىر قىسمىنى ئايرىپ كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشنى ئاللاھ تەلەپ قىلدى. ھەمدە شۇنداق قىلغانلارنى مۇئمىنلەر قاتارىدىن دەپ ھېسابلىدى. كۆكسى ـ قارنى تار، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى خالىمايدىغانلارغا، ئاللاھ قىلچىمۇ ئېتىبار قىلمايدۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇئمىنلەر قاتارىغا كىرەلمەيدۇ. ئۇ خۇددى پۇت ـ قولى سېسىپ كەتكەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى كېسىۋەتكەن تۈزۈك، بولمىسا پۈتۈن بەدەنگە يامرايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر زاكات بېرىشتىن باش تارتقان، گەرچە بۇلار ناماز ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ئاللاھقا ئىمانىمىز بار، پەيغەمبەرگە ئىشىنىمىز دەۋاتقان بولسىمۇ، بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇددى كاپىرلارغا ئەسكەر چىقارغاندەك، ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلغان. بۇنىڭدىن بىلىنىشكە بولىدۇكى، زاكات بولمىسا، روزا، ناماز، ئىمان قاتارلىقلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

مۇھاكىمە
زاكاتنى نېمە ئۈچۈن بىر خىل سىناق دەيمىز؟

## ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ
## ئۈممەتلىرى زاكات بەرگەن

قۇرئانغا قاراپ باقىدىغان بولساڭلار، قەدىمدىن تارتىپ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە زاكات بېرىش، ناماز ئوقۇش پەرز قىلىنغان. ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە، ئىسلام ئەزەلدىن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان، ئاللاھ قۇرئاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَجَعَلۡنَٰهُمۡ أَئِمَّةٗ يَهۡدُونَ بِأَمۡرِنَا وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَيۡهِمۡ فِعۡلَ ٱلۡخَيۡرَٰتِ وَإِقَامَ ٱلصَّلَوٰةِ وَإِيتَآءَ ٱلزَّكَوٰةِۖ وَكَانُواْ لَنَا عَٰبِدِينَ ﴾

**«ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيي قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى.»** (سۈرە ئەنبىيا 73 ـ ئايەت)

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَكَانَ يَأۡمُرُ أَهۡلَهُۥ بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ وَكَانَ عِندَ رَبِّهِۦ مَرۡضِيّٗا ﴾

**«ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى.»** (سۈرە مەريەم 55 ـ ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز خەلقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ:

«پەرۋەردىگارىم! بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن.» دېدى.

ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

﴿ قَالَ عَذَابِيٓ أُصِيبُ بِهِۦ مَنۡ أَشَآءُۖ وَرَحۡمَتِي وَسِعَتۡ كُلَّ شَيۡءٖۚ فَسَأَكۡتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلَّذِينَ هُم بِـَٔايَٰتِنَا يُؤۡمِنُونَ ﴾

**«ئاللاھ ئېيتتى: «ئازابىم بىلەن (بەندىلىرىمدىن) خالىغان كىشىنى**

**ئازابلايمەن، مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. رەھمىتىمنى (كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) ساقلانغۇچىلارغا، (ماللىرىنىڭ) زاكىتىنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن.»»** (سۇرە ئەئراف 156 ـ ئايەت)

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى خۇددى سىلەر بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈپ يۈرگەن يەھۇدىيلاردەك كۆكسى قارنى ئىنتايىن تار، مال ـ دۇنياپەرەس بولغاچقا، ئاللاھ بۇ مەشھۇر پەيغەمبەرنىڭ ئىلتىجاسىغا ئۇچۇق جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

«ئەگەر سېنىڭ قەۋمىڭ زاكاتنى تاپشۇرسا، ئۇلارغا ۋەدە قىلغان نېئمىتىمنى بېرىمەن، ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇلار مېنىڭ نېئمىتىمگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرىمەن.»

ئوخشاشلا مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئاللاھ ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىزچىل ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىق، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش ھەققىدە ئەھدە ئالدى. ئاخىرى ئاللاھ ئۇلارغا ئېنىق قىلىپ مۇنداق ئوقتۇردى:

﴿ لَئِنْ أَقَمْتُمُ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَيْتُمُ ٱلزَّكَوٰةَ وَءَامَنتُم بِرُسُلِى وَعَزَّرْتُمُوهُمْ وَأَقْرَضْتُمُ ٱللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا لَّأُكَفِّرَنَّ عَنكُمْ سَيِّـَٔاتِكُمْ ﴾

**«(ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى) ئەگەر سىلەر نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتىسەڭلار، زاكات بەرسەڭلار، پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان ئېيتساڭلار ۋە ئۇلارغا ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھقا قەرزىي ھەسەنە بەرسەڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلساڭلار)، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىمەن......»** (سۇرە مائىدە 12 ـ ئايەت)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئاللاھ ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىشنى پەرز قىلغان:

﴿ وَجَعَلَنِى مُبَارَكًا أَيْنَ مَا كُنتُ وَأَوْصَـٰنِى بِٱلصَّلَوٰةِ وَٱلزَّكَوٰةِ مَا دُمْتُ حَيًّا ﴾

**«قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.»** (سۇرە مەريەم 31 ـ ئايەت)

يۇقـارقىلاردىن بىلىـشكە بولـىـدۇكى، ئىــسلام ـ باشلىنىــشتىنلا، نامــاز ۋە زاكاتتىن ئىبـارەت ئىككى چوڭ تـۈۋرۈك ئۈسـتىگە قۇرۇلغـان. ئاللاھقـا ئىمـان ئېيتقان مۇسۇلمانلارغا ئەزەلدىن بۇ ئىككى پەرز ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان.

مۇھاكىمە
ئىــــسلام تارىخىـــدا بـــارلىق پەيغەمـــبەرلەرگە نامـــاز ۋە زاكاتنىـــڭ پەرز قىلىنغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.

## زاكات بېرىشكە مۇسۇلمانلار چوقۇم رىئايە قىلىشى كېرەك

ئەمدى بىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە بۇ ئىككى پەرزنىڭ ئورنىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ باقايلى. قۇرئاننى ئاچساڭلار تۆۋەندىكى ئايەتنى كۆرىسىلەر:

﴿ ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدًى لِّلۡمُتَّقِينَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴾

**«بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ.»** (سۈرە بەقەرە 2 ـ 3 ئايەت)

ئاللاھ داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴾

**«ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (سۈرە بەقەرە 5 ـ ئايەت)

بـۇ ئىمـانى يـوق، نامــاز ئوقۇمايـدىغان، زاكـات بەرمەيـدىغانلار تـوغرا يولغـا يېتەكلەنمەيدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ دېگەنلىكتۇر.

داۋامىدا ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرۡكَعُواْ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴾

**«نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە**

**رۇكۇ قىلىڭلار.»** (سۈرە بەقەرە 43 ـ ئايەت)

مۇشۇ سۈرىنىڭ داۋامىدا ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ لَّيۡسَ ٱلۡبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ قِبَلَ ٱلۡمَشۡرِقِ وَٱلۡمَغۡرِبِ وَلَٰكِنَّ ٱلۡبِرَّ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلۡكِتَٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ وَءَاتَى ٱلۡمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلۡمُوفُونَ بِعَهۡدِهِمۡ إِذَا عَٰهَدُواْۖ وَٱلصَّٰبِرِينَ فِي ٱلۡبَأۡسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَحِينَ ٱلۡبَأۡسِۗ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُتَّقُونَ ﴾**

«سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.» (سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت)

يەنە بىر سۈرىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ إِنَّمَا وَلِيُّكُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱلَّذِينَ يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُمۡ رَٰكِعُونَ وَمَن يَتَوَلَّ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَإِنَّ حِزۡبَ ٱللَّهِ هُمُ ٱلۡغَٰلِبُونَ ﴾**

**«شۇبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئاللاھدۇر، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇركى، مۇئمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، (ئۇ ئاللاھنىڭ جامائەسىدىندۇر). ئاللاھنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر.»** (سۈرە مائىدە 55 ـ 56 ئايەت)

مۇھاكىمە
نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار زاكات بېرىشكە رىئايە قىلىشى كېرەك؟

## مۇئمىننىڭ بەلگىسى ـ ناماز ۋە زاكات

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە بىر چوڭ قانۇن بايان قىلىنىدى. كۆپچىلىك ئالدى بىلەن بۇ ئايەتلەردىن پەقەت تەئدىل ـ ئەركان بىلەن ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن كىشىلەرنىڭ مۇئمىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، بۇ ئىككى چوڭ پەرزگە ئېتىبار قىلمىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى لازىم. بۇ ئايەتلەر يەنە بىزگە ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ دوستلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ جامائەسى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بىر مۇئمىن باشقىلاردىن يىراق بولۇپ، بۇ جامائەگە قوشۇلۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ جامائەسىگە تەۋە بولمىغان ئادەم بىلەن دوستلاشقان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ دادىسى، قېرىندىشى، ئوغلى، قوشنىسى، مىللىتى...... بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشى كېرەك. شۇڭا يۇقىرىقى ئايەتلەردىن بىلىشكە بولىدۇكى، مۇئمىن پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھنى، پەيغەمبەرنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتۇشى، ھەمراھ تۇتۇشى كېرەك، بولمىسا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

مۇھاكىمە
مۇئمىننىڭ بەلگىسى نېمە؟ مۇئمىنلەر كىملەرنى دوست تۇتۇشى كېرەك؟

## ئىسلامى دوستلۇقنىڭ ئاساسى

سۈرە «تەۋبە»دە، ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارغا جەڭ ئېلان قىلىشقا بۇيرۇق قىلغانلىقى بايان قىلىنغان:

﴿فَإِن تَابُوا۟ وَأَقَامُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُا۟ ٱلزَّكَوٰةَ فَإِخْوَٰنُكُمْ فِى ٱلدِّينِ ۗ وَنُفَصِّلُ ٱلْـَٔايَـٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾

**«ئەگەر ئۇلار (كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار) (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنى جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر).»** (سۈرە تەۋبە 11 ـ ئايەت)

بۇ، كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ يالغۇز تەۋبە قىلىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ھەقىقىي تەۋبە قىلغانلىقىنى، ئىسلامغا ھەقىقىي بەيئەت قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىرلا ئۇسۇل بار، ئۇ بولسىمۇ ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى، سىلەرنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىڭلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بولمىسا ئۇلارنى قېرىنداش دەپ ئېتىراپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى توختىتىشقا بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

بۇ سۈرىنىڭ داۋامىدا ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَٱلْمُؤْمِنُونَ وَٱلْمُؤْمِنَـٰتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۚ يَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَيُطِيعُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ ۚ أُو۟لَـٰٓئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ ٱللَّهُ﴾

**«مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ.»** (سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت)

ئەمدى سىلەر، بىر ئادەم ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بەرمەيدىكەن، مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىندىشى بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ

يەتتىڭلار. «ئىمان»، «ناماز»، «زاكات» مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئۇيۇشتۇرۇپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئومۇمەن بۇ «ئۈچ ئاساس»تا چىڭ تۇرۇپ، مۇئمىنلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلاشقانلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ بىللە بولىدۇ. بۇ «ئۈچ ئاساس»قا ئەمەل قىلمىغانلار، ئاتىلىش جەھەتتە «مۇسۇلمان» ئاتىلىپ قالسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، دوست بولۇپ ئۆتكەنلەر، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىپ، ئاللاھنىڭ جامائىتىدىن ئايرىۋېتىلگەچكە، بۇ جامائەتتە ئۇنىڭ ئورنى بولمايدۇ.

مۇھاكىمە

ئىسلامى دوستلۇقنىڭ ئاساسى نېمە؟

## ئاللاھقا ياردەم بېرىش شەرتى

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَيَنصُرَنَّ ٱللَّهُ مَن يَنصُرُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ٱلَّذِينَ إِن مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَمَرُواْ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَنَهَوۡاْ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۗ وَلِلَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ ﴾

**«كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ).»** (سۈرە ھەج 40 ـ 41 ئايەت)

بىز مۇسۇلمانلارغا چۈشۈرۈلگەن بۇ ئايەت بىلەن، ئىلگىرى بەنى ئىسرائىلغا چۈشۈرۈلگەن ئايەت تامامەن ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرىدا كۆپچىلىككە نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكىنىمگە ئوخشاش، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر سىلەر ناماز ئوقۇساڭلار، زاكات بەرسەڭلار، مېنىڭ ئەلچىلىرىمگە

ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا ياردەملەشسەڭلار، ھەمدە بۇ زېمىندا پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن مېنىڭ قانۇنىمنى ئىجرا قىلساڭلار، مەن سىلەر بىلەن بىللە، ناۋادا بۇنىڭدىن ۋاز كەچسەڭلار، سىلەرگە قىلغان ياردىمىمنى دەرھال توختىتىپ قويىمەن.»

ئاللاھنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىمۇ تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر سىلەر زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشسەڭلار، نامازنى ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇڭلار. مۇشۇنداق قىلساڭلار مەن سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلار بولىمەن، غالىب، قۇدرەتلىك ئاللاھقا كىممۇ تەڭداش بولالايدۇ؟ ئەگەر سىلەر زېمىندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەندىن كېيىن، زاكات بەرمىسەڭلار، ئاسىيلىقنىڭ يولىنى تۇتساڭلار، بۇزۇقچىلىق قىلساڭلار، نەپسى ـ خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئېتائەت قىلمىساڭلار، زېمىنغا مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىدىغاندەك مەقسەتتە، كىشىلەرنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كاتتا ئىمارەتلەرنى، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ياسىساڭلار، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار: مەن ھەرگىزمۇ سىلەرگە ياردەم بەرمەيمەن، بۇنداق ئەھۋالدا پەقەت شەيتان سىلەرگە «ياردەم» بېرىدۇ».

> مۇھاكىمە
> ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ياردەم بېرىش شەرتى نېمە؟

## مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش

ئاللاھۇ ئەكبەر! (ئاللاھ بۈيۈكتۇر)، بۇ نېمە دېگەن كاتتا ئاگاھلاندۇرۇش! ئاللاھنىڭ بەنى ئىسرائىلغا قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشى ئۇلارنىڭ بۇ قۇللۇقتىن كىرىپ، ئۇ قۇللۇقتىن چىقىپ كەتتى. ھازىر ئۇلار بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈۋاتىدۇ، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە سەرگەردان بولۇپ، ماكانسىز يۈرۈۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ چامادانلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە لىق تولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى دۇنيادىكى ئەڭ ئېتىبارسىز ئادەملەردىن بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن قىلچە پايدىسى يوق، ئۇلار زاكات بەرمەكتە يوق جازانىخورلۇق قىلىدۇ، ناماز ئوقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇزۇقچىلىق، ئىسراپخورلۇق قىلىدۇ، شۇڭا ئاللاھنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولدى، ئۇلار

لەنەتـگەردى بولـۇپ، خـۇدى تارقـىلـىـشچان چۇمـا (بـىـر خـىـل ئۆتكـۈر يۇقۇمـلـۇق كېسەللىك)غا ئوخشاش، پۈتۈن دۇنيادا ئۇيـاق ـ بۇياقـا ئۇسـۇپ يۈرىـدۇ. ئۇلارغـا قـىلـىنغـان ئاگاھلانـدۇرۇش بۈگـۈنكى مۇسـۇلمانلارغىمۇ قىلـىنغـان. ئەمـمـا ئـۇلار «ناماز» ۋە «زاكات»قا سەل قاراپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسـمىدى. ئەمدى، مۇشۇنداق كـىـشىلەرنىڭ قانـداق ئـاقىۋەتكە دۇچـار بولغانلىقىغا قـاراپ بېقىڭلار: ئۇلار بىر يىلدىن كېيىنلا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سـىـقىپ چىقىرىلـدى. ئۇلار دۇنيـادىكى زوراۋانلارنىـڭ قۇربانلىقىغا ئايلانـدى، ئـۇلار دۇنيانىـڭ ھەممىـلا يېرىدە ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ئېزىلىشكە، زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ. مانا بۇ «ناماز» ۋە «زاكـات»قـا سـەل قارىغانلىقنىـڭ ئېچىنىـشلىق ئـاقىۋىتى. ئەمـدى ئۇلارنىـڭ ئارىسىدىن بىـر پـارتىيە قۇرۇلـۇپ چىقىـپ، ئـۇلارنى رەزىـل ئىـشلارنى قىلىـشقا ئۈندەۋاتىـدۇ، نـامراتلىقتىن قۇتـۇلاي دېـسەڭلار ئىـستراخۇانىيە (ئۆمـۈر سۇغۇرتىـسى)گە قاتنىـشىڭلار، جـازانىخورلۇق قىلىـڭلار دەۋاتىـدۇ. سـۇبھانەللاھ! (ئاللاھ پـاكتۇر). ئەگەر ئـۇلار بۇنـداق ئىـشلارنى قىلىـسا، خـۇددى يەھـۇدىيلاردەك نومۇسسىز ئـاقىۋەتكە دۇچـار بولـىدۇ، بەنـى ئىـسرائىلدەك ئاللاھنىـڭ لەنىـتىگە دۇچار بولىدۇ.

مۇھاكىمە

ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى قوبۇل قىلماسلىقتىن كېلىـپ چىقىـدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

## زاكات بەرمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى

كېلەر قېتىمدا كـۆپچىلىككە زاكاتنىـڭ نېمىلىكىنـى، ئاللاھنىـڭ زاكاتقـا قانچىلىك زور ھېكمەت ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ھەممە يەنە كـۆپچىلىككە بۈگـۈنكى كۈنـدە مۇسـۇلمانلار ئىنتـايىن ئـادەتتىكىچە دەپ قـاراپ كەلـگەن «ئاللاھنىــڭ نېئمىتىنىــڭ» ناھــايىتى كاتتــا بەخــت ـ ســائادەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. بۈگۈن كۆپچىلىككە سـۆزلەيدىغىنىم پەقەت «نامــاز» ۋە «زاكــات»نىــڭ ئىــسلامدىكى ئــورنى ھەققىــدە بولىــدۇ. نۇرغــۇن مۇســۇلمانلارنىڭ قارىــشىچە، ئۇلارنىــڭ «ئىلىــم ئەھلىلىــرى»، ئــۇلار نامــاز ئوقۇمىسىمۇ، زاكات بەرمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكلىرىگە كېچە ـ كۈندۈز ھۆددە قىلىشىدۇ. لېكىن «قۇرئـان كەرىـم» بـۇ خـىـل قاراشـلارنى

ئوچۇق ئىنكار قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم پەقەت «ئىمان كەلتۈرمىسى»نى ئوقۇپلا قويۇپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلمىسا، ناماز ئوقۇمىسا، زاكات بەرمىسە، بۇ كەلتۈرمىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ بەكرى زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلارغا ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇلارنى كاپىرلىقتا ئەيىبلىگەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى دەسلەپتە، بۇلار مۇسۇلمان، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ئىشىنىدۇ، ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بولامدۇ ـ يوق؟ دەپ گۇمان قىلىشقان. ئەمما ئاللاھ ئىسلامدا ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن بۇ كاتتا ساھابە قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇرۇپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادەملەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە زاكات تاپشۇرۇپ، ئەمدى رەت قىلغان بولسا، تۆگىنىڭ بىر تال ئارغامچىسىغا چاغلىق نەرسە بولسىمۇ كەم تاپشۇرىدىكەن، شەمشىرىم بىلەن ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچىمەن» دېگەن.

ئاللاھ ئاخىرى كۆپچىلىك ساھابىلەرنى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق قىلدى، ئۇلار ھەممىسى بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىپ، زاكات تاپشۇرمىغانلارغا «ئۇرۇش» ئاچتى. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشنىڭ ـ ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان مۇشرىكلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤْتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَهُم بِٱلْآخِرَةِ هُمْ كَـٰفِرُونَ ﴾

**«......مۇشرىكلارغا ۋاي! ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدۇ.»** (سۈرە فۇسسىلەت 6 ـ 7 ئايەت)

مۇھاكىمە

زاكات تاپشۇرماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتنى تەھلىل قىلىڭلار.

# 2 ـ لېكسىيە زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالدىنقى قېتىمدا، ئىسلامدىكى بەش پەرز ئىچىدە زاكاتنىڭ نامازدىن كېيىنلا تۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا نامازنى ئوقۇشنى رەت قىلغانلار كاپىر دەپ قارىلىدىغانلىقىنى، ئەمما زاكات تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلارنىڭ كاپىر دەپ قارىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇلارغا بىردەك ئۇرۇش قوزغىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم.

بۈگۈن كۆپچىلىككە زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىسلامدا شۇ قەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن.

## ئاللاھنىڭ يېقىنلىقىغا قانداق ئېرىشىمىز؟

1. ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئېھتىياتچانلىق جەھەتتىكى سىناق.

ئاراڭلاردىكى بەزىلەر ھەمىشە كاللىسىنى ئىشلەتمەي، كىملىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا دوست تۇتىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ دوستلۇققا مۇناسىپ ياكى ئەمەسلىكىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمايدۇ. ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمىگەنلىكتىن ھەمىشە دوستلۇقتا ئالدىنىپ قېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كۆڭۈلسىز ئايرىلىسىلەر. ئېھتىياتچان ئادەملەر دوست تاللاشتا، ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق ئويلىنىشى كېرەك. ئەگەر مەلۇم ئادەم ھەقىقەتەن ساداقەتمەن، ئىشەنچلىك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولسا بولىدۇ، ھېلىقىدەك بىكار تەلەتلەردىن بولسا يىراق بولۇش كېرەك.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئەقىل ـ پاراسەتتە چەكسىز ۋە ھەممىنى بىلگۈچى بولۇپ، قانداقمۇ ئىنسانلاردىن كەلسە ـ كەلمەس دوست تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنىڭ بىر ئەزاسى ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا ئۆز دەرگاھىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن بېرىدۇ؟ ئادەتتىكى ئىنسانلار چېغىدا دوست تاللاشتىن ئىلگىرى ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشلىتىدۇ ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەمدى ھەممىنى بىلگۈچى، ئەقىل ـ پاراسەتتە چەكسىز بولغان ئاللاھ قانداقمۇ ئىنسانلارنى سىنىمايلا، ھەممىنى بىردەك دوست دەپ قارىسۇن؟ پۈتۈن

دۇنيادىكى نەچچە مىليارد ئىنسان ئەخلاقىي ـ پەزىلەت جەھەتتە خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قانداقمۇ ئاللاھنىڭ قوشۇنى (جامائەسى) ئىچىگە كىرگۈزۈپ، بۇ زېمىننىڭ خەلىپىلىك ئورنىنى بەرگىلى بولىدۇ؟ ھەمدە ئاخىرەتتە يۇقىرى مەرتىۋە بەرگىلى بولسۇن؟ چەكسىز ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولغان ئاللاھ، ئىنسانىيەت ئۆچۈن بەزى سىناقلارنى بەلگىلەپ، بەلگىلىك ئۆلچەم ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەنلەر ئاللاھنىڭ قوشۇن دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ، لاياقەتسىز بولغانلار تەبىئىي ھالدا ئاللاھنىڭ قوشۇنىدىن چىقىرىۋېتىلىدۇ، بۇ لاياقەتسىز ئادەممۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا لايىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

ئۇنداقتا سىناقنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟ ئەقىل ـ پاراسىتى چەكسىز، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە ئېھتىياتچان بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سىنايدۇ، ئاللاھ بۇ ئادەملەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا، توغما دۆت ياكى ئەمەسلىكىگە قارايدۇ. چۈنكى نادان ئادەملەر ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئويلىنىپ ئىش قىلىدىغان ئادەملەر بىلەن دوست بولالمايدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە سىناقتىن ئۆتەلەيدىغانلار، چوقۇم ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچى پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقىغا چوقۇنۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋىش قىلىپ تەربىيىلىگۈچىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ دۇئا ـ تىلەكلىرىنى ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ياردەمچىنىڭ يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشى زۆرۈر. بۇنداق ئادەم قۇرئاننى ئاڭلىغاندا، بۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەلىشى، راست پەيغەمبەر بىلەن يالغان پەيغەمبەرنىڭ ئوخشىماسلىقىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئەخلاقىي ـ پەزىلىتى، ئېلىپ بارغان ئىشلىرى، كۆرسەتمىلىرى ۋە نەتىجىلىرىگە قاراپ پەرقلەندۈرەلىشى لازىم. ھەمدە ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى قوبۇل قىلغان پەيغەمبەرنىڭ، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بويىچە ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئەمما دەججالنىڭ ساختىپەز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. بۇ خىل ئادەملەر ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئېھتىياتچان بولۇشتا سىناقتىن ئۆتكەنلەر بولۇپ، ئاللاھ بۇ خىل ئادەملەرنى تاللاپ، ئاللاھنىڭ قوشۇنىنىڭ نامزاتى قىلىدۇ. بۇ سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلەر، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئېلىپ بارغان بولىدۇ.

2. ئەخلاقىي ـ پەزىلەت جەھەتتىكى سىناق.

بىرىنچى سىناقتىن ئۆتكەن ئادەم، ئىككىنچى قېتىملىق سىناققا

كىرىپ، ئۇنىڭ ئەخلاقى ـ پەزىلىتى سىنىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، ياخشى ـ يامانني پەرقلەندۈرگەندىن كېيىن، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياخشىلىقىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقان ـ توسمىغانلىقىغا قارىلىدۇ ۋە يەنە ئۇنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ قۇلى، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قۇلى، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ قۇلى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قارىلىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئۇنىڭ ئاجىزلىق قىلىدىغان تەرەپلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى سىنىلىدۇ. مەلۇم ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ، ناتوغرا ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، شۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىمۇ؟ مەلۇم ئىشنىڭ توغرا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، بۇ ئىشنى قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قارىلىدۇ. بۇ سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلەر، ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا كىرەلمەيدۇ. ئاللاھ تاللىغان ئادەملەر، تۆۋەنكى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَا ﴾

**«...كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھدىن باشقا بارچە مەئبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقۇنى تۇتقان بولىدۇ...»** (سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەت)

3. بويسۇنۇش ۋە مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى سىناق.

ئىككىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتكەنلەر ئۈچىنچى ئۆتكەلنىڭ سىنىقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، ئۇ بولسىمۇ بويسۇنۇش ۋە مەسئۇلىيەت جەھەتتىكى سىناق، بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمە بولسا: «مەن سىلەرگە چاقىرىق قىلغان ۋاقتىمدا، سىلەر قۇربانلىق قىلىڭلار، ھەمىدە مېنىڭ ئالدىمغا كېلىڭلار، ئالدىراش ئىشلىرىڭلارنى تاشلاپ كېلىڭلار، مېھرىڭلارنى ئۈزەلمەيدىغان ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىنى قويۇپ ئورنۇڭلارغا قايتىپ كېلىڭلار، ئىسسىق ـ سوغۇققا قارىماي، جاپا ـ مۇشەققەتنى سۈرۈشتۈرمەي، چاقىرىقىمنى ئاڭلىغان ھامان دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىڭلار». ئارقىدىنلا مۇنداق بۇيرۇق قىلىنىدۇ: «ئەتىگەندىن كەچكىچە تەشنالىققا سەۋر قىلىڭلار، بارلىق جىسمانىي تەلەپلەرنى توختىتىڭلار». تەشنالىق قانچە ئازابلىسىمۇ، لەززەتلىك تائاملار ئالدىڭلاردا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتسىمۇ، بۇ بۇيرۇقلار چوقۇم ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئۆتكەلدە لاياقەتسىز بولغانلارنىڭ ھەممىسى شاللىنىپ كېتىدۇ. پەقەت بۇ

ئۆتكەلدىن ئۆتكەنلەرلا شارائىتنىڭ قانچىلىك ناچار بولۇشى، كېچە بولۇشى ياكى كۈندۈز بولۇشى، ئۆزگە پايدىلىق بولۇشى ياكى پايدىسىز بولۇشى، مۇۋاپىق بولۇشى ياكى مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، شەرىئەتكە، ئاللاھنىڭ ۋاكالەتچىسىنىڭ (خەلىپىنىڭ) كۆرسەتمىسىگە ئاخىرىغىچە بويسۇنىدۇ.

4. مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىش جەھەتتىكى سىناق.

تۆتىنچى ئۆتكەلدە مال ـ مۈلۈك سەرپ قىلىش جەھەتتە سىناق ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۈچىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتكەنلەر، يەنىلا ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا تەۋە بولالمايدۇ، ئۇلار يەنە كۆكسى ـ قارنىنىڭ كەڭ ياكى ئەمەسلىكى، ئىقتىدارىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياكى ئەمەسلىكى، ئىرادىسىنىڭ قەيسەر ياكى ئەمەسلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە سىنىلىدۇ. بەزى ئادەملەر باركى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي دوستلۇقتىن سۆزلەيدۇ، ئەمما دوستلىرى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغاندا، ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا تەۋە بولالامدۇ؟ يەنە بىر خىل ئادەملەر بولۇپ، ھەر كۈنى كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈچە Mataji، Mataji (لاتىنچە ھەرپ قوشۇپ ئوقۇغاندا ـ ماتاجى دېگەن بولىدۇ، يەنى ئانا كالا) دەپ ۋارقىراپ، خۇددى ئانا كالىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماي، پۈتۈن دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىدىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن بۇ كالا ئۇنىڭ تاغىرىدىكى ئاشلىقنى ياكى باغلاپ قويغان سەيلىرىنى يېمەكچى بولسا، ئۇ دەرھال توقماقنى ئېلىپ كالىنى ئۇرۇپ قوغلايدۇ. بۇنداق ئادەملەرمۇ ئاشۇ ئىپسىل ئادەملەر قاتارىغا تەۋە بولامدۇ؟ بۇ خىل ئىچى تار، بېخىل ئادەملەر بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ دوست بولمايدۇ. كەڭ قورساق ئادەملەر ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. ئەھۋال بۇنداقكەن، پۈتۈن شەيئىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىۋاتقان، ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللاھ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن مال ـ مۈلۈكنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىشقا ئۇنىمايدىغان كىشىلەرنى دوست تۇتامدۇ؟ ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ، بۇنداق نەپسانىيەتچى ئادەملەرنى ئۆز قوشۇنىغا كىرگۈزەمدۇ؟ شۇڭا تۆتىنچى ئۆتكەلنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك شاللىنىۋېتىلىپ: «يوقال! ئاللاھنىڭ قوشۇنىدا سىلەرگە ئورۇن يوق، سىلەرنىڭ كېرىكىڭلار يوق، سىلەر ئاللاھ ئىنسانىيەتكە تەكلىپ قىلغان ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايسىلەر، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى، مال ـ مۈلكىنى، پەرزەنتلىرىنى، ئائىلىسىنى، ھەتتا دۆلىتىدىكى ھەممىنى سەرپ قىلالىغان ئادەملەرلا، ئاندىن ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا كىرەلەيدۇ» دېيىلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق

دەيدۇ:

﴿ لَن تَنَالُواْ ٱلۡبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَ ﴾

**«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر.»** (سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت)

> مۇھاكىمە
>
> ئاللاھنىڭ يېقىنلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان تۆت خىل سىناق قايسى؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ مۇشۇ سىناقلاردىن ئۆتەلىگەن ـ ئۆتەلمىگەنلىكىڭلار ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭلار.

## ئاللاھنىڭ قوشۇنى تەلەپ قىلىدىغان پەزىلەتلەر

1. كۆكسى ـ قارنى كەڭ بولۇش كېرەك.

ئىچى تار ئادەملەرنىڭ، ئاللاھنىڭ قوشۇنىدا تۇرۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ، پەقەت كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئادەملەرلا بۇ قوشۇنغا قاتنىشالايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴾

**«...ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (سۈرە ھەشىر 9 ـ ئايەت)

2. كەڭ قۇرساق (ئەپۇچان) بولۇش كېرەك.

بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن كەڭ قۇرساق بولۇش ـ ئەگەر بىرسى سىلەرگە دوستانە بولمىسا، زىيان يەتكۈزسە، كۆڭلۈڭلارنى ئاغرىتسا، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى توختىتىپ قويماڭلار، ھەمدە قىيىنچىلىقتا قالسا ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار دېگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَا يَأۡتَلِ أُوْلُواْ ٱلۡفَضۡلِ مِنكُمۡ وَٱلسَّعَةِ أَن يُؤۡتُوٓاْ أُوْلِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينَ

**وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۖ وَلۡيَعۡفُواْ وَلۡيَصۡفَحُوٓاْۗ أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٌ ﴾**

**«ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش-ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە ۋە دىن يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن، (ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (سۈرە نۇر 22-ئايەت)

3. رەھىمدىل، مېھرى-شەپقەتلىك بولۇش كېرەك.

بۇ يەردە دېيىلگەن مېھرى-شەپقەتلىك بولۇش، ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتتە دېگەن ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ:

**﴿ وَيُطۡعِمُونَ ٱلطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ مِسۡكِينٗا وَيَتِيمٗا وَأَسِيرًا إِنَّمَا نُطۡعِمُكُمۡ لِوَجۡهِ ٱللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمۡ جَزَآءٗ وَلَا شُكُورًا ﴾**

**«ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ، (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز».»** (سۈرە ئىنسان 8-9 ئايەت)

4. قەلبى پاك بولۇشى كېرەك.

بۇ يەردە دېيىلگەن قەلبى پاك ئادەملەر- ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى سەرپ قىلالايدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا كَسَبۡتُمۡ وَمِمَّآ أَخۡرَجۡنَا لَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِۖ وَلَا تَيَمَّمُواْ ٱلۡخَبِيثَ مِنۡهُ تُنفِقُونَ وَلَسۡتُم بِـَٔاخِذِيهِ إِلَّآ أَن تُغۡمِضُواْ فِيهِۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ ﴾**

**«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى**

**ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىهاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر.»** (سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت)

5. كەمبەغەلچىلىكتىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىمۇ سەدىقە بېرىشى كېرەك.

بۇ يەردە دېيىلگەن كەڭ قورساق، سېخىي ئادەملەر ـ ئۆزى غورىبەتچىلىكتە بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمىكىنى تېجەپ، باشقا يوقسۇل قېرىنداشلىرىغا ئىككىلەنمەي ياردەم قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَسَارِعُوٓا إِلَىٰ مَغۡفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمۡ وَجَنَّةٍ عَرۡضُهَا ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلۡأَرۡضُ أُعِدَّتۡ لِلۡمُتَّقِينَ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ ﴾

**«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار...»** (سۈرە ئال ئىمران 133 ـ 134 ئايەت)

6. مەرت ـ سېخىي بولۇش كېرەك.

بۇ يەردە دېيىلگەن مەرت ـ سېخىي ئادەم ـ ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ ئىسراپچىلىق ئەمەس ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلارنى بېرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن مۆئمىنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سەرپ قىلىشى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەرت ـ سېخىيلىقىنى بىلگەن ـ بىلمىگەنلىكى بىلەن، ھەمدە باشقىلارنىڭ مىننەتدار بولغان ـ بولمىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَلِأَنفُسِكُمۡۚ وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ ٱللَّهِۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يُوَفَّ إِلَيۡكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا ﴾

**«...... مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى، خەير ـ ئېھسانىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار). مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان**

**ياخشى ئەمىلىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ).»** (سۈرە بەقەرە 272 ـ ئايەت)

7. ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھنى ياد ئېتىش كېرەك.

بۇ يەردە دېيىلگىنى راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ھەتتا بەگ ـ پادىشاھلاردەك تۇرمۇش كەچۈرگەندىمۇ يەنىلا ئاللاھنى دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَٰلُكُمْ وَلَآ أَوْلَـٰدُكُمْ عَن ذِكْرِ ٱللَّهِ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ ﴾

**«ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.»** (سۈرە مۇنافىقۇن 9 ـ ئايەت)

يۇقىرىقىلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىغا كىرىشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر بولۇپ، بۇ پەزىلەتلەرنى ھازىرلىمىغانلار ئاللاھنىڭ دوستلىرى قاتارىغا كىرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ پەقەت بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى سىناش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىمانىنى سىنايدىغان قاتتىق سىناقتۇر. ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، ئاللاھنىڭ دىنى ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئادەملەر، بۇ خىل بەدەل تۆلەشلەرنى ئۆزىگە قارىتىلغان جەرىمانە ھېسابلاپ، ھەر خىل چارە ـ ئاماللار بىلەن بەدەل تۆلىمەسلىكنىڭ باھانىسىنى ئىزدەيدۇ. مۇبادا ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىرەر نەرسە سەرپ قىلسا، بۇنى دەرد ھېسابلاپ، دەردىنى يەڭگىللىتىش ئۇچۇن، ئۆزلىرىنى ماختايدۇ، ياكى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى بىلىشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلغان مال ـ مۈلۈك بىر خىل ئىسراپچىلىق بولۇپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇش، خەير ـ ساخاۋەتلىك دېگەن نام، ئۇلارچە ھەقىقىي ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇ دۇنيادىكى ھاياتلىقلا رېئاللىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر پۇل خەجلىسە چوقۇم نام ـ ئاتاق قازانسا، ئاندىن پۇل خەجلىگەننىڭ پايدىسى بولغان بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، پۇل خەجلەنسە، ھېچكىم بىلمىسە، نام ـ نىشانىسىز بولسا، بۇ پەقەت پۇلنى سۇدا بىكارغا ئېقىتىۋەتكەن بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ. قۇرئاندا بۇ ھەقتە ئېنىق ئايەتلەر بار. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ سەرپ قىلغانلىرىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ، ئەگەر ئۇلار يەنىلا ئۆزىنى ماختاپ ئىمان دەۋاسى قىلسا، ئۇلار پەقەت مۇناپىقلاردۇر. تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراڭلار:

8. ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلماسلىق كېرەك.
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُبۡطِلُواْ صَدَقَـٰتِكُم بِٱلۡمَنِّ وَٱلۡأَذَىٰ كَٱلَّذِى يُنفِقُ مَالَهُۥ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ‌ۖ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ صَفۡوَانٍ عَلَيۡهِ تُرَابٌ فَأَصَابَهُۥ وَابِلٌ فَتَرَكَهُۥ صَلۡدًا‌ۖ ﴾

**«ئى مۇئمىنلەر! پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.»** (سۈرە بەقەرە 264-ئايەت)

9. دۇنياپەرەس بولماسلىق كېرەك.
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱلَّذِينَ يَكۡنِزُونَ ٱلذَّهَبَ وَٱلۡفِضَّةَ وَلَا يُنفِقُونَهَا فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ﴾

**«...... ئالتۇن-كۆمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن.»** (سۈرە تەۋبە 34-ئايەت)

10. ئاللاھنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىق كېرەك.
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَا يَسۡتَـٔۡذِنُكَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ أَن يُجَـٰهِدُواْ بِأَمۡوَٲلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ‌ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلۡمُتَّقِينَ إِنَّمَا يَسۡتَـٔۡذِنُكَ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱرۡتَابَتۡ قُلُوبُهُمۡ فَهُمۡ فِى رَيۡبِهِمۡ يَتَرَدَّدُونَ ﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىنماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ، ئاللاھ**

**تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) سەندىن پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.»** (سۈرە تەۋبە 44 ـ 45 ئايەت)

11. پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇشى كېرەك.
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا مَنَعَهُمْ أَن تُقْبَلَ مِنْهُمْ نَفَقَـٰتُهُمْ إِلَّآ أَنَّهُمْ كَفَرُوا۟ بِٱللَّهِ وَبِرَسُولِهِۦ وَلَا يَأْتُونَ ٱلصَّلَوٰةَ إِلَّا وَهُمْ كُسَالَىٰ وَلَا يُنفِقُونَ إِلَّا وَهُمْ كَـٰرِهُونَ ﴾

**«ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، (پۇل ـ مېلىنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ.»** (سۈرە تەۋبە 54 ـ ئايەت)

﴿ ٱلْمُنَـٰفِقُونَ وَٱلْمُنَـٰفِقَـٰتُ بَعْضُهُم مِّنۢ بَعْضٍ ۚ يَأْمُرُونَ بِٱلْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمَعْرُوفِ وَيَقْبِضُونَ أَيْدِيَهُمْ ۚ نَسُوا۟ ٱللَّهَ فَنَسِيَهُمْ ۗ إِنَّ ٱلْمُنَـٰفِقِينَ هُمُ ٱلْفَـٰسِقُونَ ﴾

**«مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ). ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى (يەنى ئاللاھنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى)، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر.»** (سۈرە تەۋبە 67 ـ ئايەت)

12. ئاللاھ يولىدا بېرىلگەن سەدىقىلەرنى ئالۋان ـ ياساق دەپ قارىماسلىق كېرەك.
ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ؛

﴿ وَمِنَ ٱلْأَعْرَابِ مَن يَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ مَغْرَمًا ﴾

**«ئەئرابىلاردىن بەزىلىرى (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى جەرىمانە**

**ھېسابلايدۇ.»** (سۈرە تەۋبە 98 ـ ئايەت)

13. بېخىللىق قىلماسلىق كېرەك.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ هَٰٓأَنتُمۡ هَٰٓؤُلَآءِ تُدۡعَوۡنَ لِتُنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَمِنكُم مَّن يَبۡخَلُۖ وَمَن يَبۡخَلۡ فَإِنَّمَا يَبۡخَلُ عَن نَّفۡسِهِۦۚ وَٱللَّهُ ٱلۡغَنِيُّ وَأَنتُمُ ٱلۡفُقَرَآءُۚ وَإِن تَتَوَلَّوۡاْ يَسۡتَبۡدِلۡ قَوۡمًا غَيۡرَكُمۡ ثُمَّ لَا يَكُونُوٓاْ أَمۡثَٰلَكُم ﴾

**«سىلەر شۇنداق كىشىلەر سىلەركى، ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلىساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار، كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ، ئاللاھ (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (ئاللاھقا) موھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ).»** (سۈرە مۇھەممەد 38 ـ ئايەت)

ئىسلامى قېرىنداشلار!

مانا بۇ سىلەرنىڭ دىنىڭلارنىڭ تۈۋرۈكى بولغان «زاكات»نىڭ ھەقىقىي ئورنى بولۇپ، ئۇنى ھەرگىزمۇ بىر خىل «باج ـ سېلىق» دەپ قالماڭلار. ئۇ باج ـ سېلىق بولماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتە ئىسلامى ھاياتنىڭ جەۋھىرى، ئۇ خۇددى بىر ئادەم قايتا ـ قايتا ئىمتىھان بېرىپ، ئەڭ ئاخىرى مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتۈپ ئوقۇش پۈتتۈرگەنگە ئوخشاش، بىر ئادەمنىڭ ئىمانىنى سىنايدۇ. ئوخشاشلا، ئاللاھنىڭ يولىدىمۇ قاتمۇ ـ قات سىناقلار بولۇپ، تۆتىنچى سىناق دەل مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىش سىنىقىدۇر (بۇ ھەقتە كېيىن يەنە توختىلىمىز). بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان بەزىلەر، مال ـ مۈلكىنى سەدىقە قىلىش ھەققىدە بەك كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق، ئەمما بىزنىڭ بۇ نامرات دۆلىتىمىزدە، كۆپچىلىككە قانداق بېيىشنىڭ يولى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش كېرەك ئىدى، دېيىشىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان نەرسىنىڭ دەل ئىسلام روھىنى قۇرغۇچى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىلا يەردە قايمۇقۇشقا ئۇچرىشىدا، دەل مۇشۇ روھنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇسۇلمانلاردا مۇشۇ روھ بولغاندىلا ئاندىن توغرا يولغا كىرىپ قالمايدۇ. ناۋادا بۇ خىل روھنى يوقىتىپ قويىدىكەن، ئۇ

ھالدا ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ.

كىلەر قېتىمدا كۆپچىلىككە «زاكات» بىلەن «سەدىقە»نىڭ بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ «جېنى» ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ سەۋەبتىن، بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

مۇھاكىمە

ئاللاھنىڭ قوشۇنى تەلەپ قىلىدىغان پەزىلەتلەر قايسىلار؟ تەپسىلىي بىلىۋېلىڭلار.

## 3 ـ لېكسىيە زاكاتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالدىنقى ئىككى بۆلەكتە زاكاتنىڭ ھەقىقىي ئورنى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇم، ئەمدى بۇ مەسىلىنى باشقا بىر نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

### ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا زاكات ۋە سەدىقىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، بەزى جايلىرىدا، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان قەرز (قەرزىي ھەسەنە) بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى سىلەرگە چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ دېيىلگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى بولسا ـ سىلەر ئاللاھقا قەرز بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قەرزدار بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. يەنە قۇرئاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىشلا ئەمەس، بەلكى نەچچە ھەسسە زىيادە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئويلاپ بېقىڭلار، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان زاتنىڭ سىلەرگە ھاجىتى چۈشەمدۇ؟ (ئاللاھدىن كەچۈرۈم سورايمىز). ھەممىدىن ئالىي، ئۇلۇغ ئاللاھ سىلەردىن پۇل قەرز سورامدۇ؟ شاھلارنىڭ شاھى، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانى، پۈتكۈل بايلىقنىڭ ئىگىسى بولغان زاتنىڭ

سىلەرنىڭ بىرەر نەرسەڭلارغا ھاجىتى چۈشەمدۇ؟ (ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى كەچۈرگىن). بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئاللاھنىڭ سېخىيلىق بىلەن قىلغان ئىنئامى بولغاچقىلا سىلەر مەۋجۇد بولالىغان، سىلەرنىڭ يەۋاتقىنىڭلارنى ئاللاھ ئىنئام قىلغان. ئاراڭلاردىكى باي بولامدۇ، كەمبەغەل بولامدۇ، ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ئىنئام قىلغان. نامراتلارمۇ، مىليونېرلارمۇ ھەممەيلەن ئاللاھقا تايىنىدۇ. ئەمما ئاللاھ ھېچكىمگە تايانمايدۇ. ئاللاھنىڭ سىلەرگە پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشى، زادى سىلەرگە بىرەر ھاجىتى چۈشكەنلىكتىنمۇ؟ (ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى كەچۈرگىن). ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشلىرىڭلار ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ يولۇمدا سەرپ قىلغىنىڭلار، ماڭا نىسبەتەن بىر خىل قەرز بولۇپ، مەن بۇ قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، مەن ئۇنى قەرز ھېسابلايمەن. سىلەر كەمبەغەللەرگە سەدىقە بەرسەڭلار، بۇ كەمبەغەللەر نېمە بىلەن قايتۇرىدۇ؟ ئۇلار ئۈچۈن مەن قايتۇرىمەن. سىلەر نامرات تۇغقانلىرىڭلارغا ياردەم قىلغان ۋاقتىڭلاردا، سىلەرگە قەرزدار بولغىنى ئۇلار ئەمەس، بەلكى مەن. مەن سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئىنئام بېرىمەن. ئەگەر سىلەر يېتىم بالىلار، تۇل ئاياللار، مېيىپلار، يولدىن ئاداشقانلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم بەرسەڭلار، ھەممىسى مېنىڭ ھېسابىمغا يېزىلىدۇ. سىلەرنىڭ ئىزدەيدىغىنىڭلار ئۇلار ئەمەس، بەلكى مەن، قەرزنى قايتۇرۇشقا مەن مەسئۇل بولىمەن، قىيىنچىلىقتا قالغان قېرىنداشلىرىڭلارغا پۇل قەرز بېرىۋېرىڭلار، لېكىن ئۆسۈمنى ھېسابلىماڭلار، خاتىرجەم بولۇڭلاركى، ئەگەر ئۇلار پۇلۇڭلارنى قايتۇرالمىسا، ئۇلارنى تۈرمىگە سولىتىۋەتمەڭلار، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى گۆرۈگە قويۇشقا قىستىماڭلار، ئۇلارنى ئۆي ـ ماكانىدىن ئايرىۋەتمەڭلار، سىلەرگە قەرزدار بولغىنى ئۇلار ئەمەس، بەلكى مەن، ئەگەر ئۇلار قەرزنى تولۇق قايتۇرسا، سىلەرگە ئۆسۈمىنى مەن بېرىمەن، ئەگەر ئۇلار ئەسلى قەرزىنىمۇ قايتۇرالمىسا، ئۇنداقتا ئەسلى قەرزنى ۋە ئۆسۈمنى مەن تۆلەيمەن. ئوخشاشلا، ئومۇمنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن سەرپ قىلغىنىڭلار، گەرچە سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولىسىمۇ، مەن بۇنى ياخشى نىيەت ھېسابلاپ، ھەممىسىگە تولۇق ئىنئام بېرىمەن، ھېچنەرسە چۈشۈپ قالمايدۇ، بەلكى ھەسسىلەپ ئىنئام بېرىمەن».

بۇ پۈتكۈل كائىناتنىڭ پادىشاھى، چەكسىز مېھرىبان ئاللاھنىڭ سۆپىتىدۇر. سىلەر ئىشلىتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ سىلەرگە

ئىنئام قىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ باشقا يەردىن كەلمىگەن، سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ خەزىنىسىدىن كەلگەن، سىلەرنىڭ قىلغان سەدىقەڭلار، ھەرگىزمۇ ئاللاھقا بەرگىنىڭلار ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭلارنىڭ تۇغقانلىرىڭلارغا، مىللىتىڭلارغا، قېرىنداشلىرىڭلارغا بەرگىنىڭلار، ياكى ئامموۋى پاراۋانلىق ئۈچۈن ئىشلەتكىنىڭلار بولۇپ، سىلەر ئاللاھنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆز ئادەملىرىڭلارغا سەدىقە قىلىسىلەر، مېھرىبان ئاللاھنىڭ بۇ ھەقتە نېمە دېگەنلىكىگە قاراڭلار:

«سىلەر ماڭا بەرگەننى، سىلەرگە قايتۇرۇپ ئىنئام قىلىمەن».

ئاللاھ ئۇلۇغدۇر (ئاللاھۇ ئەكبەر)! پەقەت پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان زاتتىلا مۇشۇنداق مېھرىبانلىق بولىدۇ، ھېچنەرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان پادىشاھلا مۇشۇنداق سېخىيلىق قىلالايدۇ، ئىنسانلار بۇنى ھەرگىزمۇ قىلالمايدۇ، ھەتتا قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ.

> مۇھاكىمە
> ئاللاھنىڭ ئىنتايىن مېھرىبانلىقىنى ئەملى پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

## نېمە ئۈچۈن «سەدىقە بېرىش» سەممىيلىك بىلەن تەۋسىيە قىلىنىدۇ؟

قېنى ئويلىنىپ باقايلى، ئاللاھ نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى مېھرىبان ۋە سېخىي بولۇشقا بۇنداق ئىلھاملاندۇرىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى قانچە چوڭقۇر ئويلانساڭلار، دىنى ئەقىدىلەرنىڭ پاكلىقىنىڭ ماھىيىتىنى شۇنچە چوڭقۇر بىلەلەيسىلەر. ھەممە قەلبىڭلاردا، بۇ خىل سەممىي تەۋسىيىنىڭ پەقەت ئاللاھ تەرەپتىنلا كېلىدىغانلىقىنى، باشقا يەردىن كەلمەيدىغانلىقىنى تەستىقلايسىلەر.

1. ئادەم شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئادەمدە تۇغۇلۇشىدىنلا ئادالەتسىزلىك، نادانلىق خاھىشى بولۇپ، نەزەر دائىرىسى تار، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، يىراقنى كۆرەلىدى دېگەندىمۇ ئاندا ـ ساندا كۆرەلەيدىغان تەبىئەتكە ئىگە. ئىنسان شەخسىيەتچىلىكتىن خالى بولالمايدۇ، كاللىسىغا يىراقنى كۆرۈش سىغمايدۇ، ئۆزىگە پايدىلىق بولسىمۇ شۇنداق

بولىدۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا ئالدىراڭغۇ تەبىئەتلىك بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ خُلِقَ ٱلْإِنسَـٰنُ مِنْ عَجَلٍ ۚ ﴾

**«ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان........»** (سۈرە ئەنبىيا 37 ـ ئايەت)

ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ نەتىجىسى ۋە پايدىسىنى دەرھال كۆرۈشكە ئالدىرايدۇ، ئۇلار چوڭقۇر تەسىرى بار ئىشلارنى ھېس قىلالمايدۇ، كەڭ كۆلەملىك ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈمى بولىدىغان ئىش بولسىمۇ، بۇنى چۈشىنەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇنداق نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، بۇ ئىنسانىنىڭ ئاجىزلىقى، بۇ ئاجىزلىقى ئۇلارنى كىچىككىنە مەنپەئەتنىمۇ قوغلاتقۇزىدۇ. ئۇلار ھەممىشە: «مىنىڭ تاپقان پۇللىرىم ياكى ئاتا ـ بوۋامدىن قالغان مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى مىنىڭ، باشقىلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا بولمايدۇ، بۇ پۇللار ئۆزۈمنىڭ ھەۋەسلىرىمنى قاندۇرۇشۇمغا، تېخىمۇ كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمگە، ھېچ بولمىغاندا نام ـ ئابرۇي قازىنىپ، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشۇمغا ئىشلىتىلىشى كېرەك. ئەگەر بۇنداق بولمىسا، پۇل خەجلەپ نېمە قىلىمەن؟ ئەگەر بىر يېتىم بالا ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسا ياكى ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكار تەلەتلىك قىلىپ يۈرسە، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىمەن؟ ئۇ (يېتىم بالا) ئاتىسىدىن ئۆزىگە مىراس قالدۇرغان، قالدۇرمىغانلىقىنى ياكى ئۆمۈر سۈرگۈزۈش تىكتىشقانلىق تالونىنى ئۆزىگە بېرىشىنى سوراپ بېقىشى كېرەك. ئەگەر قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئىچىدە نامراتچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بىر تۇل ئايال بولسا، ئۇنىڭ بىلەن مىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىم بولسۇن؟ ئېرى ئۇنىڭغا بىر ئاز مال ـ مۈلۈك قالدۇرۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بىر يولۇچى (مۇساپىر) بولسا، ئۇنىڭ بىلەن يەنە مىنىڭ نېمە ئىشىم بولسۇن؟ بۇ دۆت نېمە ئۈچۈن قىلچە تەييارلىقسىزلا سەپەرگە چىقىدۇ؟ ئەگەر بىرسى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسا، ئۇنىڭ بىلەن مىنىڭ نېمە كارىم؟ ئاللاھ ئۇنىڭغىمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئىككى قول، ئىككى پۇت بەرگەن، ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشىشى كېرەك، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىمەن؟ ئەگەر ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرسەم، چوقۇم ئۆسۈملۈك قەرز شەكلىدە بېرىمەن، ئۆسۈمنى كېمەيتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مەن پۇللىرىمنى بىكاردىن ـ بىكارغا خەققە قەرز بەرمەيمەن، بۇ پۇللىرىم بىلەن ئۆي سالىمەن، ماشىنا سېتىۋالىمەن، ياكى پاي قوشىمەن، پۇل قەرز ئالغان ئادەم پۇلۇمدىن مەنپەئەت ئالالايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پايدىسىدىن بىر قىسمىنى ئېلىشىم كېرەك» دەپ بەس مۇنازىرە قىلىشىدۇ.

2. شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى.

بۇ خىل شەخسىيەتچى بايلار، خۇددى ئۆز بايلىقىنى بېسىپ ياتقان يىلانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ پۇل سەرپ قىلسا، ئۆزىنىڭ پايدىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. ئەگەر پايدا چىقمىسا، ھەم بىرەر كەمبەغەلگە ياردەم قىلىشقا توغرا كەلسە، بىر تىيىنىمۇ چىقارمايدۇ. ناۋادا كەمبەغەللەرگە بىرەر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇ چوقۇم ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ، بۇ نامراتتىن ئۆزىنىڭ بەرگىنىدىنمۇ كۆپرەك پۇل ـ مال ئۇندۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ قىيىنچىلىقتا قالغان بىرەر ئادەمگە ياردەم بەرگەن بولسا، ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ شەپقەت قىلغانلىقىنى داۋراڭ سېلىپ، بۇ بىچارىنى پۈتۈنلەي خىجىللىقتا قويۇپ، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تۆكىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرەر ئاممىۋى پائالىيەتكە قاتناشماقچى بولسا، ئالدى بىلەن بۇ پائالىيەتتىن ئۆزىگە قانچىلىك نەپ كېلىدىغانلىقىنى ھېسابلايدۇ. ئەگەر نەپ چىقمىسا، بۇنىڭغا ھەرگىز قاتناشمايدۇ.

بۇ خىل خاراكتېردىكى ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ پەقەت كوللېكتىپ چوڭ زىيانغا ئۇچراپ قالماستىن، ئاخىرىدا ئۆزىمۇ بالايىئاپەتكە مۇپتىلا بولىدۇ. بىر جەمئىيەتتە بۇ خىلدىكى ئادەملەر بولىدىكەن، بايلىق ئاستا ـ ئاستا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بايلارنىڭ پۇلى دوملىغانسېرى كۆپىيىدۇ، كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىدۇ. بىر نامرات جەمئىيەت جىنايەتنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى تەبىئىي ھالدا ئاجىزلاپ، كېسەللىك يامراپ كېتىدۇ، خىزمەت ئىقتىدارى ۋە بايلىق يارىتىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ. نادانلىق ئەۋج ئېلىپ ئەخلاق بۇزۇلىدۇ. نامراتلار باشقا كەلگەننى كۆرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئاخىرى زوراۋانلىق بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، بايلار قەستكە ئۇچراپ، ئائىلىسى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بىرمۇ باي قالمايدۇ.

3. كوللېكتىپنىڭ پاراۋانلىقى شەخسنىڭ پاراۋانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

كۆپچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىنىپ باقىدىغان بولسا، شەخسنىڭ پاراۋانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي ئومۇمنىڭ پاراۋانلىقى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ، سىلەر بايلىقىڭلار ئارقىلىق ئۆز قېرىندىشىڭلارغا ياردەم بەرسەڭلار، بۇ خىل بايلىقنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى نەتىجىسىدە، سىلەرنىمۇ ئۇنىڭ پايدىسىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر سىلەر شەخسىيەتچى بولۇپ پەقەت ئۆزۈڭلار ئۈچۈن

پۇل خەجلىسەڭلار، ئۇنداقتا مال ـ مۈلكىڭلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىدۇ. بىر مىسال ئالايلى، ئەگەر سىلەر بىر يېتىم بالىنى بېقىپ، ئۇنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتتە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ هالال ياشايدىغان ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپەڭلار بولىدۇ. گەرچە سىلەر ئۆزۈڭلار بېقىپ چوڭ قىلغان يېتىم بالىنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى ھېس قىلالمىساڭلارمۇ، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن، سىلەرمۇ تەبىئىي ھالدا بۇ جەمئىيەتتىن مەنپەئەت ئالىسىلەر. ئەگەر سىلەر ئىچى تار، شەخسىيەتچىلەردىن بولۇپ، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇدەكمەن؟ ئاتىسى ئۇنىڭغا مال ـ مۈلۈك مىراس قالدۇرۇشى كېرەك دېگەن بولساڭلار، ئۇنداقتا بۇ يېتىم بالا ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىكار تەلەتلىك قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى جەمئىيەت تەرىپىدىن شاللىنىپ كېتىپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالمايتتى. ئۇ بەلكىم ئوغرى ـ قاراقچىلاردىن بولۇپ، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارنى بۇلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ سىلەرنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن بىر بىكار تەلەت، كېرەكسىز جىنايەتچىنى تەربىيىلىگىنىڭلار بولۇپ، بۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغىنىڭلارلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزۈڭلارمۇ زىيانكەشلىكتىن ساقلىنالمايسىلەر. مۇشۇنداق قىياس قىلساق، ئەگەر بىر ئادەم شەخسىيەتسىزلىك بىلەن ئۆز جايىدا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مەبلەغ سالسا، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئېرىشىدىغان پايدىسى، سالغان مەبلىغىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، شەخسىيەتچى كىشىلەر ئۆز جايىدىكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ خەجلىمەيدۇ، ئەكسىچە جازانىخورلۇققا تايىنىپ ئۆزىنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارنىڭ بايلىقى، ئۇلارنىڭ نادانلىقى تۈپەيلىدىن بارغانسېرى كېمىيىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭدىكى ھېكمەتنى ئاللاھ بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ:

﴿ يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ ﴾

**«ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ...»** (سۈرە بەقەرە 276 ـ ئايەت)

﴿ وَمَا ءَاتَيۡتُم مِّن رِّبٗا لِّيَرۡبُوَاْ فِيٓ أَمۡوَٰلِ ٱلنَّاسِ فَلَا يَرۡبُواْ عِندَ ٱللَّهِۖ

وَمَآ ءَاتَيۡتُم مِّن زَكَوٰةٖ تُرِيدُونَ وَجۡهَ ٱللَّهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُضۡعِفُونَ

**«سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بەرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمىدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن سوۋغىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بولمايدۇ)، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلار (ياكى ئېھسانىڭلار)غا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ.»** (سۈرە رۇم 39 ـ ئايەت)

لېكىن ئىچى تار، نادان ئادەملەر بۇلارنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلار ماددىۋى مەنپەئەتنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۇلار پەقەت ھەمىيانلىرىدىكى جىرىڭلاپ تۇرغان تەڭگىلەرگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ، بانكىدىكى ئامانەت پۇللىرىنىڭ كۆپىيىشىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز پۇللىرىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، قانداق كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، قانچىلىك كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، قانداق چاغدا پايدىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆز يانچۇقىغا كىرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت سەرپ قىلغان پۇلنىڭ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، بۇ نادانلىقنىڭ تۈگۈنىنى يېشەلمەيۋاتىدۇ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

مۇھاكىمە

1. ئاللاھنىڭ سەممىيلىك بىلەن «سەدىقە» بېرىشنى تەۋسىيە قىلىشنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە قانداق پايدىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈڭلار.

2. شەخسىيەتچىلىك، ئىچى تارلىق ۋە ئاچكۆزلۈكنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## ھەل قىلىشنىڭ يولى

يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئەھۋالغا قارىتا، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئەڭ ھالقىلىق ئىش ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش، ئاللاھقا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى، ئالەمدىكى خەزىنىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ

ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئەڭ كىچىك زەررىچىلەردىن تارتىپ ئەڭ چوڭ شەيئىلەرگىچە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى قىلغان ھەر بىر ياخشى ـ يامان ئىشلىرىدىن ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ بىر ـ بىرلەپ ھېساب ئالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر بىر ئىشىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە تايىنىدۇ، ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىۋالمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سەرپ قىلىدۇ، پايدا ـ زىيان مەسىلىسىنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنداق مۇستەھكەم ئىماننىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان پۇللىرى، ئاللاھقا قىلىنغان سوۋغا سۈپىتىدە بولىدۇ. شۇڭا تەبىئىيلا ئاللاھنىڭ ھېسابىغا يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى باشقىلار بىلمىگەن بىلەن، ئاللاھ ھەرگىزمۇ چۈشۈرۈپ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىش ـ قىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھ چوقۇم بىلىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەمدە ئاللاھ ۋەدە قىلغان ئىنئامنى ياكى ئۇ دۇنيادا بېرىدۇ، ياكى بۇ دۇنيادا بېرىدۇ.

مۇھاكىمە
ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى شەخسىيەتچىلىك، ئىچى تارلىق ۋە ئاچكۆزلۈكنى تۈگىتىشتە نېمىگە تايىنىش كېرەك؟

# 4 ـ ئېكسىيە ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش (IN FAQ FI SABILILLAH) ھەققىدىكى ئومۇمى يوليورۇقلار

## ئىككى خىل يوليورۇق ـ ئومۇمى كۆرسەتمە ۋە ئالاھىدە كۆرسەتمە (يوليورۇق)

ئىسلامى قېرىنداشلار:
ئاللاھ ئۆزىنىڭ شەرىئىتىدە ياخشى ـ يامان ئەمەللەرگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك

كۆرسەتمە بېرىپ، ئىنسانلارنى تەقۋادارلىق يولىغا يېتەكلىگەن، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا ئىجرا قىلىش ئۇچۇن ئالاھىدە كۆرسەتمىمۇ بەلگىلەپ بەرگەن.

## ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمە (يوليورۇق)

ئاللاھنى ياد ئېتىش ئەڭ چوڭ تەقۋادارلىق بولۇپ، بارلىق ياخشى ئەمەللەرنىڭ مەنبىئى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئومۇمى كۆرسەتمە بولسا ـ ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا دائىم ئاللاھنى يا ئېتىش، ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ قِيَٰمٗا وَقُعُودٗا وَعَلَىٰ جُنُوبِكُمۡۚ ﴾

**«....... سىلەر ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ۋە ياتقان ھالەتلىرىڭلاردا ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار.......»** (سۇرە نىسا 103 ـ ئايەت)

﴿ إِنَّ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَٱخۡتِلَٰفِ ٱلَّيۡلِ وَٱلنَّهَارِ لَأٓيَٰتٖ لِّأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ ٱلَّذِينَ يَذۡكُرُونَ ٱللَّهَ قِيَٰمٗا وَقُعُودٗا وَعَلَىٰ جُنُوبِهِمۡ وَيَتَفَكَّرُونَ فِي خَلۡقِ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ رَبَّنَا مَا خَلَقۡتَ هَٰذَا بَٰطِلٗا سُبۡحَٰنَكَ فَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ ﴾

**«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».»** (سۈرە ئال ئىمران 190 ـ 191 ئايەت)

﴿ وَلَا تُطِعۡ مَنۡ أَغۡفَلۡنَا قَلۡبَهُۥ عَن ذِكۡرِنَا وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُ وَكَانَ أَمۡرُهُۥ فُرُطٗا ﴾

**«....... بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى)گە ئەگەشمىگىن.»** (سۈرە كەھف 28 ـ ئايەت)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن باشقا، يەنە قۇرئاننىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە، ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئەھۋاللاردا ھەممىشە ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇشى بۇيرۇلغان، چۈنكى پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىيلىكىنى ساقلاپ، توغرا يولدا غەمسىز ياشىيالايدۇ. مۇبادا ئۇلار ئاللاھنى داۋاملىق ياد ئېتىپ تۇرۇشقا سەل قارايدىكەن، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە يامان نىيەت ئىگىلەپ، توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىش ئاقىۋىتىدىن ساقلىنالمايدۇ ـ دە، تۇرمۇش تەرتىپىمۇ بۇزۇلىدۇ.

مۇھاكىمە

1. ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمە «قۇرئان»دىكى قايسى ئايەتلەردە كۆرسىتىلگەن؟

2. ئاللاھنى ھەممىشە ياد ئېتىپ تۇرۇشقا سەل قارىغانلىقتىن قانداق ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ؟ مۇلاھىزە قىلىڭ.

## ئاللاھنى ياد ئېتىش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىكى ئومۇمى كۆرسەتمە بولۇپ، ئەمدى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە ئۇسۇل ـ ناماز ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدۇ. ھەر بىر ۋاخ ناماز يەنە بىر نەچچە رەكئەتكە بۆلۈنىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرز، ھەر بىر ۋاخ ناماز ئۈچۈن 15 مىنۇت ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. بۇ ھەر ۋاخ نامازدا باشتىن ـ ئاخىرى ھەر سېكۇنت، ھەر دەقىقىدە ئاللاھنى ياد ئېتىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ، مۇشۇ مۇقىم ۋاقىت ئىچىدە (ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا) ئاللاھنى ياد ئېتىپ، قالغان ۋاقىتتا ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالساڭلارمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا پۈتۈن نىيەت، كامالى ئىخلاسىڭلار بىلەن ئاللاھنى ياد ئېتىشىڭلار كېرەك، نامازدىن كېيىنكى ئالدىراش ۋاقتىڭلاردىمۇ داۋاملىق ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇشۇڭلار كېرەك، دېگەنلىكتۇر

.

مۇھاكىمە

ئاللاھنى ياد ئېتىشتىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە قايسى؟

## ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش (تەقدىم ئېتىش) ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمە (يولييورۇق)

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ھەققىدىمۇ ئومۇمى كۆرسەتمە ۋە ئالاھىدە كۆرسەتمە بار. بىر جەھەتتىن مۇنداق كۆرسەتمە بار: «ئىچى تار، بېخىل بولماسلىق كېرەك، بۇ گۇناھىنىڭ مەنبىئى بولۇپ، كۆڭۈلدىكى تۇرمۇشتا ئاللاھنىڭ سىلەرگە نەقەدەر مېھرىبانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلار لازىم. كائىناتتىكى ھېچقانداق شەيئىنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھدىن ئۆزۈڭلارغا مېھرى ـ شەپقەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقۇڭلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئاللاھ پۈتكۈل كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرگە ھەر ۋاقىت ئىنتايىن سېخىيلىق بىلەن مېھرى ـ شەپقەت ياغدۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا سىلەرمۇ ئىمكانىيىتىڭلار يار بەرگەن شارائىت ئاستىدا ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشىڭلار، ئىمكانقەدەر يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭلاردىن تېجەپ ئاللاھنىڭ يوقسۇل بەندىلىرىگە ياردەم قىلىشىڭلار، ئاللاھنىڭ شان ـ شەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، دىن يولىدا ئۆزۈڭلارنىڭ ھاياتىڭلارنى ۋە مال ـ مۈلكۈڭلارنى تەقدىم قىلىشتىن ھەرگىزمۇ باش تارتماسلىقىڭلار كېرەك. ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭلار، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن «مال ـ مۈلۈككە بولغان مۇھەببىتىڭلارنى قۇربان قىلىشىڭلار كېرەك»». مانا بۇ ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمە.

> مۇھاكىمە
> ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمە قايسى؟

## ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە (يولييورۇق)

يەنە بىر جەھەتتىن بىر تۈرلۈك ئالاھىدە كۆرسەتمە بار بولۇپ، ئەگەر سىلەرنىڭ نۇرغۇن مال ـ مۈلكىڭلار بولسا، ئۇنداقتا چوقۇم مال ـ مۈلكۈڭلارنىڭ

بىر قىسمىنى چىقىرىپ، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر سىلەر زىرائەتتىن مول ـ ھوسۇل ئالساڭلار، بىر قىسمىنى ئايرىپ چوقۇم ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىشىڭلار كېرەك. بۇ خۇددى نامازدا نەچچە مىنۇت ئاللاھنى ياد ئېتىش كېرەك دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ مۇشۇ نەچچە مىنۇتتا ئاللاھنى ياد ئېتىپ، قالغان ۋاقىتتا ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالساڭلارمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، دېگەنگە ئوخشاش. ئوخشاشلا، بۇ يەردىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە بولسا ـ ئاز بىر قىسىم مال ـ مۈلكۈڭلارنى ۋە مەھسۇلاتلارنى ئايرىپ، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە مال ـ مۈلكى بار ئادەملا مۇشۇنداق قىلىشى زۆرۈر، مال ـ مۈلكى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرمىغانلا قول قۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. شۇنداقلا يەنە، بايلار زاكاتنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن: «زاكاتنى تاپشۇرۇپ بولدۇم، ئەمدى مەندىن بىر تىيىنمۇ ئالمەن دەپ ئويلىماڭلار» دېسە بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. بۇ ھەرگىزمۇ زاكات بېرىشنى بەلگىلەشتىكى ئەسلى مەقسەت ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇنىڭ مەنىسى بولسا، زاكات بېرىش ھەر بىر ھاللىق سەۋىيىدىكى ئادەم چوقۇم ئىجرا قىلىش زۆرۈر بولغان پەرز. بۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر ئادەم ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە، ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشى كېرەك.

مۇھاكىمە
ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە قايسى؟

## ئاللاھ يولىدا «پۇل ـ مال» سەرپ قىلىش ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمىنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى

ئەمدى كۆپچىلىككە «ئومۇمى كۆرسەتمە» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىمەن، «ئالاھىدە كۆرسەتمە» ھەققىدە كېيىنكى قېتىم چۈشەنچە بېرىمەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ھەر قېتىم بىرەر «كۆرسەتمە» (يوليورۇق) ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كۆرسەتمە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەت ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ سەۋەبلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ، شۇڭا بۇ كۆرسەتمىلەرنى ئىجرا قىلغۇچى ھەر بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىنى چۈشىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى ئاچساڭلار

تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىلەر:

1. توغرا يولدا بولۇشنىڭ ئۈچ تۇرلۇك شەرتلىرى.

﴿ ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴾

**«بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر، ئۇلار غەيىبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ.»** (سۈرە بەقەرە 2 ـ 3 ئايەت)

بۇ ئايەتلەردە ئاساسى پرىنسىپلار كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادا توغرا يولدا مېڭىشتىكى ئۈچ تۇرلۇك زۆرۈر شەرتلەر بولسا:

بىرىنچى، غەيىبكە ئىشىنىش (بۇ ئاللاھقا، ئاخىرەتكە، تەقدىرگە ئىشىنىش قاتارلىق كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغانغا ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

ئىككىنچى، نامازنى ئادا قىلىش.

ئۈچىنچى، ئاللاھ ئاتا قىلغاننى ئاللاھ يولىغا ئىشلىتىش.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَن تَنَالُواْ ٱلۡبِرَّ حَتَّىٰ تُنفِقُواْ مِمَّا تُحِبُّونَ ﴾

**«ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر.......»** (سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت)

﴿ ٱلشَّيۡطَٰنُ يَعِدُكُمُ ٱلۡفَقۡرَ وَيَأۡمُرُكُم بِٱلۡفَحۡشَآءِۖ ﴾

**«شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ.......»** (سۈرە بەقەرە 268 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا تُلۡقُواْ بِأَيۡدِيكُمۡ إِلَى ٱلتَّهۡلُكَةِ ﴾

**«ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار.......»** (سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت)

﴿ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفۡسِهِۦ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴾

**«...... ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (سۈرە ھەشىر 9 ـ ئايەت)

2. ئىككى خىل تۈرمۈش ئۇسۇلى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەردىن، بۇ دۇنيادا ئىككى خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ: بىر خىلى ئاللاھنىڭ يولى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاللاھدىن قورقۇش، ياخشىلىق، گۈزەل ئەخلاق ۋە مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، بۇ يولدا ماڭغانلار، مەردۇ ـ مەردانە ۋە سېخىي بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغاننى ئاز ـ كۆپ دەپ ئولتۇرماستىن، ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ قىلغاندىن باشقا يەنە بىر قىسمىنى ئايرىپ، ئۆز قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق، ئاللاھ ئاتا قىلغان شان ـ شەرەپكە ئېرىشىدۇ. يەنە بىر خىلى شەيتاننىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە پايدا ـ مەنپەئەت بىلەن تولغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يولدىكى ئادەملەر، جېنىنىڭ بارىچە مال ـ دۇنيا توپلايدۇ، پۇل ـ مال دۇنيا ئۈچۈن جېنىنى تىكىدۇ، ئىنتايىن پىخسىق بولۇپ، پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا توغرا كەلسە، پەقەت نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا سەرپ قىلىدۇ.

مۇھاكىمە

1. توغرا يولدا بولۇشنىڭ ئۈچ تۈرلۈك شەرتى قايسىلار؟
2. بۇ دۇنيادىكى ئىككى خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى قايسىلار؟

## ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى

تۆۋەندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

1. پۇل ـ مال سەرپ قىلىش پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك.

پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم مەقسەت: ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش بولۇپ، قىلچە مەجبۇرلاش ياكى ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنمايدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبۡتِغَآءَ وَجۡهِ ٱللَّهِۚ ﴾

«........ سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير ـ ئېھسانىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار)........» (سۈرە بەقەرە 272 ـ ئايەت)

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُبۡطِلُواْ صَدَقَٰتِكُم بِٱلۡمَنِّ وَٱلۡأَذَىٰ كَٱلَّذِي يُنفِقُ مَالَهُۥ رِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَلَا يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۖ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ صَفۡوَانٍ عَلَيۡهِ تُرَابٞ فَأَصَابَهُۥ وَابِلٞ فَتَرَكَهُۥ صَلۡدٗاۖ ﴾

«ئى مۆئمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ.......» (سۈرە بەقەرە 264 ـ ئايەت)

2. قىلغىنىغا مىننەت قىلماسلىق.

ئىككىنچى ئىش: سىلەر بىرەر كەمبەغەل بۇرادىرىڭلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ياردەم قىلساڭلار، قىلغان شەپقىتىڭلارغا مىننەت قىلىپ، ئۇ بىچارىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭلار.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ثُمَّ لَا يُتۡبِعُونَ مَآ أَنفَقُواْ مَنّٗا وَلَآ أَذٗى لَّهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ قَوۡلٞ مَّعۡرُوفٞ وَمَغۡفِرَةٌ خَيۡرٞ مِّن صَدَقَةٖ يَتۡبَعُهَآ أَذٗىۗ ﴾

«پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير ـ ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان

**كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر.»** (سۈرە بەقەرە 262 ـ 263 ئايەت)

3. ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان نەرسىلەر چوقۇم ئەڭ ياخشىسى بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى ئىش: ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان نەرسىلەر چوقۇم ئەڭ ياخشىلىرى بولۇشى كېرەك، ناچار، سۈپىتى ئۆزگەرگەنلىرىنى بەرمەسلىك كېرەك. كەمبەغەللەرگە كونا ـ يىرتىق كىيىملەرنى بەرگەن، سائىللارغا بۇزۇلغان تاماقلارنى بەرگەنلەر، كەلگۈسىدە ئاللاھ تەرىپىدىن ئېرىشىدىغىنىمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَـٰتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّآ أَخْرَجْنَا لَكُم مِّنَ ٱلْأَرْضِ ۖ وَلَا تَيَمَّمُواْ ٱلْخَبِيثَ مِنْهُ تُنفِقُونَ وَلَسْتُم بِـَٔاخِذِيهِ إِلَّآ أَن تُغْمِضُواْ فِيهِ ۚ ﴾

**«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىنى سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار.......»** (سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت)

4. ئىمكانقەدەر باشقىلارغا ئۇقتۇرماسلىق كېرەك.

تۆتىنچى ئىش: قىلغان سەدىقىنى ئىمكانقەدەر باشقىلارغا ئۇقتۇرماسلىق كېرەك، بۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ «نام ـ ئابروي قازىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېگەن خاتا چۈشىنىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. گەرچە ئاشكارا سەدىقە قىلىشقا بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى مەخپىي بەرگەن تۈزۈك. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِن تُبْدُواْ ٱلصَّدَقَـٰتِ فَنِعِمَّا هِىَ ۖ وَإِن تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا ٱلْفُقَرَآءَ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۚ وَيُكَفِّرُ عَنكُم مِّن سَيِّـَٔاتِكُمْ ۗ ﴾

**«سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر، بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا**

**كەففارەت بولىدۇ......»** (سۈرە بەقەرە 271 ـ ئايەت)

5. قابىلىيەتسىز (كەم ئەقىل) كىشىلەرگە سەدىقىنى كۆپ بەرمەسلىك كېرەك.

بەشىنچى ئىش: قابىلىيەتسىز (كەم ئەقىل) كىشىلەرنىڭ ئەگرى يوللاردا مېڭىپ، يامان ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا سەدىقىنى ئېھتىياجىدىن زىيادە بەرمەي، ئەھۋالىغا قاراپ بېرىش كېرەك. ئاللاھ، بولمىغۇر قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يامان ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەرگىمۇ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك بېرىشنى، ئەمما بىكار تەلەت هاراقكەشلەرگە، زەھەر چەككۈچىلەرگە ۋە قىمارۋازلارغا پۇل ـ مال بەرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَا تُؤْتُوا۟ ٱلسُّفَهَآءَ أَمْوَٰلَكُمُ ٱلَّتِى جَعَلَ ٱللَّهُ لَكُمْ قِيَـٰمًا وَٱرْزُقُوهُمْ فِيهَا وَٱكْسُوهُمْ ﴾

**«ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار.....»** (سۈرە نىسا 5 ـ ئايەت)

6. قەرزدارنى قەرزنى قايتۇرۇشقا قىستىماسلىق كېرەك.

ئالتىنچى ئىش: ئەگەر مەلۇم ئادەم پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، سىلەردىن (ئۆسۈمسىز) قەرز ئالغان بولسا، ئۇنى دەرھال قەرزنى قايتۇرۇشقا قىستىماي، بەلكى ئۇنىڭغا ۋاقىت بېرىپ، ئاستا ـ ئاستا قايتۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىڭلار كېرەك. ئەگەر ئۇ قەرزنى قايتۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئامال قىلالمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ بۇ پۇلغا جىددىي ئېھتىياجىڭلار بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى بۇ قەرزنى كۆتۈرىۋەتكىنىڭلار ياخشى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِن كَانَ ذُو عُسْرَةٍ فَنَظِرَةٌ إِلَىٰ مَيْسَرَةٍ ۚ وَأَن تَصَدَّقُوا۟ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴾

**«ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ هالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان**

**قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشىدۇر.»** (سۈرە بەقەرە 280 ـ ئايەت)

7. سەدىقە بەرگەندە بەكمۇ كەڭ قول بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك.

يەتتىنچى ئىش: سەدىقە بەرگەندە بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئاللاھ ھەممە نەرسەڭلارنى سەدىقە قىلىپ، خوتۇن ـ باللىرىڭلارنى ئاچ قويۇشۇڭلارنى بۇيرۇمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ سىلەرنىڭ ۋە ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ كىيىمى پۇتۇن، قورسىقى توق ھالدا ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشۇڭلارنى، ئەگەر ئارتۇقچە بولسا، بىر قىسمىنى ئايرىپ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشىڭلارنى بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَيَسْـَٔلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلِ ٱلْعَفْوَ ﴾

**«....... ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن.......»** (سۈرە بەقەرە 219 ـ ئايەت)

﴿ وَٱلَّذِينَ إِذَآ أَنفَقُوا۟ لَمْ يُسْرِفُوا۟ وَلَمْ يَقْتُرُوا۟ وَكَانَ بَيْنَ ذَٰلِكَ قَوَامًا ﴾

**«ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، بېخىللىق قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ.»** (سۈرە فۇرقان 67 ـ ئايەت)

﴿ وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبْسُطْهَا كُلَّ ٱلْبَسْطِ فَتَقْعُدَ مَلُومًا مَّحْسُورًا ﴾

**«قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ كەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.»** (سۈرە ئىسرا 29 ـ ئايەت)

مۇھاكىمە

ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى قايسىلار؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سەدىقە بېرىش ئەھۋالىڭلارغا تەتبىقلاپ بېقىڭلار.

## ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر

ئەڭ ئاخىرىدا، ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئاللاھنىڭ سىلەرگە كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىڭلار كېرەك. ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن، كىملەرگە ياردەم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان مال-مۈلۈكتە كىم-كىملەرنىڭ نېسىۋىسىنىڭ بارلىقىنى بايقىۋالساڭلار بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بېرىپ ياردەم قىلىڭلار.»

**﴿ وَءَاتَى ٱلۡمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِى ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَـٰمَىٰ وَٱلۡمَسَـٰكِينَ وَٱبۡنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِى ٱلرِّقَابِ ﴾**

**«ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش......»** (سۈرە بەقەرە 177-ئايەت)

**﴿ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَـٰنًا وَبِذِى ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَـٰمَىٰ وَٱلۡمَسَـٰكِينِ وَٱلۡجَارِ ذِى ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡجَارِ ٱلۡجُنُبِ وَٱلصَّاحِبِ بِٱلۡجَنۢبِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَـٰنُكُمۡ ﴾**

**«...... ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار......»** (سۈرە نىسا 36-ئايەت)

**﴿ وَيُطۡعِمُونَ ٱلطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ مِسۡكِينًا وَيَتِيمًا وَأَسِيرًا إِنَّمَا نُطۡعِمُكُمۡ لِوَجۡهِ ٱللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمۡ جَزَآءً وَلَا شُكُورًا إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوۡمًا عَبُوسًا**

قَمۡطَرِيرٗا ﴾

«ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ئالالھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز. شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز».» (سۈرە ئىنسان 8 ـ 10 ئايەت)

﴿ وَفِيٓ أَمۡوَٰلِهِمۡ حَقّٞ لِّلسَّآئِلِ وَٱلۡمَحۡرُومِ ﴾

«ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئېھپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى).» (سۈرە زارىيات 19 ـ ئايەت)

﴿ لِلۡفُقَرَآءِ ٱلَّذِينَ أُحۡصِرُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ لَا يَسۡتَطِيعُونَ ضَرۡبٗا فِي ٱلۡأَرۡضِ يَحۡسَبُهُمُ ٱلۡجَاهِلُ أَغۡنِيَآءَ مِنَ ٱلتَّعَفُّفِ تَعۡرِفُهُم بِسِيمَٰهُمۡ لَا يَسۡـَٔلُونَ ٱلنَّاسَ إِلۡحَافٗاۗ وَمَا تُنفِقُواْ مِنۡ خَيۡرٖ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِهِۦ عَلِيمٌ ﴾

«ئۆزىنى ئالالھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئالالھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر.» (سۈرە بەقەرە 273 ـ ئايەت)

مۇھاكىمە

ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىۋېلىڭلار.

## 5 ـ لېكسيه زاكات ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە (يولىيورۇق)

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالدىنقى قېتىمدا كۆپچىلىككە «ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش» ھەققىدىكى ئومۇمى كۆرسەتمىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم. ئەمدى، بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان زاكات ھەققىدىكى كۆرسەتمىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

### زاكات توغرىسىدىكى ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتمە

ئاللاھ قۇرئاندا زاكات توغرىسىدا ئۈچ ئورۇندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتمە بەردى:

1. سۈرە «بەقەرە»دە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنفِقُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا كَسَبۡتُمۡ وَمِمَّآ أَخۡرَجۡنَا لَكُم مِّنَ ٱلۡأَرۡضِ ﴾

**«ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر)نىڭ ياخشىلىرىنى سەدىقە قىلىڭلار.»** (سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت)

2. سۈرە «ئىنئام»دا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَهُوَ ٱلَّذِيٓ أَنشَأَ جَنَّٰتٖ مَّعۡرُوشَٰتٖ وَغَيۡرَ مَعۡرُوشَٰتٖ وَٱلنَّخۡلَ وَٱلزَّرۡعَ مُخۡتَلِفًا أُكُلُهُۥ وَٱلزَّيۡتُونَ وَٱلرُّمَّانَ مُتَشَٰبِهٗا وَغَيۡرَ مُتَشَٰبِهٖۚ كُلُواْ مِن ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ وَءَاتُواْ حَقَّهُۥ يَوۡمَ حَصَادِهِۦۖ ﴾

**«ئاللاھ بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان،**

**(تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى. مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلى)نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار........»** (سۈرە ئەنئام 141 ـ ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتتە بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى زېمىن يۈزىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، ھەنەفى مەزھىپىدىكىلەر، ئۆزلۈكىدىن ئۆسىدىغان مەھسۇلاتلار، مەسىلەن، ياغاچ ماتېرىيال ئۆسۈملۈكلىرى، ئوت ـ چۆپ، بامبۇك قاتارلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاللاھ يولىدا ئايرىشقا تېگىشلىك قىسمىنى چوقۇم تۈرلىرى بويىچە ھېسابلاشنى، مەسىلەن، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىقلارنى ئايرىم ھېسابلاپ ئايرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ مەزھەپ، يامغۇر سۈيىگە تايىنىپ ئۆسىدىغانلىرىدىن ئاللاھ يولىدا ئوندىن بىرنى ئايرىش، سۇغۇرۇشقا تايىنىپ ئۆسىدىغانلىرىدىن يىگىرمىدىن بىرنى ئايرىش، ئاللاھ يولىدا ئايرىلىدىغان قىسمىنى ھوسۇل يىغقان ۋاقىتتا چوقۇم ئايرىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

3. سۈرە «تەۋبە»دە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱلَّذِينَ يَكۡنِزُونَ ٱلذَّهَبَ وَٱلۡفِضَّةَ وَلَا يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٖ يَوۡمَ يُحۡمَىٰ عَلَيۡهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكۡوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمۡ وَجُنُوبُهُمۡ وَظُهُورُهُمۡۖ هَٰذَا مَا كَنَزۡتُمۡ لِأَنفُسِكُمۡ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ تَكۡنِزُونَ ﴾

**«...... ئالتۇن ـ كۆمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.»** (سۈرە تەۋبە 34 ـ 35 ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّمَا ٱلصَّدَقَٰتُ لِلۡفُقَرَآءِ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡعَٰمِلِينَ عَلَيۡهَا وَٱلۡمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمۡ

وَفِي ٱلرِّقَابِ وَٱلْغَـٰرِمِينَ وَفِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱبْنِ ٱلسَّبِيلِ ۖ فَرِيضَةً مِّنَ ٱللَّهِ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿

**«زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبن سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ خُذْ مِنْ أَمْوَٰلِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا ﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.......»** (سۈرە تەۋبە 103 ـ ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، توپلىغان مال ـ دۇنيايىڭلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمىساڭلار، بۇ مال ـ مۈلكىڭلار پاكلانمايدۇ. مال ـ مۈلكۈڭلارنى پاكلاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان قىسمىنى ئايرىپ، بەلگىلەنگەن كىشىلەرگە سەدىقە قىلىشتىن ئىبارەت.

ھەدىستە مۇنداق كۆرسىتىلگەن، ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلاپ ساقلىغانلارنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئاقىۋىتى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن ئايەتلەر نازىل بولغاندا، مۇسۇلمانلار قاتتىق بىئارام بولغان، چۈنكى بۇ بىر تېنىمىز قالدۇرماي ھەممىنى سەرپ قىلىش لازىملىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئاخىرىدا ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ كىشىلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىنى ئۇ زاتقا ئېيتقان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ زاكاتنى پەرز قىلىشى سىلەرنىڭ ئارتۇقچە مال ـ مۈلكۈڭلارنى پاكلاش ئۈچۈندۇر».

يەنە بىر ھەدىستە ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «سەن ئۆز مال ـ مۈلكۈڭدىن زاكات ئايرىغان ۋاقتىڭدا، سەن تۆلەشكە تېگىشلىك باجىڭنى تۆلىگەن بولىسەن» دېگەن.

يۇقارقى ئايەتلەردە، زېمىن مەھسۇلاتلىرى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتى

ھەققىدە كۆرسەتمىلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىستە تاۋار، تۆگە، كالا، قويلارغىمۇ زاكات ئايرىش كۆرسىتىلگەن.

مۇھاكىمە
1. زاكات ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمە قايسىلار؟ پىششىق بىلىۋېلىڭلار.
2. زاكات ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆرسەتمىنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا تەتبىقلاپ بېقىڭلار.

## زاكات بېرىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى (نىسابى)

كۈمۈش: 200 تەڭگە.
ئالتۇن: 20 تەڭگە.
تۆگە: 5 تۇياق؛ قوي: 40 تۇياق؛ كالا 30 تۇياقتا يەتسە.
تاۋار: 200 تەڭگە كۈمۈشنىڭ باراۋىرىدە بولسا.

ئۇمۇمەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارى بىر يىلغىچە ئازلاپ قالمىسا، 40 تىن بىرىنى ئايرىپ زاكات بېرىشى كېرەك. ئالتۇن ۋە كۈمۈش ھەققىدە، ھەنەفى مەزھىپى، ئەگەر ئىككىسىنى ئايرىپ ھېسابلىغاندا، ھەر ئىككىسى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمىگەن بولسا، بىراق ئىككىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا، زاكات بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

مۇھاكىمە
يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر نەچچە خىل مال-مۈلۈكتىن زاكات ئايرىش ئۆلچىمىنى بىلىۋېلىڭلار.

## ئۈنچە ـ مەرۋايىتنىڭ زاكىتى

ئەگەر ئالتۇن-كۈمۈشتىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسالغان بولسا، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ تەشەببۇسى بويىچە زاكات ئايرىش كېرەك، ئىمام ھەنىفەمۇ بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىدۇ.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز قوللىرىغا ئالتۇن بىلەزۈك سېلىۋالغان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن: «سىلەر زاكات بەردىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇلاردىن بىرى جاۋاب بېرىپ: ياق دېگەن. پەيغەمبىرىمىز: «قىيامەت كۈنى قولۇڭلارغا ئوتتىن بىلەزۈك سېلىنىشنى ياقتۇرامسىلەر؟» دېگەن.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇنىڭ پۇتىغا سالىدىغان ئالتۇن ھالقىسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبىرىمىزدىن: بۇ توپلانغان مال ـ مۈلۈككە كىرەمدۇ؟ (مال ـ دۇنيا توپلاشنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى چەكلەيدۇ) دەپ سورىغان. پەيغەمبىرىمىز جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر پۇتىڭىزدىكى ھالقىنىڭ ئالتۇنى (ئۆلچەمگە) نىسابىغا يەتكەن بولسا، ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرگەن بولسىڭىز، ئۇنداقتا، ئۇ توپلانغان مال ـ دۇنياغا كىرمەيدۇ» دېگەن.

بۇ ئىككى ھەدىستىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسالغان بولسا، نەق پۇلغا ئوخشاشلا زاكات ئايرىش كېرەك. لېكىن ئالماس، ئۈنچە ـ مەرۋايىتتىن زاكات ئېلىنمايدۇ.

مۇھاكىمە
ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىدىن زاكات ئايرىلامدۇ ـ يوق؟

## زاكاتنى كىملەر قوبۇل قىلىشى لازىم؟

«قۇرئان كەرىم»دە تۆۋەندىكى سەككىز تۈرلۈك ئادەملەرنى زاكات قوبۇل قىلسا بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن:

1. پېقىرلار.

گەرچە ئازراق نەرسىسى بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشىنى قامداشقا يەتمەيدىغان، تۇرمۇشى قىيىن بولسىمۇ باشقىلاردىن تىلىمەيدىغانلار. بۇنى تەشەببۇس قىلغانلار: ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىبنى ئابباس، ھەسەن بەسرى ۋە ئىلگىرىكى داڭلىق ئۆلىمالار.

2. مىسكىنلەر.

ئىنتايىن نامرات، تۇرمۇشى بەكمۇ جاپالىق بولغان كىشىلەر. ھەزرىتى

ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئەمگەك ئىقتىدارى بولسىمۇ، ئىش تاپالمىغانلار ئوخشاشلا مۇشۇ تۈردىكى كىشىلەرگە كىرىدۇ دەپ قارايدۇ.

3. زاكات خادىملىرى.

ئىسلام ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن زاكات يىغىشقا ئەۋەتىلگەن كىشىلەر، ئۇلارغا زاكات فوندىدىن زاكات بېرىلىدۇ.

4. قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش مەقسەت قىلىنغانلار.

بىر خىل كىشىلەر بولۇپ، پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق سەۋەبلىك ئىسلامنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىشى، ياكى پۇل-مال ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسلامغا قارشى تۇرۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنىشى مۇمكىن، يەنە يېڭىدىن ئىسلامغا كىرىپ ياردەمگە موھتاج بولغانلارمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم كاپىرلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ مۇسۇلمانلار قاتارىغا قوشۇلغان بولسا، لېكىن ئىشسىز قالغان ياكى نامراتلاردىن بولۇپ قالغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئەسلىدە باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسلامغا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەنىلا ئۇنىڭغا زاكات بېرىشكە بولىدۇ. ھۇنەيىن غازىتى بولغاندا پەيغەمبىرىمىز غەنىمەتلەرنىڭ نۇرغۇنىنى يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەنلەرگە تارقىتىپ بەرگەن بولۇپ، ھەر بىر ئادەمگە 100 دەك تۆگە تەقسىم بولغان. ئەنسارلار بۇ تەقسىماتتىن سەل نارازى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ: «بۇلار كۇفرىدىن ۋاز كېچىپ ئىسلامغا كىرگەنلىكتىن، ئۇلارنى خۇشال قىلىشىم كېرەك» دېگەن. ئىمام زوھۇرىددىن «قەلبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» دېگەنگە قارىتا مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ: ھەرقانداق خرىستىئان، يەھۇدىي مۈرتى ياكى باشقا كاپىرلار، باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن، ئىسلامغا كىرسىلا قەلبى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ.

5. قۇللارنى ئازات قىلىش.

ئومۇمەن، قۇللاردىن ئازات بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا زاكات بېرىلىشى كېرەك. يەنى قۇلنىڭ خوجايىنىغا قۇلنى سېتىۋالغان ھەققىنى بەرسىمۇ بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە قۇللۇق تۈزۈم يوق، شۇڭا مېنىڭ قارىشىمچە، سوت مەھكىمىسىگە جەرىمانە تۆلىيەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن تۈرمىگە مەھكۇم بولىدىغانلارنى مۇشۇ تۈرگە كىرگۈزۈپ زاكات بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ.

6. قەرزدارلار.

بۇ باشقىلارغا قەرزدار بولۇپ قالغانلارنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ ئۆزىدە مىڭ

يوەن بار بولۇپ، باشقىلارغا يۈز يوەن قەرز بولۇپ قالغانلارنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى قەرزنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قالغان مال ـ مۈلكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالار، ھەددىدىن زىيادە بۇزۇپ چاچقان ياكى قانۇنغا (شەرىئەتكە) خىلاپلىق قىلىپ قەرزدار بولۇپ قالغانلار زاكات بېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا زاكات بېرىلسە، ئۇنىڭ داۋاملىق بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئىسراپ قىلىپ، يامانلىق قىلىشىغا مەدەت بەرگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

7. ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلغانلار.

بۇ ئەخلاقى پەزىلىتى ياخشى كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «بايلار زاكات ئالسا بولمايدۇ. لېكىن ئۇ جىھاد ئۈچۈن ياردەمگە موھتاج بولغاندا، ئۇنىڭغا زاكات بېرىلىشى كېرەك» دېگەن. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ يالغۇز ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇ باي بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ ئۆزى يالغۇز جىھادنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا ئاجىزلىق قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇنىڭغا زاكات بېرىلىشى كېرەك.

8. ئىبنى سەبىللەر (مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلار).

ئىبنى سەبىللەر گەرچە ئائىلىسىدە پۇل ـ مېلى بولسىمۇ، ئەمما سەپەرگە چىققاندىن كېيىن، پۇل ـ مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇلارغىمۇ زاكات بېرىش كېرەك.

مۇھاكىمە

قايسى سەككىز تۈردىكى كىشىلەرگە زاكات بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.

## زاكاتنى قانداق كىشىلەرگە بېرىش، قانداق كىشىلەرگە بەرمەسلىك كېرەك؟

ئەمدىكى مەسىلە، يۇقىرىدىكى سەككىز تۈرلۈك ئادەملەرگە قانداق ئەھۋالدا زاكات بېرىش، قانداق ئەھۋالدا زاكات بەرمەسلىك مەسىلىسى، تۆۋەندە بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن:

1. ئۆز ئاتىسىغا ياكى ئوغلىغا زاكات بېرىشكە بولمايدۇ.

ئېرى ئايالىغا، ئايالى ئېرىگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. بارلىق فىقھى ئالىملىرى بۇ مەسىلىدە ئورتاق قاراشقا ئىگە. بەزىلەر، سىلەرگە تايىنىپ ياشايدىغان يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. شەرىئەت بويىچە سىلەرنىڭ ۋارىسىڭلار بولىدىغان يىراق تۇغقانلىرىڭلارغا زاكات بەرسەڭلار بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا زاكات ئېلىشقا تېخىمۇ لايىق، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئىمام ئەنسارى: «زاكاتنى ئايرىغاندىن كېيىن، تۇغقانلارنى ئىزلىمەسلىك كېرەك» دەيدۇ.

2. پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭلا زاكات ئېلىش سالاھىيىتى بولىدۇ، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ بۇنداق ھوقۇقى بولمايدۇ.

ھەدىستە زاكات ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«زاكات ئاراڭلاردىكى بايلاردىن ئېلىنىپ، ئاراڭلاردىكى كەمبەغەللەرگە بېرىلىدۇ».

بىراق مۇسۇلمان بولمىغانلار ئادەتتىكى خەير-ئېھساندىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. چۈنكى ئادەتتىكى خەير-ئېھسان ئىشلىرىدا، دىن تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كەمسىتىشكە، مۇسۇلمان بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئېرىشىشكە تېگىشلىك ياردەمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

3. زاكات شۇ يەرلىك كەمبەغەللەرگە بېرىلىشى كېرەك.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام ئەبۇ يۈسۈپ ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىقلار مۇشۇنى تەشەببۇس قىلىدۇ. A جاينىڭ زاكىتىنى B جايغا ئاپىرىپ بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس، ناۋادا A جايدا زاكات ئېلىشقا لايىق ئادەم چىقمىسا، ياكى B جايدا ئاپەت (كەلكۈن ئاپىتى، ئاچارچىلىق) يۈز بەرگەن بولۇپ، جىددىي قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولغان بولسا، زاكاتنى يۆتكەپ بەرسە بولىدۇ.

4. بەزى ئۆلىمالار، ئىككى ۋاق تاماققا قۇربى يەتكەنلەر زاكات ئالماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزى ئۆلىمالار 10 رۇپىيە (ھىندىستاننىڭ پۇل بىرلىكى) پۇلى بارلار زاكات ئېلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ (يەنە بەزىلەر 12 رۇپىيە پۇلى بارلار زاكات ئېلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ). ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە مۇشۇ مەزھەپتىكى ئۆلىمالار پۇلى 50 رۇپىيىگە يەتمىگەنلەر زاكات ئالسا بولىدۇ، بۇ ئۆي، ئائىلە جابدۇقلىرى، ئات ۋە مالاي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، گەرچە ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ھەممە نەرسىلىرى بولسىمۇ، لېكىن يېنىدىكى پۇلى 50 رۇپىيىگە يەتمىگەن بولسا، زاكات ئېلىش سالاھىيىتى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانۇن بىر ئىش، ئادەتلىنىپ قالغان

پرىنسىپلار يەنە باشقا ئىش بولۇپ، ئىككى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ. ئادەتلىنىپ قالغان ئىش ھەققىدە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئەتىگەن كەچلىك تامىقى تەييار بولسا، لېكىن ئۇ يەنىلا باشقىلارغا قولىنى سوزۇپ تىلىسە، ئۇ ئۆزىگە ئوت ئىزدىگەن بولىدۇ». يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز: «مەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوتۇن كېسىپ سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدىشىنى، تىلەمچىلىك قىلماسلىقىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن. ئۈچىنچى ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر بىر ئادەمنىڭ يەيدىغان نەرسىسى بولسا، ياكى تېنى ساغلام ھەم قاۋۇل بولۇپ تىرىكچىلىك قىلىش ئىقتىدارى بولسا، زاكات ئالماسلىقى كېرەك». بۇ بىر خىل ئالىيجانابلىق. قانۇنى مەسىلىلەرگە كەلسەك، بۇنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ زاكات ئېلىشىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى باشقا بىر ھەدىسكە ئاساسلانغان. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«تىلەمچى ئاتقا مىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، تىلەمچىلىك ھوقۇقى بولىدۇ».

بىر ئادەم پەيغەمبىرىمىزدىن: مېنىڭ ئارانلا 10 تەڭگە پۇلۇم بار، مەن نامرات ھېسابلىنامدىمەن؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز: «ھەئە!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىر قېتىم ئىككى ئادەم پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆزلىرىگە زاكات بېرىشنى سورىغان، پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئىككەيلەنگە ئۇزۇن سەپ سالغاندىن كېيىن: «ئەگەر سىلەرگە لازىم بولسا، بېرىمەن. لېكىن بۇ مال-مۈلۈكتە بايلارنىڭ نېسىۋىسى يوق، تىرىكچىلىك قىلالايدىغان، ئەسكەرلىككە يارايدىغانلارمۇ ئوخشاش» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ھەدىسلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مال-مۈلكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بولغانلار، تىلەيدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ، ئۇلارغا زاكات بەرسە بولىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، زاكات ئېلىش ھوقۇقى، ئاللاھقا ئەرزىيدىغان ئەمەللەرنى قىلالايدىغانلارغا مەنسۇپ.

مۇھاكىمە

1. قانداق ئادەملەرگە زاكات بېرىشكە بولىدۇ؟
2. قانداق ئادەملەرگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ؟

## كوللېكتىپ ھالدا زاكات يىغىش تۈزۈمى

زاكات ھەققىدىكى مۇھىم كۆرسەتمىلەر يۇقىرىدا بايان قىلىندى. لېكىن كۆپچىلىك دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم ئىش بار بولۇپ، ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرى ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام ھەر قانداق ئىشنىڭ كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلىشىنى ئەۋزەل ھېسابلايدۇ. شەخسىيەتچىلىكنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. ئەگەر ئۆيۈڭلار مەسجىدكە بەك يىراق بولسا، نامازنى ئۆيۈڭلاردا يالغۇز ئوقۇيسىلەر، بۇ خاتا ئەمەس. لېكىن نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوخشاشلا، ئەگەر جامائەت تەشكىللى بولمىسا، ئۆزى زاكات بەرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن زاكاتنى توپلاپ مەركەزلىك ئىشلىتىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش تېخىمۇ ئەۋزەل.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

﴿ خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا ﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.......»** (سۈرە تەۋبە 103 ـ بەت)

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، مۇسۇلمانلارنىڭ زاكاتنى ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇشىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن زاكاتنى يىغىشنى بۇيرۇغان.

ئوخشاشلا، زاكاتنىڭ مەلۇم قىسمى زاكات يىغقۇچى خادىمغا بېرىلىدۇ. زاكات يىغىپ تارقىتىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى زاكاتنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېلىپ، پىلانلىق ھالدا تارقىتىپ بېرىش.

پەيغەمبىرىمىز: «مەن ئاراڭلاردىكى بايلاردىن زاكات يىغىپ، ئاراڭلاردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇلدۇم» دېگەن.

پەيغەمبىرىمىز ۋە تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ ھەممىسى بۇ تۈزۈمگە رىئايە قىلغان. بارلىق زاكاتنى ئىسلام ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرى يىغىپ، مەركەز بىر تۇتاش تارقىتىپ بەرگەن. بۇنداق قىلالمىغاندا، زاكاتنى ئۆزۈڭلار ئايرىپ، بەلگىلىمە بويىچە تارقىتىپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ. زاكاتنى بىر تۇتاش يىغىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، تارقىتىش تۈزۈمىنى قانداق ئورنىتىش ـ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى. چۈنكى بۇنداق بىر تۈزۈم بولمىسا زاكاتنىڭ

رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ.

مۇھاكىمە
زاكاتنى بىر تۇتاش يىغىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، تارقىتىشنىڭ قانداق مۇھىم ئەھمىيىتى بارلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭلار.

# ئالتىنچى بۆلۈم ھەج قىلىش

## 1 ـ لېكسىيە ھەج قىلىش

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئۆتكەن نەچچە ھەپتىدە كۆپچىلىككە، ناماز، روزا ۋە زاكاتنىڭ قانداق قىلىپ ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى ئىسلامى تۇسكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى، ھەمدە بۇلارنىڭ ئاللاھقا قانداق بويسۇنۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ ئۆتتۈم. بەش پەرزنىڭ ئاخىرقىسى ـ ھەج قىلىش بولۇپ، تۆۋەندە كۆپچىلىككە ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۇرۇپ ئۆتىمەن.

### «ھەج»نىڭ مەنىسى

ئەرەب تىلىدا Haji (ھەج) سۆزى ـ «مۇقەددەس جاينى زىيارەت قىلىش ئىرادىسى» دېگەن سۆز بولۇپ، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى كەئبە (Ka’ba)نى زىيارەت قىلىشنى ئىرادە قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەج (Haji) قىلىش دەپ بېكىتىلگەن.

مۇھاكىمە
ھەج سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟

### ھەج قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى

ھەج قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىنتايىن تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە

بولۇپ، ھەجىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان بىلىۋېلىش ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىنى سورايمەن. مۇشۇنداق بولغاندىلا كۆپچىلىك ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئەھۋاللار

ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە يەھۇدىي دىنى مۇرىتلىرىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى بىلمەيدىغانلار يوق. پۈتۈن يەر شارى نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ئۇنى داھىيىمىز دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ياندۇرغان نۇرلۇق چىراغ پۈتۈن دۇنيانى يورۇتتى ۋە پۈتۈن دۇنيانى يېتەكلىدى. ئۇ، تەخمىنەن 4600 يىل ئىلگىرى ئىراقتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا، پۈتكۈل دۇنيا ئاللاھنى ئۇنتۇغان ئىدى. دۇنيادا ھېچكىممۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنى بىلمەيتتى، ھېچكىممۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەرۋەردىگارى ئالدىدا ئېگىلىپ ئىتائەتمەنلىكىنى ئىپادىلىمەيتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن دۆلەت ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار دۆلەت بولۇپ، غەيرىي ئەقىدە جەھەتتىمۇ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، گەرچە ھۈنەر-سەنئەت، ئىلىم-پەن، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت قاتارلىقلار ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر: «بىر يارىتىلغان نەرسە چوقۇنۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقى»دىن ئىبارەت ئەڭ ئاددىي ھەقىقەتنىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇلار يۇلتۇزلارغا ۋە بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلمى نۇجۇم (مۇنەججىملىك- يۇلتۇزلارغا قاراپ پال سېلىش)، پالچىلىق، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پېرىخونلۇق قىلىش، ئەپسۇن ئوقۇش، تىل تۇمار پۈتۈش...... قاتارلىقلار كەڭ تارقالغان بولۇپ، خۇددى ھىندىستاندا، خەلقنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ھىندى ئۆلىمالىرى (Pandits)، ئاقسۆڭەكلىرى (Brahmins)، ئەينى ۋاقىتتىكى «خاسىيەتلىك بۇتخانا» دەپ ئاتالغان بۇتخانىلارنىڭ شەيخ-راھىبلىرىنى (Pu_jaris) روھى دۇنيادىن خەۋەر بېرەلەيدۇ، دەپ قارىغانغا ئوخشايتتى. خەلق ئاممىسى بۇ روھانىيلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى باشقۇرالايدۇ دەپ بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار نېمە دېسە «خوپ» دەپ تۇراتتى، نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنى تەييار قىلاتتى. ئۇندىن باشقا، خەلق روھانىيلارنى ئىلاھ بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ «يامان تەقدىر» ئېلىپ

كىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىنتايىن ساداقەتمەنلىك بىلەن كۈتەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھمۇ، خەلقنى قول قىلىش ئۈچۈن، بۇ روھانىيلار بىلەن ئىچىمىز-بۇرۇن يالىشاتتى، ئۆزئارا تىلىنى بىر قىلىۋېلىپ ئەسكىلىك قىلاتتى، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت روھانىيلار سىنىپىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، روھانىيلار سىنىپى خەلققە: «پادىشاھ بولسا- دۆلەت ۋە خەلقنىڭ خوجايىنى، شۇنداقلا ئىلاھلاردىن بىر ئىلاھ، ئۇنىڭ سۆزى قانۇن، ئۇ خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى خالىغانچە باشقۇرىدۇ» دېگەنلەرنى تەرغىب قىلىپ، خەلقنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، يەنە خەلقنىڭ پادىشاھنىڭ ئىلاھلىقىنى تونۇشى ئۈچۈن، بارلىق ئۆلۈم-يېتىم، نەزىر-چىراغ پائالىيەتلىرى پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئېلىپ بېرىلاتتى

.

> مۇھاكىمە
>
> ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە قانداق خۇراپاتلىقلار بار ئىدى؟

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ جەمەتى روھانىيلار سىنىپىغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ يەرنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە ئېسىلزادىلىرى بولۇپ، ئۇ روھانىيلارنىڭ پەرزەنتلىرىدە تەربىيىلەنگەن، ئۇ كىچىكىدىن مۇشۇنداق ياشاپ كۆنۈپ قالغان، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى يۇز-ئابرۇيلۇق ئۆلىمالار (Pirs ياكى Pirzadahs) ئىدى. ئۇنىڭ بىر ياخشى يېتەكچى بولۇشى ئۈچۈن، بۇتخانىنىڭ تۆرىدىكى ئورۇن ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى. جەمەتىنىڭ ئېسىل سوۋغاتلىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى، نۇرغۇنلىغان مۇرىتلار سەجدە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇشىنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى «ئىلاھ بىلەن ئالاقەم بار» دەپ ئاتاپ پالچىلىق شەكلى بىلەن يۇقىرىسى پادىشاھتىن تارتىپ، تۆۋىنى ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممىسىنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق قارا تۇمان قاپلىغان مۇھىتتا، ھېچكىممۇ ھەقىقەتكە ئىشىنىپ، ھەقىقەت نۇرىغا ئىگە بولالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى

كىشىلەرمۇ باي ـ باياشات ئائىلىسى، پاراۋان تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ھەقىقەت ئىزدەشنى، ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشنى خالىمايتتى.

مۇھاكىمە
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى قانداق جەمەت ئىدى؟

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چەك ـ چېگرىنى ئېنىق ئايرىغانلىقى توغرىسىدىكى خىتابنامىسى

لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكىچە بىر ئادەم ئەمەس ئىدى، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ چوڭ بولۇپ ئۆزى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلالايدىغان بولغاندا، چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ: «بۇ قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىشى قۇللارغا ئوخشايدىكەن، بۇ تاش بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەملەر قوللىرى بىلەن ياسىغان، بۇ پادىشاھلار بىزگە ئوخشاشلا ئىنسان تۇرسا، ئۇلارنى قانداقمۇ ئىلاھ قىلىۋالىمىز؟ بۇ قىلچە ئىقتىدارسىز نەرسىلەر، بىر نەرسىنى ئىرادە قىلالمىسا، ئۆزىگە ياردەم قىلالمىسا، ئۆز ھايات ـ ماماتىنى باشقۇرالمىسا، ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشى، ئۇلاردىن قورقۇشى، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى تەلەپ قىلىنسا، بۇ قانداق ئىش؟ ئاسمان ـ زېمىندىكى بىز كۆرۈۋاتقان شەيئىلەر ۋە بىز بىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى باشقا بىر كۈچكە تايانماي قالمايدىكەن، ھەممىسى ئۆلۈپ ـ تۈگەشمەي قالمايدىكەن، بۇنداقتا، ئۇلارنىڭ قايسىسى بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز بولالايدۇ؟ ھېچقايسىسى مېنىڭ ياراتقۇچى ئىگەم ئەمەس، ھېچقايسىسىنىڭ مېنىڭ ھايات ـ ماماتىم، بەخت ـ سائادىتىم، بېشىمغا كېلىدىغان بالايى ـ قازانى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. ھېچقايسىسى مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى باشقۇرۇپ، ئېھتىياجىمنى قامدىيالمايدۇ، نېمە ئۈچۈن مەن ئۇنى چوقۇم ئىلاھ قىلىمەن؟ ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ، بويسۇنىمەن؟ پەقەت ھەممە شەيئىنى ياراتقان، ھەممە شەيئى تايىنىدىغان (موھتاج بولىدىغان)، ھايات ـ ماماتلىق، بەخت ـ سائادەت، بالا ـ قازا ھوقۇقى ئىلكىدە بولغان زاتلا مېنىڭ ھەقىقىي ئىلاھىم» دەپ تونۇپ يەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قەۋمى چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بۇتلارغا چوقۇنماسلىق قارارىغا كېلىپ، خەلققە شۇنداق جاكارلىدى:

﴿ فَلَمَّا رَءَا ٱلشَّمْسَ بَازِغَةً قَالَ هَٰذَا رَبِّى هَٰذَآ أَكْبَرُ ۖ فَلَمَّآ أَفَلَتْ قَالَ يَٰقَوْمِ إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّمَّا تُشْرِكُونَ إِنِّى وَجَّهْتُ وَجْهِىَ لِلَّذِى فَطَرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ حَنِيفًا ۖ وَمَآ أَنَا۠ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴾

**«ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.»** (سۈرە ئەنئام 78 ـ 79 ئايەت)

مۇھاكىمە

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمان ـ زېمىندىكى شەيئىلەر ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى خۇراپاتلىقلار ئۈستىدە قانداق تەپەككۇر قىلىپ، ھەقىقەت ئۈچۈن ئىزدەنگەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىڭلار.

## ئاۋارىچىلىككە ئۇچراش

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ خىتابنامىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، كېلىشمەسلىكلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى، دادىسى ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىمەن دەپ تەھدىت سالدى، قەۋمى ھېچقانداق «ئامانلىق بەرمەيمىز» دەپ جار سالدى، ھۆكۈمەتمۇ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئەمما يەككە ـ يېگانە ھالدا پۈتۈن كىشىلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان بۇ زات، تاغدەك مەزمۇت تۇرۇپ، بارلىق قارشىلىقلار ئالدىدا قىلچە ھودۇقۇپ قالمىدى، ئۇ ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن دادىسىغا: «مېنىڭ بىلىمىمنى سىز ماڭا بەرمىگەن، مېنىڭ ئۆز كۆز قارىشىم بار، شۇڭا سىزگە ئەگەشمەيمەن» دېدى. قەۋمىنىڭ تەھدىتىگە قارىتا، ئۇ، ئۇلار چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بۇتلارنى ئۆز قولى بىلەن چېقىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەن رەددىيە قايتۇردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پادىشاھ ئوردىسىدا مەردانىلىك بىلەن:

«سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ئەمەس، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم، سېنىڭ ۋە مېنىڭ ھايات ـ ماماتىمىزنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇۋاتقان زات، ئۇ زاتنىڭ قانۇن دائىرىسى ئىچىدە، ھەتتا قۇياشمۇ ئۇ زاتنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئوربىتىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ» دەپ جاكارلىدى.

ئوردا ئاخىرىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆيدۈرۈشنى قارار قىلدى، لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاغدەك مەزمۇت تۇرۇپ، ھەقىقىي ئىلاھقا بولغان ئېتىقادىدا قىلچە تەۋرەنمەي، بۇ ئېچىنىشلىق جازانى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. ئاللاھ ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوت ئىچىدىن ساق ـ سالامەت قۇتقۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قەۋمى، يۇرتىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا جايغا كېتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ۋە جىيەن ئوغلىنى ئېلىپ، ھەممە جايدا سەرگەردان بولىدۇ. ئەسلىدە روھانىيلىقنىڭ ئالىي ئورنىغا چىقىپ قەۋمىنىڭ دىنى داھىيسى بولۇپ، راھەت ـ پاراغەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان، بالا ـ چاقىلىرىنى كۆپەيتىپ تىنچ ـ ئامان ياشايدىغان ئادەم، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، سەرگەردانلارچە تۇرمۇش كەچۈردى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يالغان ئىلاھ بىلەن خەلقنى ئالداپ، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىمىدى. بەلكى خەلقنى ھەقىقىي پەرۋەردىگارنىڭ يولىغا يېتەكلىمەكچى بولدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جازالارغا ئۇچرىدى، ئۆي ـ ماكانسىز قالدى، تۇرمۇشى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى.

مۇھاكىمە

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كاپىرلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىلاھقا بولغان ئېتىقادىنى جاكارلىغاندا، قانداق قارشىلىقلارغا ئۇچرىدى؟ سىز بۇنىڭدىن قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟

## ھىجرەت قىلىش

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سۇرىيە، پەلەستىن، مىسىر ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. ئۇنىڭ بۇ خىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنىڭ قانچىلىك جاپالىق ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلغاندا، يېنىدا ئارتۇقچە بىر نەرسە يوق

بولۇپ، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىزدەنمىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچە-كۈندۈز ئويلايدىغىنى كىشىلەرنى قانداق قىلىپ بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن، ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىش ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئاتىسى ۋە قەۋمى سىغدۇرمىغان يەردە باشقىلار قانداق سىغدۇرسۇن؟ ئۇنى كىممۇ قارشى ئالسۇن؟ ھەممە يەردە بۇتخانا، راھىبلار ۋە ئۆزىنى ئىلاھ ئاتىۋالغان پادىشاھلار، ھەممىلا يەردە نادان خەلق تۇرسا، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ قانداقمۇ خاتىرجەم بولالىسۇن؟ ئۇ ئۆزى ھېچقانداق ئادەمنى ئىلاھ قىلمايلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە، بارلىق ساختا ئىلاھلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىۋېتىپ، بىرلا ئىلاھنىڭ قۇلى بولۇشقا نەسىھەت قىلىپ ئادەتلەندى. مانا بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر قانداق بىر جايدا ئۇزۇن تۇرالماسلىقىنىڭ سەۋەبى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتى خۇددى كۆچمەن چارۋىچىدەك ئۆتتى. بەزىدە كەنئانىدىكى (Kan’an) ئادەملەر توپلاشقان جايلاردا، بەزىدە مىسىردا، بەزىدە ئەرەب قۇملۇقلىرىدا يۈردى. ئۇنىڭ ياشلىقى مۇشۇنداق ئۆتۈپ، قارا چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقاردى.

مۇھاكىمە

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر قايسى ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشىنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە؟

## پەرزەنتكە بولغان تەربىيە

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى 86 ياشقا كىرگەندە بىر پەرزەنت كۆرۈشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. لېكىن ئاللاھنىڭ بۇ سادىق قۇلى مۇشۇنىڭ بىلەن جەمەتىم مۇكەممەل بولدى دەپ قارىماستىن، پەرزەنتلىرىنى ھالاللىق بىلەن ياشاشقا يېتەكلىدى. ياق، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پېشىۋاسىنىڭ بىردىنبىر باش قاتۇرىدىغان ئىشى دىنىنى تەشۋىق قىلىش بولۇپ، دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى سەرپ قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزى بۇ دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ۋارىسىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ،

ئاللاھدىن پەرزەنت تەلەپ قىلدى، ئاللاھ ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەرزەنتىنى دىنىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تەۋەررۇك ئىشنى داۋاملاشتۇرالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ مۇكەممەل زاتنىڭ ھاياتى ھەقىقىي بىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتى بولۇپ، ئۇ ئەمدىلا يېتىلىپ ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولغاندا، ئاللاھنى تونۇدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا «Aslim» (مەنىسى: بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ماڭا تاپشۇر، پەقەت ماڭىلا تاپشۇر) دېدى. ئۇ مۇنداق ۋەدە بەردى:

﴿ إِذۡ قَالَ لَهُۥ رَبُّهُۥٓ أَسۡلِمۡۖ قَالَ أَسۡلَمۡتُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى.»** (سۈرە بەقەرە 131 ـ ئايەت)

بۇ سەمىمىي پەيغەمبەر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن، ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىنى تاشلىدى، ھەمدە ئۇ ئارقىلىق ئېرىشىدىغان راھەت ـ پاراغەتتىن ۋاز كەچتى، ئوت بىلەن جازالىنىشقا پىسەنت قىلمىدى. ھەممە يەردە سەرگەردان بولۇپ يۈردى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى سەرپ قىلىپ، ئاللاھنىڭ «دىن»ىنى تەشۋىق قىلدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر پەرزەنتلىك بولغاندىمۇ يەنىلا مۇشۇ «دىن» ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلدى.

مۇھاكىمە

1. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھدىن پەرزەنت تەلەپ قىلىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىزنى نېمە مەقسەتتە تەربىيىلىگەنلىكىڭىزنى ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

2. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھاياتىنى نېمە ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلدى؟

## ئەڭ ئۇلۇغ سىناق

نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىبراھىم

ئەلەيھىسسالام يەنە بىر چوڭ سىناققا ـ ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ، ئەتراپىدىكى باشقا شەيئىلەرگە بولغان مۇھەببىتىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ياكى ئېشىپ چۈشمەيدىغانلىقىنى بىلىشتىن ئىبارەت سىناققا دۇچ كەلدى. بۇ سىناق بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشانغاندا تۇغۇلغان يالغۇز ئوغلىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ سىناقتىنمۇ ئۆتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلاشقا تەييارلانغاندا، ئاللاھ مۇنداق ۋەھيي نازىل قىلدى: «بولدى قىل، ئەمدى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ داھىيسى بولۇشقا مۇناسىپ ھەقىقىي بويسۇنغۇچى (مۇسۇلمان) ئىكەنلىكىڭنى تولۇق ئىسپاتلىدىڭ، ئەمدى سەن پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىمامى بولۇش لاياقىتىگە ئىگە بولدۇڭ».

مۇھاكىمە
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ سىناق قايسى؟

## ئىنسانىيەتنىڭ داھىيسى بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش

يۇقىرىدىكى ئىش قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

﴿ وَإِذِ ٱبْتَلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ رَبُّهُۥ بِكَلِمَـٰتٍ فَأَتَمَّهُنَّ ۖ قَالَ إِنِّى جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا ۖ قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِى ۖ قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِى ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴾

**«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى.»** (سۈرە بەقەرە 124 ـ ئايەت)

شۇنداق قىلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى تاپشۇرۇلدى، ئۇ دۇنيا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پېشىۋاسىغا ئايلاندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەر

قايسى جايلاردا مەخسۇس تۇرىدىغان ئۆز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. دىنىنى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىشتا، ئۈچ ئادەم ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بىرىنچىسى، ئۇنىڭ جىيەنى لۇت ئەلەيھىسسالام. ئىككىنچىسى، ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىشتا، ئۇ خۇشاللىق بىلەن بېشىنى تۇتۇپ بەرگەن). ئۈچىنچىسى، كىچىك ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالاملار ئىدى.

> مۇھاكىمە
> ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى تارقىتىش ئىشىنى كىملەر زور كۈچ بىلەن قوللىدى؟

## لۇت ئەلەيھىسسالامنى ئىئوردانىيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىش

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جىيەنى لۇت ئەلەيھىسسالامنى سەدۇم (Sodom) شەھىرىگە (ھازىرقى ئىئوردانىيىدە) ئەۋەتىدۇ. بۇ جايدىكى كىشىلەر يامانلىقتا چېكىگە يەتكەن بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىتى بۇ توغرا يولدىن چىققان كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش ھەمدە ئەتراپتىكى كەڭ رايونلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئىدى. چۈنكى ئىران، ئىراق، مىسىر قاتارلىق جايلارنىڭ سودىگەرلىرى ھەمىشە بۇ جايدىن ئۆتكەچكە، دىنى تەشۋىقاتنى ئىككى تەرەپكە قاراپ تارقاتقىلى بولاتتى.

## ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى پەلەستىندە تۇرۇشقا ئەۋەتىش

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىچىك ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنى كەنئاندا (ھازىرقى پەلەستىندە) تۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ جاي سۇرىيە بىلەن مىسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، دېڭىز ياقىسىدا بولغاچقا باشقا دۆلەتلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. بۇ جايدىن ئىسلام ھەرىكىتى، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام (يەنە بىر ئىسمى ئىسرائىل) ۋە نەۋرىسى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مىسىرغا تەسىر كۆرسەتتى.

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ھىجازدا تۇرۇشقا قالدۇرۇش

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ھىجاز دۆلىتىنىڭ مەككە دېگەن جايىدا ئۇزۇن مەزگىل بىللە تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى ئەرەب زېمىنىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تاراتتى.

> مۇھاكىمە
> ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن لۇت، ئىسھاق، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنى قەيەرلەردە تۇرۇشقا ئەۋەتتى؟

## كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشى (بەرپا قىلىنىشى)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بۇ جايدا ئىسلام ھەربىكتىنىڭ مەركىزى ـ يەنى دۇنياغا مەشھۇر كەئبىنى بەرپا قىلدى. بۇ جاينى ئاللاھ ئۆزى تاللاپ بەردى. بۇ جاي مەسجىدكە ئوخشاش ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى باشلىنىشتىنلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىش مەركىزى بولدى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت ـ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەرگە يىغىلىپ، كوللېكتىپ ھالدا ئاللاھقا بولغان «ئىبادەت»نى ئورۇنلاش، ئاندىن كېيىن ئىسلام تەلىماتلىرىنى ھەممەيلەن ئۆز جايلىرىغا ئېلىپ كېتىپ يەتكۈزۈش بولدى. بۇ كەڭ كۆلەملىك يىغىلىش ـ «ھەج» دەپ ئاتالدى. كەئبە قانداق بەرپا قىلىندى؟ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن قانداق ھېسسىيات بىلەن بۇ قۇرۇلۇشنى باشلىدى؟ ھەج قىلىش قانداق باشلاندى؟ بۇ ھەقتە «قۇرئان»دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

﴿ إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَالَمِينَ فِيهِ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ مَّقَامُ إِبْرَاهِيمَ ۖ وَمَن دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا ۗ ﴾

**«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ.»** (سۈرە ئال ئىمران 96 ـ 97 ئايەت)

﴿ أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّا جَعَلۡنَا حَرَمًا ءَامِنٗا وَيُتَخَطَّفُ ٱلنَّاسُ مِنۡ حَوۡلِهِمۡۚ

أَفَبِٱلۡبَٰطِلِ يُؤۡمِنُونَ وَبِنِعۡمَةِ ٱللَّهِ يَكۡفُرُونَ ﴾

**«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ.»** (سۈرە ئەنكەبۇت 67 ـ ئايەت)

كەئبە مەڭگۇ ئامان جاي، ئەمما ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆيدۈرۈلۈش، ئۆلتۈرۈلۈش، بۇلاپ ـ تالاش توختىمايۋاتىدۇ، ھەتتا ياۋايى بەدەۋىلەر ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ بەيتۇللا ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھالەتتىمۇ، ئۇ قاتىلنى «تاك» قىلىپ چەكمەيدۇ.

مۇھاكىمە

1. كەئبىنى بەرپا قىلىشتىكى مەقسەت نېمە؟
2. «ھەج» دېگەن ئاتالغۇنى چۈشەندۈرۈڭ؟

## ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ دۇئاسى

﴿ وَإِذۡ جَعَلۡنَا ٱلۡبَيۡتَ مَثَابَةٗ لِّلنَّاسِ وَأَمۡنٗا وَٱتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبۡرَٰهِـۧمَ مُصَلّٗىۖ
وَعَهِدۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيۡتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلۡعَٰكِفِينَ
وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَٰذَا بَلَدًا ءَامِنٗا وَٱرۡزُقۡ أَهۡلَهُۥ
مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ مَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُم بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۖ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلٗا ثُمَّ
أَضۡطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ وَإِذۡ يَرۡفَعُ إِبۡرَٰهِـۧمُ ٱلۡقَوَاعِدَ مِنَ ٱلۡبَيۡتِ
وَإِسۡمَٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلۡ مِنَّآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ رَبَّنَا وَٱجۡعَلۡنَا مُسۡلِمَيۡنِ لَكَ

وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسۡلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبۡ عَلَيۡنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ رَسُولاً مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَـٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَـٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ 

«ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق). ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەئبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. ئاللاھ: «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەئبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.»
(سۈرە بەقەرە 125 ـ 129 ئايەت)

 وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِيمُ رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَـٰذَا ٱلۡبَلَدَ ءَامِنًا وَٱجۡنُبۡنِي وَبَنِيَّ أَن نَّعۡبُدَ ٱلۡأَصۡنَامَ رَبِّ إِنَّهُنَّ أَضۡلَلۡنَ كَثِيرًا مِّنَ ٱلنَّاسِۖ فَمَن تَبِعَنِي فَإِنَّهُۥ مِنِّيۖ وَمَنۡ عَصَانِي

فَإِنَّكَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ رَّبَّنَآ إِنِّيٓ أَسۡكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيۡرِ ذِي زَرۡعٍ عِندَ بَيۡتِكَ ٱلۡمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ فَٱجۡعَلۡ أَفۡـِٔدَةٗ مِّنَ ٱلنَّاسِ تَهۡوِيٓ إِلَيۡهِمۡ وَٱرۡزُقۡهُم مِّنَ ٱلثَّمَرَٰتِ لَعَلَّهُمۡ يَشۡكُرُونَ ۝

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن. پەرۋەردىگارىم! ھەقىقەتەن ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىكەن، سەن ئەلۋەتتە (ئۇنىڭغا) مەغپىرەت قىلىشقا ۋە مەرھەمەت قىلىشقا (قادىرسەن). پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن.»
(سۈرە ئىبراھىم 35 ـ 37 ئايەت)

۝ وَإِذۡ بَوَّأۡنَا لِإِبۡرَٰهِيمَ مَكَانَ ٱلۡبَيۡتِ أَن لَّا تُشۡرِكۡ بِي شَيۡـٔٗا وَطَهِّرۡ بَيۡتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلۡقَآئِمِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ وَأَذِّن فِي ٱلنَّاسِ بِٱلۡحَجِّ يَأۡتُوكَ رِجَالٗا وَعَلَىٰ كُلِّ ضَامِرٖ يَأۡتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٖ لِّيَشۡهَدُواْ مَنَٰفِعَ لَهُمۡ وَيَذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ فِيٓ أَيَّامٖ مَّعۡلُومَٰتٍ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلۡأَنۡعَٰمِۖ فَكُلُواْ مِنۡهَا وَأَطۡعِمُواْ ٱلۡبَآئِسَ ٱلۡفَقِيرَ ۝

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ

**نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنى ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن». سىلەر قۇربانلىقلارنى گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار.»** (سۈرە ھەج 26 ـ 28 ئايەت)

ئىسلامى قېرىنداشلار!

مانا بۇ ئىسلامنىڭ بەشىنچى پەرزى بولغان «ھەج»نىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەمدى سىلەر، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى تۇنجى قېتىم پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتكەن باش شتابىنىڭ مەككە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىڭلار. ئىسلام ئەقىدىسى كەئبىدىن پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. ھەج تۈزۈمى دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بېكىتىلگەن. ئاللاھقا ئىتائەتمەن كىشىلەر، ئىرق ۋە دۆلەت تەۋەلىكى ئايرىماي يىلدا بىر قېتىم بۇ مەركەزگە توپلىنىدۇ. ئۇلار ئورتاق بىر مەقسەت ئۈچۈن بىرلىكتە ھەج ـ تاۋاپ پائالىيىتىنى ئورۇنلايدۇ.

مۇھاكىمە

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا نېمە دەپ دۇئا قىلدى؟

## 2 ـ لېكسىيە «ھەج»نىڭ تارىخى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

يۇقىرىدا كۆپچىلىككە «ھەج»نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى، شۇنداقلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى، چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىزباسار قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇم.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى قانچە ئۇزۇن داۋاملاشتۇرغانلىقىنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نەچچە يۈز يىللاردىن كېيىن بۇ خەلق ئەجدادلىرىنىڭ دىنى تەلىملىرىنى ئۇنتۇپ، ئاستا-ئاستا باشقا نادان مىللەتلەر ئارىسىدا ئەۋج ئالغان خاتا ئەقىدىنى قوللىنىپ، كەئبىگە نەچچە يۈز بۇتنى قويىدى. ئەسلىدە بۇ كەئبە ئىنسانىيەتنىڭ يالغۇز ئاللاھقا چوقۇنۇشىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلار ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ چىقتى. ئىبراھىم، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار پۈتۈن ئۆمرىنى بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تۈگىتىشكە سەرپ قىلغان تۇرسا، بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇ ئىككىيلەننىڭ ھەيكىلىنى ياساپ چىققىنى تولىمۇ ئاجايىپ ئىشتە! ئۇلار ياسىغان بۇتلار ئارىسىدا، لات، مانات، ھۇبەل، ئۇززا، نەسىر (Nasr)، يەغۇس (Yanhus)، ئىساف (Isaaf)، نىلا(Naela) قاتارلىقلار بولۇپ، ھەممىسىگە چوقۇناتتى. ئۇلار يەنە ئايغا، نېپتون يۇلتۇزىغا (Neptune)، زۆھرە يۇلتۇزىغا، ۋېنىرا (Venus)، ساتۇرن يۇلتۇزىغا (Saturn) چوقۇناتتى. ھەمدە يەنە جىنلار، ئەرۋاھلار، پەرىشتىلەر ۋە ئۆلگەن ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا چوقۇناتتى، ئەڭ يامان يېرى- ئەگەر ئۆيىدىكى مەبۇدى كارغا كەلمىسە، سىرتتىن سىلىق-پارقىراق تاشتىن بىرنى تېپىپ كېلىپ چوقۇناتتى. ئەگەر تاش تاپالمىسا، سېغىز تۇپىغا ئازراق قوي سۈتى ئارىلاشتۇرۇپ، يۇمىلاقلاپ شۇنىڭغا چوقۇناتتى. بۇ جانسىز تاش-كېسەكلەر دۆۋىسى، ئۇلارنىڭ ئىلاھىغا ئايلانغان ئىدى. ئىلگىرى ئىراقتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قارشى تۇرغان روھانىيلار سىنىپى مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بۆسۈپ كىردى. ئۇلار كەئبىنى مۇقەددەس شەھەرگە، ھەج قىلىشنى ھىندىلارغا ئوخشاش تاۋاپ قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، كەئبىدە بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەرغىب قىلىشقا باشلىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كەئبە ئەسلى يالغۇز ئاللاھقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان ئىدى. بۇ روھانىيلار خەلقنى ئالداپ قايمۇقتۇردى. ئەرەب زېمىنىنىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن كەلگەن تاۋاپچىلار، ئۇلارغا سوۋغا تەقدىم قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ۋۇجۇدقا چىقارغان ئۇلۇغ ئىشلار ۋەيران

قىلىنىپ، ئىزى ئۆچۈپ كەتتى، ئۇلار ئارقىلىق بېكىتىلگەن ھەج قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى، خاراكتېرى ھەج قىلىشقا تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىش ئىگىلىدى.

مۇھاكىمە
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىك ئەھۋالىنى بايان قىلىڭلار.

## ھەج قىلىش قانداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزگەرتىۋېتىلدى؟

1. شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسى.

ھەج قىلىش قانداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزگەرتىۋېتىلدى؟ ئاشۇ جاھالەتلىك يىللاردا، ھەج پائالىيىتى ـ يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان چوڭ يىغىلىشتا، ھەر قايسى چوڭ قەبىلىلەر نۇرغۇن كىشىلەرنى مەككىگە باشلاپ كېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم چېدىرلارنى تىكىپ، ھەر قايسى قەۋملەرنىڭ شائىر ۋە قىزىقچىلىرى مەيدانغا چىقىپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئۇچىغا چىققان بىمەنە سۆزلەر بىلەن ئۆز قەۋمىنىڭ قەھرىمانلىقىنى، نام ـ شۆھرىتىنى، قۇدرەتلىك ۋە مەردانىلىكىنى ماختاپ باشقىلارنى چۈشۈرۈپ مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت تېتىقسىز پائالىيەتكە ئۆزگەرتىۋېتىلدى.

2. مەردلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىش.

ئاندىن كېيىن كىمنىڭ ئەڭ مەردلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مۇسابىقە قىلىنىپ، ھەر قايسى قەۋمنىڭ ئەمرلىرى (باشلىقلىرى) ئۆزلىرىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، داش قازانلارنى ئېسىپ، توختىماستىن تۆگىلەرنى بوغۇزلاپ، گۆشلەرنى پىشۇرۇپ، ئۆزلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، نامىنى پۈتۈن ئەرەبلەرگە تارقىتىشنى، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرۈشىنى مەقسەت قىلاتتى، ئەگەر بىرسى نۇرغۇن تۆگە بوغۇزلىغان بولسا، يەنە بىرسى نۇرغۇن ئادەملەرنى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەيتتى، ئۇلار ناخشا توۋلاپ، ھاراق ئىچىپ تەنتەنە قىلىشاتتى، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، زىنا ـ پاھىشىگە ئوخشاش پەسكەش ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى، ئاللاھنى بولسا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى.

3. قىپيالىڭاچ ھالەتتە كەئبىنى ئايلىنىش.
ئەسلىدىكى كەئبىنى ئايلىنىش مۇراسىمى قېنى؟ ئۇلارمۇ ئوخشاشلا كەئبىنى ئايلىناتتى. لېكىن ئەر ـ ئايال ھەممەيلەن قىپيالىڭاچ ھالەتتە ئايلىناتتى، ئۇلار تېخى: «بىز ئانىمىزدىن تۇغۇلغان ھالىتىمىزدە ئاللاھ بىلەن كۆرۈشىمىز» دېيىشەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئېلىپ بارغان ئىبادەتلەر قېنى؟ ئۇلار چاۋاك چېلىپ، ئىسقىرتىپ، بۇرغا چېلىشاتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇبارەك نامىغا قانداق پوزىتسىيە تۇتتى؟ ئۇلار: «مەن كەلدىم، ئىلاھ، مەن بۇ يەردە، ھېچكىم ساڭا تەڭداش بولالمايدۇ. سېنىڭ يېنىڭدىكى ئەسلى ساڭا تەۋە بولغانلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىگىسى سەن، ئۇ باشقۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خوجايىنى» دېگەنگە ئوخشاش ئىنتايىن تېتىقسىز، بىمەنە سۆزلەرنى قىلىشاتتى.
4. مال بوغۇزلاش ئۇسۇلى.
ئۇلارمۇ ئاللاھنىڭ نامىنى ئېيتىپ مال بوغۇزلايتتى. لېكىن قوللانغان ئۇسۇلى بەكمۇ نالايىق ئىدى. ئۇلار بوغۇزلانغان مالنىڭ قېنىنى كەئبىنىڭ تاملىرىغا چاچاتتى. گۆشلىرىنى كەئبىنىڭ ئىشىكىگە ئارتىپ قوياتتى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، (ئاللاھدىن پاناھ تىلەيمىز) ئاللاھقا گۆش لازىممىش.
5. مۇقەددەس ئايلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەج مەۋسۇمىدىكى تۆت ئاينى مۇقەددەس ئايلار، ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئېلان قىلىنغان. بۇ كىشىلەر كۆرۈنۈشتە بۇ مۇقەددەس بەلگىلىمىگە ھۆرمەت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئۇرۇش قىلماقچى بولسا، بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئېتىبار قىلمايتتى. ھەمدە تەكەببۇرلۇق بىلەن كېلەر يىلىنىڭ مەلۇم بىر ئېيىدا ئورنىنى تولۇقلىۋالىمىز دەپ ئېلان قىلىشاتتى.
6. بىر نەچچە خىل ئۆز بېشىمچىلىق.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر دىنى قائىدىلەرگە ئانچە ـ مۇنچە رىئايە قىلاتتى، ئەمما نادانلىقىدىن بىرمۇنچە غەلىتە قائىدە ـ نىزاملارنى پەيدا قىلغان ئىدى. بەزىلەر ھەج قىلىش ۋاقتىدا، يولدا ئوزۇقلۇق ئېلىۋالماي، يول بويى تىلەمچىلىك قىلىپ ماڭاتتى. ئۇلار مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى «تەقۋادارلىق» ھېسابلايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئاللاھقا تايانغۇچى (Mutawakkil) دەپ ئاتىشاتتى. يېنىدا بىر تىيىن يوق، ئاللاھنىڭ كەئبىسىنى تاۋاپ قىلغىلى باراتتى، ئادەتتە ھەج سەپىرىدە تىجارەت قىلىشقا ياكى ئىشلەمچىلىك قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارايتتى. يەنە بەزىلەر تېخى ھەج مەۋسۇمىدا يەپ ـ ئىچىشكە بولمايدۇ، يەپ ـ ئىچىشنى چەكلەش ھەج

پائالىيتتىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى. يەنە بەزىلەر، ھەج سەپىرىگە ئاتلانغاندىن باشلاپ سۆزلەشكە بولمايدۇ دەپ قارايتتى (بۇنى گاچا ھەج دەپ ئاتىشاتتى)، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان غەلىتە ئىشلار بولۇپ، ھەممىنى چۇشەندۇرۇپ ئولتۇرمىساقمۇ بولار.

مۇھاكىمە
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ھەج پائالىيتىنىڭ قانداق غەلىتە ئىشلارغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى

بۇ خىل ئەھۋال تەخمىنەن 2500 يىل داۋاملاشتى. شۇنچە ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە، ئەرەبلەردىن بىرەرمۇ پەيغەمبەر دۇنياغا كەلمىدى، ياكى بىرەر پەيغەمبەرنىڭ تەلىمى بۇلارغا يەتكۈزۈلمىدى. ئاخىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇۋېتىپ مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى:

﴿ رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡۚ ﴾

**«پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن.»** (سۈرە بەقەرە 129 ـ ئايەت)

ئاخىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر دۇنياغا كەلدى، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا (ئاللاھدىن ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلەيمىز) ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇددا روھانىيلىرى جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى كەئبىنى باشقۇرۇۋاتقان جەمەتتىن كېلىپ چىقتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جەمەتىنىڭ روھانىيلىق تۇزۇمىنى ئۆز قولى بىلەن پاچاقلاپ تاشلىدى، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تۇزۇمنى پاچاقلاپ تاشلاپلا قالماستىن بەلكى بۇ تۇزۇمنى مەڭگۈلۈككە يىلتىزىدىن قۇرۇتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ساختا ئىلاھلارنى ۋە بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان ساختا ئېتىقادنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يوقىتىپ، كىشىلەرنى يالغۇز ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا تەرغىب قىلغان ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەشۋىق قىلغان بۇ ساپ «دىن»نى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. 23 يىل جەريانىدا بۇ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلدى. ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، كەئبىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاللاھقا چوقۇنۇش مەركىزى دەپ ئېلان قىلدى، ھەمدە كىشىلەرنىڭ بۇ مۇقەددەس جايغا كېلىپ ھەج قىلىشقا چاقىردى:

﴿ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلْبَيْتِ مَنِ ٱسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً ۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴾

**«...... قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.»** (سۈرە ئال ئىمران 97 ـ ئايەت)

مۇھاكىمە

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى دۇئاسى قاچان ئىجابەت بولدى؟ قايسى ئۇلۇغ زات دۇنياغا كېلىپ نېمىنى داۋاملاشتۇردى؟

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشى

ھەج قىلىش ئەسلىگە كەلگەنلىكتىن، 2500 يىلدىن بۇيانقى جاھالەتلىك دەۋرلەردە ئەۋج ئالغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلاندى.

1. بۇتقا چوقۇنۇش تۈگىتىلدى.

كەئبە ئىچىدىكى بۇتلارنىڭ ھەممىسى بىر يولىلا سۈپۈرۈپ تاشلاندى. ئاللاھدىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇش بىردەك توختىتىلدى. ھەر خىل چاكىنا

مۇراسىملار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرى يىغىشتۇرۇلدى. قۇرئاندا، ئاللاھقا بولغان «ئىبادەت»نى لايىقىدا قىلىش بۇيرۇلدى:

﴿ وَٱذْكُرُوهُ كَمَا هَدَىٰكُمْ وَإِن كُنتُم مِّن قَبْلِهِۦ لَمِنَ ٱلضَّآلِّينَ ﴾

**«....... ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار)»** (سۈرە بەقەرە 198 ـ ئايەت)

2. ناچار قىلمىشلار چەكلەندى.

بارلىق ناچار قىلمىشلار قاتتىق چەكلەندى:

﴿ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِى ٱلْحَجِّ ﴾

**«....... بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.»** (سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت)

3. شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىسى توختىتىلدى.

ئومۇمەن، شېئىر ـ قوشاق ئوقۇپ ئەجدادلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان، باشقىلارغا خۇشامەتگۇيلۇق قىلىدىغان بارلىق مۇسابىقىلەر بىردەك توختىتىلدى.

﴿ فَإِذَا قَضَيْتُم مَّنَٰسِكَكُمْ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ كَذِكْرِكُمْ ءَابَآءَكُمْ أَوْ أَشَدَّ ذِكْرًا ۗ ﴾

**«سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى بولسا ئات ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار.»** (سۈرە بەقەرە 200 ـ ئايەت)

4. ئۆزىنىڭ مەردلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىش توختىتىلدى.

قۇرۇق نامغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بارلىق مەردلىك، سېخىيلىق مۇسابىقىلىرى بىردەك توختىتىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قۇربانلىق قىلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھاللىق كىشىلەر مال بوغۇزلىسا، كەمبەغەللەر گۆش يېيىشتىن بەھرىمەن

بولالىدى.

﴿ وَكُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ وَلَا تُسۡرِفُوٓاْۚ إِنَّهُۥ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُسۡرِفِينَ ﴾

**«...... يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.»** (سۈرە ئەئراف 31 ـ ئايەت)

﴿ وَٱلۡبُدۡنَ جَعَلۡنَٰهَا لَكُم مِّن شَعَٰٓئِرِ ٱللَّهِ لَكُمۡ فِيهَا خَيۡرٞۖ فَٱذۡكُرُواْ ٱسۡمَ ٱللَّهِ عَلَيۡهَا صَوَآفَّۖ فَإِذَا وَجَبَتۡ جُنُوبُهَا فَكُلُواْ مِنۡهَا وَأَطۡعِمُواْ ٱلۡقَانِعَ وَٱلۡمُعۡتَرَّۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرۡنَٰهَا لَكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴾

**«...... (كەئبىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان) تۆگىنى ئاللاھ نىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدىن (يەنى ھەجنىڭ ئەھكاملىرىدىن) قىلدۇق، ئۇلاردا سىلەرگە نۇرغۇن پايدا بار، ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) ئاللاھ نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللا دەڭلار)، ئۇلار بوغۇزلىنىپ جېنى چىققاندا، ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار.»** (سۈرە ھەج 36 ـ ئايەت)

5. بوغۇزلانغان مالنىڭ قېنى بىلەن كەئبىنى بۇلغاشقا رۇخسەت قىلىنمىدى.

بۇ خىل يامان ئادەت بىردەك توختىتىلدى:

﴿ لَن يَنَالَ ٱللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَآؤُهَا وَلَٰكِن يَنَالُهُ ٱلتَّقۡوَىٰ مِنكُمۡۚ كَذَٰلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمۡ لِتُكَبِّرُواْ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمۡۗ وَبَشِّرِ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴾

**«ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر.»** (سۈرە ھەج 37 ـ ئايەت)

6. كەئبىنى يالىڭاچ ئايلىنىش مەنئى قىلىندى.

كەئبىنى يالىڭاچ ئايلىنىش قەتئىي چەكلەندى:

﴿ قُلۡ مَنۡ حَرَّمَ زِينَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِيٓ أَخۡرَجَ لِعِبَادِهِۦ وَٱلطَّيِّبَٰتِ مِنَ ٱلرِّزۡقِ ﴾

**«ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك**

**رىزىقلارنى كىم هارام قىلدى؟»»** (سۈرە ئەئراف 32 ـ ئايەت)

﴿ قُلۡ أَمَرَ رَبِّي بِٱلۡقِسۡطِۖ ﴾

**«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى.»»** (سۈرە ئەئراف 29 ـ ئايەت)

﴿ يَٰبَنِيٓ ءَادَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمۡ عِندَ كُلِّ ﴾

**«ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرىتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار.»** (سۈرە ئەئراف 31 ـ ئايەت)

7. مۇقەددەس ئايلارنى ئۆزگەرتىش مەنئى قىلىنىدى.

ھەج ئايلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، ھارامنى ھالالغا ئۆزگەرتىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدى.

﴿ إِنَّمَا ٱلنَّسِيٓءُ زِيَادَةٞ فِي ٱلۡكُفۡرِۖ يُضَلُّ بِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُحِلُّونَهُۥ عَامٗا وَيُحَرِّمُونَهُۥ عَامٗا لِّيُوَاطِـُٔواْ عِدَّةَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ فَيُحِلُّواْ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ ﴾

**«ئاينى ئارقىغا سۈرۈش (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى باشقا بىر ئايغا ئۆزگەرتىپ، يىلنىڭ 12 ئېيىنى 13 ئايغا كۆپەيتىش) كۇفرىنى زىيادە قىلىشتۇر، بۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا، ئىككىنچى يىل ھارام قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ.»** (سۈرە تەۋبە 37 ـ ئايەت)

8. يول راسخوتى ئېلىۋېلىش بۇيرۇلدى.

يول راسخوتى ئالماي ھەج سەپىرىگە چىقىش مەنئى قىلىنىدى:

﴿ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيۡرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقۡوَىٰۚ ﴾

**«...... (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر.»** (سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت)

9. ھەج مەزگىلىدە تىرىكچىلىك قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدى.

ئىلگىرى ھەج قىلىش جەريانىدا تىرىكچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا تەقۋادار بولغان بولىدۇ. تىرىكچىلىك قىلىش ھارام دەپ قارىلاتتى. بۇ پۈتۈنلەي خاتا قاراش بولۇپ، ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَبْتَغُواْ فَضْلاً مِّن رَّبِّكُمْ ﴾

**«پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدا تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.»** (سۇرە بەقەرە 198 ـ ئايەت)

10. نادانلىق قىلمىشلىرى تۈگىتىلدى.

«ھەج مەزگىلىدە سۆزلەشكە بولمايدۇ» ۋە «ھەج مەزگىلىدە يەپ ـ ئىچىشكە بولمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نادانلىق قىلمىشلىرى بىردەك توختىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ باشقا نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىكار قىلىنىپ، ھەج پائالىيىتى ئاددىي ـ ساددا، داغدۇغىلىق ھالدا ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك نەمۇنىلىك پائالىيەتكە ئۆزگەرتىلدى.

ئاللاھ ھەج قىلغۇچىلارنى ھەج سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرى، دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن پاكلىنىشقا، شەھۋانىي نەپسىدىن ۋاز كېچىپ، ھەج مەزگىلىدە ئايالى بىلەن بىللە بولماسلىققا، يامان سۆزلەرنى قىلماسلىققا، پەسكەش قىلمىشلارنى قىلماسلىققا بۇيرۇدى.

11. «ئىھرام» باغلاش تۈزۈمى بېكىتىلدى.

كەئبىگە تۇتىشىدىغان ھەر قايسى يوللارغا «ئىھرام باغلاش» ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بارلىق ھەج قىلغۇچىلار بۇ ئورۇنلاردىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئىھرام باغلاپ، ئىھراملىق كىيىمى (يىڭنە ـ يىپ بىلەن تىكىلمىگەن بەدەننى ئورىۋالىدىغان رەخت) كىيىشى لازىم، باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىماي، دۆلەت ئايرىماي، كۆپچىلىك ئوخشاش كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھنىڭ كەئبىسىگە قاراپ يول ئالىدۇ.

12. تىنچلىقنى ساقلاش.

ئىھرامدىكى ۋاقىتتا ھەر قانداق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئەسلا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت پۈتۈنلەي ياخشىلىق بىلەن تولغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، دۇنيا ئىشلىرىدىن خالىي ھالدا ئالىيجانابلىققا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ھەج مەزگىلىدىكى تۆت ئاي مۇقەددەس ئايلار دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ تۆت ئايدا قان تۆكۈشكە بولمايدۇ. كەئبىگە تۇتىشىدىغان يوللار ئىنتايىن ئامان ـ ئىسەن بولۇپ، ھەج قىلغۇچىلار يولدا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، ھەج قىلغۇچىلار مۇشۇنداق ئەھۋالدا كەئبىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەنتەنىلىك زىياپەتلەر كۈتۈۋالمايدۇ. ئۇلار ناماز ئوقۇش، مال بوغۇزلاش، كەئبىنى

ئايلىنىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ. ئەگەر بىرەر ئاۋاز ئاڭلانسا، ئۇ پەقەت «تەلبىيەھ» ساداسىدىن ئىبارەت.

13. ھەج قىلغۇچىلارنىڭ شوئارى ـ «تەلبىيەھ».

«مەن كەلدىم، پەرۋەردىگارىم! مەن كەلدىم، مەن كەلدىم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق. مەن كەلدىم، جەزمەنكى، جىمى ھەمدۇسانا ساڭا خاس، بارچە نېئمەت سېنىڭ ئىلكىڭدە، سەن ھەممىگە قادىر ئىگىمىزسەن».

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەج مەزگىلىدە ئاددىي ـ ساددا، پاك، شەخسىيەتسىز، سەمىمىي ھەج قىلىش ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەج قىلغان، ھەمدە ھەج مەزگىلىدە شەھۋانىي نەپسىدىن كېچىپ، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئېھتىياتچان بولغان ئادەم، ئائىلىسىگە قايتقان ۋاقىتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاك بولىدۇ»

مۇھاكىمە

1. ھەج مەزگىلىدىكى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قايسى ناچار ئادەتلىرى مەنئىي قىلىندى؟

2. ھەج مەزگىلىدە قانداق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى؟

## ھەج قىلىشنى پەرز قىلىپ بەلگىلەشنىڭ مۇھىملىقى

كۆپچىلىككە ھەجنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىلگىرى، ھەج قىلىشنىڭ قانداق پەرز ئەمەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلۡبَيۡتِ مَنِ ٱسۡتَطَاعَ إِلَيۡهِ سَبِيلاًۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴾

**«...... قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.»** (سۈرە ئال ئىمران 97 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە، ھەج قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ھەج قىلمىغانلار كاپىر دېيىلگەن.

تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىستە بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1. خىراجىتى يېتەرلىك، قاتناش راۋان تۇرۇپ ھەج قىلمىغانلارنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىدىكى ئەھۋالى، يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىدىكى ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

2. «زالىم پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى» ياكى «كېسەللىك»، «ئىقتىسادى ئەھۋالنىڭ يار بەرمەسلىكى»...... قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئەمەس، بەلكى يوقىلاڭ بانا-سەۋەبلەر بىلەن ھەج قىلىشقا بارمىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يەھۇدىي ياكى ناسارالارنىڭ ئۆلۈمىدەك بولۇشىغا رازى بولغان بولىدۇ.

ھەزرىتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«قادىر بولالىغان تۇرۇپ ھەج قىلمىغانلاردىن «جىزيە» (Jizyah-ئىسلام ھۆكۈمىتى كاپىرلاردىن ئالىدىغان باج) ئالىمەن، ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس».

«قۇرئان»، «ھەدىس» ۋە ھەزرىتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن، بۇ پەرز ئەمەلنىڭ سىلەر خالىساڭلار قىلىپ، خالىمىساڭلار قىلمايدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى ھەر بىر مۇسۇلمان پەقەت يول راسخوتى يېتەرلىك، تېنى ساغلام بولسا، دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولۇشى، ئائىلە تىرىكچىلىكى ياكى تىجارەت ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىۋالالايسىلەر. شەرتلىرى ھازىرلانغان تۇرۇپ ھەج قىلىشنى يىلمۇ-يىل كەينىگە سۈرگەن، تۈرلۈك بانا-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ھەج قىلىشقا بارمىغانلار، ئۆزىنىڭ ئىمانىنى دەڭسەپ بېقىشى كېرەك. يەنە بەزىلەر پۈتۈن ئۆمرىدە بۇنداق بىر پەرز ئەمەلنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئۇلار دۇنيانى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش سەپىرىدە، ھىجازنىڭ دېڭىز ساھىلىدىن ئۆتۈپ (مەككىگە ماشىنىدا ماڭسا ئاران بىر، ئىككى سائەتلىك يول)، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ۋە دائىم بارىدىغان ياۋروپاغا بارىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار يالغان ئېيتقان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان بىلەن قۇرئانغا قارىتا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىدە قىلچىلىك ئىمان بولمايدۇ.

مۇھاكىمە
قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ھەج قىلىشنىڭ مۇھىملىقى قانداق بايان قىلىنغان؟ ئۆز ئەھۋالىڭلارغا تەتبىقلاپ بېقىڭلار.

## 3 ـ لېكسىيە ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئىسلامى قېرىنداشلار!
قۇرئاندا ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ھەج قىلىشنى جاكارلاشنى بۇيرۇغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنداق بۇيرۇق قىلىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب توغرىسىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لِّيَشۡهَدُواْ مَنَٰفِعَ لَهُمۡ ﴾

**«كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنى ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن.»** (سۇرە ھەج 28 ـ ئايەت)
بۇ، ئۇلار سەپەر قىلىپ، بۇ يەرگە يىغىلىپ، ھەج قىلىشنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ھەمدە بۇ ئەمەلنى پەقەت ئۇزى ئورۇنلىغاندىلا ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ھېس قىلالايدۇ دېگەنلىكتۇر.
ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ بەش پەرز ئىچىدە قايسىسىنىڭ ئورنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىگەن، لېكىن ئۇ ھەجنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھەجنىڭ نۇرغۇن ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن، شۇڭا ئۇ ئىككىلەنمەستىن، ھەجنىڭ ئورنىنىڭ باشقا ئەمەللەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.
ئەمدى كۆپچىلىككە ھەجنىڭ ئەھمىيىتىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

## ھەج سەپىرىنىڭ خاراكتېرى

كۆپچىلىككە مەلۇم، سەپەر ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى پۇل تېپىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش، يەنە بىر خىلى سەيلە ـ ساياھەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش. بۇ ئىككى خىل سەپەرنىڭ بىر خىلى زۆرۈرىيەت

ئۇچۇن، يەنە بىر خىلى ھەۋەس ئۇچۇن بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سەپەرنىڭ مەقسىتى ـ پۇتۇنلەي ئۆزى ئۇچۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۇل ـ مېلى ۋە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى خىل سەپەردە، قۇربان بېرىش مەسىلىسى مەۋجۇد ئەمەس. ئەمما ھەج سەپىرى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل سەپەر ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۇچۇن ياكى «ھەۋەسى» ئۇچۇن بولماستىن، پەقەت جان ـ دىلى بىلەن ئاللاھ ئۇچۇن بولىدۇ، ئاللاھ بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۇچۇن بولىدۇ. بۇ سەپەرگە چىققان ئادەم، قەلبىدىن ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ، ئاللاھنى ھۆرمەتلەپ (ئاللاھدىن قورقۇپ)، ئاللاھ بەلگىلىگەن پەرزنى ئورۇنلاش مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ناۋادا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئائىلە، خوتۇن ـ بالىلىرىدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ، ئىشلىرىدىكى زىيانغا، پۇل ـ مال سەرپ قىلىشقا، سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقىغا تايىنىپ، قەلبىدە پەقەت ئاللاھدىنلا قورقۇپ، ئاللاھنى سۆيىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىدە بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ مۇشۇ كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە ئائىلىسىدىن ئايرىلىدۇ. شۇڭا ناۋادا ئاللاھنىڭ چاقىرىقى بولىدىكەن، ئۇ ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە راھەت ـ پاراغىتىنى قۇربان قىلالايدۇ .

مۇھاكىمە
نېمە ئۇچۇن ھەج سەپىرى باشقا سەپەرگە ئوخشىمايدۇ؟

## جان ـ دىلى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىش

ھەج قىلىدىغان ئادەم ناۋادا ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىشنى نىيەت قىلسا، ئۇنىڭ چېھرى باشقىچە نۇرلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى كەئبىگە بولغان ئىنتىلىشتىن جۇشقۇنلاپ، پەقەت ياخشىلىق بىلەن تولغان بولىدۇ، ئۇ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئىلگىرى كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويغان كىشىلەرنى تېپىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلىمىسا ئاللاھنىڭ كەئبىسىگە بارالمايدىغانلىقى سەۋەبلىك، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە

قىلىدۇ. ياخشىلىققا يۈزلىنىپ يامانلىقتىن ساقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىپ، كەئبىگە يېقىنلاشقانسېرى، ياخشىلىقلىرى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزى سەۋەبلىك ئازار يېيىشىدىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ھاقارەت قىلىش، ئەدەپسىزلىك، ئالدامچىلىق، تاكاللىشىش، جېدەللىشىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر تۈگەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ يولىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. كەئبىگە قاراپ سەپەرگە چىققان ئادەم، ئەجەبا يامان ئادەتلەردىن قول ئۈزەلمەمدۇ؟ بۇنداق نومۇسسىز ئىشنى كىم قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ پۈتكۈل سەپىرى پۈتۈنلەي بىر «ئىبادەت»نى تەشكىل قىلغان بولىدۇ. باشقا سەپەرگە سېلىشتۇرغاندا، ھەج سەپىرىدە زۇلۇم ۋە رەزىل قىلمىشلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇ سەپەردە، ئادەمنىڭ نەپسى دائىم پاكلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر ھەج قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ سەپەر خۇددى بىر قېتىملىق زۆرۈر بولغان تەسىرلەندۈرۈش دەرسى ئۆتكەنگە ئوخشايدۇ.

مۇھاكىمە
ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان ئادەمنىڭ روھى دۇنياسىدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟

## ئېھراملىق كىيىمى

مەككىگە يېقىنلاشقاندا، ئېھرام باغلاش ئورنىدا ئېھرام باغلاپ، ئېھراملىق كىيىگەندىن كېيىن، مەككىگە كىرگىلى بولىدۇ. ئېھراملىق دېگەن نېمە؟ خۇددى سائىللارنىڭ كىيىمىگە ئوخشايدىغان كىيىم بولۇپ، ئىككى پارچە رەختتىن ئىبارەت. بىر پارچىسى ئۈستۈنكى بەدەنگە ئارتىلىدۇ. يەنە بىر پارچىسى بىلەن تۆۋەنكى بەدەن يۆگىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئورنۇڭلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھازىر سىلەر ئاللاھنىڭ كەئبىسىگە بارىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن، دەردمەن سائىللاردەك كىيىنىشىڭلار كېرەك دېگەنلىكتۇر. پەقەت سىرتقى قىياپىتىڭلار سائىلغا ئوخشاپ قالماستىن، بەلكى قەلبىڭلاردىمۇ ئاللاھنى سۆيۈش، ئاللاھنى ھۆرمەتلەش، ئاللاھنى ئۇلۇغ بىلىش، ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلەش ھېسسىياتى بولۇشى كېرەك. ئېسىل كىيىمىڭلارنى سېلىۋېتىپ، دەردمەن سائىللاردەك

كىيىنىشىڭلار، پايپاق كىيىمەسلىكىڭلار، باشتاق بولۇشۇڭلار، خۇشپۇراق ئىشلەتمەسلىكىڭلار، چىچىڭلارنى تارىماسلىقىڭلار، ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەتمەسلىكىڭلار، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توختىتىشىڭلار، ھەتتا گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلەردىمۇ بۇنداق خىيالىڭلارنى ئاشكارىلىماسلىقىڭلار لازىم. ئوۋ ئوۋلىماسلىقىڭلار، ھەتتا ئوۋچىلارغا قەيەردە ئوۋلاشقا بولىدىغان ھايۋان بارلىقىنى پۇرىتىپ قويماسلىقىڭلار كېرەك. ئەگەر سىرتقى قىياپىتىڭلاردا بۇ خىل ھالەتنى ئىپادىلىسەڭلار، تەبىئىي ھالدا بۇ سىلەرنىڭ ئىدىيەڭلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، قەلبىڭلاردا دەردمەنلىك ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، قۇرۇق ئابرۇيپەرەسلىكنى تۈگىتىپ، قەلبىڭلار تەبىئىي ھالدا كەمتەر، مۇلايىملىققا يۈزلىنىدۇ. ھەۋەس بىلەن بۇلغانغان روھىڭلار بۇ ئارقىلىق پاكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلبىڭلار ۋە تاشقى قىياپىتىڭلار تەقۋادارلىق ھېسسىياتىغا تولىدۇ.

مۇھاكىمە

ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن، ھەج قىلغۇچى ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن؟

## تەلبىيەھ سۆزى

ھەج قىلغۇچى ئېھراملىق كىيىمنى كىيگەندىن كېيىن، ھەر نامازدىن كېيىن، ھەر قېتىم ئېگىزگە چىقسا ياكى پەسكە چۈشسە، ھەر قېتىم تۆگە كارۋىنىغا ئۇچرىسا، ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرغاندا ۋە ئۇخلاش ۋاقتىدا، تۆۋەندىكى تەلبىيەھ سۆزىنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ:

«مەن كەلدىم، پەرۋەردىگارىم، مەن كەلدىم. سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق، مەن كەلدىم، ھەقىقەتەن بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاس، ھەممە نېئمەت سېنىڭ ئىلكىڭدە، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى سېنىڭ ئىلكىڭدە، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق».

ئەمەلىيەتتە بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇنىڭدىن 4500 يىل ئىلگىرى دۇنيا خەلقىگە جاكارلىغان ساداسى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 4500 يىل ئىلگىرى مۇنداق دەپ جاكارلىغان:

«ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھنىڭ ئۆيىگە كېلىڭلار! دۇنيانىڭ ھەر

قانداق بىر جايدىن كېلىڭلار! پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېلىڭلار!»
ھەر بىر ھەج قىلغۇچى جاراڭلىق ئاۋازدا ئوخشاش تەلبىيەھ ئوقۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان ئاللاھقىلا چوقۇنۇش ھەرىكىتىگە زىچ ماسلىشىدۇ. 4500 يىللىق مۇساپە بىردىنلا يوقاپ، خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ تەرەپتە چاقىرىپ قىلىۋاتقاندەك، ھەج قىلغۇچىلار بۇ تەرەپتە ئاۋاز قوشۇۋاتقاندەك ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئاۋاز قوشۇپ، بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ئالغا ماڭغانسېرى ئۇلارنىڭ ئىشتىياق ئوتى شۇنچە يالقۇنجايدۇ. ھەر قېتىم ئېگىزگە چىققاندا ياكى تۆۋەنگە چۈشكەندە، ئاللاھنى مەدھىيىلەش سادالىرى ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن مېڭىپ بىر تەرەپتىن «مەن كەلدىم» دەپ ئۈنلۈك تەلبىيەھ ئوقۇيدۇ. ھەر بىر تۆگە كارۋىنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە خۇددى ئاللاھ تەرەپتىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن سۆيۈملۈك كىشىدەك كۆرۈنۈپ، يەنە «مەن كەلدىم، مەن كەلدىم» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا تەلبىيەھ ئوقۇيدۇ. ھەر بىر سەھەر ئۇلارغا خۇددى دوستى زىيارەتكە كەلگەندەك بىلىنىپ، ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپلا يەنە «مەن كەلدىم، پەرۋەردىگارىم، مەن كەلدىم» دەيدۇ.
ئومۇمەن، بۇ خىل ئۇزۇلمەس سادالار، غېرىپ ـ غۇرۋالارچە ئىھراملىق كىيىم، سەپەردىكى ئەھۋاللار قوشۇلۇپ، كەئبىگە يېقىنلاشقانسېرى، روھى جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك بىر خىل تەسىر پەيدا بولىدۇ: يەنى ھەج قىلغۇچىلار ئىلاھى مېھرىبانلىق ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ھەر خىل خىياللار چىقىرىپ تاشلىنىپ، جان ـ دىلى بىلەن دوستىنى (يەنى ئاللاھنى) ياد ئېتىدۇ.

مۇھاكىمە
تەلبىيەھ سۆزى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ روھى دۇنياسىدا قانداق تەسىر پەيدا قىلىدۇ؟

## كەئبىنى تاۋاپ قىلىش

ھەج قىلغۇچىلار بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەككىگە بېرىپلا ئۆزلىرىنى چاقىرغان مۇقەددەس ئورۇنغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگرەيدۇ. ئۇلار دوستىنىڭ بوسۇغىسىنى سۆيىدۇ (كەئبىنىڭ ئىشىكىنى سۆيىدۇ). ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ

ئىمان، ئېتىقاد ۋە دىنىنىڭ مەركىزى بولغان كەئبىنى ئايلىنىدۇ، ھەر بىر ئايلىنىش باشلانغاندا ۋە ئاخىرلاشقاندا قارا تاشنى سۆيىدۇ[1].

ئاندىن كېيىن مەقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت تەبرىك نامىزى ئوقۇيدۇ، ئاندىن كېيىن سافا تېغىغا چىقىپ كەئبىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، بىز باشقىغا چوقۇنمايمىز، بىزنىڭ ‹ئىبادىتىمىز› پەقەت ئاللاھ ئۈچۈندۇر».

> مۇھاكىمە
> كەئبىنى تاۋاپ قىلىش قانداق بولىدۇ؟

## سافا ۋە مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈش

شۇنىڭ بىلەن سافا ۋە مەرۋە ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈش باشلىنىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش مەقسەت قىلىنىدۇ، ھېچكىم بۇنداق جاپادىن باش تارتماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىدۇ. يۈگرەۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قۇلچىلىقىمنى قوبۇل قىلغىن. خۇددى پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇلچىلىقىنى قوبۇل قىلغانغا ئوخشاش، پەيغەمبەرلىرىڭ بىلەن ئوخشاش يولدا ئۆلۈشنى سېنىڭدىن تىلەيمەن، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشىمدىن ساقلىشىڭنى تىلەيمەن».

بەزىدە مۇنداق دەيدۇ:

«پەرۋەردىگارىم! مېنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنىڭ سەھۋەنلىكلىرىمنى سەنلا بىلىسەن، سېنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمەن، سېنىڭ قۇدرىتىڭ چەكسىز، مېھرى-شەپقىتىڭمۇ چەكسىز».

---

[1] ئىزاھات: بەزى يەڭگىلتەك ئادەملەر قارا تاشنى سۆيۈشكە قارشى چىقىپ، بۇ بىر خىل بۇتقا چوقۇنۇش دەپ قارايدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇ پەقەت ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىنى سۆيۈش بولۇپ، كەئبىنى ئايلىنىش قارا تاشتىن باشلىنىدۇ. يەتتە قېتىملىق ئايلىنىشنىڭ ھەر قېتىمىدا بىر قېتىم سۆيىدۇ ياكى قول بىلەن ئىشارە قىلىسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا قىلچىمۇ چوقۇنۇش ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سەن پەقەت بىر پارچە تاش، ئەگەر پەيغەمبىرىمىز سېنى سۆيمىگەن بولسا، مەن ھەرگىزمۇ سۆيمىگەن بولاتتىم.»

مۇھاكىمە
سافا ۋە مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا يۈگرەۋېتىپ قايسى دۇئا ئوقۇلىدۇ؟ بىلىۋېلىڭلار.

## مىنادا، ئەرافاتتا ۋە مۇزدەلىفەدە تۇرۇش

يۈگۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن، خۇددى سىلەر ئاللاھنىڭ جەڭچىلىرىدەك، 5 ـ 6 كۈنلۈك لاگېر تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزىسىلەر، ئالدى بىلەن مىنادا بىر كۈن تۇرۇپ، ئىككىنچى كۈنى ئەرافاتقا بارىسىلەر، ئۇ يەردە قوماندانىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاڭلايسىلەر. شۇ كۈنى كەچتە مۇزدەلىفەگە ئورۇنلىشىسىلەر.

## تاش ئېتىش

تاڭ ئېتىش بىلەن پۈتۈن ھەج قىلغۇچىلار مىناغا قاراپ ئاتلىنىپ، بىر تاش تۈۋرۈككە تاش ئاتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن 50 كۈن ئىلگىرى، پىل قوشۇنى (ئەسھابىل فىل) بۇ جايغا كېلىپ كەئبىنى ۋەيران قىلماقچى بولغان. ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا، ئاللاھنىڭ جەڭچىلىرى مۇنداق دەيدۇ:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئاللاھ ئۇلۇغدۇر! پەقەت ئاللاھنىڭلا رازىلىقىنى تىلەيمىز، شەيتان ۋە ئۇنىڭ گورۇھىدىن نەپرەتلىنىمىز. ئى ئاللاھ، كىتابىڭنى تەستىقلايمىز، پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىمىز!»

تاش ئېتىشنىڭ مەنىسى: «كىمكى سېنىڭ دىنىڭنى ۋەيران قىلماقچى بولىدىكەن، كىتابىڭنى ھاقارەتلەيدىكەن، مەن كىتابىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىمەن» دېگەندىن ئىبارەت. بىرىنچى قېتىملىق تاش ئېتىش تۈگىگەندىن كېيىن، دەرھال قۇربانلىق قىلىنىپ، ئاللاھ يولىدا قان تۆكۈش قەتئىي ئىرادىسى نامايان قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن زەپەر قۇچقان جەڭچىلەردەك كەئبىگە قايتىپ كېلىدۇ. تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ، ئېھرامدىن چىقىدۇ ۋە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرىدۇ. ئېھرام باغلىغاندا چەكلەنگەن بارلىق بەلگىلىمىلەر بىكار قىلىنىدۇ. ھەج قىلغۇچىلارنىڭ

تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مىناغا قايتىپ بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ تاش تۇۋرۇككە نۆۋەت بىلەن تاش ئاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن ئاشۇ يىلى، پىل قوشۇنىنىڭ يوقىتىلغان تارىخى ئەسلىتىلىدۇ. ئۇ پىل قوشۇنى ھەج ئېيىدا مەككىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ كەئبىنى ۋەيران قىلماقچى بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ نۇرغۇن قۇشلارنى ئەۋەتكەن. قۇشلار ئېغىزىدا تاشلارنى چىشلەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ھالاك قىلغان ①. ئۈچىنچى كۈنى يەنە ئۈچ تاش تۇۋرۇككە تاش ئاتىدۇ. ئاندىن كېيىن مەككىگە قايتىپ، كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ «ۋىدالىشىش تاۋىپى» دېيىلىدۇ. «ۋىدالىشىش تاۋپى» قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەج ئەمەللىرى تاماملانغان بولىدۇ.

مۇھاكىمە

ھەج ئەمەللىرى قايسى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق تاماملىنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭلار.

## ھەج قىلىشنىڭ ياخشىلىقلىرى ۋە تەسىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن قىسقىغىنا ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغاندىن تارتىپ، ھەجنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگۈچە، بىر ئادەمنىڭ قەلبى ۋە روھى دۇنياسىدا قانچىلىك چوڭ تەسىر پەيدا بولغانلىقىنى بىلىۋالالايسىلەر! بۇ، ۋاقىتنى، پۇل - مېلىنى، خاتىرجەملىكىنى، دۇنيا ئىشلىرىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، شەھۋىتىنى ۋە كۆڭۈل ئېچىشلىرىنى قۇربان قىلىش زۆرۈر بولغان ئىش. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈن بولۇپ، قىلچىمۇ شەخسىي غەرەز بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يەنە تەقۋادارلىق، ئاللاھنى

① ئىزاھات: ئادەتتە رىۋايەتلەردە، تاش ئېتىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىش ۋەقەسىنى ئەسلەش ئۈچۈن دېيىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا شەيتان كېلىپ، ئۇنى ئازدۇرماقچى بولغان، ئۇ تاش ئېتىپ شەيتاننى قوغلىۋەتكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۆز ۋاقتىدا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاسماندىن بىر قوي چۈشكەن بولۇپ، بۇ قوي قېچىپ كەتكەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاش ئاتقان دېيىلىدۇ. لېكىن بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەدىس ئاساسى يوق.

دائىم ياد ئېتىش، قەلبىدىن ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت قوشۇلۇپ، ھەر بىر ھەج قىلغۇچىنىڭ كەلگۈسى ھاياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ. مۇقەددەس جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەر بىر قەدەمدە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلغان ئىش-ئىزلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار يەتكۈچە ئەزىيەتلەرنى تارتتى، يۇرتلىرىدىن ئايرىلدى. جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەردى، ئەرەب مۇشرىكلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. لېكىن، ئەڭ ئاخىرى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئىسلامى دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئادەم ئالدايدىغان بارلىق ساختا ئىلاھلارنى تەلتۆكۈس يۇقاتتى. ھەر بىر تەقۋادار مۇسۇلمان بۇ ئۇلۇغۋار ئىشلاردىن چوڭقۇر ساۋاق ئالىدۇ، بۇنىڭغا باشقا ھەر قانداق جايدا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. قەلبىدە پەقەت «دىن»نىلا ئاساس قىلغان كەيپىيات بىلەن كەئبىنى ئايلىنىش ۋە باشقا ھەج پائالىيەتلىرى (مەسىلەن، يۈگۈرۈش، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە توختاش) ۋە يەنە ناماز، روزا، زاكات قاتارلىقلار قوشۇلۇپ، خۇددى جەڭگە ئالدىن تەييارلىق قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرۈش، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلام، مۇسۇلمانلاردىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر خىل تەربىيىلىنىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايسىلەر. شۇڭا قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ھەج قىلىشى پەرز قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ ئارقىلىق ھەر بىر مەزگىلدە، بۇ خىل تەربىيىلىنىشنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئىمكانقەدەر زور ساندا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

مۇھاكىمە

1. ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ھەج قىلغۇچىنىڭ روھى دۇنياسى ۋە باشقا تەرەپلەرگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىڭ.

2. ئاللاھنىڭ «ھەج قىلىش»نى نېمە ئۈچۈن پەرز قىلىشىدىكى ھېكمەتنى بىلىۋېلىڭلار.

## ھەج قىلىش - كوللېكتىپ «ئىبادەت» قىلىش

سىلەر مۇنداق بىر رېئاللىققا دىققەت قىلىشىڭلار كېرەك، ھەر بىر ھەج قىلغۇچى ھەرگىزمۇ يەككە-يېگانە ھالدا ھەج قىلىشقا بارمايدۇ، بەلكى بىر

بەلگىلىك مۇددەتتە، پۈتۈن دۇنيانىڭ مۇسۇلمانلىرى بىرلىكتە ھەج قىلىشقا باردۇ، شۇڭا ھەر يىلى سانسىزلىغان مۇسۇلمانلار بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدۇ، بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتسەڭلار، ئاندىن ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۆلچەرلىيەلەيسىلەر. يۇقىرىدا چۈشەندۈرگىنىم ئايرىم ھەج قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ئەمەلنى ئورۇنلاش جەريانىدىكى ھېس قىلغان تەسىرى. كېيىن قېتىمدا كۆپچىلىككە كوللېكتىپ ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. چۈنكى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار بەلگىلىك بىر مۇددەتتە بىرلىكتە ھەج قىلسا، ئۇنىڭ تەسىرى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكى مانا شۇ يەردە، ئىسلام ئومۇمى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىدۇ. بىر ئادەم يالغۇز ناماز ئوقۇسا، ساۋابى كۆپ بولىدۇ. ئەمما نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، جۈمە نامىزى ۋە ئىككى ھېيت نامىزىنىمۇ نۇرغۇن جامائەت بىلەن ئوقۇسا، ئۇنىڭ ساۋابى نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدۇ. يالغۇز روزا تۇتۇشنىڭ ئىرادىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشتە پايدىسى ناھايىتى كۆپ، ئەمما بارلىق مۇسۇلمانلارغا رامىزان ئېيىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا، تولۇق روزا تۇتۇشنى بەلگىلەشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. يالغۇز بىر ئادەم زاكات بەرسە ساۋابى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئەگەر «بەيتۇل مال» ئورنى تەسىس قىلىنىپ، زاكات كوللېكتىپ ھالدا يىغىلىپ ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەرگەن زاكىتى بىر ئورۇنغا توپلىنىپ، ئاندىن كېيىن تەشكىللىك ھالدا زاكات ئېلىش لاياقىتى بار كىشىلەرگە تەقسىملەپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن بارلىققا كېلىدىغان ياخشى نەتىجىنىڭ كۆلىمىنىڭ نەقەدەر چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرەلەيسىلەر. ھەج قىلىشمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر ھەر بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز ھالدا بېرىپ ھەج قىلسا، گەرچە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تەسىر پەيدا قىلالىسىمۇ، ئەمما پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ھەج قىلىشنى بەلگىلەشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇ تېمىنى كېيىن قېتىمدا كۆپچىلىككە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

مۇھاكىمە

ئىسلامدىكى ئەمەللەرنى ئورۇنلاشتا نېمە ئۈچۈن جامائەتچىلىكنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىڭلار.

# 4 ـ لېكسىيە ھەج قىلىش ـ يەر شارى خاراكتېرلىك چوڭ يىغىلىش

## ھەج قىلىشنىڭ نەتىجىسى

1. مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ھاياتى كۈچى.

ئىسلامى قېرىنداشلار!

قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، بۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە كىشىلەر، بىر ئىككى ئادەم ئەمەس. ئومۇمەن مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، بۇنداق ئادەملەردىن نۇرغۇنى بار، بىر شەھەردە بەلكىم نەچچە مىڭ كىشى، بىر دۆلەتتە نەچچە تۈمەن كىشى بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇنى ھەر يىلى ھەج قىلىشقا بارىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، پۈتۈن دۇنيادا قانچىلىك مۇسۇلمان بار؟ ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمى كەلگەندە، ئىسلامى ھايات جانلىنىپ كېتىدۇ، ھەمدە بۇ خىل قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن ھايات خېلى كۈنلەرگىچە داۋام قىلىدۇ. ھەر يىلى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ ئېيىدىن (رامىزان ئېيىدىن) باشلاپ، ھىجرىيىنىڭ 11 ـ ئېيى (زۇلقەئدە ئېيى)غىچە، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ھەجنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلايدۇ. بىر تەرەپتىن ھىجرىيىنىڭ 12 ـ ئېيى (زۇلھەججە)نىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ھىجرىيىنىڭ 2 ـ ئېيى (سەپەر ئېيى)، 3 ـ ئاي (رەبىئۇل ئاۋۋال)، ھەتتا 4 ـ ئاي (رەبىئۇل ئاخىر)غىچە داۋاملىشىدۇ، ھەج قىلغۇچىلار ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئالتە، يەتتە ئاي ئىچىدە، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلار ۋە ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەنلەر، شۈبھىسىزكى، دىنى قىزغىنلىققا چۆمىدۇ. ھەج قىلىشقا بارالمىغانلارمۇ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھەمنەپەس بولىدۇ. چۈنكى ھەج قىلغۇچىلارنى ئۇزىتىپ قويۇش، ھەجدىن قايتىپ كەلگەنلەرنى قارشى ئېلىش، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەج قىلىش

جەريانىدىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ.

2. تەقۋادارلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

ھەج قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ھامان، ئادەمنىڭ قەلبىدە ئاللاھدىن قورقۇش، گۇناھىنى تونۇش، گۇناھىغا تەۋبە ـ ئىستىغفار ئېيتىش ھېسسىياتى شەكىللىنىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا كىرىشىدۇ. ھەمدە دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئىشداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىدۇ. ئىلگىرىكى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشىماي قالىدۇ. ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن، قەلبى ئىنتايىن پاكلىنىدۇ. سىلەر ئويلىنىپ بېقىڭلار، ھەج قىلغۇچىنىڭ قەلبىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىش ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قانچىلىك چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ ـ ھە! ئەگەر ھەر يىلى ھەر بىر دۆلەتتىن مۇشۇنداق قەلبكە ئىگە يۈز مىڭ ئادەم ھەج قىلسا، ئۇلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كەڭ خەلقنىڭ ئەخلاق قارىشى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ھەج قىلغۇچىلار توپى ئۆتكەن ۋاقتىدا ھەج قىلغۇچىلارنىڭ «مەن كەلدىم، مەن كەلدىم» دېگەن ساداسىنى ئاڭلاپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئاللاھنى ياد ئېتىشكە ۋە كەئبىگە بۇرۇلۇپ، غەرق ئۇيقۇدىكى روھلار ئويغىتىلىپ، ئۇلاردىمۇ ھەج قىلىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ، قەلبى ھاياجانغا تولغان ھەج قىلغۇچىلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ماكانلىرىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا، سانسىز كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ خىل ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشقا، يۇرتىغا قايتقۇچىلارنىڭ ھەج قىلىش جەريانىدىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ھەققىدىكى بايانلىرى قوشۇلۇپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى يۇقىرى دىنى ھېسسىياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

3. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئويغىنىش پەسلى.

بىز مۇنداق دېيەلەيمىز: رامىزان ئېيى ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەقۋادارلىق پەسلى، ھەج قىلىش پەسلى بولسا، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئويغىنىدىغان كۈچلۈك تەسىرچانلىققا ئىگە پەسىل، ھەممىنى بىلگۈچى ئۇلۇغ ئاللاھ، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق، تەڭداشسىز بىر تۈزۈمنى بېكىتكەن. ئاللاھقا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ ھەرىكىتى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھەرگىزمۇ بوشاپ قالمايدۇ. دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشى، جەمئىيەتنىڭ قانچىلىك رەزىللىشىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كەئبىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇ خۇددى ئادەمنىڭ

يۈرىكىگە ئوخشايدۇ، يۈرەكنىڭ سوقۇشى توختىمىسا، ئادەم ئۆلمەيدۇ. ئەگەر ئادەم كېسەل بولسا قوزغىلالماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ يۈرىكى، يىراقتىكى قان تومۇرلار ئارقىلىق قاننى ھەر قايسى قىسىملارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، پەقەت يۈرەكنىڭ بۇ ھەرىكىتى توختىمايدىكەن، بۇ خىل قان ئايلىنىشمۇ توختىمايدۇ، گەرچە كېسەللىك سەۋەبىدىن ھارغىنلىق ھېس قىلىسىمۇ، بۇ گەۋدىنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشمايدۇ.

4. ئۇممەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۇرغۇتىدىغان مەنزىرە.

كۆپچىلىك كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋېلىپ مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار. دۇنيانىڭ شەرقى ۋە غەربى، جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەر، تەرەپ ـ تەرەپتىن بىر مەركەزگە قاراپ دېڭىز دولقۇنىدەك ئىلگىرىلەيدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ چىراي ـ تۇرقى، رەڭگى، تىلى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېھرام باغلاش ئورنىغا يېتىپ كەلگەن ھامان، ئەسلىدىكى ئېسىل كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئاددىي ئېھراملىق كىيىمىنى كىيىدۇ. كىيىم ئالماشتۇرمىغان ھېچكىم قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە پۈتكۈل كائىناتنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ قوشۇنى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قوشۇن بىردىنبىر پادىشاھنىڭ قوشۇنى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چاقىرىققا بىنائەن كەلگەن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىردىنبىر ھۆكۈمرانغا بويسۇنۇش، ئۇلار ھەممەيلەن بىر نىيەتتە، سەپ ـ سەپ بولۇپ، بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى ماڭغاندەك ماڭىدۇ. بۇ رەتلىك كىيىنگەن قوشۇن ئېھرام باغلاش ئورنىدىن ئۆتكەندە، ھەممەيلەن ئوخشاش سادا ياڭرىتىدۇ.

«مەن كەلدىم، پەرۋەردىگارىم! مەن، كەلدىم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق، مەن كەلدىم!»

گەرچە ئۇلارنىڭ تىلى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما توۋلىغان شوئارى ئوخشاش، نىشانغا يېقىنلاشقانسېرى دائىرە بارغانسېرى كىچىكلەيدۇ، ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن قوشۇنلار بىر يەرگە جەم بولىدۇ، كۆپچىلىك ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇيدۇ، كۆپچىلىك ئوخشاش كىيىنىدۇ، بىر ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ، ئوخشاش تىلنى قوللىنىدۇ. ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئۇلۇغدۇر) دېگەن بۇيرۇق بىلەن بىرلىكتە تىك تۇرىدۇ، بىرلىكتە ئېگىلىدۇ، بىرلىكتە سەجدە قىلىدۇ، ئەرەب تىلىدىكى قۇرئاننى كۆپچىلىك بىرلىكتە ئوقۇيدۇ، بىرلىكتە ئاڭلايدۇ. شۇنداق قىلىپ مىللەت، دۆلەت، ئىرق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يوقىلىپ، ئاللاھقا چوقۇنىدىغان دۇنياۋى خاراكتېرلىك بىر قوشۇن قۇرۇلۇپ چىقىدۇ، ئۇلار يۈرۈش قىلغاندا، ھەممەيلەن

بىرلىكتە يۇقىرى ئاۋازدا «مەن كەلدىم، مەن كەلدىم» دەيدۇ. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا، ئىككى تەرەپ مۇشۇ شوئار ئارقىلىق ئۆزئارا بىر-بىرىگە جاۋاب قىلىشىدۇ. ھەر قېتىملىق ناماز ۋاقتىدا ۋە سۈبھى ۋاقتىدا، يەنە بۇ سادا ياڭراپ ئالاھىدە بىر خىل كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ تەسىرىدىن ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا «مەن كەلدىم» ساداسى ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ. كەئبىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن قوشۇن، ئوخشاش كىيىنىپ، بىر مەركەزنى ئايلىنىپ چۆرگىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن كۆپچىلىك سافا ۋە مەرۋە تېغى ئوتتۇرىسىدا يۈگرەيدۇ. مىناغا چېدىر تىكىپ ئورۇنلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرافاتقا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردە ئىمامنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلايدۇ، كەچ كىرگەندىن كېيىن كۆپچىلىك بىرلىكتە مۇزدەلىفەدە قونىدۇ، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە يەنە مىناغا قايتىپ كېلىدۇ، تاش تۈۋرۈككە تاش ئاتىدۇ. بىرلىكتە قۇربانلىق قىلىدۇ، يەنە بىرلىكتە قايتىپ كېلىپ كەئبىنى ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مىنادىكى لاگېر رايونىغا قايتىپ كېتىدۇ، بۇ بىر قاتار پائالىيەتلەر جەريانىدىكى بۇنداق تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ھەرگىزمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ

5. بىر مەركەز، بىر نىشان ئۇچۇن يىغىلىش.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر بىر مەركەزگە توپلىنىدۇ. كۆپچىلىك بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، ئورتاق ئىدىيىدە، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، پاك ھېسسىيات، پاك ئارزۇ-ئۈمىد ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغان بولىدۇ. قېنى مەن سىلەردىن سوراپ باقاي، ئىسلامدىن باشقا كىممۇ ئادەم ئەۋلادىغا مۇشۇنداق كاتتا ياخشىلىق ئاتا قىلالىسۇن؟ دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرمۇ دائىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. لېكىن ئەملى ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ جەڭ مەيدانىدا كۆپچىلىك ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ، تىنچلىق يىغىنلىرىدا ھەر قايسى دۆلەتلەر مىللەت ئايرىمچىلىقى قىلىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا سۈيىقەست ۋە ئالدامچىلىق قىلىشىدۇ. ئۆزئارا بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ ئۆزى پايدا ئالىدىغان شۇملۇقلارنى قىلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ يەردە ھەر قايسى ئەل پۇقرالىرى يارقىن قەلب، ئاقكۆڭۈل پوزىتسىيە، پاك ئىدىيە، سەمىمىي يېقىنلىق، روھى ئىدىيىسى، ھەرىكىتى، نىشانى بىردەك ھالدا بىر ئورۇنغا جەم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر قېتىملىق تاسادىپىي يىغىلىش بولماستىن، بەلكى ھەر يىلى بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوخشاش بىر مەركەزگە يىغىلىشتۇر، ئىنسانىيەتكە قىلىنغان بۇنداق ياخشىلىق، ئىسلامدىن باشقا يەنە قەيەردە بار؟

دۇنيا تىنچلىقىنى ئورنىتىش، خەلقئارادىكى ئۆزئارا دۈشمەنلىكنى، يەرلىكتىكى تۈگىمەس بەس ـ مۇنازىرىلەرنى تۈگىتىپ، دوستانە، ئىناق كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق تۈزۈمنى كىممۇ لايىھىلەپ چىقالايدۇ؟

6. تىنچلىقنى بەرپا قىلىشتىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار تۈزۈم.

ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكى پەقەت مۇشۇلا ئەمەس.

ئىسلام ھەج مەزگىلىدىكى تۆت ئاي ئىچىدە، كەئبىگە تۇتىشىدىغان يوللاردا چوقۇم تىنچلىق ساقلىنىش كېرەك، دەپ قاتتىق بەلگىلىمە بەلگىلىگەن. بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئورنىتىشتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھەرىكەت. ئەگەر دۇنيانىڭ سىياسىي ھوقۇقى ئىسلامدا بولغان بولسا، ھەج قىلىش تۈزۈمىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار چوقۇم ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن، دۇنيادىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگەتكەن بولاتتى.

7. دۇنيادىكى بىردىنبىر تىنچلىق مەركىزى.

ئىسلام بۇ دۇنياغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان بىر پارچە زېمىننى ئاتا قىلغان بولۇپ، بىر تىنچ ـ ئامان شەھەر بەرپا قىلدى. تاكى قىيامەت كۈنىگىچە شۇنداق بولىدۇ. ئىنسانلارغىلا شۇنداق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەرەمدە ئۇۋ ئوۋلاش، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلارنى يۇلۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەتئىي چەكلىنىدۇ، يوللاردا چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرگە باشقىلارنىڭ تېگىشىگە بولمايدۇ.

بۇ تىنچ شەھەردە قورال ـ ياراغ ئېلىپ يۈرگەن، بىسىمدارلىق قىلغان (ئاشلىقنى باھاسى تازا ئۆرلىگەندە سېتىشنى مەقسەت قىلىپ بېسىپ قويۇش)، ئاشلىقنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرگەن ئادەم، ئىمانى يوق ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلارنى ئاللاھ مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

﴿ وَمَن يُرِدۡ فِيهِ بِإِلۡحَادِۭ بِظُلۡمٖ نُّذِقۡهُ مِنۡ عَذَابٍ أَلِيمٖ ﴾

**«...... كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.»** (سۈرە ھەج 25 ـ ئايەت)

8. ھەقىقىي باراۋەرلىكنىڭ مەركىزى.

ئىسلام بۇ دۇنياغا بىر مەركەز ئاتا قىلدى.

Sawaanil'akifo fihe wal baad

مەنىسى: ئومۇمەن ئاللاھنىڭ بۇيۈك ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئادەم، مەيلى

ئۇ ئامېرىكىلىق، ئافرىقىلىق، جۇڭگولۇق ياكى ھىندىستانلىق بولسۇن، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھوقۇقتا بىردەك باراۋەر، ناۋادا مۇسۇلمان بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھوقۇقى مەككىلىكلەرنىڭ ھوقۇقى بىلەن تامامەن ئوخشاش، دېگەنلىكتۇر. پۈتكۈل ھەرەمنىڭ ئەھۋالى خۇددى بىر مەسجىدكە ئوخشاش بولۇپ، ھەر قانداق بىر ئادەم مەسجىدنىڭ خالىغان بىر يېرىدە تۇرسا، ئۇ يەر ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنى ھېچكىم قوغلىۋېتەلمەيدۇ. ھېچكىممۇ ئۇ يەرنى ئۇنىڭغا ئىجارىگە بېرەلمەيدۇ، بۇ ئادەم ئۇ يەردە، ئەگەر خالىسا، بىر ئۆمۈر تۇرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئادەمنىڭ بۇ جاينى «مېنىڭ» دېيىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئۇ يەرنى سېتىش ياكى ئىجارىگە بېرىشكە بولمايدۇ. بۇ ئادەم ئۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئوخشاش ھوقۇق بىلەن ئۇ يەرنى ئىگىلىشىگە بولىدۇ. مانا بۇ دەل مەككە شەھىرىدىكى كەئبە رايونىنىڭ ئەھۋالى.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «بۇ شەھەرگە كىم بۇرۇن كىرىپ، بىر ئورۇندا تۇرغان بولسا، بۇ جاي شۇنىڭ بولىدۇ». ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىن ئىجارە ھەققى ئېلىنمايدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ يەردىكى خەلقلەرگە، باشقىلارنىڭ كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھويلىسىغا ئىشىك بېكىتمەسلىكنى بۇيرۇق قىلغان. بەزى فىقھى ئالىملىرى ھەتتا ھەر قانداق ئادەمنىڭ مەككىدە تەئەللۇقاتىنى، ئۆي-زېمىنلىرىنى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلامدىن باشقا يەنە نېمە ئىنسانىيەتكە مۇشۇنداق ياخشىلىق ئاتا قىلالايدۇ؟

قېرىنداشلار! مانا بۇ ھەج قىلىش.

«بېرىپ ھەج قىلىڭلار، قانچىلىك ياخشىلىقلارنىڭ سىلەرنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭلار».

ھەجنىڭ ئەھمىيەتلىرىنى بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن سۆزلەپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. قىسقىچە قىلىپ مۇشۇ يەرگىچە بايان قىلدىم. ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇڭلار.

مۇھاكىمە

ھەج قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ روھى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادى تەرەپلىرىدىكى ئەھمىيىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىڭلار.

# بىزنىڭ ھەجنى ئۇلۇغلىشىمىز يېتەرلىك ئەمەس

سىلەر ئەمدى مېنىڭ دەردلىك قەلبىمنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار خۇددى ئالماس كېنىدا چوڭ بولغان بالىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىمىز. بۇ بالا كىچىكىدىن تارتىپ ئەتراپىدىكى ئالماسلارنى تاشنى ئوينىغاندەك ئويناپدۇ، بۇ بالىغا نىسبەتەن بۇ ئالماسلارنىڭ ئادەتتىكى تاشقا ئوخشاشلا قىلچە قىممىتى يوق. سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار خۇددى مۇشۇ بالىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيا ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىۋاتىدۇ، ياخشىلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، دۇنيا خەلقى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن بۇ ياخشىلىقنى ئىزدەۋاتىدۇ. لېكىن سىلەرچۇ؟ سىلەر ئىنتايىن تەلەيلىك ھالدا مۇسۇلمانلار ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇڭلار، ياخشىلىق (نېئمەت) يېنىڭلاردىلا بار، ئىزدەپ ئاۋارە بولۇش ھاجەتسىز. ئاللاھنى بىر بىلىش كەلىمىسى (تەۋھىد كەلىمىسى) ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بارلىق مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. ھەمدە ئىنسانىيەتكە ئاددىي ھەم ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىمان كەلىمىسى، سىلەر بالا ۋاقىتىڭلاردىن تارتىپلا تونۇش بولغان ۋە دېيەلەيدىغان كەلىمىدۇر. ناماز بىلەن زاكاتنىڭ بەلگىلىنىشى (ئوتتا سىر سۇرۇخ بىلەن دورا تەييارلاشتىنمۇ قىممەتلىك بولۇپ، ھايۋان تەبىئەتلىك ئادەمنى ھەقىقىي ئىنسانغا ئايلاندۇرىدۇ) تا بۈگۈنگىچە ئەڭ ياخشى رېتسېپ بولۇپ، ئادەمنى ئاللاھدىن قورقىدىغان، ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداشلارچە ئۆتىدىغان قىلىدۇ. ھالبۇكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، سىلەر ئىڭگە، ئىڭگە...... دەپ تۇغۇلغاندىن باشلاپ، ئاتا ـ بوۋاڭلار سىلەرگە ئۆگىتىپ كەلگەن. تەڭداشسىز زاكات تۈزۈمى بولسا، ئىنسان قەلبىنى پاكىزلايدىغان تازىلىغۇچ بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى پۇل ـ مۇئامىلە تۈزۈمىنى تۈزەتكۈچى، بۈگۈنكى دۇنيادا مۇشۇنداق تۈزۈمنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇستىلىق بىلەن بۇلاپ ـ تالايدىغان بولۇپ كەتتى، سىلەرچۇ؟ باشقىلارغا ئوخشاش، جاپا چېكىپ ئىزدىنىپ يۈرمىسەڭلارمۇ، بۇ رېتسېپقا ئۆزلىكىڭلاردىن ۋارىسلىق قىلىۋاتىسىلەر.

ھەج قىلىشمۇ ئوخشاشلا بىر ئۇلۇغۋار تۈزۈم بولۇپ، جاھاندا تەڭدىشى يوق، تا بۈگۈنگە قەدەر ھەج قىلىشتىن باشقا، بىر ھەرىكەتنى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كېڭەيتىپ مەڭگۈ داۋاملاشتۇرالايدىغان تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل

يوق. بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن بارلىق ئادەم ئەۋلادىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن، بىر ئورۇنغا يىغىپ، خىلمۇ ـ خىل مىللەتلەرنى، ئاللاھدىن قورقىدىغان، پاك قەلبكە ئىگە، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى تىلەيدىغان قېرىنداشلاردەك مۇناسىۋەتكە ئىگە قىلالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. سىلەر ھېچقانداق كۈچىمەيلا بۇ تەڭداشسىز مۆكەممەل تۈزۈمگە ئىگە بولدۇڭلار. بۇ تۈزۈم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يولغا قويۇلۇۋاتقىلى بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىلەر بۇ تۈزۈمنىڭ مۇھىملىقىنى بىر ئازمۇ چۈشەنمىدىڭلار، سەۋەبى ئۇ سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىلا، كۆزۈڭلارنى ئاچساڭلارلا ئۇنى كۆرەلەيسىلەر. ئەمما سىلەرنىڭ بۇ تۈزۈمگە بولغان پوزىتسىيەڭلار، ئالماسنى ئادەتتىكى تاشقا ئوخشاش ئوينايدىغان ئالماس كېنىدا تۇغۇلغان بالىغا ئوخشاش بولدى. سىلەرنىڭ نادانلىقىڭلارنى، شۇنچە كۆپ بايلىقلارنى ئىسراپ قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈپ، يۈرەكلىرىم ھەسرەتكە تولدى. ئەگەر تاشچى (تاش چېقىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى) كۆز ئالدىڭلاردا ئالماسنى سوقۇپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتسە، كىم بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي تۇرالايدۇ؟

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار!

سىلەر چوقۇم تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئاڭلىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن:

ئىيسانىڭ ئېشىكى،

گەر بارسىمۇ مەككىگە.

ئۇ يەنىلا ئېشەكتۇر،

قايتىپ كەلسە ئۆيىگە.

بۇ دېگەنلىك، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېشىكى بولسىمۇ، مەككىگە بىر قېتىم بارغىنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنىلا بىر ئېشەك. ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىقلار ھايۋانلارنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەگەر بەزى ئادەملەر، بۇنداق تەربىيىلىنىشنىڭ مەنىسىنى ۋە مەقسىتىنى چۈشەنمىسە، ئۇلارنىڭ بۇ ئەمەللەرنى قىلىپ ساۋابقا ئېرىشىش نىيىتىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە، بۇلارنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ، بۇ ئەمەللەرنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلار پەقەت بۇرۇنقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراشنىلا بىلسە، قانداقمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار دەل مۇشۇ ئەھۋالدا بولۇپ، پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئەينەن دورايدۇ، ئەمما ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئازراقمۇ بىر نەرسە يوق. ھەر يىلى نەچچە مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلامنىڭ مەركىزىگە بېرىپ، ھەج قىلىپ قايتىپ

كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن ئۇلار ھەجگە بېرىش ۋاقتىدا، ھەج قىلغۇچى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەخلاقى پەزىلەتنى ھازىرلىمىغان بولغاچقا، ھەجدىن قايتقان ۋاقتىدىمۇ، ھەر بىر ھەج قىلغۇچى ئېرىشىشكە تېگىشلىك تەسىراتقا ئېرىشەلمىدى. ئۇلار ئۆز سەپىرى جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن جايلاردىمۇ مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقا دىندىكىلەرگە ياخشى تەسىر بېرەلمىدى. باشقىلار ئۇلارنى كۆرۈپ ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلالمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئىسلامنى ئادەتتىكى بىر ئىش دەپ قارىدى. شۇڭا دەۋرىمىزدىكى ياشلار ھەممىشە مەندىن، ھەجنىڭ ئورنى مۇشۇنداق يۇقىرى بولسا، ھەتتا دىنسىزلارمۇ ھەجنىڭ روشەن ئەھمىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىسلامغا بەيئەت قىلىدىكەن، ئۇنداقتا ھەجنىڭ زادى قانداق ياخشى تەرەپلىرى بار؟ دەپ سورىشىدۇ.

بۇ بىر خىل ھەرىكەت، ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مىليونلىغان مۇسۇلمانلار كېلىپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئاندىن كېيىن ھەر قايسىسى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇلار پاك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. توغرا ئىدىيە ۋە توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار چوڭ-كىچىك شەھەرلەردە، يېزا-قىشلاقلاردا مۇشۇنداق ياشايدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىۋاتقىنىغا 20-30 يىل ئەمەس، بەلكى ئون نەچچە ئەسىرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئويلاپ بېقىڭلار،، بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى يەنە سوراش ھاجەتمۇ؟ ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچى، ئەگەر بۇ ئىشلار توغرا ئېلىپ بېرىلسا، قارىغۇ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرەلەيدۇ، گاس بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاڭلاپ بىلەلەيدۇ. ھەر يىلىدىكى ھەج قىلىش، مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ تەقۋادار قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ، ھەممىدە مىليونلىغان مۇسۇلمانلارغا ئىسلامنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتىدۇ. لېكىن شۇنچە ئۇلۇغۋار بىر ئىش، بەزى نادان كىشىلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىدى.

مۇھاكىمە

1. بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆزىنى «مۇسۇلمان» ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەرنىڭ «ھەج قىلىش»قا تۇتقان پوزىتسىيىسى قانداق؟ سىزنىڭچۇ؟

2. نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر ھەج قىلىپ قايتقاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىش-ھەرىكىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ؟

3. ئەسىرلەردىن بۇيان توختىماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ھەج قىلىش» ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى نېمە؟

4. ئۇستاز مەۋدۇدىنىڭ بۇ «قەلب ساداسى»نى ئوقۇپ ئۇز ئەھۋالىڭلارغا تەتبىقلاپ بېقىڭلار.

## ھەج قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە تولۇق
## مۇيەسسەر بولۇشنىڭ ئۇسۇلى

ھەج قىلىشنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۇچۈن، ئىسلامنىڭ مەركىزىدە، يەر شارى خاراكتېرلىك بۇ كۆچتىن ئوبدان پايدىلىنىش كېرەك. خۇددى بىر يۇرەك پاكىزە قاننى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەنگە ئوخشاش، خۇددى بىر مېڭە، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئۇچۇر تورىغا ئوخشاش ئىسلامنىڭ خەۋەرلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزگەنگە ئوخشاش، ئىنتايىن ئەتراپلىق بولمىغاندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ساپ ئىسلام تۇرمۇشىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن مۇسۇلمانلارغا توغرا يولدا مېڭىشنىڭ يېڭى دەرسلىرىنى سىڭدۇرۇش كېرەك.

ئىنتايىن ئەپسۇس! ئۇ يەر مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمىدى، ئۇزاق يىللاردىن بېرى جاھىلىيەت ئەرەبىستاندا يەنە يامراپ كەتتى. ئاббاسىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ ئوسمان ئىمپېرىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا، ھەر بىر دەۋردىكى پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى دەپ، نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىماستىن، بەلكى ئۇزلۇكسىز بېسىم ئىشلىتىپ، ئەرەبلەرنى بىلىم، ئەخلاق، مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. نەتىجىدە، ئىسلام نۇرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى نۇرلاندۇرغان بۇ جاي، بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئاشۇ جاھىلىيەتلىك ھالىتىگە قايتىپ كېتەي دەپ قالدى. ھازىر ئۇ يەردە ئىسلامى بىلىممۇ، ئىسلامى تۇرمۇشمۇ يوق. كىشىلەر تولۇپ ـ تاشقان تەقۋادارلىق بىلەن، يىراق ـ يىراقلاردىن كەئبىگە كېلىدۇ. لېكىن كەلگەندىن كېيىن، ھەممە يەرنىڭ نادانلىق، ئىپلاسلىق، نەپسانىيەتچىلىك، قوپاللىق، بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، مۇئامىلىسى يىرىكلىك، قالايمىقانچىلىق بىلەن تولغانلىقىنى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ناچارلىشىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. سىرتتىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلار بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئىمانى كۈچەيمەكتە يوق، ئەكسىچە ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ كېيىنكى

ئەۋلادلىرى كەئبىدە يۇرگۇزگەن، كىيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىكار قىلغان روھانىيلىق تۈزۈمى ئۇ يەردە يەنە قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئاللاھنىڭ ئۆيى ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە، ھەج قىلىش ئۇلارنىڭ بايلىق مەنبىئىگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار ھەج قىلغۇچىلارنى خىرىدار قىلىۋېلىپ، يۇقىرى مائاش بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا خىرىدار چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ، مەسىلەن، Khuddam of Ajmer ھەر يىلى مەككىدىن نۇرغۇنلىغان دەللاللارنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا خىرىدار تېپىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە قۇرئان ئوقۇپ، ھەدىس سۆزلەپ كىشىلەرنى ھەج قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت كىشىلەرنى پەرز ئەمەللەرنى ئورۇنلاش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بولماستىن، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇ تۈزۈمنى ئورنىتىشى، خۇددى ئاشۇ يىغىنى دەۋرچە روھانىيلار ۋە دەللاللارنى بېقىشتەك، ھەج قىلغۇچىلاردىن نەپ ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر ئادەم ئەگەر ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققاندىن باشلاپ قايتىپ كەلگۈچە، دىنىنىڭ «نىينىنى» يەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۇچرايدۇ.

Mu’allim, Mutawwif, Vakil-i-Mutawwif, kilid bardar-i-Ka’ba

شۇنداقلا ھىجاز ھۆكۈمىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ سودىنىڭ پايچىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەج قىلىش جەريانىدىكى ھەر تۈرلۈك مۇراسىملارنىڭ ھەممىسىگە پۇل تۆلىنىدۇ. ھەتتا ئازراق پۇل تۆلىمىسە، كەئبىنىڭ ئىشىكىمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېچىپ بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىشلاردىن بىزنى قۇتقۇزۇشنى ئاللاھدىن تىلەيمىز. ھىندى دىنىدا مۇقەددەس جاي دەپ ئاتالغان Banaras ۋە Hardwarقاتارلىق جايلاردا نوم (بۇددىستلارنىڭ كىتابى) ئوقۇغاندا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل ھازىر بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ مەركىزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى كىشىلەر (يەنى ـ Mujawirs كەئبە ئەتراپىدىكى كىشىلەر) ۋە ئاتالمىش «دىنى» مۇلازىمەتچىلەر دەپ ئاتالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئەمەل ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بۇ جاي، ئۇلارنىڭ بايلىق تېپىش سورۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئىلاھى كۆرسەتمىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنى بۇ پەرز ئەمەللەرنى ئورۇنلاشقا زورلاپ، ئۇلارنىڭ ھەمىيىنىنى قۇرۇقدايدۇ، ھەر بىر ھەج پائالىيىتىنىڭ ھەممىسىگە پۇل ئېلىنىدۇ. ئۇلار «ئىسلام دىنى»نىڭ مەرھەمىتىنى بىر تۈرلۈك تاۋار سودىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇنداق ئەھۋالدا «ئىبادەت» روھى قانداقمۇ مەۋجۇد بولسۇن؟ بۇنداق ئەھۋالدا، سىلەر ھەج قىلغۇچىلار ۋە ھەج قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەنلەرنىڭ «ئىبادەت»نىڭ روھى جەھەتتىكى ھەقىقىي ئەھمىيىتىگە

ئېرىشىشنى قانداقمۇ ئۈمىد قىلالايسىلەر؟

مەن ھېچكىمنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، مېنىڭ مەقسىتىم، شۇنچە زور قۇدرەتكە ئىگە ھەج قىلىش پائالىيىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش. كۆپچىلىك ئىسلام ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمىدە بىرەر يېتەرسىزلىك بار ئوخشايدۇ دەپ ھەرگىزمۇ خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار. ياق! ھەقىقىي يېتەرسىزلىك ئىسلامنى توغرا ئىجرا قىلمىغان ئاشۇ كىشىلەردە. ئەسلىدىكى ئىنسانىيەتكە نەمۇنە بولىدىغان ئۇسۇل توغرا. ئەمما سىلەرنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىسلاھاتچىسى ۋە ئىمامى (يولباشچىسى) قىلىدىغان ئۇسۇل بۈگۈنكى كۈندە كارغا كەلمىدى. ئەڭ يامان بولغىنى، خۇددى بىر داڭلىق دوختۇر، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك رېتسېپلارنى قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يامان ئاتاقتا قالغانغا ئوخشاش، كىشىلەر بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ھەر قانچە ياخشى رېتسېپ بولسىمۇ، ئۇنى بىلىم-ئىقتىدارلىق كىشىلەر مۇۋاپىق ئىشلىتىشى كېرەك. ئادەتتىكى بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغاچقا، بۇ رېتسېپتا ئەسلىدىلا مەسىلە بار دەپ خاتا چۈشىنىشى مۇمكىن[1].

مۇھاكىمە

ئەينى ۋاقىتتا ھەج پائالىيىتى ئارقىلىق ئىسلام روھىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈشكە توسالغۇ بولغان پاسسىپ ئامىللار قايسى؟

---

[1] ئىزاھات: بۇ نوتۇق 1938-يىلى سۆزلەنگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئەھۋالدا زور ياخشىلىنىش بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ئۆزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. مائارىپ ئومۇملاشتى، رىياد، مەككە، جىددە قاتارلىق شەھەرلەردە شەرىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قۇرۇلدى. مەدىنىدە كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. ئىسلام دۇنياسىدىكى خەلقئارالىق تەشكىلات «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى» مەككىدە قۇرۇلدى، ئۇلار ھەج پائالىيىتى ئارقىلىق ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىگە تىرىشىپ «ئىسلام دىنى» روھىنى سىڭدۈرۈۋاتىدۇ. بۇ تەرەققىياتلار بولغاچقا ئەھۋالدا زور ياخشىلىنىش بولدى. نۆۋەتتە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى ئىش بار. بىرىنچىسى، ئىككى مۇقەددەس جاي (مەككە ۋە مەدىنە) غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بۇلغىنىشنى چۆرۈپ تاشلىشى كېرەك. ئىككىنچىسى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ياخشىلىنىشى كېرەك. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جەھەتلەردە توغرا تەدبىر قوللىنىشىغا ئاللاھدىن ياردەم تىلەيمىز!

# يەتتىنچى بۆلۈم جىھاد

## 1 ـ لېكسىيە جىھاد

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئالدىنقى قېتىملاردا كۆپچىلىككە ئاللاھ بەلگىلىگەن ناماز، روزا، ھەج، زاكات قاتارلىقلارنىڭ ئىسلامدىكى پەرز ئەمەللەر ئىكەنلىكىنى، بۇ ئەمەللەرنىڭ باشقا دىندىكى ئەمەللەر (مەسىلەن، ـ o ـ nazr، Pujapat ۋە jatta قاتارلىقلار) بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. بۇ ئەمەللەرنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ھەقىقىي مەقسەت، بىر ئۇلۇغ نىشان ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، بىر ئۇلۇغ بۇرچ ئۈچۈن تەربىيىلىنىشتىن ئىبارەت. بۇ تەربىيىلىنىش ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش ئۇسۇلى، تەربىيىلىنىشتىكى مەقسەت ھەققىدە كۆپچىلىككە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

## ئىسلامنىڭ ھەقىقىي نىشانى

ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي نىشانى، ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش، ھەمدە پۈتكۈل يەر شارىدا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى (يەنى بارلىقىنى) ئاتىشى ـ جىھاد (كۈرەش) دېيىلىدۇ. ناماز، روزا، ھەج، زاكات قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييارلىقتۇر. ئەمما ئۇزۇندىن بۇيان، كۆپچىلىك بۇ نىشاننى ئۇنتۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇپ كەتتى، چۈنكى بەش پەرز سوپىزمنىڭ تەركىدۇنيا ھالدا تار مەنىدىكى ئىبادەت قىلىشىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىر ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن ئېنىق سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىنى كۆپچىلىككە ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن.

مۇھاكىمە

1. ئىسلامنىڭ ھەقىقىي نىشانى نېمە؟
2. جىھاد (كۆرەش) دېگەن نېمە؟

## جىنايەتنىڭ مەنبەئى ـ چىرىك سىياسىي تۈزۈم

بۇ دۇنيادىكى سىلەر كۆرۈۋاتقان جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى، ئاشۇ ھاكىمىيەتنىڭ رەزىللىكىدىن كېلىدۇ. ھوقۇق ۋە بايلىق شۇلارنىڭ قولىدا، قانۇننى شۇلار تۈزىدۇ، بارلىق مەمۇرىي ھوقۇقلارنى شۇلار يۈرگۈزىدۇ. ساقچى ۋە ھەربىيلەرمۇ شۇلارنىڭ كونتروللۇقىدا، شۇڭا خەلق تۇرمۇشىدىكى بارلىق جىنايەتلەرنى شۇلار يولغا قويغان ياكى ئاشۇلار رىغبەتلەندۈرگەن. چۈنكى يولغا قويۇش ھوقۇقى ئۇلارنىڭ قولىدا. بىر مىسال ئالايلى، ئاشۇ دۆلەتلەردە، زىنا ـ پاھىشىنىڭ ئاشكارا ئەۋج ئالغانلىقىنى، پاھىشەخانىلارنىڭ ئاشكارا قۇرۇلغانلىقىنى كۆپچىلىك كۆرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى، ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ نەزىرىدە زىنا ـ پاھىشە جىنايەت ھېسابلانمايدۇ، بۇنداق بۇزۇقچىلىقنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ راسا قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ قىلىشىغىمۇ يول قويىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنداق قىلمىغان بولسا، بۇ جىنايەت بۇنداق ئەۋجىيلەپ كەتمىگەن بولاتتى. يەنە مەسىلەن، جازانىخورلۇقنىڭ قۇتراپ كېتىشى بىلەن، بايلار كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شورايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى ئاشۇ ھۆكۈمەتمۇ جازانە يەيدۇ، شۇڭا باشقىلارنىڭمۇ جازانە يېيىشىگە يول قويىدۇ. سوت مەھكىمىلىرى ئېلان قىلغان نىزامنامىلەرمۇ جازانىخورلارنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق. بۇنداق قوللاشقا ئېرىشكەنلىكتىن، چوڭ سەرراپخانىلار، بانكىلار خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسى بىخلانغاندەك، تەرەپ ـ تەرەپتە قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. سىلەر ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ بارغانسېرى تۆۋەنلەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار. بۇ زادى قانداق گەپ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى خەلققە مۇشۇنداق تەربىيىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى سىلەر كۆرگەن مۇشۇنداق قىلىقلارنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئەگەر سىلەر بۇنداق تەربىيىلىنىشتىن مۇستەسنا ھالدا باشقا بىر شەكىلدىكى ئادەم يېتىشتۈرۈپ چىقماقچى بولساڭلار، سىلەر قەيەردىن ياردەمگە ئېرىشىسىلەر؟ گەرچە بىر قىسىم ياخشى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقساڭلارمۇ، ئۇلار قەيەردىن خىزمەت تاپىدۇ؟ بارلىق تىرىكچىلىك ۋە ئىشقا

ئورۇنلىشىش پۇرسەتلىرىنى ئاشۇ رەزىل كىشىلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. سىلەر بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قان ئېقىۋاتقانلىقىغا، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمىنىڭ ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىغا، ئىنسانىيەتنىڭ جاپالىق ئەمگەك مېۋىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈۋاتقانلىقىغا، قىممەتلىك كىتابلارنىڭ ئەخلەتكە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار. بۇ زادى قانداق گەپ؟ بۇ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئادەم ئەۋلادى ئىچىدىكى ئەڭ رەزىل كىشىلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقىدىندۇر. ئۇلار چوڭ ھوقۇقنى ئىگەللىۋالغان بولغاچقا، ھەممە ئىش شۇلارنىڭ كونتروللىقىدا بولىدۇ. ئۇلار بىلىم، بايلىق، ئەمگەك كۈچى ۋە ئىنسان ھاياتىنى قانداق ئىشلىتىشنى قارار قىلغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سىلەر بۇ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە زۇلۇمنىڭ بارلىقىغا، ئاجىزلارنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى ئېيتىدىغان يېرىنىڭ يوقلۇقىغا، كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىگە، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سودا ماگىزىنلىرىغا ئايلىنىپ قېلىپ، «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ» بولۇپ قالغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار. خەلقتىن شۇلىۋېلىنغان باجنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرى مائاشى ئۈچۈن، ھەشەمەتلىك سارايلارنى سېلىش ئۈچۈن، قورال ـ ياراق ۋە باشقا ئەيش ـ ئىشرەت بويۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار. جازانىخورلار، پومېشچىكلار، يەر زومىگەرلىرى، بەگ ـ تۆرىلەر، ئۇنىۋانى بار ياكى ئۇنىۋان كويىدا يۈرگەن چوڭ ئەمەلدارلار، بۇتخانىنىڭ راھىب كاھىنلىرى، كىنوخانا خوجايىنلىرى، ھاراق ھايانكەشلىرى، «سېرىق كىتاب ـ ژۇرنال»، نەشرىيات سودىگەرلىرى، قىمارخانا خوجايىنلىرى قاتارلىقلار، ئاللاھ ئاتا قىلغان ھاياتلىق، مال ـ مۈلۈك، نىشان ـ شەرەپ، ئەخلاقى پەزىلەت قاتارلىقلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، ھېچكىم بۇلارنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددى، ھاكىمىيەتتە «چاتاق» بار. ھوقۇق تۇتقان قوللاردا مەسىلە بار، ئۇلار ئۆزلىرى باشقىلارنى ئىزىدۇ، شۇنداق باشقىلارنى ئىزىدىغانلار بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدۇ. ئومۇمەن باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش ئىشلىرى يۈز بېرىدىكەن، بۇ ئىشلارنى شۇلار نەپسى ـ خاھىشىغا تايىنىپ قىلغان بولىدۇ ياكى شۇنداق قىلغانلارنى قانات ئاستىغا ئالىدۇ. بۇ مىسالLاردىن كۆپچىلىك ئاشۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ پەسكەشلىكىنىڭ بارلىق ياۋۇزلۇقىنىڭ مەنبەئى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايسىلەر. خەلقنىڭ ئىدىيىسى بۇلغىنىپ كەتتى، ئەخلاقى جەھەتتە چېكىنىپ كەتتى، ئىنسانىي پەزىلەت بۇزۇلدى، سودىگەرلەر مەككارلىشىپ كەتتى، تۇرمۇشتا چىرىكلەشتى، ھەممىلا يەردە

زورلــۇق ـ زومبۇلــۇق ئەۋج ئالــدى، رەزىللىــك يــامراپ كەتتــى. بۇلارنىــڭ ھەممىــسىنىڭ يـۈز بېرىـشىنىڭ پەقەت بىـرلا سـەۋەبى بـار، ئـۇ بولـسىمۇ بـۇزۇق كىشىلەرنىڭ ھوقۇقنى ئىگەللىۋېلىشىدىن ئىبارەت. ناھايىتى ئېنىقكى، نـاۋادا بــۇزۇق كىــشىلەر ھوقــۇقنى ئىگەللىۋالــسا، بــارلىق تىرىكچىلىــك ئۇلارنىــڭ كونتروللىقىــدا بولىــدۇ. ئــۇلار چــوڭ ئىــشلارنى بــۇرمىلاپ ئەگــرى قىلىــپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قوللىشى بىـلەن، بـارلىق غەيـرى ئىـشلار بارلىققـا كېلىدۇ. ئۇلار بىر كۈن ھوقۇق تۇتسا، بىر كۈن ياخشىلىق بولمايدۇ.

مۇھاكىمە

نـېمە ئۈچـۈن جىنايەتنىـڭ مەنبىئـى ـ چىرىـك سىياسـي تـۈزۈم دەيمىـز؟ ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.

## ئىسلاھاتنىڭ بىرىنچى قەدىمى ـ ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش

بۇ نـۆۋەتنى چىـڭ تۇتقانـدا، ھەمـمە ئىـش ئوڭـايلا ھەل بولىـدۇ. خەلقنـى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىـن قۇتقۇزۇپ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئـوبرازىنى تـۈزىتىش. زىنـاخورلارنى قـۇرۇق گەپ بىلەن ھەرگىز تۈزەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىـدۇ. بىـراق ئاشــۇ ھۆكــۈمەتلەر قــاتتىق چەكلەيــدىغان بولــسا، خەلــق ئۆزلىكىــدىن تىزگىنلىنىــدۇ. قــۇرۇق گەپــكە تــايىنىپلا، ھاراقكەشــلىك، قىمــار ئوينــاش، جــازانىخورلۇق، پــارىخورلۇق، چاكىنــا ئويــۇنلار، بەدەن كۆرۈنــۈپ قالىــدىغان كىيىملەرنى كىيىـشنى ۋە بەتئـەخلاق تەربىيىلىنىـشلەرنى چەكلـەش مـۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ھوقـۇق سـىلەرنىڭ قولـۇڭلاردا بولـسا ۋە ئـۇنى ئىجـرا قىلىـشقا مەجبۇرى قىلساڭلار، بارلىق جىنـايەتلەر ئۆزلىكىـدىن توختايـدۇ. ئەگەر سـىلەر ئىنــسانىيەتنىڭ ئەمــگەك كــۈچىنى، بــايلىقىنى، ئەقىــل ـ پاراســتى ۋە ئىقتىدارىنى، ئىسراپچىلىق يولىدىن قـايتۇرۇپ، تـوغرا يولغـا سەرپ قىلمـاقچى بولساڭلار، ئەگەر سىلەر زۇلۇمنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، ئادالەتنى ياقلاشنى ئۈمىــد قىلــساڭلار، ئەگەر ســىلەر دۇنيــادا قايتــا ئــاپەت بولماســلىقىنى، زىيانكەشـلىككە ئۇچرىغـان ئاممىنىـڭ ئەھۋالىنىـڭ ياخشىلىنىـشىنى، بـارلىق ئىنسانىيەتنىڭ شـان ـ شـەرەپ، تىنچلىـق، گـۈللىنىش ۋە ئالغـا ئىلگىـرىلەش

جەھەتلەردە ئوخشاش پۇرسەتكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىساڭلار، ئۇنداقتا بۇ نۇرغۇن ئىشلارنى پەقەت قۇرۇق گەپ بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر سىلەر ھوقۇق تۇتساڭلار، بۇ ئىشلارنى قىلىشتا مەسىلە چىقمايدۇ. شۇڭا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئىنىقكى، ھوقۇقنى كونترول قىلماي تۇرۇپ، خەلقنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىسلاھات پىلانىنى تۈزگىلى بولمايدۇ. ئىنسانىيەتنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇشتا، يالغۇز قۇرۇق گەپكە تايىنىشنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمايدۇ، شۇڭا ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، بۇزۇق ھاكىمىيەتنىڭ رەزىللىك قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، توغرا پرىنسىپ ئاساسىدىكى، مۇۋاپىق تۈزۈم يۈرگۈزۈلىدىغان ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

مۇھاكىمە

1. نېمە ئۈچۈن ئىسلاھاتنىڭ بىرىنچى قەدىمى ـ ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش دەيمىز؟ ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلىڭلار.

2. ئىنسانىيەتنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن بىر چارىسى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن؟

## رەزىل ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى ـ ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر

مۇھىم نۇقتىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەك بولىدۇ. ھازىر سىلەر، بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسىنىڭ بۇزۇق ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا، رەزىللىكنىڭ مەنبىئىنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىۋالدىڭلار. ئەمما بۇ يەردىكى مەسىلە، بۇزۇق ھاكىمىيەتنىڭ رەزىللىكىنىڭ مەنبىئى زادى نەدە؟ ئىسلاھاتنى قەيەردىن باشلاش كېرەك؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى شۇكى: «ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» دەل رەزىللىكنىڭ مەنبىئى بولۇپ، ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، ئۇنى «ئالالاھنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى»غا ئۆزگەرتمىگەندە، ئېلىپ بېرىلغان بارلىق ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى، قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. بۇ جاۋابنىڭ مۇشۇنداق ئاددىيلىقىدىن ئەجەبلەنمەڭلار، ئەگەر سىلەر چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىساڭلار، مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىم

بىلەن ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشەلەيسىلەر.
سىلەر ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭلار، سىلەر ھايات كەچۈرىۋاتقان يەر شارىنى ئاللاھ ياراتقانمۇ ياكى باشقىلار ياراتقانمۇ؟ يەر شارىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنى ئاللاھ ياراتقانمۇ ياكى باشقىلار ياراتقانمۇ؟ ئىنسانلار ياشاشتا تايىنىدىغان بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ نېئمەت قىلىپ تەمىنلىگەنمۇ ياكى باشقىلار تەمىنلىگەنمۇ؟ ئەگەر بۇ مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى: يەر شارى، ئىنسانىيەت ۋە بارلىق شەيئىلەرنى باشقىلار ئەمەس بەلكى ئاللاھ ياراتقان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى: زېمىن ئاللاھقا مەنسۇپ، بايلىقمۇ، ئىنسانىيەتمۇ ئاللاھقا مەنسۇپ. بۇنداق ئەھۋالدا، بەزىلەر قانداقمۇ ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئۆزى چاغلاپ بۇيرۇقۋازلىق قىلىدۇ؟ ئۇلار قانداقمۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىنى كېرەك قىلماي، ئۆزلىرى ئويلاپ چىققان قانۇنلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىنسانلىرىنى ئىدارە قىلىدۇ؟ مەلۇم زېمىن A كىشىگە تەۋە، لېكىن B ئادەم بۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋالسا، يەنە مەسىلەن، مەلۇم بايلىق A ئادەمگە تەۋە، لېكىن B ئادەم بۇ بايلىقلارنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، A دۆلەتنىڭ خەلقىگە B دۆلەت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋالسا، سىلەرنىڭ ۋىجدانىڭلار بۇنداق ئىشلارنى قوبۇل قىلالامدۇ؟ بۇ ئىشلار ھەقىقەتكە پۈتۈنلەي خىلاپ، قانداق زامان، قانداق ماكاندا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇنداق ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەرگىز ياخشى بولمايدۇ. ناۋادا بىراۋ تەختكە ئولتۇرۇپ، نادانلىقىدىن، ئۆزى قانۇن تۈزۈپ، مالىمانچىلىق پەيدا قىلسا، بەزىلەر قەستەن باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق ئۆز نەپسىنى قاندۇرسا، بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى پەقەت ئۇلارنىڭ نادانلىقىدىن بارلىق كىشىلەرنى توغرا يوسۇندا ئىدارە قىلالايدىغان، بارلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىدىغان بىر يۈرۈش توغرا قانۇن تۈزۈپ چىقالمىغانلىقىدا. ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى شۇكى، ئۇلاردا ئاللاھدىن ھەقىقىي قورقىدىغان قەلب يوق. شۇڭا بۇ كىشىلەر يۈگەنسىز ئاتتەك باش ـ باشتاق، يولسىز بولۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: بۇنداق ئادەملەر ھوقۇق تۇتسا، ئەلۋەتتە يولسىزلىق قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھدىن قورقمايدۇ، باشقىلار بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنيادا بىر چاغلايدۇ، ھېچكىممۇ ئۇلارغا ئامال قىلالمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر، خەلقنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى كونترول قىلىۋالىدۇ. پۇقرالار ئۇلارغا نېمە دېسە، خوپ دەپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتىدا، سىلەر ئۇلارنى ھەققانىيەت ۋە ئادالەتكە سادىق دەپ ئويلامسىلەر؟ سىلەر ئۇلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرۇشىدىن

خاتىرجەم بولالامسىلەر؟ سىلەر ئۇلارنى خەلق مەنپەئەتىگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ، ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋالمايدۇ، ئۆز نەپسىنى دەپ خەلققە زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، دەپ ئۈمىد قىلالامسىلەر؟ بۇنداق كىشىلەرنى توغرا يولدا ماڭىدۇ، باشقىلارنىمۇ توغرا يولغا باشلايدۇ دېيەلەمسىلەر؟ ياق! بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس! نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى تەجرىبە بۇنىڭ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاشۇ ئاللاھدىن قورقمايدىغان، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ چوڭ ھوقۇقلارنى تۇتقاندىن كېيىن، خىيانەتكارلىق ۋە رەزىللىكتە قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈۋاتىسىلەر.

مۇھاكىمە
«ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى»دىن قانداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.

## ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى ـ ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدۇر

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، «ئادەمگە ئادەم ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان» ئۇنداق ھاكىمىيەت ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتا، ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بولۇشى كېرەك. ھوقۇقدار، ئۆزىنى ناھايىتى ئۈستۈن چاغلىماي، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە يەنە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ۋاكالەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. بارلىق ئىشلارغا ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھنىڭ ئۆزى ئىگە. قانۇن تۈزۈشتە، ھەممىنى بىلگۈچى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئاللاھنىڭ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ياكى ئىنسانلارنىڭ نادانلىقى، شەخسىيەتچىلىكى ۋە نەپسى ـ خاھىشىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھېچكىمنىڭ ھوقۇقى يوق.

مانا بۇ دەل ئىسلام ئېلىپ بارىدىغان ئاساسى ئىسلاھات. ئىسلام ئومۇمەن

«ئاللاھنى ھەقىقىي ھۆكۈمران» (تەسەۋۋۇردىكى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ھۆكۈمران) دەپ تونۇشنى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن قانۇنلارغا ئىشىنىشنى، توغرا ئىش ـ ھەرىكەتتە بولۇشنى، ھەقىقىي ھۆكۈمراننىڭ زېمىندىكى قانۇننى كۈچەيتىپ، ھەقىقەتكە تانغان ئاسىي مەلئۇنلارنىڭ ھوقۇقىنى تارمار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە، سىلەرنىڭ پەقەتلا ئاللاھنى ئىلاھ بىلىشىڭلار، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ھەقىقىي قانۇن دەپ تونۇشۇڭلارنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىلەر يەنە بۇ زېمىننى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىغا مەسئۇل بولۇشۇڭلار كېرەك. ئاشۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەزەلدىن ئاللاھدىن قورقمايدىغان، يولسىز كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىن قايتۇرۇۋېلىشىڭلار كېرەك. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇپ، قىيامەت كۈنى ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭلار لازىم. مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىش «جىھاد» (كۈرەش) دېيىلىدۇ.

مۇھاكىمە

1. ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى نېمە؟
2. ئىسلام مۇسۇلمانلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟
3. «جىھاد»نىڭ كونكرېت مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

## ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ـ بىر مۇشەققەتلىك يولدۇر

بىراق كۆپچىلىك شۇنى بىلىشى كېرەككى، ھۆكۈمرانلىق بولسا بىر قورقۇنۇشلۇق ئىشتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە نەپسانىيەتچىلىكنى قوزغىتىدۇ. ئەگەر يەر شارىدىكى بايلىقلار، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىزدا بولىدىغان بولسا، نەپسىمىز يوغىناپ، بارغانسېرى ئاچكۆزلىشىپ كېتىمىز. ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈنچىۋالا تەس ئەمەس. تەس بولغىنى ئۆزىمىزنى ئىلاھقا ئايلاندۇرۇۋالماي، يەنىلا ئاللاھنىڭ قۇلى سالاھىيىتىمىز بىلەن خىزمەت قىلىش. ئويلاپ بېقىڭلار، بىر زالىم ھۆكۈمراننى ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۆزەڭلار زالىم ھۆكۈمران بولىۋالساڭلار، بۇنداق قىلغانلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

شۇڭلاشقا سىلەرنى بۇنداق قاتتىق سىناق بىلەن مەشغۇل بولۇشقا چاقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىسلام ئالدى بىلەن سىلەرنى ئالدىن تەربىيىلىنىپ تەييارلىق قىلىش زۆرۈر دەپ قارايدۇ. قەلبىڭلاردىكى شەخسىيەتچىلىك ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسنى چىقىرىۋەتمەي تۇرۇپ، شەخسىي مەنپەئەت ياكى باشقا مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان پاك قەلبكە ۋە ئىپسىل پەزىلەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ھوقۇقىڭلار بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەخلاقى پەزىلەتلەرنى ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن ھوقۇق تۇتساڭلار، نەپسى ـ خاھىشىڭلارغا ئەگەشمەستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ قانۇنىغا قەتئىي رىئايە قىلىسىلەر. سىلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىنى ئېيتىپ ئىسلامغا كىرگەنلىكىڭلار، ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ سىلەرنى باشقىلارغا ھۆجۇم قىلىشقا، ھەمدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ نامى بىلەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ئاشۇ خائىنلاردەك يامانلىقلارنى قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئەمەس. بەلكى سىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىڭلاردىن ئىلگىرى، ئىسلام سىلەرنى ئالدى بىلەن قەيسەر ئىرادە بىلەن، مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇپ تەربىيىلىنىشى زۆرۈر دەپ قارىغانلىقىدۇر.

> مۇھاكىمە
> زالىم ھۆكۈمرانلاردىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدىغان مۇسۇلمانلار قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى زۆرۈر؟ نېمە ئۈچۈن؟

## «ئىبادەت» ـ تەربىيىلىنىش دەرسلىكى

ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قىلىش قاتارلىقلار ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئالدىن تەييارلىق قىلىش ۋە تەربىيىلىنىشتۇر. بۇ خۇددى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيە، ساقچى، خىزمەتچى خادىملارنى ئالدىن تەربىيىلەپ ئاندىن خىزمەتكە قويغانغا ئوخشايدۇ. ئوخشاشلا ئىسلاممۇ خىزمەتكە چاقىرىدىغان كىشىلەرنى مۇشۇنداق ئالدىن تەربىيىلەپ، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا جىھاد ۋە باشقا مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ پاك قەلب، ئاللاھدىن قورقۇش پەزىلىتىگە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى

رەسمىيەتچى (شەكىلۋاز) بولۇپ، باشقىلارنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىق يامان ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. ئەمما ئىسلام، قوبۇل قىلغان خىزمەتچىلەردىن تەلەپ قىلىدىغىنى، دەل ئەخلاقى ـ پەزىلەت، ئىسلام ئاللاھدىن قورقۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى رەسمىيەتچىلىك (شەكىلۋازلىقتىن) ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئىسلامنىڭ مەقسىتى ئۇلارنى قەيسەر ئىرادە بىلەن كىشىلەر يەر شارىدا ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت قۇرۇشنى تەرغىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرىنىڭ تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇلار جىھاد قىلسا، ھەرگىزمۇ بايلىق ۋە يەر زېمىننى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەمدە بۇنى ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر ئۇلار غەلىبە قىلسا، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ غادىيىۋالمايدۇ. ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى كەمتەر تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھۆكۈمران بولسا، خەلقنى ھەرگىزمۇ ئاللاھدىن باشقىلارنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. ئەگەر ئۇلار دۇنيادىكى مال ـ مۈلۈكلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلسا، بۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى ھەرگىزمۇ ئۆزى ۋە دوستلىرىنىڭ چۆنتىكىگە سالمايدۇ. خۇددى ساداقەتمەن ۋاكالەتچىدەك، ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ئۆزىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بارلىق ھېساۋاتلىرىنى قىلچە قالدۇرماي ئۇ زاتقا دوكلات قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇ نېئمەتلىرىنى ئىنتايىن ئاقىلانىلىك بىلەن كەڭ خەلققە تەقسىملەپ بېرىدۇ. «ئىبادەت»تىن باشقا يەنە باشقىچە تەربىيىلىنىش ئۇسۇلى يوق. ئىسلام بۇ كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن ۋاقىتتا، ئۇلارغا: «سىلەر ھازىر ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى ئەڭ سادىق قۇللىرىغا ئايلاندىڭلار. ئالغا! جىھاد قىلىڭلار! ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلارنى يوقىتىپ، خەلىپىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار!» دەيدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ كُنتُمۡ خَيۡرَ أُمَّةٍ أُخۡرِجَتۡ لِلنَّاسِ تَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَتَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَتُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِۗ ﴾

**«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.»** (سۈرە ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)

مۇھاكىمە

1. نېمە ئۈچۈن ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ «ئىبادەت» ئارقىلىق تەربىيىلىنىشى زۆرۈر؟

2. مۇسۇلمانلار ھوقۇق تۇتسا، ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

## ئاللاھقا ئىشەنگەنلەر باشقۇرغان ھاكىمىيەتنىڭ شەپقىتى

سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئارمىيە، ساقچى، سوتچى قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ئىشىنىدىغان، قىيامەت كۈنىدىكى سوتقا تارتىلىشقا ئىشىنىدىغان كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق قانۇن ـ پەرمانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلاھى يېتەكچىلىكنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلۈپ، ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ ئادالەتسىزلىك ۋە پاراسەتسىزلىك بولمىسا، بارلىق يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەر ۋاقتىدا تۈزىتىلسە، ھۆكۈمەتمۇ ھەر ۋاقىت ھەر جايدا ئۆز ھوقۇقى ۋە ماددىۋى ئەسلىھەلەر ئارقىلىق ئەخلاقى ـ پەزىلەتنى ياخشىلىسا، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، كەڭ خەلق ئاممىسى ئېرىشىدىغان مېھرى ـ شەپقەت قانچىلىك چوڭ بولىدۇ ـ ھە! سىلەر ئازراق ئويلانساڭلار، بۇ خىل ھۆكۈمەت مەلۇم مەزگىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ ناچار ئادەتلىرىنىڭ تۈزىتىلگەنلىكىنى، بارلىق بۇزۇقچىلىق ۋە پەسكەشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، ناتوغرا تەربىيىلىنىشلەرنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىلغانلىقىنى بايقايسىلەر. بۇنداق ھامىيلىق ئاستىدا، كىشىلەر ئادالەت ئىچىدە، خاتىرجەم، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىلگىرى ئۇزۇن مۇددەت يولسىز كىشىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى خەلق، ئەمدىلىكتە ئاستا ـ ئاستا ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان جىنايەت بىلەن قايمۇقتۇرۇلغان قەلبى، ھەقىقەت نۇرى بىلەن يورۇتۇلىدۇ ۋە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ. ئۇ چاغلارغا بارغاندا، خەلق پەقەت ئاللاھنىڭلا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق شەيئىنىڭ (ئادەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئاللاھ، سەممىي، سادىق پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق، ئىنسانىيەتكە ھەقىقەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان قانۇننى ئاتا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاددى ھەقىقەتنى ناھايىتى

ئوڭايلا ھېس قىلالايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىنتايىن قىيىن ئىشلار، ئۇ چاغلارغا بارغاندا، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسانلا قوبۇل قىلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تىل ـ يېزىق بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس بولغان ئىشلارنى، كىشىلەر قىلچە قىينالمايلا قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغلاردا كىشىلەر، «ئادەمنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» بىلەن «ئاللاھنىڭ ئادەمگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى» ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك چوڭ پەرقنىڭ بارلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. يەككە ـ يىگانە ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق يەتكۈزگەن ئىلاھىي ۋەھيىلەرنى ھەرگىزمۇ رەت قىلمايدۇ. بۇ خۇددى تىكەن ئەمەس، گۈل ئۈنگەندەكلا ئاسان ئىش بولىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇلار گۈل بىلەن تىكەننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا يەنە ئىسلام ھەقىقىتىنى قوبۇل قىلماي، كۇفرىدا تۇرۇۋالىدىغان، جاھىل كىشىلەردىن مىڭنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچىسى چىقمايدۇ.

قېرىنداشلار!

ئەمدى مەن سىلەرنىڭ ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىقلارنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىلگىرى سىلەر ئىزچىل تۈردە «ئىبادەت»نى ھىندىي دىنىدىكى (Pujapat) ئىبادەتلەرگە ئوخشاش دەپ خاتا تونۇپ كەلدىڭلار. سىلەر ئىلگىرى ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىقلارنىڭ بىر ئۇلۇغ بۇرچ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭلار. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ ئەمەللەرنى قىلچە مەقسەتسىز قىلاتتىڭلار. چۈنكى، قەلبىڭلاردا بۇ ئۇلۇغ بۇرچ ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش نىيىتىڭلار يوق ئىدى. ئەمدى مەن سىلەرگە شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، بۇنداق ئادەملەرنىڭ «ئىبادەت»نىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە جىھاد قىلىش مەقسىتى مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداقلا، ئۇلار يەنە جىھادنىڭ مەقسىتىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق قىلچە ئەھمىيىتى يوق «ئىبادەت»لىرىڭلارغا تايىنىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان بولساڭلار، ئۇنداقتا سىلەر، قىيامەت كۈنى ئاللاھ بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ۋاقىتىڭلاردا، قىلغان ئىشلىرىڭلارنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر.

مۇھاكىمە

1. ئاللاھقا ئىشەنگەن كىشىلەر يۈرگۈزگەن ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە ئېلىپ كېلىدىغان بەخت ـ سائادىتىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

2. ھاكىمىيەت نېمە ئۈچۈن ئىلاھى يېتەكچىلىكنى ئاساس قىلىپ قانۇن تۈزسە ئىنسانىيەت ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ؟
3. ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق «ئىبادەت»لەرنى قىلىشتىكى ھەقىقىي مەقسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا تەدبىقلاپ بېقىڭلار.

## 2 ـ لېكسىيە جىھادنىڭ مۇھىملىقى

ئىسلامى قېرىنداشلار!

ئىلگىرى ھەر قايسىڭلارغا «دىن»، «شەرىئەت» ۋە «ئىبادەت»نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن ئىدىم. ئەمدى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايلى.

«دىن»نىڭ مەنىسى ـ بويسۇنۇش، «شەرىئەت»نىڭ مەنىسى ـ قانۇن، «ئىبادەت»نىڭ مەنىسى ـ قۇلچىلىق قىلىش ياكى مەجبۇرى ئەمگەك.

### «دىن»نىڭ مەنىسى

ئەگەر سىلەر مەلۇم ئادەمنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ ئۇنىڭ «دىنى»نى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنغانلىقىڭلارنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار، سىلەر ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەر بولىسىلەر. ئۇنىڭ بۇيرۇقى سىلەرگە نىسبەتەن «قانۇن»، يەنى «شەرىئەت» بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى بىرمۇ بىر ئورۇندايسىلەر. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىسىلەر. ئۇ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلمايسىلەر. سىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىڭلار ئۇ بەلگىلىگەن دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. سىلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىڭلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، ئىشلىرىڭلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، تالاش ـ تارتىش، دەۋا ـ دەستۇرلاردا، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىسىلەر...... سىلەرنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەڭلار «قۇلچىلىق قىلىش» ياكى «ئىبادەت» دېيىلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن تونۇش ئايدىڭلىشىدۇ. «دىن» ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ نامى، «شەرىئەت» ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى، «ئىبادەت» بولسا قانۇنغا رىئايە قىلىشتۇر. سىلەر كىمنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، شۇنىڭ قول

ئاستىدا بولىدىكەنسىلەر، شۇنىڭ «دىنى»غا كىرگەن بولىسىلەر. ئەگەر سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار ئاللاھ بولسا، ئۇنداقتا سىلەر ئاللاھنىڭ «دىنى»غا كىرگەن بولىسىلەر. ئەگەر سىلەرنىڭ رەھبىرىڭلار مەلۇم بىر پادىشاھ بولسا، سىلەر شۇ پادىشاھنىڭ «دىنى»غا كىرگەن بولىسىلەر. ئەگەر سىلەرگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقىنى دۆلەت ياكى دۆلەتنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي تەشكىلاتى بولسا، ئۇنداقتا سىلەر پۇقرالارنىڭ «دىنى»غا كىرگەن بولىسىلەر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سىلەرنىڭ بوينۇڭلاردا كىمنىڭ سىرتمىقى بولسا، شۇنىڭ «دىنى»دا بولغان بولىسىلەر. سىلەر كىمنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلساڭلار، شۇنىڭ ئۇچۇن مەجبۇرى ئەمگەك قىلغان، يەنى قۇلچىلىق قىلغان بولۇپ، شۇنىڭغا «ئىبادەت» قىلغان بولىسىلەر.

مۇھاكىمە

1. «دىن»، «شەرىئەت»، «ئىبادەت»نىڭ كونكرېت مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

2. ئۆزۈڭلارنىڭ قايسى «دىن»دا ئىكەنلىكىڭلارنى ۋە كىمگە «ئىبادەت» قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار.

## بىر ئادەمنىڭ ئىككى دىنغا كىرىشى مۇمكىن ئەمەس

يۇقۇرىدىكى مەسىلىلەر ئايدىڭ بولغاندىن كېيىن، بىر ئادەمنىڭ ئىككى «دىن»غا كىرىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايسىلەر. چۈنكى نۇرغۇن «دىن»لار ئىچىدىن، سىلەر پەقەت بىرنى تاللىشىڭلار كېرەك. نۇرغۇن قانۇنلار ئىچىدىن سىلەر پەقەت ئۆمۈر بويى رىئايە قىلىدىغان بىرنىلا تاللىشىڭلار لازىم. نۇرغۇن مەئبۇدلار (چوقۇنۇش ئوبيېكتى) ئىچىدىن سىلەر پەقەت بىرسىگىلا چوقۇنۇشۇڭلار كېرەك. بەلكىم سىلەر، ئېتىقادى جەھەتتە، مەلۇم رەھبەرلىكنى قوبۇل قىلدىم، ئەمما ئەمەلىيەتتە باشقا بىرىگە بويسۇنىمەن، مەلۇم بىرىگە چوقۇنىمىز، ئەمما ئەمەلىيەتتە باشقا بىرسىگە ئىتائەت قىلىمىز، قەلبىمىزدە مەلۇم قانۇنغا ئېتىقاد قىلىمىز، ئەمما كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا باشقا بىر قانۇننى ئاساس قىلىمىز دېيىشىڭلار مۇمكىن. مېنىڭ بۇنداق قاراشلىرىڭلارغا بېرىدىغان جاۋابىم شۇكى، شۇبھىسىزكى، بۇنداق قىلغانلىق (ئەمەلىيەتتە سىلەر مۇشۇنداق قىلىدىڭلار)

مۇشرىكلىكتۇر. مۇشرىكلىك پۈتۈنلەي ساختىدۇر. ئەمەلىيەتتە سىلەر كىمگە بويسۇنساڭلار، ئۇنىڭ «دىنى»نىڭ ئەگەشكۈچىسى ھېسابلىنىسىلەر. سىلەر ئۇنى ئۆزۈڭلارنىڭ رەھبىرى دەۋېلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنمىساڭلار، ئەمما سىلەر ئۇنىڭ «دىنى»نى مېنىڭ «دىنىم» دەۋالساڭلار، بۇ قىپقىزىل يالغان ئېيتقىنىڭلار ئەمەسمۇ؟ سىلەرنىڭ دىلىڭلار بىلەن تىلىڭلارنىڭ بىر بولغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ سىلەر كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئۇنىڭ «شەرىئىتى»دىن ھالقىپ كەتتىڭلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا بىر «شەرىئەت»كە ئىتائەت قىلدىڭلار. ئەمما ئۆزۈڭلارنى ئاشۇ «شەرىئەت»كە ئېتىقاد قىلىمىز دەۋالدىڭلار، بۇنداق قىلغىنىڭلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىرسىگە چوقۇنىمەن دەۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا باش ئۇرۇپ، رېئال تۇرمۇشتا باشقا بىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، بۇ باش ئۇرغۇنۇڭلار (سەجدە قىلغىنىڭلار) پۈتۈنلەي بىر ساختا ھەرىكەت بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىلەر باشقا بىرىگە چوقۇنىسىلەر. «ئىبادەت»نى شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىسىلەر. ئۇنىڭ بۇيرۇقى تۈپەيلىدىن، سىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭلار چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، سىلەر ئۇ بەلگىلىگەن دائىرىدە خىزمەت قىلىسىلەر، ھەممە ئىشلىرىڭلاردا ئۇنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئاساس قىلىسىلەر. ئۇنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە سودا ـ سېتىق قىلىسىلەر، ئىشلىرىڭلاردا ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە ئىتائەت قىلىسىلەر، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىڭلارنى ئۇنىڭ «شەرىئىتى» بويىچە قېلىپلاشتۇرۇسىلەر. ھوقۇق دائىرەڭلارنى ئايرىيسىلەر. ئۇنىڭ بۇيرۇقى تۈپەيلىدىن، سىلەر يۈرەك، مېڭە، پۇت ـ قوللىرىڭلارنى، مال ـ مۈلكۈڭلارنى، ھەتتا ھاياتىڭلارنى ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇسىلەر. شۇڭا سىلەرنىڭ نېمىگە ئېتىقاد قىلىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، كۈندىلىك ئىش ـ ھەرىكىتىڭلاردا ئېتىقادىڭلارغا خىلاپلىق قىلساڭلار، ئۇنداقتا بۇ كۈندىلىك ئىش ـ ھەرىكىتىڭلار سىلەرنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭلارنىڭ ئېنىق پاكىتى بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئېتىقاد ھەققىدە سۆز ئېچىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ياكى بۇ ھېچنەرسىگە ئەزرىمەيدىغان ئېتىقاد بولىدۇ، خالاس. ئەگەر سىلەر مەلۇم پادىشاھنىڭ «دىنى»غا تەۋە بولساڭلار، ئاللاھنىڭ «دىنى»غا سىغمايسىلەر (تەۋە بولالمايسىلەر). مەيلى گىرمانىيىلىكلەرنىڭ «دىنى» ياكى ئۆز دۆلىتىڭلارنىڭ «دىنى»غا تەۋە بولۇڭلار، ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ «دىنى»غا تەۋە بولۇش ئىمكانىيىتىڭلار بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ «دىنى»غا تەۋە بولساڭلار، ئوخشاشلا باشقا «دىن»غا سىغمايسىلەر (تەۋە بولۇش ئىمكانىيىتىڭلار بولمايدۇ). قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قەيەردە شېرىكنىڭ بارلىقىنى،

قەيەرنىڭ يالغان-ياۋىداقلار بىلەن تولغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشىڭلار كېرەك.

مۇھاكىمە

1. نېمە ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ئىككى «دىن»غا تەۋە بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش دەيمىز؟

2. ئەگەر بىر ئادەم ئاغزىدا پالانى «دىن»غا ئېتىقاد قىلىمەن دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە باشقا بىر «دىن»نىڭ قانۇنى بويىچە ياشىسا، ئۇنداق ئادەملەرنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟ ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا تەدبىقلاپ بېقىڭلار.

## ھەر بىر «دىن» ھوقۇقنى تەلەپ قىلىدۇ

يۇقۇرىدىكى مەسىلىلەر ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر تەبىئىيلا بىر خۇلاسىگە كېلىدۇ. قايسى «دىن» بولۇشتىن قەتئىينەزەر، چوڭ ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلمايدىغىنى يوق. ئاممىنىڭ «دىنى» بولسۇن، پادىشاھنىڭ «دىنى» بولسۇن ياكى مەلۇم پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ «دىنى» بولسۇن، ئاللاھنىڭ دىنى بولسۇن، ھەر بىر «دىن» ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھاكىمىيىتى بولمىغان «دىن» خۇددى ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ خەرىتىسىگە ئوخشاش پەقەت سىلەرنىڭ كاللاڭلاردىلا مەۋجۇد بولىدۇ. يەر يۈزىدە بۇ قۇرۇلۇشنى كۆرگىلى بولمايدۇ. سىلەر ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان پۈتۈن بولغان بىنادا تۇرغان بولساڭلار، كاللاڭلاردىكى خەرىتىنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ سىلەر بۇ بىنانىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ-چىقىسىلەر، ئۈستۈڭلاردا ئۆگزە بار، تۆت ئەتراپ تام بىلەن قورشالغان بولغاچقا، سىلەر ئائىلەڭلارنى مۇشۇ بىنانىڭ خەرىتىسى بويىچە مۇشۇ بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭلار زۆرۈر. ئۇنداقتا، سىلەر باشقىلار لايىھىلىگەن بىنادا تۇرغان بولىسىلەر. ئەمما سىلەرنىڭ كاللاڭلاردا بۇ بىناغا تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر قۇرۇلۇشنىڭ خەرىتىسى بار، گەرچە سىلەر بۇ خەرىتىگە چوڭقۇر ئىشەنچ باغلىساڭلارمۇ، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئەگەر سىلەر باشتىن-ئاخىرى باشقىلار لايىھىلەپ سېلىپ قويغان بىنادا تۇرساڭلار، ئۇنداقتا ھېلىقى خەرىتە مەڭگۈ پەقەت سىلەرنىڭ كاللاڭلاردىلا مەۋجۇت بولىدۇ. يەر يۈزىگە قۇرۇلغان، ئۆگزىسى، تاملىرى بار، ئادەم ئولتۇرالايدىغان ئۆي بولغاندا ئاندىن بۇ بىنا ياكى ئىمارەت

ھېسابلىنىدۇ. بۇ مىسالغا ئوخشاش، رېئال تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي باشقا بىر «دىن»نى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، پالانى «دىن»غا ئېتىقاد قىلىمەن، ئۇ «دىن» ئۇنداق ھەقىقىي، مۇنداق راست...... دېگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. خۇددى كاللىدىكى خەرىتىنى قۇرۇلۇش ھېسابلىغىلى بولمىغاندەك، خىيالىمىزدىكى «دىن»نىمۇ «دىن» دېگىلى بولمايدۇ. خۇددى ھېچكىم خىيالىدىكى لايىھەدە ئولتۇراقلاشمىغانغا ئوخشاش، ھېچكىم خىيالىدىكى «دىن»نى ئاساس قىلىپ ياشىمايدۇ. بىر «دىن» چوقۇم يەر شارىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ، قانۇن تۈزۈپ، بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلارنى قېلىپلاشتۇرالىغاندا، ئاندىن ئۇ بىر ھەقىقىي «دىن» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ھەر بىر «دىن» ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ، پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇ «ئىبادەت»نىڭ ئوبيېكتى بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ «شەرىئەت»ىنى ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئاللاھنىڭ «دىنى» دېيىشكە بولىدۇ.

مۇھاكىمە

1. زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ خىيالىدىكى «دىن» بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۆزلىرى ئاساسلىنىۋاتقان «دىن» ئوخشاشمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ؟ ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار.

2. ئاللاھنىڭ «دىنى»نىڭ تەبىرىنى بايان قىلىڭ.

## مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈش

1. دېموكراتىك «دىن» (ئاممىنىڭ دىنى).

ئاممىنىڭ «دىنى» ياكى دېموكراتىك «دىن» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ دېگەنلىك، بىر دۆلەتتىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇق خەلقنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى تۈزۈپ چىققان «شەرىئەت» ئارقىلىق ئۆزلىرىنى باشقۇرىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيىتىگە بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭغا سادىق بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ دۆلەت ھەقىقەتەن دىموكراتىيە ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلمىسا، دېموكراتىك قانۇن ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشى قېلىپلاشتۇرۇلمىسا، بۇ دېموكراتىك «دىن» قانداقمۇ بەرپا بولىدۇ؟ ئەگەر بۇ

دۆلەت باشقا بىر مىللەت ياكى باشقا بىر پادىشاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئاممىنىڭ «دىنى» (دېموكراتىك دىن) نەدە قالىدۇ! گەرچە بەزىلەر ئاممىنىڭ «دىنى»غا ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟ ئۇلار پەقەت كۆڭلىدىكى ئاشۇ دېموكراتىك «دىن»غا مەپتۇن بولۇپ يۈرىۋېرىدۇ. پادىشاھنىڭ «دىنى» ياكى باشقا مىللەتنىڭ دىنى بىر كۈن مەۋجۇت بولىدىكەن، ئاممىنىڭ «دىنى» مەۋجۇت بولالمايدۇ.

2. پادىشاھنىڭ «دىنى».

بۇ «دىن»دا پادىشاھ ئەڭ ئالىي ھوقۇقتا ئىگە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ «شەرىئىتىلا» يولغا قويۇلىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلالمىسا، بۇ پادىشاھ پادىشاھ بولالمايدۇ. ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانمۇ بولالمايدۇ. ئەگەر ئاممىنىڭ «دىنى» تىكلەنسە، پادىشاھنىڭ «دىنى» تەبىئىيلا يوقىلىدۇ.

3. ئەنگلىيىنىڭ «دىنى».①

ئەمدى بىز ئەنگلىيىنىڭ «دىنى»غا، يەنى ھازىرقى ھىندىستان «دىنى»غا قاراپ باقايلى. بۇ «دىن»نىڭ ھازىرغا قەدەر مەۋجۇت بولۇشىدىكى سەۋەب، ھىندىستاننىڭ جازا قانۇنىنى، ھەق تەلەپ قانۇنلىرىنى ئەنگلىيىلىكلەر يۈرگۈزىۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلاردىكى بارلىق ئىشلىرىڭلار ئەنگلىيىلىكلەر بەلگىلەپ بەرگەن دائىرە ئىچىدە بولىۋاتىدۇ، سىلەر ھەممىڭلار ئەنگلىيىلىكلەر نېمە دېسە خوپ دەپ تۇرۇۋاتىسىلەر. بۇ «دىن»نىڭ ئاسارىتىدە تۇرۇپ، سىلەر بەلكىم باشقا «دىن»غا ئېتىقاد قىلىشىڭلار مۇمكىن، لېكىن سىلەر ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇ «دىن»نىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى رولى ئاللىقاچان يوقالغان. ئەگەر ھىندىستاننىڭ جازا قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنلىرى ناۋادا ئىجرا قىلىنىشتىن توختىسا، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بۇيرۇقىغا ھېچكىم ئىتائەت قىلمىسا، ئەنگلىيىنىڭ «دىنى»نىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟

4. ئىسلام «دىنى».

ئىسلام «دىنى»نىڭ ئاساسى شۇكى: پەقەت ئاللاھلا بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، شۇڭا ئاللاھقىلا بويسۇنۇش، ئىنسانلار تۇرمۇش قائىدىلىرىدە ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى»گە رىئايە قىلىشى لازىم. ئىسلام: ئەڭ

---

① ئىزاھات: بۇ نوتۇق 1938-يىلى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئەينى يىللاردا ھىندىستان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى.

ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە دەيدۇ. بۇ دېگەنلىك: دۇنيادىكى ھەممە ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ، سوت مەھكىمىلىرى ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى» بويىچە ھۆكۈم قىلىشى، پۇل ـ مۇئامىلىلىرى ئاللاھنىڭ «شەرىئىتى»گە ئۇيغۇن بولۇشى، ساقچىلارمۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تەرتىپ ساقلىشى، جىزىيە، ئۆشرە ـ زاكاتلار ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يىغىلىشى، ھەمدە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا ئىشلىتىلىشى، ھەق ـ تەلەپ قانۇنلىرى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈرگۈزۈلۈشى، ئارمىيىمۇ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشى، خەلقنىڭ پۈتكۈل زېھنى ـ قۇۋۋىتى ئاللاھنىڭ يولى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىشى لازىم. ئۇندىن باشقا يەنە، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلىش، يالغۇز ئاللاھدىنلا قورقۇش، ھەممە ئادەم ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇش زۆرۈر. بۇنداق «دىن» قانداقمۇ باشقا «دىن»لار بىلەن ھەمكارلىشالايدۇ؟ قايسى بىر «دىن» ئۆزىنىڭ باشقا «دىن»لار بىلەن ھەمكارلىشالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؟ باشقا «دىن»لارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ «دىنى»مۇ بارلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، باشقا «دىن»لارنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولمىغاندا خەلقنىڭ بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ناۋادا بۇ «دىن» بەرپا قىلىنسا، خەلقنىڭ «دىنى» بولامدۇ، پادىشاھنىڭ «دىنى» بولامدۇ ۋە ياكى كاپىتالىزمنىڭ «دىنى» بولامدۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت بولالمايدۇ. ئومۇمەن، باشقا بىر «دىن»نىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر باشقا «دىن» مەۋجۇت بولىدىكەن، ئىسلام «دىنى» مەۋجۇت بولمايدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ «دىنى»نى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا، بۇ ھەقتە مۇنداق تەكىتلەيدۇ:

﴿وَمَآ أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ وَيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَذَٰلِكَ دِينُ ٱلۡقَيِّمَةِ﴾

**«ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس**

ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر.» (سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت)

﴿ إِنِ ٱلْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ ۚ أَمَرَ أَلَّا تَعْبُدُوٓا۟ إِلَّآ إِيَّاهُ ﴾

«....... بارچە ھۆكۈملەر پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان.» (سۈرە يۇسۇف 40 ـ ئايەت)

﴿ وَقَٰتِلُوهُمْ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ ٱلدِّينُ كُلُّهُۥ لِلَّهِ ﴾

«پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار.......» (سۈرە ئەنفال 39 ـ ئايەت)

﴿ فَمَن كَانَ يَرْجُوا۟ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَٰلِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدًۢا ﴾

«....... كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن.» (سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت)

﴿ أَلَمْ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ ءَامَنُوا۟ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُوٓا۟ إِلَى ٱلطَّٰغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوٓا۟ أَن يَكْفُرُوا۟ بِهِۦ وَيُرِيدُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَن يُضِلَّهُمْ ضَلَٰلًۢا بَعِيدًا ﴾

«ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ.» (سۈرە نىسا 60 ـ ئايەت)

﴿ وَمَآ أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ ﴾

«بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)......» (سۈرە

نىسا 64 ـ ئايەت)

مەن كۆپچىلىككە «ئىبادەت»، «دىن» ۋە «شەرىئەت» ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتۈم، شۇڭا كۆپچىلىك يۇقارقى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايدۇ.

مۇھاكىمە

1. دۇنيادىكى ھەر خىل «دىن»لارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نېمە؟

2. ئىسلام دىنىنىڭ «ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇشى كېرەك» دېگەننىڭ كونكرېت مەنىسى نېمە؟

## جىھادنىڭ ئىسلامدىكى مۇھىملىقى

نېمە ئۈچۈن جىھادنىڭ ئىسلامدا شۇقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكى ئىنتايىن ئايدىڭلاشتى. خۇددى باشقا بارلىق تۈرمۇش تۈزۈمىگە ئوخشاش، ئاللاھنىڭ «دىنى»، پەقەت ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ قويۇشۇڭلار بىلەن ياكى نامازنىڭ شەكلىنى قىلىش ئارقىلىقلا ئۇنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئېتىقادىڭلارنىڭ بەلگىسى قىلىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىدىغان ئىش ئەمەس، سىلەرنىڭ بۇ «دىن»غا ئەگىشىپ قويۇپ، ئاندىن باشقا بىر «دىن»غا بويسۇنۇشۇڭلارغا بولمايدۇ. ھەتتا بۇ «دىن»غا ئېتىقاد قىلىمەن دەپ قويۇپ، باشقا بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە ياشىشىڭلارغا بولمايدۇ. شۇڭا، ئەگەر سىلەر بۇ «دىن»نى ھەقىقەتەن ھەقىقىي «دىن» دەپ قارىساڭلار، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ باشقا تاللىشىڭلار بولمايدۇ، سىلەر پەقەت ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن بۇ «دىن»نى بەرپا قىلىشىڭلار كېرەك. سىلەر بەلكىم پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن بۇ «دىن»نى بەرپا قىلىشىڭلار ياكى «دىن» ئۈچۈن ھاياتىڭلارنى تەقدىم قىلىشىڭلار مۇمكىن، بۇ بولسا سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىنى سىنايدىغان سىنتاش. ئەگەر سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار ھەقىقىي بولسا، باشقا بىر تۈزۈم ئاستىدا ياشىغان بولساڭلار، كۆڭلۈڭلار ھەرگىزمۇ خاتىرجەم بولمايدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇ تۈزۈم ئۈچۈن كەتمەن چاپمايسىلەر، ئۇ تۈزۈمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن خۇشال بولمايسىلەر. سىلەر بۇ «دىن»غا نىسبەتەن قەتئىي ئىشەنچ (ئىمان) تۇرغۇزغاندىن كېيىن، باشقا بىر «دىن»نىڭ

تۇزۇمى ئاستىدا ياشاشنى، خۇددى تىكەن ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىسىلەر، يېگەن ـ ئىچكىنىڭلارنى زەھەر، كەيگىنىڭلارنى كېپەن ھېس قىلىپ، بۇ ھەقىقىي «دىن»نى بەرپا قىلمىغۇچە بىردەممۇ تىنىم تاپماسلىقىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىسىلەر. ئەگەر سىلەر باشقا بىر تۈزۈم ئاستىدا ياشاپ، ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ئەسلىڭلارنى ئۇنتۇپ، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ ياشىغان بولساڭلار، كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، سىلەرنى ئىمان ـ ئېتىقادى بار ئادەملەر دېگىلى بولمايدۇ. سىلەرنىڭ قانچىلىك ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇشۇڭلار، ۋاقتىڭلارنى سەرپ قىلىپ ۋەز ـ تەبلىغ ئاڭلاشقا قاتنىشىشىڭلار، قۇرئان تەتقىق قىلىپ، ھەدىس ئۆگىنىشىڭلار، ھەتتا ئىسلام پەلسەپىسىنى مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىپ كېتىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، بۇلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ، مانا بۇ باشقا «دىن»لار بىلەن مۇرەسسە قىلغانلار (باشقا «دىن»لار بىلەن كېلىشىپ ياشىغانلار)نىڭ ئەھۋالى، باشقا «دىن» ئۈچۈن كەتمەن چاپقان بۇ مۇناپىقلار، ياكى باشقا «دىن»نى كىرگۈزۈش ئۈچۈن غالچىلىق قىلغانلارغا نىسبەتەن، مېنىڭ كۆز قارىشىمنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۆلۈم يىراق ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە ئاللاھ ئۆزى ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىقىدا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ئەگەر بۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ قارىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ بەكمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئاز ئەقلى ـ ھوشى بولسا، بىر ھەقىقىي «دىن»نى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ، يەنە باشقىچە تۈزۈم ئۇسۇلىنى تەرغىپ قىلسا ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن كەتمەن چاپسا، بۇ پۈتۈنلەي بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشى كېرەك. سۇ بىلەن ئوت ئورتاق مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ ئاللاھقا بولغان ئېتىقاد بىلەن ئورتاق مەۋجۇت بولالمايدۇ.

بۇ ھەقتىكى قۇرئان ئايەتلىرىنى بىرمۇ ـ بىر چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ.

پەقەت بىر نەچچە ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن:

﴿ أَحَسِبَ ٱلنَّاسُ أَن يُتۡرَكُوٓاْ أَن يَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا وَهُمۡ لَا يُفۡتَنُونَ وَلَقَدۡ فَتَنَّا ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ فَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡكَٰذِبِينَ ﴾

**«ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن**

سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.» (سۈرە ئەنكەبۇت 2 ـ 3 ئايەت)

﴿ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ فَإِذَآ أُوذِيَ فِي ٱللَّهِ جَعَلَ فِتۡنَةَ ٱلنَّاسِ كَعَذَابِ ٱللَّهِ وَلَئِن جَآءَ نَصۡرٞ مِّن رَّبِّكَ لَيَقُولُنَّ إِنَّا كُنَّا مَعَكُمۡۚ أَوَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِأَعۡلَمَ بِمَا فِي صُدُورِ ٱلۡعَٰلَمِينَ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ ﴾

«بەزى كىشىلەر: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت كەلسە: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە ئىدۇق» دەيدۇ. ئاللاھ جاھان ئەھلىنىڭ دىللىرىدىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلمەمدۇ؟ ئاللاھ مۆمىنلەرنى چوقۇم بىلىدۇ، مۇناپىقلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.» (سۈرە ئەنكەبۇت 10 ـ 11 ئايەت)

﴿ مَّا كَانَ ٱللَّهُ لِيَذَرَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَىٰ مَآ أَنتُمۡ عَلَيۡهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ ٱلۡخَبِيثَ مِنَ ٱلطَّيِّبِۗ ﴾

«ئاللاھ ياماننى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۇئمىندىن) ئايرىمىغۇچە مۇئمىنلەرنى (يەنى سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ.» (سۈرە ئال ئىمران 179 ـ ئايەت)

﴿ أَمۡ حَسِبۡتُمۡ أَن تُتۡرَكُواْ وَلَمَّا يَعۡلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ مِنكُمۡ وَلَمۡ يَتَّخِذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَا رَسُولِهِۦ وَلَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَلِيجَةٗۚ ﴾

«ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى جىھاد قىلغانلارنى، ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۇئمىنلەردىن باشقىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ سىلەر ئۆز ھالىڭىزغا قويۇپ بېرىلىمىز، (يەنى سىنالمايمىز) دەپ ئويلامسىلەر؟» (سۈرە تەۋبە 16 ـ ئايەت)

﴿ أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ تَوَلَّوۡاْ قَوۡمًا غَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مَّا هُم مِّنكُمۡ وَلَا مِنۡهُمۡ وَيَحۡلِفُونَ ﴾

«ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان قەۋمنى ئۇلارنىڭ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار سىلەرگىمۇ ۋە ئۇ قەۋمگىمۇ (يەنى يەھۇدىيلارغىمۇ) مەنسۇپ ئەمەس.......» (سۈرە مۇجادەلە 14 ـ ئايەت)

﴿ ٱسۡتَحۡوَذَ عَلَيۡهِمُ ٱلشَّيۡطَٰنُ فَأَنسَىٰهُمۡ ذِكۡرَ ٱللَّهِۚ أُوْلَٰٓئِكَ حِزۡبُ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ أَلَآ إِنَّ حِزۡبَ ٱلشَّيۡطَٰنِ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحَآدُّونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ أُوْلَٰٓئِكَ فِي ٱلۡأَذَلِّينَ كَتَبَ ٱللَّهُ لَأَغۡلِبَنَّ أَنَا۠ وَرُسُلِيٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِيٌّ عَزِيزٞ ﴾

«ئۇلار شەيتاننىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، شەيتاننىڭ قوشۇنى زىيان تارتقۇچىلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقۇچىلار ئەڭ خار ئىنسانلار قاتارىدىدۇر. ئاللاھ (لەۋھۇلمەھپۇزغا): «مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز» دەپ يازدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.» (سۈرە مۇجادەلە 19 ـ 21 ئايەت)

مۇھاكىمە

1. ھەقىقىي ئىمانى بار مۇسۇلمانلار ئىسلامدىن غەيرى تۈزۈم ئاستىدا ياشىسا، قانداق ھېسسىياتتا بولىدۇ؟

2. ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتىۋېلىپ ئىسلامدىن غەيرى تۈزۈم ئاستىدا بەخىرامان ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا تەدبىقلاپ بېقىڭلار.

3. ئىسلام «دىن»نى ھەقىقىي «دىن» دەپ تونىغان مۇسۇلمانلاردا قانداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك؟ ئۆز ئەھۋالىڭلارنى تەكشۈرۈپ بېقىڭلار.

## ھەقىقىي مۇئمىننى تونۇشنىڭ بەلگىسى ـ جىھاد

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەر ئارقىلىق، مەسىلە تېخىمۇ

ئايدىڭلىشىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان تۇرمۇش تۈزۈملىرى بارلىقتا كېلىپ، مۇئمىن شۇ تۈزۈملەر ئاستىدا ياشاۋاتقان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر مۇئمىن ئىكەنلىكىنى، پەقەت ساختا «دىن»لارنى يوقىتىپ، ھەقىقىي «دىن»نى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇ نىشان ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، بارلىق كۈچ-قۇۋۋەتنى سەرپ قىلىپ، ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلىشتىنمۇ باش تارتماي، ھەر قانچە ئازار-كۈلپەتكە دۇچار بولسىمۇ، ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن بەرداشلىق بېرەلىگەن بولسا، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (غەلىبە قىلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن)، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ھەقىقىي مۇئمىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، ئەگەر ئۇ ھوقۇقدارلارنىڭ ساختا تۇرمۇش تۈزۈمى بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ياكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ ياشىغان بولسا، ھەمدە يەنىلا ئۆزىنى ئىمانىم بار دەۋالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بىر ساختىپەز بولغان بولىدۇ.

مۇھاكىمە

1. ھەقىقىي مۇئمىننى تونۇشنىڭ بەلگىسى نېمە؟
2. سىز ئۆزىڭىزنى بىر ھەقىقىي مۇئمىن دەپ ئاتىيالامسىز؟

## جىھاد قىلمىغۇچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ

بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەردە، ھەقىقىي «دىن»نى بەرپا قىلىشتا قىيىنچىلىق بار دەپ بانا كۆرسەتكۈچىلەرگە جاۋاب بېرىلدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ھەر قېتىم ھەقىقىي «دىن»نى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىش باشلانغان ۋاقىتتا، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار پەيدا بولىدۇ. ساختا «دىن»لارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچى بولىدۇ. ئارمىيىسى، ئىقتىسادى مەنبەئى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار پۈتكۈل تۇرمۇشقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولىدۇ. باشقا بىر «دىن»نى تازا راۋاجلانغان بۇ «دىن»نىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس، ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، بۇ ۋەزىپىنى بىر ئۆمۈر ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ساختا «دىن»نىڭ قوينىدا، راھەت-پاراغەتتە ياشاۋېتىپ، يەنە بىر ھەقىقىي «دىن» بەرپا قىلماقچى بولساڭلار، بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان خام-خىيال بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئۇلۇغۋار مەقسەتكە يەتمەكچى بولساق، بارلىق

پايدا ـ مەنپەئەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىپ، قەيسەرلىك بىلەن ھەر قانداق قۇربان بېرىشتىن باش تارتماي، بۇ يولغا ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلىش زۆرۈر. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش (Jihad fi Sabilillah) مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئىرادىسى بار مۇئمىنلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئەمما بۇنداق كىشىلەرنىڭ سانى ھەمىشە ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئەمدى ھېلىقى ھەقىقىي «دىن»غا ئەگىشىش ئىرادىسى بار، لېكىن پوزىتسىيىسى تازا كەسكىن بولمىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار گەرچە چوڭ گەپ قىلىسىمۇ، ئەمما بۇ خىل كىشىلەر راھەت ـ پاراغەتتە، نەپسى ـ خاھىشى ئۇچۇن ياشاشقا لايىق كېلىدۇ. ئاللاھ يولىدا جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلغۇچىلار ئەڭ ئاخىرىدا نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىش بەدىلىگە ھەقىقىي «دىن»نى بەرپا قىلغان ۋاقىتتا، ھېلىقى كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:

Inna Kunna Ma’akum دېيىشىدۇ.

(مەنىسى: بىز ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ھەمراھلىرىڭلار، ئەمدى بىزنىڭ تېگىشلىك ھەققىمىزنى بۆلۈپ بېرىڭلار!)

مۇھاكىمە

1. ھەقىقىي «دىن»نى بەرپا قىلىش قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ؟

2. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش قانداق كىشىلەرنىڭ بۇرچى؟

3. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر ھەقىقىي مۇئمىن ياكى ئىسلامدىن باشقا تۈزۈم ئاستىدا راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغۇچى ئىكەنلىكىڭىز ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

# ئۈچىنچى قىسىم

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1
بىرىنچى باب ئىسلام ........................................ 3
«ئىسلام» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ........................................ 3
كۇفرىنىڭ ماھىيىتى ........................................ 6
ئىسلامنىڭ نېئمەتلىرى ........................................ 10
ئىككىنچى باب ئىمان ۋە ئىتائەت ........................................ 16
ئىماننىڭ تەرىپى ........................................ 18
بىلىشنىڭ يولى ........................................ 20
غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش ........................................ 21
ئۈچىنچى باب پەيغەمبەرلىك ........................................ 24
پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ........................................ 28
پەيغەمبەرلىكنىڭ قىسقىچە تارىخى ........................................ 30
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ........................................ 36
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئىسپاتلىرى.. 38
ئەڭ بۈيۈك ئىنقىلابچى ........................................ 48
پەيغەمبەرلىك ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ دەلىللىرى ........................................ 52
تۆتىنچى باب ئىماننىڭ ئاساسلىرى ........................................ 56
تەۋھىد (ئاللاھنى بىر دەپ ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىش) ........................................ 57
«لائىلاھە ئىللەللاھ» نىڭ مەنىسى ........................................ 58
تەۋھىدنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى ........................................ 65
ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ........................................ 70
ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ........................................ 72
ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش ........................................ 76
ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش ........................................ 80
ئاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ مۇھىملىقى ........................................ 80
ئاخىرەت ئەقىدىسىگە راتسىئونال بىر قاراش ........................................ 84

بەشىنچى باب ئىبادەت ........ 89
ئىبادەتنىڭ ئۇقۇمى ........ 90
ناماز ........ 92
روزا ........ 96
زاكات ........ 97
ھەج ........ 99
ئىسلامنى ھىمايە قىلىش ........ 101
جىھاد ........ 102
ئالتىنچى باب دىن ۋە شەرىئەت ........ 104
دىن بىلەن شەرىئەتنىڭ پەرقى ........ 104
شەرىئەتنى ئۆگىنىشنىڭ مەنبەلىرى ........ 105
فىقھى ........ 106
تەسەۋۋۇف ........ 107
يەتتىنچى باب شەرىئەت پرىنسىپلىرى ........ 110
شەرىئەتنىڭ ئۇقۇمى ۋە ماھىيىتى ........ 110
شەرىئەتتىكى ھەقلەر ۋە ۋەزىپىلەر ........ 113
ئاللاھنىڭ ھەققى ........ 113
نەپسىنىڭ ھەققى ........ 117
باشقىلارنىڭ ھەققى ........ 119
باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەققى ........ 125
شەرىئەت ئالەمشۇمۇل ۋە ئەبەدىي بىر قانۇندۇر ........ 126

# مۇقەددىمە

بۇ قىسقا رىسالە (قوللانما) خۇسۇسەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ۋە ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىق سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ياشلار ئۈچۈن يېزىلدى. شۇنداقلا باشقا كىتابخانلارمۇ پايدىلىنالايدۇ.

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى نەشرى 1937 ـ يىلى بېسىلغان ۋە ھىندىستاننىڭ كۆپلىگەن مەدرىسىلىرىدە ۋە پاكىستان قۇرۇلغاندىن كېيىن، پاكىستاننىڭمۇ كۆپلىگەن مەكتەپلىرىدە رەسمىي دەرسلىك كىتاب قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ 26 يىل ئىچىدە، ھازىر 23 ـ قېتىم نەشىردىن چىقىۋاتىدۇ. بۈگۈنگىچە خەلقئارادا بەش خىل تىل بىلەن 100 مىڭ دانە بېسىلىپ تارقىتىلدى.

بىزدە بۈگۈنگىچە دىنىي تەلىمدىكى پۈتۈن ئۆلچەملەر ئومۇمەن مۇنداق بولۇپ كەلدى: ئوقۇغۇچىلارغا كۆپىنچە فىقھى مەسىلىلىرىنى ئوقۇتۇش. بۇ ناماز، روزا ۋە تاھارەت قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئاقائىدلار (ئەقىدە) توغرىسىدا تەلىم بېرىش نىسبەتەن ئاز بولدى. بۇ ئۇسۇلنىڭ نەتىجىسىمۇ دېگەندەك ئۇنۇملۇك بولمىغان. ئوقۇغۇچى بولسا، ئوقۇشنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسلام دېگەن نېمە؟ بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ۋە نېمىشقا؟ ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ ئىنسان ھاياتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئەگەر بۇ ئەقىدىلەرگە بويسۇنۇپ ئەمەل قىلسا قانداق پايدىسى بار؟ ئەمەل قىلمىغاندا قانداق زىيانلىرى بار؟ ئىسلام پەقەت بۇيرۇق بىلەن بۇ ئەقىدىلەرگە بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلامدۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ توغرا ۋە ھەق ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتەمدۇ؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دىننى بىلىش ۋە ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. بۇلارنى زېھنىگە ئوبدان يەرلەشتۈرۈۋالمىغاندا، فىقھىنى ئۆگىنىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. چۈنكى، ئىمان بولمىسا ئەھكاملارغا ئىتائەت قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئىمان ـ قائىدىلەرنى تولۇق چۈشەنگەندىلا ئاندىن مۇستەھكەملىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ناماز، روزا توغرىسىدىكى ئەھكاملارنى سۆزلەشتىن، ئىبادەت ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىكى ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ مۇھىمراق. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇغۇچى چىن قەلبى بىلەن دىنىي ئەھكاملارغا بويسۇنۇپ، ئۇلارنى ئورۇنلاشقا تەييارلىنىدۇ. ناماز ئوقۇش تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىش بولسا ـ ئالدى بىلەن ناماز ئوقۇشنى خالىغان كىشى

ئۇچۇن پايدىلىقراق بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى ئەزەلدىن ناماز ئوقۇشقا ھازىر بولمىسا، ئۇ كىشىگە ناماز ئوقۇشنىڭ تەرتىپلىرىنى ئۆگىتىشنىڭ نېمە پايدىسى؟ شۇنىڭ ئۇچۇن، ناماز ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، ئوقۇغۇچىلارغا ناماز دېگەن نېمە؟ بۇ سىزگە نېمە ئۇچۇن پەرز قىلىندى؟ نامازنىڭ پايدىسى نېمە؟ ۋە نامازنى تەرك قىلغانىنىڭ زىيانلىرى نېمىلەر؟ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مەسىلىلەرنى ئالدى بىلەن قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئۇندىن كېيىن تەپسىلاتلىرىنى بايان قىلغاندا پايدىسى بولىدۇ. بۇ قوللانمىنى يۇقىرىقى ئېهتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ يازدىم. شۇنىڭ بىلەن دىنىي تەلىم ئىشلىرىدا يېڭى بىر ئۇسۇل قوللىنىشقا تىرىشتىم. مېنىڭچە بۇ ئۇسۇل كونا ئۇسۇللىرىمىزغا ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ، ھازىرقى زامان ئەھۋالىغا قارىغاندا، بۇ ئۇسۇلنىڭ پايدىسى تېخىمۇ كۆپ. بۇ ئەسىرىمدە قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىپ، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ بىر خۇلاسىسىنى تەقدىم قىلدىم. ئاللاھدىن بۇ ئىشىمدا مەقسىتىمگە يەتكۈزۈشنى تىلەيمەن. بۇ رىسالە ئارقىلىق دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ساھەسىدە تېخىمۇ پايدىلىق يېڭى بىر يول ئېچىلىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى
1960 ـ يىلى لاھۇر

# بىرىنچى باب ئىسلام

دۇنيادىكى پۈتۈن باشقا دىنلار، شۇ دىنىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ياكى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان خەلق ياكى مىللەتلەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، خرىستىئانلىق (ئىيسائىيەت) ھەزرىتى ئىيسا (خرىست) نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇددا دىنى بولسا قۇرغۇچىسى گوتۇما بۇددىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. زەردۇشت دىنىمۇ، بۇ دىنىنى قۇرۇپ چىققان زەردۇشت دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان. شۇنداقلا يەھۇدىي مەزھىپى «يەھۇدا» ئىسىملىك بىر قەبىلىدە راۋاجلانغانلىقتىن، بۇ دىن «يەھۇدىيلىك» دەپ ئاتالغان. ئىسلام دىنىدىن باشقا پۈتۈن دىنلاردا ئەھۋال شۇنداق.

ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ـ ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر شەخس ياكى بىر قەۋمگە مەنسۇپ بولمىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. دىنىمىزنىڭ ئىسمى «ئىسلام» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىدىن كېلىپ چىققان بىر ئالاھىدە سۈپەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىسمىنىڭ ئۆزىدىنلا، بۇنىڭ بىر شەخس ئىجاد قىلىپ چىققان دىن ئەمەسلىكى، شۇنداقلا بۇ ئىسىمنىڭ قانداقتۇر بىر قەبىلە ۋە ياكى بىر يۇرتقا مەنسۇپ ئەمەسلىكى ئېنىق. بۇ دىنىنىڭ بىرلا مەقسىتى ـ ئىنسانلار ئارىسىدا «ئىسلام»نىڭ سۈپىتىنى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۆتمۈشتە، ھەر قايسى دەۋرلەردە ياشىغان قەۋملەر ئىچىدىكى راستچىل ۋە توغرا نىيەتلىك كىشىلەر ئارىسىدا بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلار، قايسى ئىرققا مەنسۇپ، قايسى مەملىكەت ۋە ياكى قايسى قەۋمدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار «مۇسلىم» (ئىسلام سۈپىتىگە ئىگە بولغۇچىلار ـ ت) بولۇپ مۇسۇلمان ئىدى.

## «ئىسلام» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى

«ئىسلام» ئاتالغۇسى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بويۇن ئەگمەك، تەسلىم بولماق، ئىتائەت قىلماق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

دىنىمىزنىڭ ئاساسى ـ ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە قەتئىي ئىتائەت قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا «ئىسلام» دەپ نام بېرىلگەن.

ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەر بىر تۈزۈم

ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتكە ئىگە. ئاي ۋە يۇلتۇزلار مۇكەممەل، ئۇلۇغ بىر قانۇنىيەت سىستېمىسى بىلەن بىر-بىرىگە باغلانغان بولۇپ، بۇلاردا زەررىچىمۇ رىتلىق يۈز بەرمەيدۇ. كۈن، ئاي ۋە يەر شارى ئۆزىگە خاس بىر سۈرئەتتە، مۇئەييەن بىر ئوربىتا (سىزىق) ۋە نىشان بويىچە، قىلچە خاتاسىز ھالدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقتى، سائىتى قىلچە ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ قالمايدۇ. سۇ، ھاۋا، يورۇقلۇق، ئىسسىق-سوغۇقلارنىڭ ھەممىسى بىر قائىدىگە بويسۇنىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانلىقلار، ماددا ۋە ئېنېرگىيىلەرنىڭ ھەممىسى، ئۆزلىرىگە خاس بەلگىلەنگەن قانۇنىيەت بويىچە پەيدا بولىدۇ، ئۇزىرايدۇ، قىسقىرايدۇ، ياشايدۇ ۋە ئۆلىدۇ. ئىنسانغا نەزەر سېلىپ ئويلاپ كۆرگىنىمىزدىمۇ، ئەھۋال يەنە يۇقىرىقىدەك. ئىنساننىڭ تۇغۇلۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش، تەرەققىي قىلىش باسقۇچلىرى بەلگىلەنگەن تەبىئەت قانۇنىيىتىگە باغلىق. نەپەس ئېلىش، ئوزۇقلىنىش، ئىسسىقلىق، يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىش، يۈرەك ھەرىكىتى، قان ئايلىنىش قاتارلىقلار بۇ تۈزۈمگە ئاساسەن بىر رېتىم بىلەن داۋام قىلىدۇ. ئىنساننىڭ مېڭىسى، ئۆپكىسى، كۆزلىرى، قول-پۇتلىرى ۋە پۈتۈن نېرۋىلىرى، يەنى بەدەنىدىكى كىچىك بىر ھۈجەيرىدىن تارتىپ بىر پۈتۈن ئورگانىزمغا قەدەر، ئۇلارغا ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدۇ.

قىسقىسى، كائىناتىمىز ئىلاھىي قانۇنلار بىلەن ئىدارە قىلىنغان بىر ئالەمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىچىدىكى ھەر نەرسە ئۆزىگە بېرىلگەن بۇيرۇق بەلگىلەپ بەرگەن يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدۇ.

يەر يۈزىدىكى كىچىك بىر زەررە تۇپراقتىن تارتىپ، ئالەم بوشلۇقىدىكى ئەڭ چوڭ گالاكسى (سەييارە، ئاسمان جىسىملىرى-ت) دىن تەركىپ تاپقان كائىناتنى باشقۇرىدىغان بەكمۇ قۇدرەتلىك ۋە ھەر يەرگە ھاكىم قانۇن، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ بېكىتكەن قانۇنىدۇر. كائىناتتىكى ھەممە نەرسىلەر بۇ قانۇنغا تەۋە ۋە بويسۇنغان ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، پۈتۈن ئالەمنىڭ مەزھىپى «ئىسلام» دەپ ئېيتىمىز. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاللاھقا تەسلىم بولۇشنىڭ، ئىتائەت قىلىشنىڭ ئۆزى ئىسلام دېمەكتۇر. كۈن، ئاي، زېمىن ۋە پۈتۈن ئاسمان جىسىملىرى بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا «مۇسۇلمان». ھاۋا، سۇ، تاش-تۇپراق، ئىسسىقلىق، دەل-دەرەخلەر ۋە ھايۋانلارمۇ بۇلارغا ئوخشاش. شۇنداقلا ئاللاھنى تونۇمىغان بىر ئىنسان، ئاللاھنى ئىنكار قىلىدۇ، ئاللاھدىن باشقىسىغا چوقۇنىدۇ ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ يارىتىلىش، ئۆسۈپ

يېتىلىش، ھايات كەچۈرۈش ۋە ئۆلۈش قاتارلىق جەريانلاردا ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنغان ھالدا داۋام قىلىدۇ. يەنى بۇلار تەبىئىي ھالدا «مۇسلىم». چۈنكى، ئىنساننىڭ بەدىنى ئانا قورسىقىدا تۆرەلگەندىن باشلاپ، ئۆلۈپ، تورۇپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن ھاياتى پائالىيەتلىرى، مۇسكۇللىرىنىڭ ھەر بىر توقۇلمىسى، ۋۇجۇدىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنىغا شەرتسىز بويسۇنغان بولىدۇ. نادانلىق بىلەن كۇفرى سۆزلىگەن ۋە مۇشرىكلىك پىكىرلىرى بايان قىلغان تىلمۇ ئەسلىدە يارىتىلىشىدىنلا مۇسۇلماندۇر. ئاللاھدىن باشقىسىغا سەجدە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بېشىمۇ، تۇغۇلۇشىدىنلا مۇسۇلماندۇر. ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكتىن، ياراتقان ئاللاھدىن باشقا كىشىنى ھۆرمەت ۋە ئىززەتكە ئەڭ لايىق دېگەن يۈرىكىمۇ، تەبىئىي مۇسۇلماندۇر. چۈنكى، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ زەررىچە بىر تەۋرىنىشىمۇ ئاللاھنىڭ قانۇنى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

ئەمدى مەسىلىنى باشقا بىر تەرەپتىن تەھلىل قىلىپ باقايلى:

ئىنسان ھاياتى ۋە پائالىيىتى جەريانىدا بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى خىل مەيدانغا ئىگە قىلىپ يارىتىلغان.

بىرىنچىسى، ئۇنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۇ بۇ قانۇن ۋە تۈزۈملەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ ۋە ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارمۇ باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش پۈتۈنلەي تەبىئەتنىڭ قانۇن-ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇردۇر.

ئىككىنچىسى، ئىنسان ئەقىل ۋە ئىدراكقا ئىگە قىلىپ يارىتىلغان، ئويلاش، چۈشىنىش، مۇھاكىمە قىلىش، تاللاش، قوبۇل قىلىش، رەت قىلىش، خالاش ياكى خالىماسلىقتا ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھاياتتا خالىغان تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە. خالىغان بىر چۈشەنچىنى، ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭغا ئاساسەن ھايات شەكلىنى ۋە تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقالايدۇ. باشقىلارنىڭ تۈزۈم ۋە پرىنسىپلىرىنى خالاپ قوبۇل قىلالايدۇ. مانا بۇ جەھەتلەردە باشقا مەخلۇقاتلارغا قارىغاندا، ئۇلارغا مۇستەقىل ئويلاش، تاللاش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلگەندۇر. دېمەك، ئىنساندا يۇقىرىقىدەك بىر-بىرىگە زىت ئىككى تەرەپ بىرلىكتە مەۋجۇدتۇر.

بىرىنچىسى، دۇنيادا يارىتىلغان باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاش يارىتىلىش جەھەتتە «مۇسۇلمان»، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنىدۇ ۋە بويسۇنۇشقا مەجبۇر. بۇلارنى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئىككىنچىسى، مۇسۇلمان بولۇش ياكى بولماسلىق. يەنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىدۇر. شۇنداقلا، بۇ ئەركىنلىك ئاساسىدا ئىنسانلار مۇئمىنلەر ۋە كاپىرلار دەپ ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. ياراتقۇچىسىنى تونۇپ، ئۇنى مۇتلەق هاكىم دەپ ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭ قانۇن ۋە ئەمىر-پەرمانلىرىغا چىن كۆڭلىدىن ۋە كەم-كۇتىسىز ئەمەل قىلىپ بويسۇنغان، خۇسۇسىي ۋە ئىجتىمائىي هاياتىدا ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىنغان پرىنسىپلارغا رىئايە قىلغان كىشى، تولۇق «مۇسۇلمان» بولغان كىشى. ئۇنىڭ «ئىسلام»ى تولۇقلانغان بولدى. بۇ ئىنسان ئۆزى ئىگە بولغان ئەركىن ئىرادە ۋە تاللاش هەققىنى ئاڭلىق ئاساستا ئىشلىتىپ، ئاللاهقا ئىتائەت قىلىشقا قارار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامنىڭ مۇكەممەللەشكەن باسقۇچىغا ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ پۈتۈن هاياتى باشتىن-ئاخىرى ئاللاهنىڭ ئىرادىسىگە تاپشۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇ بۇرۇن چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىتائەت قىلغان بولسا، مانا ئەمدى، تېگى تەكتىگە يېتىپ ئاڭلىق هالدا بويسۇنۇشقا، ياراتقان ئىگىسىگە چىن كۆڭلى بىلەن ئىتائەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان ئۆگىنىش ۋە بىلىش قابىلىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن ياراتقۇچىسى ئاللاهنى تونۇغانلىقى ئۇنىڭ هەقىقىي بىلىمگە ئېرىشكەنلىكىدۇر.

ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئۆگىنىش ۋە بىلىش قابىلىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن، ياراتقۇچىسى ئاللاهنى تونۇغانلىقى، ئۇنىڭ هەقىقىي بىلىمگە ئېرىشكەنلىكى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق سۆزلەش ۋە تەرىپلەش ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان تىلى ياراتقان ئىگىسىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە راستچىل بولىدۇ. مانا بۇلار ئۆز ئىرادىسى بىلەن ياكى ئىرادىسىز هالدا، هاياتىنىڭ پۈتۈن ساهەلىرىدە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بىر ئاللاهنىڭ ئەمىر-پەرمانىغا بويسۇنماقتا. بارلىق مەخلۇقاتلار ئىبادەت قىلغان ئاللاهقا بەندىچىلىك قىلماقتا ۋە پۈتۈن ئالەم بىلەن ئاشنا بولماقتا. مانا شۇنداق بىر ئىنسان، يەر يۈزىدە ئاللاهنىڭ ۋەكىلى (خەلىپىسى). پۈتۈن يەر يۈزى ئۇنىڭدۇر ۋە ئۇ ئۆزى ئاللاهنىڭ قۇلىدۇر.

## كۇفرىنىڭ ماهىيىتى

يۇقىرىدا تەرىپى قىلىنغانلارنىڭ ئەكسىچە، بىر قىسىم ئىنسانلار يارىتىلىشىدىن مۇسۇلمان بولۇپ دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما هاياتى جەريانىدا بۇنىڭدىن خەۋەرسىز، ئاڭسىز هالەتتە ئىلاهىي قانۇنىيەت ئاساسىدا ياشاۋاتىدۇ. ياراتقان ئىگىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئەقلىنى، زېهنىنى ۋە سەزگۈ

قابىلىيىتىنى ئىشلەتمەيدۇ. ئىنكار قىلىش ئەركىنلىكىنى ئىشلىتىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئىنسانلار ئىسلامدا كاپىر دېيىلىدۇ.

كۇفرىنىڭ ئەسلى مەنىسى ــ «يوشۇرماق، يۆگىمەك ــ يەنى پەردىلىمەك» دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھنى ئىنكار قىلغان ئىنسان، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدىكى نەپسى ۋە روھىدىكى ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى، ئەزالىرى، مۇسكۇل ۋە نېرۋىلىرىنىڭ ھەر بىر تالاسى تەبىئىي قانۇنىيەتكە بويسۇنغان ھالدا ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جانلىق ۋە جانسىز ھەر بىر پارچە ــ بىر ئىلاھىي قانۇن بىلەن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىنساننىڭ كۆزى ۋە ئەقلى خۇددى تۇمان بىلەن توسۇلۇپ قالغاندەك، بۇ ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمغان ۋە بۇنىڭغا خىلاپ ھالدىكى ئەكس چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتلەردە بولماقتا. كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە. مانا بۇ كۇفرىنىڭ ماھىيىتى. ئەمدى كاپىرنىڭ قانچىلىك بىر گۇمراھ (يولدىن ئېزىقىپ كەتكۈچى ــ ت) ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالدىڭىز.

«كۇفرى» جاھالەتنىڭ ئۆزىدۇر. كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بىردىنبىر ئىگىسى بولغان ئاللاھنى بىلمەسلىكتىنمۇ بەتتەر جاھىللىق ۋە نادانلىق بولامدۇ؟ بىر ئىنسان ئەتراپىدىكى تەبىئەتنىڭ چەكسىزلىكىنى، كىچىك-كۈندۈز توختىماستىن ئىشلەۋاتقان تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ مېخانىزمىنى، ھەممىدە كائىناتتا ئاشكارا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۈيۈك مودېللارنى كۆزى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىزلەرنى ياراتقان ۋە ئىدارە قىلىۋاتقان قۇدرەتلىك ياراتقۇچىنى تونۇماسمۇ؟ ئۇ مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئىشلەۋاتقان، كەم ــ كۈتىسىز بىر ئورگانىزمدىن ئىبارەت ۋۇجۇدىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزى خالىغان مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ ــ يۇ، لېكىن بۇلارنى ياراتقان قۇدرەت ئىگىسىنى، بۇ مېخانىزمنى سىزىپ پىلانلىغان ۋە ياساپ چىققان ئىنژېنېرنى تونۇمايدۇ. كاربون، فىررۇم، كالتسىي (تۇپراق تەركىبىدىكى ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ ــ ت) قاتارلىق جانسىز ماددىلاردىن، مىسلىسىز بىر جانلىق مەخلۇقنى ئاپىرىدە قىلغان ياراتقۇچىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئەتراپىدىكى دۇنيادا ئىلىم ــ ھېكمەت، پەن ــ تېخنىكا، ماتېماتىكا ۋە ئىنژېنېرلىق قاتارلىق ھۈنەرلەر ئەكس ئەتكەن نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ چەكسىز ۋە سىرلىق ئالەمنى ياراتقان ئىگىسىگە كەلگەندە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالىدۇ. شۇنداق بۈيۈك ھەقىقەتكە كۆز يۇمغان ئىنساننىڭ، ھەقىقىي ئىلمىي كۆز قاراشقا ئىگە بولالىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق بىر ئىنسان دەسلەپتىلا خاتا يولغا كىرگەنىكەن، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى، تەتقىقاتلىرى ۋە توغرا يولنى تېپىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن

ئىرىشچانلىقلىرى مەڭگۈ نەتىجىسىز قالىدۇ. چۈنكى، توغرا ۋە ھەقىقەتكە باشلايدىغان يول ئۇنىڭغا تاقالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئېزىقىپ يۈرگىنى يۈرگەن.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، كۇفرى ـ زۇلۇمدۇر. زۇلۇم دېگەن نېمە؟ بىر نەرسىنىڭ تەبىئىي يارىتىلىشىغا، ھەقىقىي ئىرادىسىگە قارشى ۋە تەبىئىي قابىلىيىتىگە خىلاپ ئىشلارغا مەجبۇرلاش زۇلۇم دېمەكتۇر.

كائىناتتىكى ھەر بىر نەرسە، ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنغان ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆردۇق. بۇلارنىڭ تەبىئىي يارىتىلىش قانۇنىنىڭ ئۆزى ئىلاھىي قانۇنغا ئىتائەت قىلىش، يەنى «ئىسلام»دىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە ھەر بىر پارچىسىمۇ بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت ئاساسىدا پەيدا بولغان.

ئاللاھ ئىنسانغا، بۇ نەرسىلەر ئۈستىدە چەكلىك ھالدا ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. بۇ نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىدە ئىلاھىي قانۇنىيەتكە بويسۇنۇش ياتىسىمۇ، كۇفرىنى تاللىغان ئىنسان ئۇلارنى ئەكس ھالدا ئىشلىتىدۇ. ئاللاھ ياراتقان قەلبىدە ياراتقۇچىسىغا بولغان سۆيگۈ ۋە ئۇلۇغلاش بولمايدۇ. ئۆزى مەئبۇدلاشتۇرۇۋالغان نەرسە ياكى كىشىلەرنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇلاردىن قورقىدۇ. بەدىنىنى، ئەزالىرىنى ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمرـ پەرمانلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا ئىشلەتمەي، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە قارشى ئىشلىتىدۇ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدۇ. ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىدىغان بۇنداق ئىنساندىنمۇ يامانراق زۇلۇم قىلغۇچى بولامدۇ؟

كۇفرى بۇلاردىن باشقا يەنە ئىسيانكارلىق ۋە تۇزكورلۇقتۇر. بىر ئاز ئويلاپ بېقىڭلار! ئۆز جىسمىغا، بەدىنىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ قانچىلىك كۈچى ۋە ھوقۇقى بار؟ ئەقلىنى، يۈرىكىنى، روھىنى ۋە پۈتۈن ئورگانىزمىنى ئۆزى ياسىۋالغانمۇ؟ ياكى بۇلارنى ياراتقان ئاللاھ ئاتا قىلغانمۇ؟ كائىناتتىكى، شۇنداقلا تەبىئەتتە مەۋجۇد بولۇۋاتقان بارلىق شەيئىلەر ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغانمۇ؟ ياكى ئاللاھ ياراتقانمۇ؟ بارلىق كۈچ ۋە ئېنېرگىيىنى ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن كىم يارىتىپ بەرگەن؟ ياكى ئىنسان ئۆزى ئىجاد قىلىپ چىققانمۇ؟ سىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىگە «ئاللاھ ياراتقان، بۇلارنىڭ ئىگىسى يالغۇز ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان لۇتفى ـ ئىنايىتى» دەپ جاۋاب بېرىسىلەر. ھەقىقەت شۇنداق ئىكەن، ئاللاھ بەرگەن ئەقلىنى ئاللاھقا قارشى چىقىشقا ئىشلەتكەن، يۈرىكىدە ئاللاھقا قارشى ھېسسىياتلار ساقلىغان، ئاللاھ بەرگەن ھەر خىل قابىلىيەتلىرىنى، ياراتقۇچىسى بولغان ھاكىم مۇتلەق

ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئۈچۈن قوللانغان كىشىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن خائىن بولامدۇ؟ بىر خىزمەتچى خوجايىنىغا ساداقەتسىزلىك قىلسا ئۇنى ۋاپاسىز دەپ ئەيىبلەيمىز. بىر ئەسكەر باشلىقى ئۆز كۈچىنى دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ئىشلەتسە، ئۇنى خائىن دەپ تونۇيمىز. بىر كىشى ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە يامانلىق قىلسا، ئۇنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن تۇزكور دەيمىز. بۇ ۋاپاسىزلىق، ھارامتاماقلىق ۋە خائىنلىقلارنى بىر كاپىرنىڭ «كۇفرى»نى تاللىۋېلىپ، ئاللاھقا قارشى ئىشلىگەن جىنايەتلىرىگە قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ شۇنىڭدەك، كۈچ ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەنبەئى كىم؟ ئىنسانغا بۇ كۈچنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىنى كىم بەردى؟ ئىنساننى بۇنداق يۈكسەك مەرتىۋىگە چىقارغان كىم؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئىنايىتى ۋە ئېھسانىدۇر.

بۇ دۇنيادا ئىنسان ھەممىدىن كۆپ ئاتا ـ ئانىسىغا قەرزداردۇر. ئەمما ئاتا ـ ئانىنىڭ قەلبىگە پەرزەنت مېھرىنى سالغان كىم؟ ئانىغا بالىسىنى بېقىش ئارزۇسىنى ۋە كۈچ بەرگەن كىم؟ بالىلىرىنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن بار ـ يوقىنى پىدا قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىغا بۇ ئىلھام كىمدىن كېلىدۇ؟ ئازراق ئويلاپ كۆرسەك، ئىنسانغا ئەڭ بۈيۈك ياردەم قىلغۇچى ئاللاھ ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ياراتقۇچى، ئاسرىغۇچى ۋە ئىگىمىز بولغان ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىگە ئىتائەت قىلماسلىق، ۋاپاسىزلىق، خائىنلىق ۋە ئەڭ ئۈچىغا چىققان تۇزكورلۇقتۇر.

ئىنسان كۇفرى بىلەن ئاللاھقا زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ ئويلاپمۇ قالماڭ! چەكسىز، پايانسىز بۇ ئالەمدە بىر زەررىچىلىكمۇ بولمىغان ئىنسان، كائىناتنىڭ ئىگىسى ئاللاھقا قانداقمۇ زىيان يەتكۈزەلەيدۇ؟ ئاللاھنىڭ مۈلكى شۇنچىلىك كاتتا، كەڭتاشا ۋە پايانسىزكى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ كۈچلۈك تېلېسكوپلار بىلەنمۇ ئالەمنىڭ چېگرىسى تېخىچە ئېنىقلانغىنى يوق. ئاللاھ شۇ قەدەر قۇدرەتلىككى، يەر شارى، ئاي، كۈن ۋە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ئالەم بوشلۇقى جىسىملىرى، ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن كىچىك توپقا ئوخشاش چۆرگىلەپ ئايلىنىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ بايلىقى ھەددى ـ ھېسابسىز. ئۇ پۈتۈن ئالەمنىڭ يالغۇز ئىگىسى، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى يوق، ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەخلۇقات ئۇنىڭ رەھمىتىگە موھتاج. ئىنساننىڭ ئىسيانلىرى، كاپىرنىڭ كۇفرى بۇ ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت بۇ ئىتائەتسىز ئىنسان، ئەڭ زىيانغا ۋە زالالەتكە دۇچار بولغان مەخلۇقتۇر.

كۇفرى ۋە ئىتائەتسىزلىك كىشىلەرنى ھاياتىي كۆز قاراشلاردا چوقۇم

مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق بىر ئىسيانكار ئىنسان ھەقىقىي ئىلىم ۋە ھېكمەتنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. چۈنكى، ياراتقۇچىسىنى بىلدۈرەلمىگەن بىلىمى ھاياتتا ھېچقاچان ئۇنى توغرا يولغا ئېلىپ بارالمايدۇ. بۇ خىل ئىنسانىنىڭ كۆز قاراشلىرى، مۇھاكىمە ۋە تەتقىقاتلىرى، داۋاملىق خاتا يۆنىلىشتە ۋە تۇيۇق يولدىدۇر. چۈنكى ياراتقۇچىسىنى تونۇيالمىغان ئەقلى ئۇنىڭ ھايات يولىنى يورۇتالمايدۇ. نەتىجىدە ھاياتىدىكى پۈتۈن ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرايدۇ. ئەخلاقى، مەدەنىيىتى، ئائىلە ھاياتى، تۇرمۇش كۆرۈشى، قىسقىسى پۈتۈن ھايات جەريانى ئېگىز-پەسلىكلەر ۋە بەختسىزلىكلەر بىلەن تولغان. يەر يۈزىدە پىتنە-پاسات ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ. ۋىجدانسىزلارچە قان تۆكىدۇ. باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ زالىملىق قىلىدۇ. ئەخلاقسىزلىقى، مەنتىقسىز پىكىرلىرى ۋە ئەمەللىرى بىلەن ئەتراپىنى، جەمئىيەتنى زەھەرلەيدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. يەنى، بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ۋە ئەتراپقا زۇلۇم قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئاخىرەتكە بارغاندا ھاياتىدا يارىتىلىشىدىكى مەقسىتىگە، كۈچىگە قارشى ئىشلىگەن پۈتۈن جىنايەتلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

ۋۇجۇدىدىكى ھەر بىر ئەزاسى، ھەر بىر ئورگانلىرى، مېڭىسى، كۆزلىرى، بۇرنى، قول- پۇتلىرى، بۇ خائىن تۇزكور ئىنساننىڭ ئۈستىدىن «بۇ زالىم ساڭا ئاسىيلىق قىلدى، ئەمر- پەرمانىڭغا خىلاپلىق قىلىپ ساڭا ئىسيان قىلدى ۋە بۇ ئىسياندا بىزنى زورلاپ قوللاندى» دەپ، ئادالەتنىڭ ئىگىسى ۋە جىنايەتكارلارنى ئەڭ ئادىل جازالىغۇچى ئاللاھقا شىكايەت قىلىدۇ ۋە ئاللاھ ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

مانا بۇ كۇفرىنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى. بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتىشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

## ئىسلامنىڭ نېئمەتلىرى

كۇفرىنىڭ يامان تەرەپلىرىنى ۋە زىيانلىرىنى كۆردۇق. ئەمدى ئىسلامنىڭ پايدىلىرى ۋە نېئمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرەيلى.

دۇنيادا ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، كۆزىمىز چۈشكەنلا جايدا ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالىنىڭ سىمۋولى ۋە ئۈلگىلىرىنى كۆرىمىز. ئۆزگەرتىشكە مۇمكىن بولمايدىغان بىر قانۇنىيەتكە ئاساسەن، قەتئىي تەۋرەنمەستىن، تەرتىپ- ئىنتىزام بىلەن ھېچ توختىماستىن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ

سەلتەنەتلىك كائىنات، ياراتقۇچىسى، هازىرلىغۇچىسى، باشقۇرغۇچىسى، ھەر نەرسىگە قادىر، پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇدرەت، ئىلىم ـ ئىرپان ئىگىسى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بەرمەكتە. ئۇنىڭ ھېكمىتى ھېكمەتلەرنىڭ ئەڭ مۇكەممىلىدۇر.

كائىناتتىكى ھەر بىر نەرسە ئۇ ياراتقان تەبىئەت قانۇنىغا بويسۇنماي مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئىنسانمۇ شۇنداق. چۈنكى، بۇ قانۇنىيەتلەرگە قارشى چىققان ئىنساننىڭ ھايات قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇلار بىزنىڭ ھەر كۈنى بويسۇنۇپ ئەمەل قىلىۋاتقان تەبىئەت قانۇنى دەپ ئاتالغان ئىلاھىي قانۇنلاردىن ئىبارەت.

لېكىن، ئاللاھ ئىنسانلارغا ئىدراك، يەنى بىلىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان. چۈشىنىش، مۇھاكىمە قىلىش قابىلىيىتىنى ۋە توغرىنى خاتادىن ئايرىش ئىقتىدارىنى بەرگەن. شۇنداقلا ئىنسانغا بەلگىلىك ئاساستا، ئىرادە ۋە ھەرىكەت مۇستەقىللىقىنىمۇ بەرگەن. ئەسلىدە بۇ ئەركىنلىك ئىنساننى سىناشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئىلمىنى سىناش، ئەقلىنى سىناش ۋە ياخشى ـ يامانني پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى ۋە ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بۇ ئەركىنلىكنى قانداق شەكىلدە قوللانغانلىقىنى سىناشتۇر. بۇ سىناقتا ئىنسانغا ھېچبىر چەكلىمە بولمايدۇ. ئەگەر چەكلىمە قويۇلسا، مەجبۇر قىلىنسا، سىناق (ئىمتىھان)نىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان بۇ ئىمتىھاندا ئۇ ياكى بۇ يولنى ئىختىيار قىلىشقا زورلاپ مەجبۇر قىلىنمايدۇ. تەبىئىيكى، ئىمتىھاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىسىز دەپ ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلگەندىمۇ، ئىمتىھاننىڭ ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ. ئەگەر سىز ئىمتىھاندا، ئۆز بىلىمىڭىز ۋە چۈشەنچىڭىز بويىچە، ئەركىن، ئىختىيارى ھالدا ئويلىنىپ سوئاللارغا جاۋاب بەرسىڭىز، بۇ ئىمتىھان نەتىجىسى سىزنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتىڭىزنىڭ ئۆلچىمى بولالايدۇ. ئەگەر بەرگەن جاۋابلىرىڭىز توغرا بولسا، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولىسىز ۋە پارلاق ئىستىقبالنىڭ يولى سىزگە ئېچىلغان بولىدۇ. ئەگەر جاۋابىڭىز خاتا بولسا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسىز ۋە كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزگە توسالغۇ بولىدۇ.

ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالىمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھايات جەريانىدا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالغان يولىنى ۋە ھايات شەكلىنى، ئىسلامنى ياكى كۇفرىنى تاللاشتا، ئاللاھ ئىنسانغا ئىرادە ۋە ھەرىكەت ئەركىنلىكى ئاتا قىلغان.

ئەمدى قارايدىغان بولساق، بۇ يەردە ھەم ئۆزىنىڭ تەبىئىي يارىتىلىشىغا قارشى، ھەم كائىناتنىڭ يارىتىلىشىغا زىت ھالدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان بىر

ئىنسان بار. ھەقىقىي ياراتقۇچىسىنى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىشتە خاتالاشقان، ئىتائەتسىزلىك ۋە ئىسيانكارلىق يولىنى ئىختىيار قىلىپ، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەركىن تاللىۋېلىش ئالاھىدىلىكىنى خاتا ھالدا يامان يولغا ئىشلەتكەن. بۇ ئىنسان بىلىم، ئەقىل ۋە چۈشەنچە ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن. ئۆزىنىڭ قانچىلىك بىر قابىلىيەتسىز، پەسكەش بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئىسپاتلاپ بەرگەن.

بۇ خىل ئىنسانىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىمتىھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەن بىر ئىنسانىنى كۆرىمىز. بۇ ئىنسان ئەقلىنى، ئىلمىنى توغرا ۋە جايىدا ئىشلىتىپ، ياراتقۇچى ئاللاھنى تونۇپ يەتكەن، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن (ئىمان كەلتۈرگەن). بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېچقاچان مەجبۇرلانمىغان، زورلانمىغان، ئۆزى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىنى تاللىۋالغان. توغرىنى خاتادىن ئايرىۋېلىشتا خاتالاشمىغان ۋە يامان يولغا كىرىپ كېتىش مايىللىقى بولۇپ تۇرسىمۇ ھەق يولنى تاللىيالىغان. ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە تەبىئەتتىكى رېئال ھادىسىلەرنى توغرا چۈشەنگەن. ھەر قانداق بىر يولنى تاللاش كۈچىگە ۋە ئىرادىگە ئىگە بولسىمۇ، ھەق يولغا ـ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىغا كىرگەن ۋە سىناقتىن ئۆتكەن. چۈنكى، ئۇ كۆزلىرىنى ھەقىقەتنى كۆرۈشكە، قۇلاقلىرىنى توغرىنى ئاڭلاشقا، قەلبىنى ۋە روھىنى تاللىۋالغان ھەق يولنى بويلاپ مېڭىشقا ئىشلەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىنسان ھەقنى ئىزدىگۈچى بولماستىن، بەلكى ھەقنى بىلگۈچى ۋە ھەقىقە ئىبادەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنسان بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

مۇنداق ئىنسان، بىلىم ۋە ئەمەلىيەتنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە دائىم توغرا يولدا ماڭىدۇ. ئاللاھنى پۈتۈن سۈپەتلىرى بىلەن تونۇغان كىشى، ھەقىقەتنىڭ (ھەقىقىي بىلىم ـ ت) بېشىنى ۋە ئاخىرىنى بىلىدۇ.

ھاياتتا بىرىنچى قەدەمنى توغرا باسقان كىشى، ھېچقاچان ئېزىقىپ، خاتا يولغا كىرىپ كەتمەيدۇ. پەلسەپە ساھەسىدە كائىناتنىڭ سىرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا باشلايدۇ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما بىر كاپىر پەيلاسوپتەك شۈبھى ۋە ئىككىلىنىشلەر چۆلىدە ئېزىقىپ يۈرمەيدۇ. ئاللاھ نۇرلاندۇرغان بۇ ھەق يولدا ھەر بىر قەدىمىنى توغرا باسقان ھالدا ئىلگىرىلەيدۇ. ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرىنى ئۆگىنىدۇ. دۇنيانىڭ سىرلىرىنى ئۇتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ئەقلىنىڭ ۋە ماددىنىڭ بۇگۈنگىچە بايقالمىغان

كۈچ-قۇدرىتىنى ئىدارە قىلىشقا، باشقۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلىدۇ. پۈتۈن كۈچ ۋە ھېكمەت يوللىرىنى كەشىپ قىلىپ، يەردىكى ۋە ئاسماندىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىدۇ. تەتقىقاتلىرىنىڭ ھەربىر سەھىپىلىرىدە داۋاملىق ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرغانلىقى، ئۇنى ئىلمىنى، پەن- تېخنىكىسىنى يامان يولغا ئىشلىتىشتىن ساقلايدۇ. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىن تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە جىسىملار ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتىدىن كۆرەڭلەپ، بۇلارنى ئۆزىنىڭ ھېسابىغا يېزىش، ئۆزىنى بىر ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە، دەپ دەۋا قىلىشقا ئوخشاش خاتا چۈشەنچىلەرگە ئۈچرىمايدۇ. «مەن ئىلىم-پەن بىلەن تەبىئەتنى بويسۇندۇردۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شەخسىي مەنپەئەتىمگە خىزمەت قىلدۇرۇپ، دۇنياغا خوجايىن بولىمەن، خالىسام دۇنيانى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيمەن» دەپ قاراش، پەقەت بىر كاپىر ئالىمنىڭ چۈشەنچىسى ۋە تۇتقان يولى.

مۇسۇلمان ئالىم ئىلمىي تەتقىقاتلىرىدىن نەتىجە قازانغانسېرى، كائىناتتىكى كەشپىياتلىرى مېۋە بەرگەنسېرى، ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانى ۋە تەستىقى شۇنچە كۈچلىنىدۇ. ئاللاھقا تېخىمۇ كۆپ ھەمدۇ-سانا ئېيتىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىدىسى- بۇ ئىلىم ۋە كۈچ-قۇدرەت، ماڭا ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتتۇر، بۇلارنى مەن يەنە ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سەرپ قىلىمەن دەپ چۈشىنىدۇ. ئىلاھىي تەبلىغ ۋە ئىسلامنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلىمى ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بىر ۋاستە بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە بۇ يول بىلەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن بولىدۇ. شۇنداقلا، تارىخ، ئىقتىساد، ھوقۇق قاتارلىق ئىلىم-پەن ساھەسىدە ۋە سەنئەتنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىدە ئىشلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا، مۇسۇلمان ئالىم بىر كاپىر ئالىمدىن ھېچقاچان ئارقىدا قالمايدۇ. ئەمما نۇقتىئىنەزىرى، ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنىڭ نەتىجىلىرى، بىر-بىرلىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. مۇسۇلمان ئالىم، پەننىڭ ھەر بىر ساھەسىنى ھەقىقەت كۆزى بىلەن قاراپ تەھلىل قىلىپ، تەجرىبىلىرىدىن توغرا ساۋاق ئېلىپ، مەدەنىيەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش سەۋەبلىرىدىن، ئۆتمۈشتىكى پۈتۈن توغرا ۋە خاتالىقلاردىن توغرا يەكۈن چىقىرىپ، بۇ مىللەتلەرنى مۇنقەرزلىككە ئېلىپ بارغان يولدىن چېۋەرلىك بىلەن ساقلىنىدۇ. سىياسەتتە بىردىنبىر مەقسىتى- تىنچلىق،

ئادالەت ۋە پەزىلەت ھۆكۈم سۈرگەن، ئىنسانلار بىر-بىرلىرى بىلەن قېرىنداشلارچە ئىناق ياشايدىغان ۋە ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قۇللۇق تۈزۈمگە قەتئىي يول قويۇلمايدىغان، كىشىلىك ھەقلىرىنى قوغدايدىغان ۋە دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئامانىتى دەپ بىلىپ، بۇنى پۈتۈن ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ھوقۇق (ئادالەت ۋە قانۇن ـ ت) ساھەسىدە بولسا، بىر مۇسۇلمان، قانۇننى ھەقىقىي رەۋىشتە ئادالەتلىك، بولۇپمۇ ئاجىزلار ناھەقچىلىككە ئۇچرىمايدىغان، كۈچسىزلەرنىڭ ھەققىنى قوغدايدىغان ئاساستا تۈزۈپ چىقىدۇ. ھېچكىمنىڭ زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە ئۇچرىشىغا يول قويمايدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ھەر زامان ئاللاھدىن قورقۇش، تەقۋادارلىق ۋە راستچىل بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. مۇسۇلمان ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، باشقىلارغا بەرگەن نەرسىنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ھېچقانداق بىر نەرسىگە، ھەتتا ئۆزىنىڭ جىسمىغىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئامانىتى، ماڭا بۇلار قولۇمنىش ئۈچۈن بېرىلگەن، بۇ ھوقۇقۇمنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئەمرىگە مۇۋاپىق قوللىنىشىم لازىم، بىر كۈنى ئاللاھ بۇ ئامانەتلەرنى مەندىن قايتۇرۇۋالىدۇ ۋە ئۇ كۈنى بۇلاردىن بىر-بىرلەپ ھېساب ئالىدۇ دەپ، ياراتقۇچىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئۇنى خاتالىششتىن ساقلايدۇ.

بۇنداق چۈشەنچە ۋە پىكىر قىلىش يولى بىلەن ياشىغان ئىنساننىڭ ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك ئىكەنلىكىگە بىر قاراپ باقايلى! ئۇ ئىنسان يۈرىكىنى پۈتۈن يامان خىياللاردىن پاك تۇتىدۇ. مېڭىسىنى ئەسكى ۋە بۇزۇق پىكىردىن ساقلايدۇ. كۆزلىرىنى يامانلىققا قاراشتىن، قۇلىقىنى يامان ۋە كۇفرى سۆزنى ئاڭلاشتىن ساقلايدۇ. يالغاننى تىلغا ئالمايدۇ، كۇفرى سۆزلەشكە تىلى بارمايدۇ، تۇرمۇشىنى ھالال يول بىلەن قامدايدۇ. ھارامدىن تاپقان ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ياكى ئاجىزلارنى يىغلىتىپ، قاقشىتىپ تاپقان دۇنيانى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ يېمەيدۇ. ئىرقى ۋە جىنسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقانداق بىر ئىنسانغا زورلۇق ۋە ھەقسىزلىق قىلىنىشقا يول قويمايدۇ. زالىملارغا يان باسمايدۇ، باش ئەگمەيدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ياخشىلىق ۋە پەزىلەتنىڭ ئۈلگىسى بولىدۇ. ھەق يولىدا شەخسىي ئارزۇ ۋە مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىشتا ھېچ ئىككىلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ دەل بۇ يولدا غەلىبە قازىنىشقا ئىشەنچى كامىل ۋە ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنى ئالداپ

ياكى قورقۇتۇپ ھەق يولدىن توسالمايدۇ.

يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىنمۇ شەرەپلىك كىشى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بېشى، يالغۇز ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئېگىلىدۇ (سەجدىگە بارىدۇ- ت). دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئىززەتلىك كىشى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قولى ئاللاھدىن باشقىسىغا ئېچىلمايدۇ (ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمدىن تىلىمەيدۇ- ت). دۇنيادا ئۇنىڭدىن كۈچلۈك ئىنسان يوق، چۈنكى ئۇ ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. ئۇ ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمدىن مۇكاپات ياكى ئۈستۈن دەرىجە تەمە قىلمايدۇ. ئۇنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇشقا، ئىمانىنى سېتىۋېلىشقا قادىر ھېچقانداق بىر كۈچ مەۋجۇد ئەمەس.

ئۇ دۇنيادا ئەڭ باي كىشىدۇر. چۈنكى ئۇ ئاچكۆز ئەمەس، شەھۋەتپەرەس ئەمەس، نەپسىنىڭ قۇلى ئەمەس، ھەسەتخور ۋە تەمەخور ئەمەس. ئۇ ھالال ئەمگەك بىلەن تاپقان مېلىغا قانائەت قىلىدۇ. يامان يول بىلەن تاپقان ھارام پۇل-مال ۋە دۆلەتنى ئالدىغا دۆۋىلەپ قويسىمۇ قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى قانائەت، خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشىرىپ تۇرىدۇ. ئىنسانغا بۇلاردىنمۇ ئارتۇق بايلىق ۋە دۆلەت بولامدۇ؟

ئۇ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئىناۋەتلىك بىر ئىنسان، چۈنكى ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدىغانلارنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويمايدۇ. ۋە ھەر زامان راستچىل بولىدۇ، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. ھەر ئىشنى توغرىلىق ۋە ئادىللىق بىلەن ئىشلەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ئاللاھ ھەر يەردە ھازىر بار ۋە ھەر نەرسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدۇ. بۇنداق كىشى ئىگە بولغان ئېتىبار ۋە ئىناۋەتنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل ئالىيجانابلىقلارغا ئىگە كىشىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ھۆرمەت قىلمايدىغان كىم بار؟ مانا بۇلار بىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتى ۋە خاراكتېرى.

بىر مۇسۇلماننىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى تىكلەنگەندىن كېيىن، بۇ ئۇنىڭ دۇنيادا ھېچقاچان چۈشكۈنلەشمەيدىغانلىقىنىڭ ۋە مەغلۇپ بولمايدىغانلىقىنىڭ كاپالىتى. ئۇ ھاكىم بولۇشقا مەنسۇپ. ئەمما ھېچ بىر زامان مەھكۇم بولمايدۇ، چۈنكى ئىسلامنىڭ ئۇنىڭدا ياراتقان ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلىدىن، ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنىڭغا كۆلەڭگە چۈشۈرەلمەيدۇ، مەغلۇپ قىلالمايدۇ.

بۇ دۇنيادا شەرەپلىك ۋە مۆتىۋەر ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۈستىگە ئەڭ ئالىي رەھمەتلىرىنى ياغدۇرىدىغان ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئالدىغا قايتىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئۆتتى. ئۇ پانىي دۇنيا ھاياتىدا بەخت-سائادەت ئىچىدە ياشىدى، ئاخىرەتتىمۇ

ئەبەدىي ھۇزۇر، خۇشاللىق ۋە سائادەت ئىچىدە ياشايدۇ.

ھەر قانداق بىر شەخس، خەلق تۈپى، مەلۇم دەۋر ياكى بىر جايغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغان، ئىنسانىنىڭ دىنى بولغان ئىسلام يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام پۈتۈن كائىناتنىڭ بىردىنبىر يولى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بىردىنبىر دىنىدۇر. ھەر قايسى دەۋرلەردە، ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ۋە ھەر قايسى قەۋملەر ئىچىدە ياشاپ ئۆتكەن، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن ۋە ھەقنى قوللىغان پۈتۈن ياخشى خىسلەتلىك كىشىلەر، مەيلى ئۇلار ئۆز تىللىرىدا بۇ دىننى «ئىسلام» دەپ ئاتىسۇن، ياكى باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزھىپى ئىسلامدىن ئىبارەت ئىدى، ۋە ئۇلارمۇ ئىسلام يولىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ئىدى.

# ئىككىنچى باب ئىمان ۋە ئىتائەت

ئىتائەت ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىلىم ۋە يېقىن (ئىشەنچ) بولۇشى كېرەك. ئۆتكەنكى دەرسلەردە سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، «ئىسلام» ـ ئاللاھقا بويسۇنۇش دېمەكتۇر. تۆۋەندە ئىنسانىنىڭ بۇ بىر قانچە مەسىلىلەرنى بىلمەي تۇرۇپ، ۋە بۇ بىلىشنىڭ چىن ئىشىنىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەي تۇرۇپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمەن.

ھەممىدىن ئاۋۋال، ئاللاھنىڭ بارلىقىغا تولۇق ۋە تەۋرەنمەس ئىشەنچ بىلەن قاراش لازىم. ئەگەر بىر ئىنسان ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىسا، ئۇ قانداقمۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ۋاقىپ بولۇشى لازىم. بىر ئىنسان ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ باشقا بىر شېرىكى يوقلىغىنى، ئۇنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيىتىنىڭ زەررىچە بىر قىسمىغىمۇ ئورتاق بولىدىغان ھېچكىمنىڭ يوقلىغىنى بىلمىسە، ساختا تەڭرىلەرگە، باشقا مەخلۇقلارغا چوقۇنۇشتىن، ئۇلاردىن ياردەم سوراپ قول ئېچىشتىن قانداقمۇ ساقلىنالايدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئىنسانىنىڭ ئاللاھنىڭ بىر ۋە بارلىقىغا بولغان ئىشەنچى ـ ھەقىقىي ۋە ئىلمىي بولسا، بۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. بىر كىشى ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىنى كۆرۈشكە، ئاڭلاشقا قادىر، ھەر قانداق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلىقلىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىق سۈپىتىگە ئىشەنمىسە، ئۇ كىشى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلماسلىقتىن قانداق ساقلىيالايدۇ؟

مانا بۇلارنى ئويلاپ بىر كۆرسىڭىز، بىر ئىنسانننى ئەڭ ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلىدىغان ۋە هاياتىنى ئىسلامىي پەزىلەتلەر بىلەن تۈزىتىپ توغرا يولغا ئېلىپ بارىدىغان بىردىنبىر ۋاستە، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش ئىلمى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. ئىنساننىڭ زېھنى، روهى، ئىشەنچى، ئەخلاقى ۋە پائالىيەتلىرى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش ئىلمى بىلەن پاكلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش ھەققىدىكى بۇ ئىلىم پەقەت بىر يۈزەكى مەلۇمات ۋە ياكى ئاكادېمىيىلىك بىر پەن بىلەن تولۇقلانمايدۇ. ئاللاھنىڭ رىزاسىنى قولغا كەلتۈرىدىغان هايات شەكلىنى بىلىش لازىم. ئاللاھ بىزدىن رازى بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟ رازى بولمايدىغان ئىشلار قايسىلار؟ بۇلارنى بىلمىگەن كىشىنىڭ ئاللاھ ياخشى كۆرمىگەن ئىشلاردىن ساقلىنىپ، رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشى هېچقاچان مۇمكىن ئەمەس. بىر كىشى ئاللاھنىڭ قانۇن ۋە ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى بىلمىسە ياكى ئۇلارغا چىن يۈرەكتىن ئىشەنمىسە، ئۇ ئادەمنى ئاللاھقا ئىشىنىدۇ دەپ ئېيتقىلى بولامدۇ؟ بۇ يەردە ئاللاھنىڭ قانۇن ۋە ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا بولغان تولۇق ئىشەنچ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئىشەنچ تولۇق ۋە تەۋرەنمەس بولمىسا، ئۇ ئىنسان كۆڭلىدە ئىككىنچى بىر قانۇنىيەتنى توغرا دەپ چۈشىنىشى ۋە ھەقىقىي يولدىن ئېزىپ كېتىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئاللاھنىڭ رىزاسىغا قارشى ھەرىكەت قىلىشنىڭ ۋە ئۇ بۇيرۇغان، ئۇ خالىغان يولدىن ماڭماي، ئىلاھىي قانۇنغا قارشى ھەرىكەت قىلىشنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. شۇنداقلا، ئاللاھنىڭ رىزاسى بىلەن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا مېڭىپ، پاك، پەزىلەتلىك ۋە ئىتائەتچان هايات ئۆتكۈزۈشنىڭ قانداق نېئمەتلەرگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلگەندىن كېيىنكى ئاخىرەت هاياتى توغرىسىدىكى بىلىمى ناهايىتى مۇھىم. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن هاياتىنىڭ ئاخىرلاشمايدىغانلىقى، يېڭىدىن تىرىلىپ ئاللاھنىڭ ئالىي ئادالەت مەھكىمىسىدە سوراققا تارتىلىدىغانلىقى، مەھشەر كۈنى ئىنسانلار بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدىغانلىقى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ (ئىتائەتسىزلىك، كۇفرىنىڭ) جازاسىنى تارتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىلىمى، ئىشەنچى تولۇق ۋە تەۋرەنمەس بولۇشى لازىم. ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن كىشى ـ ئىتائەت قىلىش بىلەن قىلماسلىقنىڭ هېچبىر پەرقى يوق، ئىتائەت قىلغان ۋە قىلمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى بەرىبىر ئوخشاش، ھەر ئىككىسى ئۆلگەندىن كېيىن توزۇپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ

خىل چۈشەنچىگە ئىگە بولغان بىر ئىنساندىن ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنىدۇ، تائەت-ئىبادەت قىلىدۇ ۋە بۇلارنىڭ مۇشەققىتىگە، جاپاسىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ دەپ ئۈمىد قىلغىلى بولامدۇ؟ بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا بىر زىيىنى يەتمەيدىغان گۇناھلاردىن قورقىدۇ ۋە ياكى ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاخىرەت ھاياتىنى ۋە مەھشەر كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشەنمەيدۇ، كۆڭلىدە شەك قىلىدۇ ۋە ئىككىلىنىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمايدۇ. سىلەرنىڭ بىر ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلار، ئۇ ئىشنىڭ سىلەرگە كەلتۈرىدىغان پايدىسىنى ئېنىق چۈشەنگەندىلا مۇمكىن بولىدۇ. يامان ئىشنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى بىلگەندىلا ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا تىرىشىمىز. دېمەك، بىر يولنى تاللاشتا ئازماي يۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يولنىڭ ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسى توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە بولۇش ۋە بۇ بىلىمنى ئىشەنچ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بۇلار ئىتائەت يەنى ئىسلامچە ياشاشنى خالىغان كىشى بىلىشكە تېگىشلىك ئاساسى پرىنسىپلاردۇر.

## ئىماننىڭ تەرىپى

بىز يۇقىرىدا «بىلىش ۋە ئىشىنىش» دەپ تەرىپلەپ ئۆتكەنلىرىمىزنىڭ ئاتىلىشى، يەنى ئىسمى «ئىمان»دۇر. ئىمان ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىلىش، ئىشىنىش ۋە شۈبھە كەلتۈرمەيدىغان دەرىجىدە قانائەتلىنىش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئىمان-بىلىش ۋە قانائەتلىنىشتىن تۇغۇلغان قەتئىي ئىشەنچتىن ئىبارەت. ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە، سۈپەتلىرىگە، قانۇن، ئەمر-پەرمانلىرىغا، ئۇنىڭ مۇكاپات ۋە جازا پرىنسىپلىرىغا تەۋرەنمەس رەۋىشتە ئىشەنگەن ۋە بۇلارنى بىلگەن كىشى مۇئمىن (ئىمان ئېيتقۇچى-ت) دەپ ئاتىلىدۇ. شەك-شۈبھىسىز، بۇ ئىمان ئىنساننى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىتائەتچان ھاياتنى ياشىغان كىشى «مۇسۇلمان» بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىمانى بولمىغان ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ مۇسۇلمان بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ مۇناسىۋىتى-دەرەخ بىلەن ئۇرۇقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقسىز دەرەخ يىلتىز تارتىپ ئۆسمەيدۇ. ئۇرۇقنى يەرگە تىككەندىمۇ تۇپراقنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، ھاۋا رايىنىڭ ناچار بولۇشىدىن ياكى ۋاقتىدا سۇغۇرۇپ، ياخشى خەۋەر ئېلىنمىغانلىقتىن دەرەخ

سۇپەتسىز (كىرەكسىز) ئۆسىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر كىشى باشلانغۇچتا ئىمانغا ئىگە بولمىسا، ئۇنىڭ «مۇسۇلمان» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىر كىشى ئىمان ھەققىدە ئاز- تولا بىلىمگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، ئىرادىسىنىڭ ئاجىز بولۇشى، تەربىيە جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى، يامان يولدىكى دوستلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولالماسلىقى مۇمكىن. ئىمان ۋە ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئىنسانلار تۆۋەندىكى تۆت دەرىجىگە بۆلىنىدۇ:

بىرىنچىسى: كۈچلۈك ئىمانغا ئىگە بولغانلار. بۇ ئىمان ئۇلارنى پۈتۈن قەلبى بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا ماڭىدۇ، ئاللاھ خالىغان، ئاللاھ ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ مەنئى قىلغانلىرىدىن قاچىدۇ، پۈتۈن قەلبى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. لېكىن بۇ تىرىشىش شەخسىي شان- شۆھرەت ۋە بايلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان زوق ۋە تىرىشچانلىققا تامامەن ئوخشىمايدۇ. مانا بۇ كىشى ھەقىقىي مۇسۇلماندۇر.

ئىككىنچىسى: ئاللاھقا، ئۇنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا ۋە مەھشەر كۈنىگە ئىشىنىدۇ. ئەمما بۇ ئىشىنىش ئاجىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئىشەنچى) ئۇنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا زورلىيالمايدۇ. يامان قىلىقلىرى ۋە دىققەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن ھەقىقىي مۇسۇلمان دەرىجىسىدىن خېلى تۆۋەن تۇرىدۇ. دىققەتسىزلىكى ۋە گۇناھكارلىقى «ئاسىيلىق» دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنى ۋە ھاكىمىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بۇ كىشى جازاسىنى تارتىسىمۇ يەنىلا مۇسۇلماندۇر.

ئۈچىنچىسى: ئەسلىدە ئىمانى يوق، كۆرۈنۈشتىكى بەزى ئەمەللىرى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا، ئەمر- پەرمانلىرىغا ئۇيغۇندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ياخشى ئەمەللىرى- ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئۈچۈن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەمەللەرنىڭ ھېچ قىممىتى يوق. بۇ خۇددى ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان، ئەمما قانۇنلىرىنى قانۇن دەپ تونۇمىغان ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان كىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ قىلمىشلىرى ئۇ ھۆكۈمدارغا قارشى ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنداق ئادەمنى ھۆكۈمدارغا سادىق ۋاپادار پۇقرا دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ خىلدىكىلەر خائىن قاتارىغا كىرىدۇ.

تۆتىنچىسى، ئىمانىمۇ يوق، ياخشى ئەمەللىرىمۇ يوقلار. بۇلار يەنە

دۇنيادىكى پۈتۈن ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ، پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ ۋە زالىملىق ۋە ھەقسىزلىقلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ. بۇلار ئەڭ يامان ئىنسانلار، ئاسىي ۋە گۇناھكار ئىنسانلاردۇر. ئىنسانلارنىڭ يۇقىرىقىدەك دەرىجىلەرگە بۆلۈنۈشى، ئىنساننىڭ ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشى ۋە ئىككىلا ئالەمدە ئۇتۇقلۇق بولۇشى ئىمانغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىتائەتچان ھاياتنىڭ جانلىنىشى ئىمان ئاساسلىرىدىن كەلمەكتە. بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقى يېتەرسىز بولۇشى ياكى كەمچىلىكسىز بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىمانسىز بىر كىشىدە «ئىسلام»نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىمان بولمىغان يەردە ئىسلام بولمىغاندەك، ئىسلام يوق يەردە كۇفرى بولىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ۋە ماھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ «كۇفرى» (كاپىرلىق ـ ت)دۇر.

## بىلىشنىڭ يولى

ئىتائەت ئۈچۈن ئىماننىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۆگەندۇق. ئەمدى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى، قانۇنلىرىنى، ئاخىرەت ھاياتى ۋە مەھشەر كۈنى توغرىسىدىكى ئىلىمنى بىلىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋە ئىشەنچلىك يوللىرى قايسى؟ دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالەمنى ياراتقۇچى يالغۇز بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، ئەتراپىمىزدا، ھەر جايدا، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا، كائىناتنىڭ ھەر بىر بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىدراك ۋە باشقۇرۇش كۈچىنى، ئۇنىڭ مەرھەمىتى ۋە غەزىپىنى، قىسقىسى، ئۇنىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئەسەرلىرى بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى ئۆگەندۇق. لېكىن، ئىنساننىڭ ئەقلى بۇلارنى چۈشىنىشتە، كۆزلىرى بۇلارنى كۆرۈشتە كۆپ ھاللاردا خاتالىشىدۇ. كۆز ئالدىدا ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ پاكىتلارنى كۆرەلمىگەن ۋە چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بولىدۇ. بەزىلىرى ئاللاھ ئىككى دەپ چۈشەنسە، بەزىلىرى ئۈچ دەپ خىيال قىلغان، يەنە بىر قىسىم ئىنسانلار بىر قانچە خۇدا بار دەپ كۆپ تەڭرىچىلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، يامغۇر خۇداسى، بوران خۇداسى، ئوت خۇداسى، ئۆلۈم خۇداسى ۋە ھايات خۇداسى بار ۋە بۇ خۇدالارنىڭ ئىشلىرى باشقا ـ باشقا بولۇپ، بۇلاردىن بىرسى ھەممىسىنى باشقۇرىدۇ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دېمەك، ئاللاھنىڭ زات ۋە سۈپەتلىرىنى بىلىشتە ئىنسان ئەقلى ناھايىتى

كۆپ يېڭىلىشلارغا ئۇچرىغان.

ئۆلگەندىن كېيىنكى ھايات (ئاخىرەت ھاياتى) توغرىسىدىمۇ ئىنسانلار نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپ، بەزىلىرى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلمەيدۇ، توزۇپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ دەپ خىيال قىلسا، يەنە بەزىلىرى ئىنسان تەكرار تۇغۇلۇپ ئۆز ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى ئالىدۇ دەپ قارىغان.

سىزنىڭ ئاللاھنىڭ زات ـ سۈپەتلىرىدىن خەۋىرىڭىز يوق. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ، پۈتۈن ئالەم مېخانىزمىنى ئىلاھىي بىر قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيسىز. ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن بىر ھايات يولىنى تاپالمايسىز، ئاخىرەت ھاياتى ھەققىدىكى تونۇشىڭىز مۇجمەل ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان. بۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى بىلىمنى، پەقەت ئاللاھ ئۆزىنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى ۋاقىپلاندۇرغان، ھەق ۋە توغرا ئىلىمنى ئاتا قىلغان «پەيغەمبەر»دىنلا ھاسىل قىلالايمىز.

سىز ئۇ كىشىنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ) پاك ھاياتى، راستچىللىقى، سەمىمىيلىكى، ئىناۋەتلىكلىكى، تەقۋادارلىقى، ئوتتۇرىغا قويغان سۆزلىرىدىكى ھېكمەت ۋە كۆرسەتكەن دەلىللىرىنىڭ ھېچ بىر ۋاقىتتا رەت قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆرىسىز. بۇلاردىن باشقا، ئۇنىڭ چاقىرىقلىرى، سۆزلىرىدىكى قايىل قىلىش قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى، سىزنى بۇلارنىڭ تامامەن توغرا ۋە ھەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەرغىب قىلغانلىرىغا (تەبلىغلىرىغا) ئىشىنىپ، ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. ھەقىقەتنى تونۇش جەھەتتىكى غەيىبكە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ رىزاسىغا ئىگە بولۇشتىكى شەرتتۇر. چۈنكى، ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە بولۇش ئاللاھنىڭ ئەلچىسى (پەيغەمبىرى)نىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقىي بىلىم ھاسىل قىلماي تۇرۇپ، ئىسلام يولىدا ئازماستىن توغرا مېڭىشقا مۇمكىن ئەمەس.

## غەيىبكە ئىمان كەلتۈرۈش

بىر نەرسىنى بىلەلمىگىنىمىزدە، ئۇنى بىلىدىغان بىرسىنى ئىزدەپ تاپىمىز ۋە ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە ئىشىنىپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىمىز. كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۆزىمىز قىلغان چارە ـ تەدبىرلەر كار قىلمىسا دوختۇرغا

بارىمىز. دوختۇرنىڭ مۇتەخەسسىسمۇ ئەمەسمۇ، تەجرىبىلىكمۇ يوقمۇ، داۋالىغان باشقا كېسەللەر ساقايغانمۇ... غا ئوخشاش ئەھۋاللارنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىمىز ۋە قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، كېسىلىمىزنى كۆرسىتىمىز ۋە بەرگەن دورىلارنى ھېچ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماستىن ئالىمىز. چۈنكى، ئۇ دوختۇرنىڭ كېسىلىمىزنى داۋالىيالايدىغانلىقىغا ئىشەندۇق. ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە كەم-كۈتىسىز ئەمەل قىلىمىز. بۇيرۇيدىغان پەرھىزلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش قانۇن ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ۋەكىلىمىز (ئادۋوكاتىمىز) نېمە دېسە شۇ بويىچە ئىش قىلساق، زىيان تارتمايدىغانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىمىز. ئوقۇشتا ئوقۇتقۇچىغا ئىشەنچىمىز كامىل ۋە ئۇنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى توغرا دەپ بىلىمىز. يولنى بىلمىگەن بىر جايغا بارماقچى بولساق ئالدى بىلەن بۇرۇن بۇ جايغا بارغان بىر كىشىدىن يولنى سوراپ بىلىۋالىمىز ۋە ئۇ كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىپ مەنزىلگە يېتىپ بارىمىز.

قىسقىسى، دۇنيا ئىشلىرىدا ھەر قانداق بىر بىلمەيدىغان ياكى بىلەلمىگەن ئىشنى قىلىش ئۈچۈن، بىلىدىغان بىرسىدىن سوراپ ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىمىز، يەنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمىز.

دېمەك، بىلمىگەن ۋە بىلەلمەيدىغان ئىشلاردا بىر بىلىدىغان كىشى بىلەن يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرىنى، يوليورۇقلىرىنى قوبۇل قىلىپ شۇ بويىچە ئىش قىلىش ھاياتىڭىزدا ئەڭ توغرا يولدا ماڭغانلىقىڭىز بولىدۇ. سىزگە بۇنداق بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك بىرسىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن خېلى يول ماڭىسىز، جاپا-مۇشەققەتلەر چېكىسىز. سىز تولۇق ئىشەنگەن ئۇ كىشىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى، يوليورۇقلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەي، سوئال-سوراقسىز قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىسىز. بۇ بىر خىل «غەيىبكە ئىمان كەلتۈرۈش» بولىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە سىز بىلمىگەن مەسىلىلەردە بىلگەن بىر كىشىگە ئىشەندىڭىز. بۇ سىز بىلمىگەن ئىلىمنى باشقا بىلىدىغان بىر كىشىدىن ھاسىل قىلىش ۋە بۇ ئىلىمگە ئىشىنىش دېمەكتۇر.

ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن بولغان بىر ياشاش يولىنى تاللاش مەسىلىسىدە ئىنسانىنىڭ ئۆز ئەقلى، پىكرى بىلەن بۇنى توغرا ھەل قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. گەرچە ئىنسان ناھايىتى ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك ۋە يىللارنىڭ بۇيۇك تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولغان بولۇپ، بىر يەرگىچە بەزى ئىشلارنى چۈشىنىپ كېتەلىسىمۇ، يەنىلا ھەقىقەتكە ئېرىشكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالمايدۇ، ئىككىلىنىدۇ.

ھاياتتا بىر كىشىنىڭ توغرا يولنى تېپىشى ئۈچۈن، ھېچقانداق بىر تاشقى

ھىدايەت تەسىرى بولماستىن، ئۆز ئەقلى، ئىلمى ۋە يۈكسەك قابىلىيىتىنى ئەڭ ئۈيغۇن شەكىلدە قوللىنىشى، پەقەت ئۆز ئىمكانلىرىغا ۋە تەجرىبە ـ سىناقلىرىغا تاشلاپ قويۇلغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۆز ئەقلى بىلەن تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش بىلەن نەتىجە قازىنىپ، توغرا ھەقىقەت يولىنى تاپقانلار ئىككىلا دۇنيادا سائادەتكە ئېرىشكەن، نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلەر بولسا، يەنىلا باتىل يولدا قالغان بولاتتى. ئەمما، ئاللاھ بەندىلىرىنى ھەق يولنى تېپىشتا ئۇنداق قىيىن سىناقلارغا قويمىدى. مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغان ئاللاھ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئۇنىڭ (ئاللاھنىڭ) سۈپەتلىرى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە قىلىپ بىر قىسىم ئىنسانىنى ياراتتى ۋە ئۇلارغا خالىغان ھايات يولى ۋە ئاخىرەت ھاياتى توغرىسىدا ئەڭ مۇكەممەل بىلىملەرنى ئاتا قىلدى. شۇنداقلا بۇ بىلىملەرنى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى باشقا ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشنى ئەمر قىلدى. مانا بۇلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر (ئەلچى)لىرىدۇر. ئاللاھ ئەلچىلىرىگە ئۇ بىلىملەرنى، ھۆكۈملىرىنى «ۋەھيي» ۋاستىسى بىلەن يەتكۈزدى. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىدىن ئىبارەت كىتاب ـ ئاللاھنىڭ كىتابى، سۆزلىرى ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدۇر.

شۇنىڭدەك، ئىنساننىڭ ئەقلى ـ قابىلىيىتىنىڭ سىنىقى، ئۇ ئىنساننىڭ پەيغەمبەرنىڭ پاك ھاياتىغا قاراپ ئۇنىڭ يۈكسەك، مۇكەممەل ۋە كەمچىلىكسىز تەلىمىنى ئۆگىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىمان ئېيتىش ـ ئېيتماسلىقتىن ئىبارەت دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەقىقىي ئەقىل ۋە ئىدراك ئىگىسى بولغان كىشى ھەقىقەتنى تونۇپ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ بەرگەن تەلىملىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئىنكار قىلسا، بۇ ئىنكارچىلىق ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ۋە توغرىنى بىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ. بۇنداق ئىنسان ئىلاھى قانۇننى ۋە ئاخىرەت ھەقىقىتى توغرىسىدىكى ھەقىقىي بىلىملەرگە ھېچ بىر زامان ئېرىشەلمەيدۇ.

# ئۈچىنچى باب پەيغەمبەرلىك

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مۇزاكىرىلىرىمىزدە تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلە ئايدىڭلاشتۇرۇلغان ئىدى:

بىرىنچىسى، بىر ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول ـ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ھالدا ياشاش. بۇ خىل ئىتائەتچان ھاياتتا ياشاش ئۈچۈن بىلىم ۋە ئىمان (بىلمەك ۋە ئىشەنمەك) يەنى ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە بىلىم ھاسىل قىلىش، ئاللاھ رازى بولىدىغان ۋە رازى بولمايدىغان ئىشلارنى بىلىش، تاللىۋالغان يولنى تونۇش (نىشانى ئېنىق بولۇش)، مەھشەر (ئاخىرەت) كۈنى ھەققىدىكى بىلىمى ۋە ئىگىلىگەن بۇ بىلىملەرنىڭ توغرا ۋە ھەق ئىكەنلىكىگە ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىشىنىش، يەنى ئىمان كەلتۈرۈش لازىم.

ئىككىنچىسى، ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ بىلىملەرنى، ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، قىيىن سىناقلاردىن ئۆتۈپ ئۆزلىرى ئىگەللەشتىن ئىبارەت قىيىن يولدا تاشلاپ قويمىدى. ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ بىر قىسىم ئۇلۇغ بەندىلىرىگە ۋەھيي ئارقىلىق بۇ بىلىملەرنى ئاتا قىلدى ۋە بۇ پەرمانلىرىنى باشقا پۈتۈن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشقا ئەمر قىلدى. مانا ئاللاھنىڭ بۇ لۇتفى ـ ئىنايىتى ئىنساننى قورقۇنچ، بەدبەختلىكتىن (بەختسىزلىكتىن) ساقلىدى.

ئۈچىنچىسى، ھەر بىر ئىنساننىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ـ بىر ھەقىقىي پەيغەمبەرنى تونۇپ، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە قانائەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلىماتىغا ئىشىنىپ، سەمىمىيلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئىتائەتچانلىق بىلەن كۆرسەتكەن يولدىن چىقماي ماڭغاندىلا، ھەر ئىككىلا ئالەمدە نىجاتلىققا ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

تۆۋەندە پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتى، تارىخى ۋە پەيغەمبەرنى تونۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتىمەن:

بۇ دۇنيادا ئىنسانغا لازىم بولىدىغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. يېڭى دۇنياغا كېلىدىغان بىر بوۋاققا كېرەكلىك پۈتۈن نەرسىلەر تەييار. كۆرۈشكە كۆز، ئاڭلاشقا قۇلاق، نەپەس ئېلىشقا بۇرۇن، سەزگىلى پۈتۈن تېرىسىگە جايلاشقان نېرۋا سىستېمىسى،

تۇتۇشقا قول، مېڭىشقا پۇت ۋە چۈشىنىپ مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئەقىل بىلەن قوراللانغان ھالدا دۇنيا كېلىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بوۋاقنىڭ كىچىككىنە جىسمىدا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ۋە كەم ـ كۈتىسىز بىر شەكىلدە جايلاشتۇرۇلغان. بوۋاقنىڭ دۇنياغا قەدەم قويۇشى بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن پۈتۈن شارائىت تولۇق ھازىرلانغان. مەسىلەن، ھاۋا، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، سۇ ۋە ئانىسىنىڭ كۆكسىدىكى سۈت ئۇنىڭ ئېھتىياجى ۋە خىزمىتىگە ھازىر ھالدا مەۋجۇد. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەلبىگە بۇ بوۋاققا بولغان سۆيگۈ، مۇھەببەت ۋە شەپقەت تۇيغۇسى تۇرغۇزۇلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى، بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پەرۋىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بالا چوڭايغانسېرى بۇ پۈتۈن ماددىي شارائىتلار ۋە نېئمەتلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋە ماسلىشىپ، ئۇنىڭ ياشىشىغا، ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە خىزمەت قىلىدۇ. گوياكى، پۈتۈن ئالەم بۇ بوۋاقنىڭ خىزمىتىگە ھازىر قىلىنغاندەك.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانغا ھايات كۆرۈشى جەريانىدا كېرەك بولىدىغان جىسمانىي، ئەقلىي ۋە ئەخلاقى كۈچ ـ قابىلىيەت ئاتا قىلىنغان. بۇنىڭدا ئاللاھ ناھايىتى تەرتىپلىك ئىنتىزام ۋە تۈزۈم ئورناتتى. بۇ نېئمەتلەر ئىنسانلارغا، ئوخشاش بىر سەۋىيىدە، مۇتلەق بىر شەكىلدە تارقىتىلمىدى. ئەگەر بۇ نېئمەتلەر ھەر كىشىگە ئوخشاش تارقىتىلسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە موھتاج بولمايتتى. بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيتتى ۋە ھەمكارلىشىش تۇيغۇلىرى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي جەھەتتە كېرەك بولىدىغان بىر پۈتۈن نېئمەتلەر، بىردەك ئوخشاش ئاتا قىلىنغان بولسىمۇ، قابىلىيەت ھەر ئىنسانغا ئوخشاش دەرىجىدە بېرىلمىگەن. مەسىلەن: بەزى ئىنسانلار جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك ۋە ئەمگەك قابىلىيىتى ئۈستۈن بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى سەنئەت، شېئىر، پەلسەپە ساھەسىدە ئۈستۈن ماھارەتلىك، بەزىلىرى يۈكسەك ناتىق (نۇتۇق سۆزلەش) ۋە ئىپادىلەش قۇۋۋىتىگە ئىگە. بەزىلىرى ئەسكىرى داھىي، ئۇستا ھۈنەرۋەن، ئەقىللىق تىجارەتچى بولۇپ يېتىشىدۇ. مانا بۇ قابىلىيەتتىكى پەرقلەر كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئالاھىدە قىلىدۇ. مەسىلەن: بىرسىنىڭ ئەقلى ماتېماتىكىدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ئاسانلا يېشىپ بېرىپ باشقىلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدۇ. يەنە باشقا بىرسى شۇنداق بىر نەرسىنى ئىجاد قىلسا پۈتۈن دۇنيادا ئۇنىڭغا ھەيران قالىدۇ. ئىنساننىڭ قابىلىيەتتىكى ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ

ھەممىسىنى ئاللاھ ئاتا قىلغان كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىدىكى پەۋقۇلئاددە قابىلىيەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھېچكىم بۇلارنى ئۆز شەخسىي تىرىشىشلىرى بىلەن ۋە ياكى بىر تەلىم، ئۆگىنىش بىلەن قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئېھتىياجى پەقەت، سىياسەت، قانۇن، ھوقۇق، ئىلىم-پەن، ماتېماتىكا، ئىنژېنېرلىق، تېخنولوگىيە، مالىيە-ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى قابىلىيەتلىك ئالىملار ۋە داھىيلارنىڭ بولۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالامدۇ؟ ياكى ئىنسانلىق ئۈچۈن توغرا ۋە ھەق يول- ئاللاھنىڭ يولىنى، نىجاتلىق ۋە بەخت-سائادەتكە باشلايدىغان يولنى كۆرسىتىدىغان كىشىلەرگە ئېھتىياجلىرى بارمۇ؟ ئۈستۈن قابىلىيەتلىك كىشىلەر، داھىيلار، باشقىلارنىڭ ھەممىسى، بۇ دۇنيادا بار بولغان ئىشلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى بىلىمنى ۋە بۇلارنى قوللىنىشنىڭ يوللىرىنى سۆزلەيدۇ.

ئەمما، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەت نېمە؟ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟ ئۇنىڭغا شۇنچە كۈچ-قۇدرەتنى كىم بەرگەن؟ ۋە نېمىشقا؟ ھاياتلىقنىڭ ئەسلى غايىسى نېمە؟ ۋە بۇ غايىگە قانداق ئېرىشىش كېرەك؟ مانا بۇلار ئىنساننىڭ ئەڭ زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىرىدىن ئىبارەت. ئىنسان بۇنى بىلمەي تۇرۇپ، ئىنسانلىق مەدەنىيىتىنىڭ بىناسىنى مۇستەھكەم ئاساسقا قۇرالمايدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بەندىلىرىنىڭ ئەڭ كىچىك ۋە ئەھمىيەتسىز بىر ئېھتىياجىغا قەدەر كەم-كۈتىسىز ياراتقان ئاللاھ، ئەجەبا بۇ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟ دېگەن بۇ سوئالنى ساغلام ئەقىل قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى ئەھۋال بۇنداق ئەمەس ۋە بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ ئىلىم-پەن ۋە سەنئەتتە ئۈستۈن قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ياراتقىنىدەك، ئۇنى تونۇش ۋە بىلىش جەھەتتە ئەڭ يۈكسەك ئىلىم، قابىلىيەتكە ۋە پاك سەزگۈگە ئىگە كىشىلەرنىمۇ ياراتتى. ئۇلارغا ئاللاھ ۋەھىي بىلەن ھەق ۋە تەقۋا يولنى كۆرسەتتى. ئۇلارغا ياشاشنىڭ (ھاياتنىڭ) مەقسىتىنى ۋە ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ چوڭقۇر بىلىملىرىنى، شەرىئەت ئىلمىنى ئۆگەتتى. ئاللاھ ۋەھىي يولى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆگەتكەنلىرىنى باشقا ئىنسانلارغا ئۆگىتىشنى ۋە ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاشنى تاپشۇردى. مانا بۇ كىشىلەرنى بىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، يەنى ئەلچىسى دەپ ئاتايمىز. ئىلىم ۋە پەندە قابىلىيەتلىك باشقا كىشىلەر، داھىيلار بىر ئالاھىدە ئەقىل ۋە تەبىئەتكە ئىگە

ھالدا تۇغۇلغىنىدەك، پەيغەمبەرلەرمۇ ئالاھىدە بىر قابىلىيەت ۋە مەخسۇس تەبىئەت بىلەن دۇنياغا كېلىدۇ. تۇغما بىر شائىرنىڭ ئوقۇغان شېئىرلىرىنى بىر ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ بىر پەۋقۇلئاددە شائىرلىق قابىلىيىتى بىلەن دۇنياغا كەلگەن كىشى ئىكەنلىكىنى سىزىۋالىمىز. چۈنكى، باشقا كىشىلەر يەنى بۇ قابىلىيەتكە ئىگە بولمىغان كىشىلەر بۇ شائىرغا تەڭ كېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ ۋە ئىمكانلىرىنى سەرپ قىلىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر شېئىرنى ھېچبىر زامان يازالمايدۇ. تۇغما يازغۇچى، ناتىق، داھىي، ئىجادچى بولۇپ يارىتىلغانلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۈستۈن بىر مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. باشقىلار ھەر قانچە قىلىسىمۇ بۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. مانا بۇ ھال پەيغەمبەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ ئەقلىگە، زېھنىگە كەلگەنلەرنى باشقىلار گۇمانمۇ قىلالمايدۇ، خىيالىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بايان قىلغان سۆزلىرى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇپ، ھېچكىممۇ سۆزدە ئۇنىڭدەك قايىل قىلالمايدۇ. باشقا ئىنسانلار يىللارچە باش قاتۇرۇپ چۈشىنەلمىگەن مەسىلىنى ئۇ دەرھال يېشىپ كېتەلەيدۇ. ئەقلىمىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. قەلبىمىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى ھېس قىلىدۇ. دۇنيادىكى تەجرىبىلەر ۋە كائىناتتا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشلارنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ ھەر بىر جۈملە سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىز ئۇنى تەقلىد قىلىپ دوراپ باقايلى دېسەك، قەتئىي ئوخشىتالمايمىز، مەغلۇپ بولىمىز. ئۇنىڭ تەبىئىتى، خۇلق ـ مىجەزى ئىنتايىن گۈزەل ۋە پاك. پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەت ۋە مۇناسىۋەتلىرى راستچىللىق، توغرىلىق ۋە ئېسىللىكتىن ئىبارەت بولىدۇ. يالغان گەپ قىلمايدۇ، بىر كىمگە يامانلىق قىلمايدۇ. داۋاملىق پەزىلەت ۋە راستچىللىقنى تەرغىب قىلىدۇ. باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلىپ نەمۇنە بولىدۇ. پۈتۈن ھاياتى داۋامىدىكى پائالىيەتلىرىدە، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى ئارىسىدا قىلچىمۇ خىلاپلىق قىلغان مىسالنى ئۇچرىتالمايمىز. ھېچقانداق بىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە شەخسىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرەلمەيمىز. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزى جاپا ـ مۇشەققەتنى، زىياننى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمما ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارغا قىلچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى راستچىللىقنىڭ، ئېسىل پەزىلەتنىڭ، پاك ۋە يۈكسەك چۈشەنچىنىڭ ۋە ئەڭ ئالىيجاناب ئىنسانىنىڭ بىر نەمۇنىسىدىن ئىبارەتتۇر. خاراكتېرىدە زەررىچىلىكمۇ كەمچىلىك يوق. ئۇنى ئەڭ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆرسەكمۇ، ھېچقانداق نۇقسان تاپالمايمىز.

مانا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

## پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش

بىر كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئەقىل ۋە ئىدراكنىڭ تەقەززاسى ـ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت. پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىق، كۆرسەتكەن يوليورۇقلىرىنى ئىجرا قىلماسلىق ئەقىلسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى بىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ تونۇغان كىشىنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاللاھ رىزاسىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىمىز. پەيغەمبەرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش ئاللاھقا ئىتائەتسىزلىك قىلىش دېمەكتۇر. پەيغەمبەرگە قارشى سۆز ۋە ھەرىكەت ئاللاھقا قارشى قىلىنغان سۆز ۋە ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەرنى تونۇش، ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىش ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئىجرا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ياكى بۇ ئەمرنىڭ (بۇيرۇقنىڭ) ھېكمىتىنى، پايدىسىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەمما، بۇ ئەمرنىڭ پەيغەمبەر تەرەپتىن چىقىرىلغانلىقى بۇ ئەمرنىڭ توغرىلىقىنىڭ كاپالىتى. سىز ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمەي ئىككىلىنىپ قالغان بولسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئەقلىڭىزدىكى كەمچىلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، پەيغەمبەر يەتكۈزگەن ئەمرنىڭ يېتەرسىزلىكى ئەمەس. چۈنكى ئىنساننىڭ بىلىش قابىلىيىتى چەكلىك، ھەر نەرسىنى تولۇق بىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەھۋالنى ھەر دائىم كۆز ئالدىدا تۇتۇش كېرەك.

ھەر قانداق بىر پەننى تولۇق بىلمىگەن كىشى، ئۇ پەننىڭ ئىنچىكە يەرلىرىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. بۇنداق بىرسى قوپۇپ، مەزكۇر پەننىڭ ئالىمى ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىلەرنى چۈشىنەلمىگەنلىكتىن رەت قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەقلىدە نۇقسانلىق بار (يەنى ئۇنى ئەخمەق) دەپ تونۇيمىز.

دۇنيادىكى ھەر بىر مۇھىم ئىشلىرىمىزدا مەسلىھەتلىشىش، پىكىرلىشىش ئۈچۈن، ئۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغان بىرسىگە ئېھتىياج بولىمىز ۋە ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىمىز. بۇ ھەقتىكى ئۆزىمىزنىڭ پىكىرلىرىمىز ۋە چارە ـ

تەدبىرلىرىمىزنى بىر تەرەپكە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىمىز ۋە شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز.

ئادەتتىكى بىر كىشىنىڭ دۇنيادىكى ھەممە پەن، سەنئەت ئىلىملىرىدە ئۇستا بولۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، ئادەتتىكى بىر ئەقىللىق كىشى بىر ماھىر بىلىم ئىگىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. جاھىل، نادان ئىنسان، ھەر نەرسىنى ئالدى بىلەن ئۆزۈم چۈشىنىپ، ئاندىن ئىشىنىمەن، دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

سىز دوختۇرىڭىزنىڭ تەۋسىيىلىرىنى ئاڭلىماي، ئاتىكارچىلىق قىلىپ، ئۆزىڭىزنى دوختۇردىن بىلىملىك چاغلاپ، نەزەرىيە ساتسىڭىز دوختۇر سىزنى داۋالىمايدۇ. ئادۋوكاتىڭىز بىلەن دەۋا ئىشىڭىزدا قانۇننىڭ ھەر بىر ماددىسىنى ئالدى بىلەن ماڭا چۈشەندۈرگىن دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، ئۇ سىزنى بۆلۈمدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بەزى ئىنسانلار رەھبەرلىك ئۈچۈن بىر پەيغەمبەرگە ئېھتىياجىمىز يوق، ئۆزىمىز ھەق يولنى تاپالايمىز، دېيىشىدۇ، بۇ بىر خاتا كۆز قاراش. سىز گېئومېترىيە ئوقۇدىڭىز، ياخشى چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن. گېئومېترىيىدە مۇنداق بىر قائىدە بار: ئىككى نۇقتا ئارىسىدا، بىرلا تۈز سىزىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىزىلغان پۈتۈن سىزىقلار ئەگرى چىقىدۇ. يەنى نۇقتىنى بىرلەشتۈرمەيدۇ (ئا نۇقتىدىن ب نۇقتىغا يېتىپ بارالمايدۇ). ئىسلامدىكى (سىرات مۇستەقىيم) يەنى تۈز، توغرا دەپ ئاتالغان يولمۇ خۇددى شۇنداق. بۇ يول بەندىدىن باشلىنىدۇ ۋە توغرا ئاللاھقا بارىدۇ ۋە بۇ يولنىڭ يالغۇز بىرلا يول ئىكەنلىكى مەلۇم. باشقا يوللارنىڭ ھەممىسى ئەگرى-توقاي، خاتا يولغا باشلايدىغان ئېزىتقۇ يولدۇر. بۇ توغرا يول پەيغەمبەر تەرىپىدىن كۆرسىتىلىدۇ. بۇندىن باشقا توغرا يول يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ يولنى تاشلاپ ئۆز ئالدىغا باشقا بىر يول ئىزدىگەن كىشى، بىرىنچى، توغرا يولنى تاپالمايدۇ. ئىككىنچى، ئەگرى-توقاي ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك بىر يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. بىرىنچى يولنىڭ ھالاكەتلىك يول ئىكەنلىكى مەلۇم. ئىككىنچى يول، ھاماقەتلىك گىردابلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىر ئەقىلسىز ھايۋاننى ئالساق، بىر يەردىن بىر يەرگە ھەيدەپ ماڭغاندا، ھايۋان داۋاملىق تۈز كەتكەن توغرا يولنى بويلاپ ماڭىدۇ، ھەرگىز ئەگرى-توقاي يولغا كىرمەي، تۈز مېڭىپ مەنزىلگە يېتىپ بارىدۇ.

ئەمما شۇ ئىنسانلارغا قاراڭلار! پەيغەمبەر ئۇنى ئاللاھنىڭ توغرا يولغا باشلىسا، ئۇ ياق، مەن ئۆزۈم يولۇمنى تاپالايمەن، دەپ ئەگرى يوللاردا ئېزىقىپ يۈرمەكتە. مانا بۇ، ئىنساننىڭ قانچىلىك ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مەسىلىنىڭ يۇزەكى تەرىپى. بىر ئاز چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىپ باقىدىغان بولساق، پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ھېچبىر زامان توغرا يولنى تاپالمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ كىشى ئاللاھقا يېتىپ بارالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ـ توغرا بىر يولغا باشلىغۇچىنىڭ نەسىھەتلىرىنى رەت قىلىپ، ئۆزى باشقا خاتا يولنى تاللىۋالغان. جاھىللىق بىلەن ئىنكار قىلىش، ئاتا ـ بوۋىلىرىنى دوراپ ئىزىدىن مېڭىش، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى مۇقەددەس بىلىش، مەغرۇرلۇق قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ توغرا، دەپ مۇتەئەسسىپلىكتە چىڭ تۇرۇش يولنى تاللىۋالغان. پەيغەمبەرنىڭ يولنى تۇتقاندا، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى، ھەۋەس ۋە نەپسانىي ئەركىنلىكى قولدىن كېتىدۇ، دەپ قورققان، بۇ سەۋەبلەردىن بىرسى ئاللاھ يولنى تاپالمايدۇ. ئەمما، راستچىل، سەمىمىي ۋە ھەقپەرەس ئىنساندا يۇقىرىقى كومپىلېكسلار بولمايدۇ ۋە ئۇ كىشى پەيغەمبەرگە ئىتائەتسىزلىك قىلىشنى ئەقلىگىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئۇنىڭ روھىنى ياشارتىدۇ، روھىدا ئەكس ئېتىدۇ ۋە ئۇ ھەق يولنى تاپىدۇ.

مەسىلىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، پەيغەمبەر بىۋاسىتە ئاللاھ تەرەپتىن بەلگىلەنگەن. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ـ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىشنى رەت قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى رەت قىلغانلىقتۇر ۋە ئىسيانكارلىقتۇر. بىر ھۆكۈمدارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش ـ ھەر بىر پۇقرانىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى. پۈتۈن ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ھەر بىر ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ھەممە ئىنسانلارنىڭ ۋەزىپىسى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى، ئاللاھقا ئىشەنسۇن ۋە ياكى ئىشەنمىسۇن بەرىبىر كاپىردۇر.

## پەيغەمبەرلىكنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئەمدى پەيغەمبەرلىك تارىخىنى بىر كۆزدىن كەچۈرەيلى. بۇ ئۇزۇن كەتكەن زەنجىرسىمان تىزىلمىلار قانداق باشلاندى؟ قانداق تەرەققىي قىلدى؟ ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قانداق ئاياغلاشتى؟ بۇلارنى ئۆگىنىمىز.

ئىنسان ئىرقىنىڭ باشلىنىشى بىر ئىنساندىن، يەنى ئادەم

ئەلەيھىسسالامدىن باشلاندى. ئىنسانلىق ئائىلىسى تەرەققىي قىلىپ كۆپەيدى. بۇ دۇنيادا تۇغۇلغان پۈتۈن ئىنسانلار تۇنجى جۈپ بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋا ئانىنىڭ نەسلى. ئىنسانلىق تارىخى ۋە دىنلار تارىخىدىمۇ بۇ ھەقتە پىكىر بىرلىكىگە كېلىشكەن. ئىنسانىنىڭ ئەسلى نەسلى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلاردا دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ ياشىغانلىقى ئىسپاتلانمىدى. پۈتۈن ئالىملار، ئالدى بىلەن بىر ئىنسان پەيدا بولغان، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىنسانلار مانا شۇ بىر كىشىنىڭ ئەۋلادى، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ.

يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىنسان ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەينى زاماندا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆز دىنىنى (ئىسلامنى) ئۆگەتتى. ئەۋلادلىرىغا، پۈتۈن نەسلىگە ئاللاھنىڭ بۇ دىنىنى يەتكۈزۈشنى، ئىنسانلارنىڭ ۋە پۈتۈن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرغۇچىنىڭ يالغۇز بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىپ باش ئېگىپ بەندىچىلىك قىلىش ۋە يالغۇز ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپ، ئۇنىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن ياشاش لازىملىقىنى ئۆگىتىشنى تاپشۇردى. دۇنيادا ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن، راستچىللىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەنلەرنىڭ، ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقى، ئەكسىچە. ئاللاھدىن يۈز ئۆرۈپ ئىتائەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ، بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇردى.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ياخشىلىرى ئۇ كۆرسەتكەن توغرا يولغا ماڭدى. ئەمما ئەسكىلىرى دادىلىرى كۆرسەتكەن يولنى تاشلاپ، ئاستا ـ ئاستا خاتا يولغا كىرىپ كەتتى. بەزىلىرى كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى خۇدا دەپ ئۇلارغا چوقۇنۇشقا باشلىدى. بەزىلىرى دەرەخ، ھايۋان ۋە دەريا ئۆستەڭلەرنى ئىلاھ دەپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر ھاۋا، ئوت، سۇ، كېسەللىك ۋە ساقلىق قاتارلىق تەبىئەتنىڭ ھەر بىر نېئمەتلىرىنى باشقۇرىدىغان ئايرىم ـ ئايرىم خۇدا بار، بۇلارنى (چوقۇنۇپ) خوش قىلغاندا، ئۇلاردىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، دەپ قاراشتى. بۇ جاھالەت كۆپ تەڭرىچىلىك ۋە بۇتپەرەسلىك ئېقىمىنى پەيدا قىلىپ، دۇنيادا ئونلارچە دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى.

بۇ دەۋردە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى كۆپىيىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ كەتكەن ۋە يەر يۈزىدە ھەر خىل ئىرق ۋە قەۋملەر بارلىققا كەلگەن ئىدى. ھەر قەۋم ئۆز ئالدىغا بىر مەزھەپ ياساپ چىقتى ۋە ئۆزلىرى ھەر خىل

ئىبادەت شەكىللىرىنى ئويدۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىنى ۋە پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ئاللاھنى ئۇنۇتتى. ئاتىلىرى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن ھەق يولنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرى ئىجاد قىلىپ چىققان خاتا يولغا كىرىپ توغرا يولنى تاشلىدى. يامان ئەخلاق ۋە بۇزۇق ئىستىل راۋاجلاندى، ياخشىلىق ۋە ئېسىل ئەخلاق يوقالدى. ياخشىنى يامان، ياماننى ياخشى دەپ تونۇپ جاھالەتكە چۆكۈپ چىرىكلىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا، ئاللاھ ھەر قەۋم ئىچىدىن ئۇلارغا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىدىغان پەيغەمبەرنى تەيىن قىلىشقا باشلىدى[1].

بۇ پەيغەمبەرلەر ئۆز قەۋملىرىگە ئۇلار ئۇنتۇپ كەتكەن ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىنى تەكرارلىدى ۋە قايتىدىن ئۆگەتتى. بىر ئاللاھقا باش ئۇرۇشنى، بىر قانچە خۇدا بار دەپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى، بۇتلارغا باش ئۇرماسلىقنى ئۆگەتتى. جاھىل ئۆرپ-ئادەتلەرنى تاشلاتقۇزۇپ، ئاللاھ رىزاسىغا ئۇيغۇن تۇرمۇش ۋە ھايات يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت قانۇن-تۈزۈملىرىنى ئورناتتى.

ئاللاھنىڭ ھەقىقىي، راست پەيغەمبەرلىرى يەر يۈزىدىكى ھەر جايدا، ھەر بىر مەملىكەتتە، ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. ھىندىستان، چىن، ئىراق، ئىران، مىسىر، ئافرىقا، ياۋروپادا، قىسقىسى، دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرى كەلمىگەن جاي يوق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىنى بىر بولۇپ، «ئىسلام» دىنى ئىدى. ئەلۋەتتە تەلىم ئۇسۇللىرىدا، تۇرمۇش شەكىللىرىدە بىر ئاز ئوخشىماسلىقلار بار ئىدى. قەۋملەر ئىچىدە قايسى خىل جاھالەتلەر ۋە خاتا چۈشەنچىلەر ئېغىر ھالدا تارقالغان بولسا، ئۇنى يوقىتىشنى، تۈزىتىشنى ئاساسىي ئورۇندا قويغان. خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئىلىم-پەن دەرىجىسى باشلانغۇچ باسقۇچتا بولغانلىقتىن، قانۇن (شەرىئەت) تۈزۈملىرىمۇ شۇ سەۋىيىدە، قولاي ۋە ئاددىي

---

[1] بەزى كىشىلەردە مۇنداق بىر خاتا كۆز قاراش بار، يەنى: ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇرغۇچىسى، دەپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ غەرب ئالىملىرى، يازغۇچىلار بۇ سۆزنى داۋاملىق تەكرارلاپ تۇرۇشىدۇ. بۇ خاتا كۆز قاراشنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىدىن قەتئىي چىقىرىۋېتىش لازىم. ئىسلام ئاللاھنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىگە ئۆگەتكەن بىرلا دىنى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ ھەقىقىي-دىنى ئىسلام دىنى ئىدى. پەيغەمبەرلەر ئىسلام دىنىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئىسلام دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان ئەلچىلىرىدۇر.

ئىدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەلىم ئۇسۇللىرى ۋە شەرئەت قانۇن ـ تۈزۈملىرى كۆرۈنۈشتە، ھەر دەۋردە بىر ئاز پەرقلىق كۆرۈنسىمۇ، ئاساسىي ۋە روھىي جەھەتتىن بىردەك ئىدى. يەنى ئېتىقاد جەھەتتە «تەۋھىد» (ئاللاھنى بىر دەپ ئىشىنىش)، ئەمەلدە «تەقۋا» (ياخشى ئەمەل، ئېسىل ئەخلاق، راستچىللىق، تىنچلىق، سالامەتلىك، سۆيگۈ) ۋە ئۆلگەندىن كېيىن ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازاغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئىنسانلار ئاللاھنىڭ بۇ پەيغەمبەرلىرىگە ئاجايىپ مۇئامىلە قىلىشتى. ئالدى بىلەن ئۇلارغا ھەر خىل يامانلىق قىلدى، قوللىرىدىن كېلىشىچە ئەزىيەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ھىدايەتلىرىنى رەت قىلدى. ھەتتا بەزىلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا ئاللاھنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر بەش ئون كىشىدىن ئاشمىدى. ئەمما ئاللاھنىڭ بۇ ئۇلۇغ بەندىلىرى ھېچقاچان چېكىنمەي، ئىككىلەنمەي ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. نەتىجىدە پۈتۈن بىر قىتئە ۋە پۈتۈن بىر قەۋم ئىنسانلار ئۇلارغا ئەگەشتى. پەيغەمبەر ۋاپات بولۇپ بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى ئاستا ـ ئاستا پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى ۋە ئېتىقادلىرىغا ھەر خىل خۇراپاتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىبادەت شەكىللىرىنى ئىجاد قىلىپ چىقتى. ھەتتا بەزىلەر ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى تەڭرى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ بۇتلىرىنى ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا باشلىدى. بەزىلەر پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى دېسە، بەزىلىرى ئاللاھ ئىنسان سۈرىتىگە كىرىپ يەر يۈزىگە چۈشكەن دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر پەيغەمبەرلەرنى ئاللاھنىڭ شېرىكى دەپ ئويدۇرۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ئەمرىنى ئېلىپ كەلگەن، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى تەلىم بېرىپ، بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغان پەيغەمبەرلەر بۇ دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۇنتۇپ بۇتلىرىنى ياساپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىچە ئىلاھ قىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر بېكىتكەن قانۇن ـ تۈزۈم (شەرئەت)لىرىگە ھەر خىل جاھىل، خۇراپىي كۆز قاراشلار، يالغان ـ ياۋىداق ھېكايىلەر ۋە ئەپسانىلەرنى قوشۇپ تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەھۋال بىر قانچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، شۇقەدەر مۇجمەللەشتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەسلىدە ئېلىپ كەلگەن تەلىماتلىرى نېمە ؟ ئىبادەت ئۇسۇللىرى ۋە شەرئەت

ئەھكاملىرى قانداق؟ ئۇلارغا قوشۇلغان يالغان قىسىملىرى قايسى؟① مانا بۇلارنى ئايرىۋىلىشنىڭ ھېچ ئىمكانىيىتى قالمىغان ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ تارىخ ۋە ھاياتلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرىنىڭ ئىشەنگۈدەك يېرىمۇ قالمىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتمىدى. شۇ قەدەر ئۆزگەرتىلىپ ۋە يوق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئىنسانلار ئىچىدە ئازدۇر-كۆپتۇر ھەققانىيەتچىلىك ۋە راستچىللىق ساقلىنىپ قالغانىدى. ئاللاھ ۋە ئاخىرەت، يەنى ئۆلگەندىن كېيىنكى ھايات توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئورتاق بىر شەكىلدە ھەر قايسى قەۋملەر ئارىسىدا تارقىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەر تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئالەمشۇمۇل بىر دىنىنىڭ تارقىلىشىغا يول ۋە شارائىتلىرىنى ھازىرلىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، باشلانغۇچتا ھەر قەۋم ۋە ھەتتا ھەر بىر قەبىلە ئۇچۇن ئايرىم-ئايرىم پەيغەمبەر كەلگەن ۋە بۇلارنىڭ تەلىماتلىرىمۇ ئۆز قەۋم ۋە چېگرا دائىرىسى ئىچىدە چەكلىنىپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى-بۇ قەۋملەر جۇغراپىيىلىك جەھەتتە كۆپ تارقاق، ئۇزۇن مۇساپىگە جايلاشقان ۋە بىر-بىرلىرىدىن تامامەن ئايرىم بىر دۇنيادا ياشىماقتا ئىدى. ئۆز-ئارا بېرىش-كېلىشمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. مانا مۇنداق ۋەزىيەتتە ئورتاق بىر تەلىم-تەربىيە شەكلى، ئورتاق بىر ئىمان ۋە ئىشەنچنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى. قەۋملەر ئارىسىدىكى ئومۇمىي ئەھۋالمۇ بىر-بىرىدىن تامامەن پەرقلىق بولۇپ، جاھالەت شۇ قەدەر ئېغىر دەرىجىگە يېتىپ بارغان ئىدىكى، ھەر قايسى قەۋملەر ئارىسىدا بىر-بىرلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئېغىر ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، باتىل ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىلەر تارقالغان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەرلەر ھەر بىر قەۋم ئۇچۇن بىر-بىرىدىن پەرقلىق تەلىم ۋە ھىدايەت يوللىرىنى ئۆگىتىشلىرى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا، تارقاق ھالدا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئارىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرنى يوقىتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئورنىغا توغرا

① پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، ئۇممەتلىرى ئەسلىدىكى دىنىنى (ئىسلامنى) ئۆزگەرتىپ ئۆز ئالدىغا بىر دىن ياساپ چىقتى. مانا بۇلاردىن بىرسى ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئەسلىدە ئېلىپ كەلگەن دىن ئىسلام دىنى ئىدى. ئەمما، ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر، ئۇنى ئاللاھ ياكى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ «ئىلاھ»لاشتۇرۇۋالدى. ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىغا ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن بىر ئاز قوشۇپ، بىر دىن ئىجاد قىلىپ چىقتى ۋە بۇ دىنىنى «ئىيسائىيەت» يەنى خىرىستىئانلىق دەپ ئاتىدى.

ئېتىقاد ۋە ھەققانىيەت تىكلەش بىلەن، ئاستا-ئاستا جاھالەتنى يوقىتىپ، ئاللاھنىڭ قانۇن (شەرىئەت)ىنى ئورنىتىش مۇمكىن ئىدى. بۇ خۇددى بىر كىچىك بالىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندەك بىر ئىش بولۇپ، بۇنىڭغا قانچە ئونمىڭ يىللار كەتكەندۇ؟ بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

نەتىجىدە ئىنسانىيەت گۆدەكلىكتىن ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىپ ياش قۇرامىغا يەتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سەنئەت، تىجارەت ۋە قاتناش ئىشلىرى راۋاجلىنىپ قەۋملەر ئارىسىدا بېرىش-كېلىش مۇناسىۋەتلىرى باشلاندى. جۇڭگودىن ياپونىيىگىچە، ياۋروپادىن ئافرىقىغىچە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز قاتناش يوللىرى ئېچىلدى. كۆپلىگەن مىللەتلەردە يېزىقچىلىق تەرەققىي قىلىپ، ئىلىم-پەن تارقالدى ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا پەن-تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى باشلاندى. بۈيۈك پاتىھلار (ئىسلامنىڭ غالىب قوماندانلىرى) ئوتتۇرىغا چىقتى. قولىغا كىرگۈزگەن مەملىكەتلەردە چوڭ-چوڭ سەلتەنەتلەر ۋە ئىمپېراتورلۇقلار قۇرۇپ، بىر قانچە قىتئە ۋە بىر نەچچە قەۋملەرنى بويسۇندۇرۇپ، بۇ يەرلەردە ئوخشاش بىر سىياسىي تۈزۈم ئورناتتى. ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۇرۇنقى پەرقلىق، جۇدالىق ۋە تارقاقلىق ۋەزىيىتى ئاستا-ئاستا يوقالدى. بۇ ۋەزىيەتتە، ئىنساننىڭ ئەخلاقىي، روھىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئىقتىسادى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى پۈتۈن تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېھتىياجىنى قامدايدىغان، شۇنداقلا دىنىي ۋە دىن بىلەن ئالاقىسى بولمىغان پۈتۈن ئىشلاردا يول كۆرسىتىدىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق دىن، يەنى ئىسلام دىنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلدى. بۇنىدىن ئىككى يېرىم مىڭ يىل بۇرۇن ئىنسانىيەت بىر ئالەمشۇمۇل دىن ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن ھازىر بىر ۋەزىيەتكە كەلگەنىدى.

بىر قانچە ئەخلاقىي پرىنسىپلاردىن باشقا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى بولمىغان بۇددا دىنى ھىندىستاندا ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە، بىر تەرەپتىن ياپونىيە ۋە موڭغۇلىيىگىچە، بىر تەرەپتىن ئافغانىستان ۋە بۇخاراغىچە تارقالدى. بىر قانچە ئەسىردىن كېيىن خرىستىئان (ئىيسائىي) دىنى پەيدا بولدى. ئەسلىدە ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەمما، ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، تەرەپدارلىرى بۇ دىننى ئۆزگەرتىپ «خرىستىئانلىق» دەپ بىر مەزھەپ ئويدۇرۇپ چىقاردى.

خرىستىئانلار بۇ دىننى ئىراندىن تارتىپ ياۋروپاغىچە ۋە ئافرىقىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە ئاپىرىپ تارقاتتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى شۇ

چاغلاردىكى شارائىتىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بىر دىنغا ئېھتىياج تۇغۇلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئىنسانلار بۇنىڭغا شۇنچىلىك تەشنا ئىدىكى، ھەق، توغرا ۋە مۇكەممەل بىر دىنىنى تاپالمىغانلىقتىن ئەتراپلىرىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇزۇق، ناقىس دىنلار بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى تېز تارقىلىشقا باشلىدى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۇنداق بىر قىيىن مەزگىلىدە كىشىلەر پۈتۈن دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دىنىنى ئارزۇ قىلماقتا ئىدى. پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۈچۈن ئەرەبىستاندا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنى تەلىم بەردى ۋە بۇ دىنىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا تارقىتىشنى تاپشۇردى. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئىسلامنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان بۇ كىشى ـ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى.

## ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى

دۇنيا خەرىتىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بىر دۇنياۋى پەيغەمبەرلىك ئۈچۈن ئەرەبىستان زېمىنىدىن ئۇيغۇنراق بىر يەرنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ مەملىكەت ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا، ياۋروپاغىمۇ ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەرگە جايلاشقان. ياۋروپانىڭ ئەڭ مەدەنىي قەۋملىرى بۇ يەرنىڭ جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايلار ئەرەبىستانغا، ھىندىستان بىلەن ئوخشاش يىراقلىقتا ئىدى.

ئۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەكمۇ، پەيغەمبەرلىكنىڭ بۇ قەۋم ئىچىدىن بىرسىگە بېرىلگەنلىكىنىڭ ئەڭ مۇناسىپ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. دۇنيادىكى باشقا چوڭ ـ چوڭ دۆلەتلەر دۇنياغا خوجايىن بولۇش ئۈچۈن ئۆز ـ ئارا قاتتىق كۈرەش ئېلىپ بارماقتا ئىدى. نەتىجىدە تۈگىمەس جېدەل ـ ماجىرالار، ئۇرۇشلار ئىنسان كۈچى ۋە ئىمكانلارنى تۈگەتكەن ئىدى. ئاتالمىش ئىجتىمائىي تەرەققىياتلار بۇ مىللەتلەر ئىچىدە ئىنتايىن قەبىھ ۋە يامان ئادەتلەرنى مەيدانغا چىقاردى. ئەمما ئەرەبلەر ئىچىدە بۇنداق مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرى يوق ئىدى. مىللەتكە تۇرمۇشتا راھەتپەرەسلىك، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىش ۋە چۈشكۈنلۈككە ئوخشاش ئىللەتلەر تېخى يۇقمىغان ئىدى.

بەشىنچى ئەسىردىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەر، دۇنيادىكى چوڭ مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىۋاتقان غەيرىي تەبىئىي مەدەنىيەت ئىسلاھاتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ سىرتىدا قالغان باتۇر، قورقماس، سېخىي، سۆزىدە تۇرىدىغان،

ئەركىنلىكىنى خالايدىغان، ھېچقانداق بىر جاھانگىر دۆلەتنىڭ مۇستەملىكىسىگە دۇچار بولمىغان، سىياسىي جەھەتتىمۇ ئەركىن بىر مىللەت ئىدى. ئەمما بۇلاردىمۇ يامان قىلىق ۋە ئەسكى ئەخلاقلار كۆپ ئىدى (بۇلارنى تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتىمەن). بۇنىڭ سەۋەبى: بىر مىڭ بەش يۈز يىلدىن بىرى ئەرەبلەر ئىچىدىن پەيغەمبەر كەلمىگەن، ئەسىرلەر بويى ئۇلار پايانسىز قۇملۇق چۆللەردە ئۆز ئالدىلىرىغا باش ـ باشتاق، ئەركىن ياشاپ، جاھالەتپەرەسلىك ئېقىمى تازا ئەۋج ئالغان بولۇپ، مۇنداق بىر قەۋمنى ئىسلاھ قىلىپ، توغرا يولغا باشلاش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.① ئەمما، بىر قۇدرەتلىك شەخس ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، مەقسەت ۋە نىشانىنى كۆرسىتىپ يېتەكلەپ ماڭسا، بۇ قەۋم بۇ يولدا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىدى. پۈتۈن ئالەمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىنى دۇنياغا تارقىتىش ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق مەرد ۋە ھىممەتلىك بىر قەۋم كېرەك ئىدى.

ئەمدى ئەرەب تىلىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي تەرەپلىرىگە ئىنچىكىلەپ بىر نەزەر سالساق، يۈكسەك ئىدىئاللارنى ئىپادىلەش، ئىلاھىي ئىلىملەردىكى ئەڭ نازۇك مەسىلىلەرنى ئىزاھلاش ۋە ئىنسانىنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىش جەھەتتە ئەرەب تىلىدىن باشقا بىر ئۆتكۈر تىل يوقلىغىنى ھېس قىلىمىز. قىسقا مىساللار، كىچىك جۈملىلەر بىر پۈتۈن تەپەككۇر ئالەمىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. يۈرەكلەرگە شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇكى، ئاۋازى ئىنسانىنى خۇشاللاندۇرىدۇ. تەسىرىدىن ھاياجانلانغان كىشى كۆز ياشلىرىنى تۇتالمايدۇ. دېمەك، ئەرەب تىلى شۇ قەدەر باي ۋە كۈچلۈك تىل ئىدىكى، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كالامى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بىر تىل بولۇشقا مۇناسىپ.

ئاللاھنىڭ ئەرەبىستانىنى پۈتۈن دۇنيا پەيغەمبەرلىرىنىڭ تۇغۇلۇش يېرى قىلىپ تاللىغانلىقىدىكى ھېكمەتنى مانا بۇ يەردە. تۆۋەندە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن بۇ مۇبارەك زاتنىڭ قانچىلىك پەۋقۇلئاددە ۋە مىسلىسىز بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

---

① ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىسىغىچە بولغان بىر مىڭ بەش يۈز يىل ئىچىدە ئەرەبلەرگە پەيغەمبەر كەلمىگەن.

# ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
# پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئىسپاتلىرى

بىردەملىك كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ، بۇندىن بىر مىڭ تۆت يۈز يىل بۇرۇنقى چاغدا ياشاۋاتقانلىقىڭلارنى خىيال قىلىڭلار، ئەتراپىڭىزدىكى نەرسىلەر بۈگۈنكى زامانغا ھېچ ئوخشىمايدۇ. خەۋەرلىشىشتە پوچتا ـ تېلېگراف يوق. يول قاتناش ئىشلىرىدا بۈگۈنكىدە ماشىنا، پويىز، ئايروپىلان كىشىلەرنىڭ خىيالىدىمۇ يوق. مەتبەئە ۋە نەشرىياتتىن خەۋەرسىز. ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ئەدەبىي ئەسەر قولىيازما كىتابلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئوقۇش، بىلىم ئېلىش بولسا ناھايىتى چوڭ بىر ئىش بولۇپ، ھەر كىمگە نېسىپ بولمايتتى. مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى .

ئىنسانلار جاھالەتنىڭ زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقلىرىغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئوتتۇرىغا چىققان ھەربىر يېڭىلىقنىڭ يورۇقىنى ئەتراپتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جاھالەت قاراڭغۇلۇقى يۇتۇپ كېتەتتى. بۈگۈن بىز ئادەتتىكى ئىش دەپ قارىغان بىر مەسىلىنى، ئۇ چاغلاردا كىشىلەر يىللارچە باش قاتۇرۇپ ھەل قىلغان. بۈگۈن بىز «ئەپسانە»، «باتىل ئېتىقاد» دەپ تونۇغان ئىشلار ئۇ زاماندا ئەڭ ھەقىقىي ۋە توغرا ئىشەنچ بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۈگۈن ئەڭ پەسكەشلىك، ئەخلاقسىزلىق ۋە يىرگىنچلىك دەپ تونۇلغان ئادەتلەر، ئۇ زاماننىڭ نورمال، ئادەتتىكى ئىشلىرى ئىدى.

ئەتراپتا ئىران، مىسىر ۋە رۇم قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر ئاز ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەرەب مەملىكىتىنى پايانسىز قۇملۇق چۆللەر ۋە چەكسىز دېڭىزلار ئايرىپ تۇرغانلىقتىن ئەرەبلەر بۇلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ئەرەب سودىگەرلىرى تۆگە كارۋانلىرى بىلەن ئايلارچە يول مېڭىپ بەزى چەت دۆلەتلەرگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇشتا ھېچبىر رولى يوق ئىدى. ساۋاتلىق كىشىلەر بەك ئاز بولۇپ، بۇلارنىڭ سەۋىيىلىرى بەك تۆۋەن ئىدى. لېكىن ئەرەب تىلى يۈكسەك ئەدەبىي خىسلەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، كىشىلەردە ئەدەبىي زوق كۈچلۈك ئىدى.

ئەرەبىستاندا ھۆكۈمەت دېگەن نەرسە يوق ئىدى. قانۇن ـ تۈزۈممۇ يوق ئىدى. ھەر قەبىلە باشلىقى ئۆز تەۋەلىكىنى بىر دۆلەت ھېسابلايتتى. خالىغانىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئۆلتۈرۈپ ئۆز مەيلىچە زوراۋانلىق يۈرگۈزەتتى.

قەبىلىلەر ئارىسىدىكى كىچىككىنە بىر جېدەل يىللارچە داۋام قىلىدىغان قانلىق ئۇرۇشلارغا سەۋەب بولاتتى.

ئۇلاردىكى ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت باشلانغۇچ دەۋردىكى ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ۋە باش ـ باشتاقلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ھېچكىم قانۇن ـ ئىنتىزامنى تونۇمايتتى. پاكىزە بىلەن پاسكىنىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىۋېلىش قىيىن ئىدى. ئىجتىمائىي ھايات شەكلى ۋەھشىي ۋە مۇناسىۋەتلىرى ناتوغرا ئىدى. قىمار، پاھىشە ۋە ئىچىملىك ساپالىرى كەڭ تارقالغان ئىدى. ھېچ ئۇيالماستىن بىر ـ بىرلىرىنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ يۈرەتتى. ھەتتا ئاياللار كەئبىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇراسىملاردىمۇ يالىڭاچ بولۇپ ئايلىناتتى. جاھالەتتە ئۇچىغا چىققان ئادەتلەردىن بىرى ـ «كۈيئوغلىمىز بولۇپ قالىدۇ» دەپ قىزلىرىنى كىچىك چېغىدىلا كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆگەي ئانىسى بىلەن ئۆيلىنەتتى.

دىنىي ئېتىقادتا پۈتۈن ئەرەب قەۋملىرى تاشتىن بۇت ياساپ چوقۇناتتى. ھەتتا يولدا كېتىپ بېرىپ بىر سىلىقراق تاش ئۇچراپ قالسا، ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ خۇدا دەپ ھاجەتلىرىنى تىلەيتتى. بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەردىن ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىدىن ھېچ خەۋەرلىرى يوق ئىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغانلىقلىرى توغرىسىدا بىر ئاز رىۋايەتلىرى بولسىمۇ، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. «ئاد» ۋە «سەمۇد» ھەققىدە ئەنئەنىۋى قىسسىلەر خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەزرىتى ھۇد ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىدا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتى.

مانا شۇنداق بىر قاراڭغۇ زۇلمەتلىك دەۋردە ۋە ئېغىر جاھالەت ئىچىدىكى جايدا بىر ئىنسان دۇنياغا كەلدى. بۇ بالىلىق چېغىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلدى، ئۇنى چوڭ دادىسى يېنىغا ئالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي چوڭ دادىسىمۇ ۋاپات بولدى. بىر ئەرەب بالىسى ئىگە بولالايدىغان مېھرى ـ شەپقەت ۋە تەربىيىدىن مەھرۇم قالدى. كىچىك ياشتا قويچىلار بىلەن ئۆچكە باقتى. ياش قۇرامىغا يەتكەندە تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. پۈتۈن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى، بىز يۇقىرىدا تەرىپلىگەن ئەنە شۇ ئەرەبلەر بىلەن ئۆتتى. مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيالمىدى، تەلىم ئالالمىدى، تامامەن ساۋاتسىز قالدى. باشقا بىر بىلىملىك كىشىنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولالمىدى. چۈنكى ئەرەبىستاندا بۇنداق كىشىمۇ يوق ئىدى.

تىجارەت بىلەن بىر قانچە قېتىم چەتكە چىققان بولسىمۇ، بۇ سەپەرلىرى سۈرىيەنىڭ نېرىسىغا بارمىغان. بۇ سەپەرلىرى جەريانىدا بەزى بىر بىلىملىك كىشىلەر بىلەن، بەزى مەدەنىيەتلەر بىلەن تونۇشقان بولسىمۇ، بۇ ھادىسىلەر ئۇنى، يەنى بىر ساۋاتسىز ئەرەب يىگىتىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە كەلگۈسى دەۋرلەرنىڭ رەھبىرى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆز دەۋرىنىڭ رەھبىرى بولۇشقا ئۈندەيدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى.

ئەمدى ئەرەب قەۋملىرى ۋە شۇ چاغدىكى دۇنيانىڭ باشقا ئىنسانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆز ئالدىڭلاردا تۇتۇپ، بۇ ئۇلۇغ ۋە ئېسىل ئىنساننىڭ ھاياتىغا بىر نەزەر سېلىڭلار. بۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ياشلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئۇ جەمئىيەتتىكى باشقا ئىنسانلارغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. ھېچ يالغان گەپ قىلمايدۇ. بۇنىڭغا ئەتراپىدىكى ھەر قانداق ئادەم گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ بىر قېتىممۇ يالغان گەپ قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىيالمىغان. خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ نامى «ئەل ئەمىن» ئىدى. كىشىلەرگە قاتتىق سۆز قىلماي، دائىم يۇمشاق تىل بىلەن تاتلىق ئىبارىلەرنى قوللىناتتى. ھېچقاچان بىرسىنى ئازارلىغۇچى سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلمىغان. ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان تەبىئەتلىك، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ھەر قانداق كىشى، ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن قايىل بولاتتى. كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا، ھەر قاچان ئادالەتلىك ۋە توغرىلىقنى پرىنسىپ قىلاتتى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان چاغلىرىدىمۇ توغرىلىق ۋە راستچىللىقتىن ئايرىلمىغان ئىدى.

ئەخلاقسىزلىق يامراپ كەتكەن خەلق ئىچىدە، گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىر نامايەندىسى بولغان قىمار ئويناشنى، ھاراقكەشلىكنى بىر كارامەتلىك ئىش دەپ بىلگەن ئىنسانلار ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ بۇلارغا ھېچقاچان قول تەگكۈزمىگەن ئىدى.

خەلقى مەدەنىيەتسىز ۋە پاسكىنا تەبىئەتلىك كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇ ئېسىل ۋە پاكىزلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ تاش يۈرەك ۋە قوپال تەبىئەتلىك ئىنسانلار بولۇشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ قەلبى يۇمشاق ۋە ئىنسان سۆيگۈسى بىلەن تولۇپ تاشقان. يېتىملەرگە، تۇل ئاياللارغا يار-يۆلەكتە بولغان. ھېچقاچان باشقىلارغا قىيىنچىلىق كەلتۈرمىگەن. ئەكسىچە باشقىلار ئۈچۈن ئۆزى قىيىنچىلىق تارتقان. مىللىتى قان تۆكۈشنى، ئۇرۇشنى ۋە جېدەل چىقىرىشنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قارىسا، ئۇ تىنچلىقپەرۋەر بولۇپ، ھەر دائىم دوستلۇقنى ۋە باراۋەرلىكنى تەرغىب قىلىدۇ.

بۇتپەرەس بىر قەۋم ئىچىدە تۇرۇپ، بۇتلاردىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. ھېچقاچان مەخلۇق ئالدىدا باش ئەگمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەقلى ئىنتايىن روشەن، ئۇ، يەردىكى ۋە ئاسماندىكى ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ئالدىدا چوقۇنۇپ ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭدىن ھاجەت تىلەشكە لايىق ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەن. ئۇنىڭ يۈرىكى پۈتۈن ئالەمنى ۋە مەخلۇقاتلارنى ياراتقان بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى سەزگەن. ھەتتا باللىق چاغلىرىدىمۇ بۇتقا چوقۇنغانلاردىن قاتتىق يىرگەنگەن. قىسقىسى، جاھالەت دېڭىزى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن بىر قەۋم ئىچىدە، بۇ ئىنسان، ئالىيجاناب پەزىلەتتى ۋە نۇرانە خىسلەتتى بىلەن گوياكى قاراڭغۇ زۇلمەتنى يورۇتۇپ تۇرغان بىر ماياكقا ئوخشايتتى ۋە تاش دۆۋىلىرى ئارىسىدا پارلاپ، نۇر چېچىپ تۇرغان بىرلىيانت ئىدى.

قىرىق يىل پاك، ئەڭ ئېسىل ۋە ئالىيجاناب بىر ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئەتراپىنى ئورىۋالغان بۇ جاھالەت، ئەخلاقسىزلىق، باشباشتاقلىق ۋە بۇتپەرەسلىك زۇلمىتىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشنى ئويلايدۇ. چۈنكى، ئەتراپىدىكى ھېچبىر نەرسە ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ۋە روھىي ھالىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن ئۇزاق خىلۋەت جايلاردا، تاغدىكى غارلاردا كېچە-كۈندۈز يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدى. روھىنى، قەلبىنى تېخىمۇ پاكلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈنلەرچە يېمىدى، ئىچمىدى (روزا تۇتتى). مۇنداق بىر تىنچ مۇھىتتا چوڭقۇر ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنى ئورىۋالغان بۇ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن بىر يورۇقلۇق، بۇ بۇزۇق دۇنيانى يىمىرىپ تاشلاپ يېڭى، پارلاق بىر دۇنيانىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىر كۈچ-قۇدرەت ئىزدىدى.

مانا شۇ كۈنلەردە، ئۇ تۇيۇقسىز، ئۆزىدە ئاجايىپ يېڭى بىر ئۆزگىرىش، بىر يېڭىلىق ھېس قىلدى. قەلبى بىردىنلا ئۇ ئىزدەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن يورۇقلۇق بىلەن نۇرلىنىپ كەتتى. ۋۇجۇدى ئۇ بۇرۇن ھېچ ھېس قىلىپ باقمىغان بىر دەرىجىدە كۈچ ۋە شىجائەت بىلەن تولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غاردىن چىقىپ خەلقىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

«سىلەر خۇدا دەپ بىلىپ چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ساختا نەرسىلەر. بۇلارغا چوقۇنماڭلار، بۇلارنى تاشلىۋېتىڭلار. پۈتۈن يەر-زېمىننى، ئاسماننى، كۈننى، ئاينى، يۇلتۇزلارنى ۋە ئالەمدىكى ھەر نەرسىنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر ئاللاھ ياراتقان، سىلەرنى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى يالغۇز ئۇ ئاللاھدۇر. بۇ بۇتلارنى تاشلاپ

يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشلار ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇغان ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشلار (ئەمەل قىلىشلار). ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، زالىملىق قاتارلىق يامان قىلمىشلىرىشلار، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئەڭ چوڭ جىنايەتتۇر. بۇ يامان ئادەتلەرنى تاشلاشلار. دۇرۇس ۋە راستچىل بولۇشلار. ئادەم ئۆلتۈرمەسلار، باشقىلارنى بوزەك قىلىپ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالماسلار. باشقىلارغا ھەقسىزلىق قىلماسلار. ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشلار. سىلەر ئىنسانلىقنىڭ پەقەت بىر پارچىسى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن ئىنسانلار بىردەك ئوخشاش. ھېچكىم ئانىسىدىن بوينىغا شەرەپ تاختىسى ئېسىقلىق ھالدا تۇغۇلمايدۇ. ئاللاھدىن قورققان ۋە ياخشى ئەمەل ئىشلىگەن كىشىلەر، ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ شەرەپلىك بولغىنىدۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالغانلار، يامان ئەمەل ئىشلىگەنلەر زىيانغا ئۇچرىغۇچىلاردۇر.

ئۆلگەندىن كېيىن ھەممىڭلارنىڭ ئاللاھ ھۇزۇرىغا ھازىر بولىدىغان بىر كۈنۈڭلار كېلىدۇ. ئۇ كۈنى پۈتۈن ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىڭلاردىن ھېساب ئېلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ھېچ نەرسىنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر. بۇ دۇنيادا قىلغان پۈتۈن قىلمىشلىرىڭلارنىڭ خاتىرىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەۋجۇدتۇر. ھەقىقىي ئادالەتلىك بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى ئاللاھ ئالدىدا ھەر قانداق باھانە ـ سەۋەب، ئۆزرە ۋە ياكى يالغانچىلىق ئىشقا يارىمايدۇ. پارا بېرەلمەيسىلەر. ھېچكىمنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى ۋە ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەرتىۋىسى سورالمايدۇ. پەقەت ھەقىقىي ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللىرىلا سورىلىدۇ. ياخشى ئەمەللىرى بار كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ. ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللىرى بولمىغانلار بەختسىزلەردۇر، ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىدۇ».

نادان قەۋم ئۇنىڭ بۇ چاقىرىقلىرىغا قارشى چىقتى. ئۇنى ھاقارەتلىدى، زاڭلىق قىلدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، يولدا يۈرگەندە ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ يارىدار قىلدى. قوللىرىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق يامانلىقلىرىنى ئاياپ قويمىدى. ھەتتا ئۆلتۈرۈشكە سۇيىقەست پىلانلىدى. بۇ زۇلۇم ۋە ئازار ـ ئاھانەتلەر ئون ئۈچ يىل توختىماستىن داۋام قىلدى. ئاخىرى ئۇ يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. پاناھلانغان جايىدىمۇ ئۇنى ئارامىدا قويمىدى. ھەر خىل يوللار بىلەن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلدى. قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ پۈتۈن ئەرەبىستاننى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشقا قۇتراتتى. بۇ ئەھۋال سەككىز يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئۇ باشلىغان يولىدىن ھېچ يانمىدى. سەۋرچانلىق ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەق دىننى تارقىتىشنى داۋام قىلدى.

خەلقنىڭ ئۇنىڭغا مۇنچىۋالا قارشى چىقىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەجەبا

ئوتتۇرىدا بىر پۇل ـ مال ۋە ياكى مەنسەپ ـ هوقۇق كۈرىشى بارمىدى؟ ياق. بۇلارنىڭ سەۋەبى: ئۇ خەلقنى يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا بەندىچىلىك قىلىپ ئىبادەت قىلىشنى، يەردىكى ۋە ياكى ئاسماندىكى هېچقانداق بىر نەرسە، ئىلاھ دەپ چوقۇنۇشقا، هاجەت تىلەشكە لايىق ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇتپەرەسلىككە قارشى تۇرغانلىقى، ئەسكى ئەخلاقلىرىنى ۋە يامان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەنقىد قىلىپ، خەلقنى توغرا ۋە هەق يولغا باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئۇ روهبانىيەتنىڭ يىلتىزىنى قازدى. ئىنسانلارنى «ئۈستۈن تەبىقە» ۋە «ئاستىن تەبىقە» دەپ بۆلۈشكە قارشى چىقتى. ئىجتىمائىي سىنىپ ۋە ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا ۋە كەمسىتىشكە قەتئىي قارشى چىقىپ، نەسىلدىن نەسىلگە داۋام قىلىپ كەلگەن بۇ ئىرقىي جەمئىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتمەكچى بولدى.

خەلق ئىچىدىكى بەزى مۆتىۋەرلەر كېلىپ ئۇنىڭغا: بۇ قارشى چىقىۋاتقان ۋە ئۆزگەرتمەكچى بولغان نەرسىلىرىنىڭ هەممىسى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن، شۇڭا بۇلارغا قارشى تۇرۇشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ چاقىرىقلىرىدىن يانسا، ئۇنى ئۆزلىرىگە هۆكۈمدار قىلىپ، پۈتۈن هوقۇقنى بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى سىز ئۈچۈن ئىنتايىن يامان بولىدۇ، دەپ تەهدىت سالىدۇ. ئەمما ئۇ بۇلارنى قەتئىي رەت قىلىپ، خەلقنىڭ بۇ جەبىرلىرىگە، ئازارلىرىغا سەۋر قىلىپ چىداپ، هەق دىننى تارقىتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان[①].

بۇ ئۇلۇغ ئىنسان، ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنغان پادىشاهلىققا، ئالىي تۇرمۇشقا، شۆهرەتكە ۋە بايلىققا بىر ئاز بولسىمۇ نېمىشقا ئەهمىيەت بەرمىدى؟ ئەجەبا، بۇلاردىنمۇ زىيادە دۆلەت ۋە ئۈستۈن مەنپەئەت بارمىدى؟ ئەگەر بار بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىلىچ ۋە ئوقلار ئاستىدا داۋاملىق ئۆلۈم تەهدىتى بىلەن ياشاپ،

---

① بىر قېتىم ئەرەبلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىرلىكتە هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ تاغىسىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسساالامنىڭ پائالىيەتلىرىنى توختىتىشقا ئەۋەتكەن ئىدى. هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسساالام تاغىسىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئى دادامنىڭ ئورنىغا قالغان تاغام، ئاللاھ مېنى، بۇ هەق دىننى تارقىتىشقا تەيىن قىلدى. مەن ئۆزەمچە بۇ دەۋانى باشلىمىدىم. بىر قولۇمغا كۈن، بىر قولۇمغا ئاينى بەرسىمۇ مەن رىسالەت (پەيغەمبەرلىك ـ ت) ۋەزىپەمدىن قىلچىمۇ ئارقىغا يانمايمەن. ياكى ئاللاھ ماڭا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ، ياكى مەن بۇ يولدا جېنىمنى پىدا قىلىمەن».

جەبىرى ـ زۇلۇم، ماددىي ۋە مەنىۋى ئەزىيەتلەر چەكتى؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز ۋە چۈشىنىشىمىز لازىم.

بۇ ئۇلۇغ ئىنسان ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلا دۇنيادىكى ياخشىلىقى ۋە سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنى ھاقارەتلەۋاتسا، ئازاب بېرىپ، تاش ئېتىپ يارىدار قىلىۋاتسا، يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىۋاتسا، بۇ ئالىيجاناب ئىنسان يەنىلا بۇلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە ھەقىقىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پائالىيىتىنى داۋام قىلغان. ئەۋىلاپ بېقىڭلار، بۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈن ئالىيجانابلىق، ئېسىل ئەخلاق ۋە پىداكارلىق ئۈلگىسى بارمۇ؟

پائالىيىتىدە بۇنچىلىك سەۋرچانلىق، قەتئىي ئىرادە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان ئىشەنچ، ئۇنىڭ چاقىرىقلىرىدىكى ھەققانىيەتنىڭ بىردىنبىر ئىسپاتىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭدا زەررىچە ئىككىلىنىش ۋە ياكى گۇمانلىنىش بولسا ئىدى. يىگىرمە بىر يىل داۋام قىلغان بۇ بوران چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى. مانا يۇقىرىقىلار ئۇنىڭ شەخسىيىتىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلابنىڭ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرىپى بولسا تېخىمۇ ئۇلۇغ بولغان بىر تەرىپىدۇر.

ئەرەبىستاننىڭ قۇملۇق چۆللىرىدە ياشاپ، قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان بۇ ساۋاتسىز ئىنسان، جاھىل ئەرەبلەر ئىچىدە بىر دۆلەت ئادىمى، بىر ۋائىز (ۋەز ئېيتقۇچى، نۇتۇق سۆزلىگۈچى ـ ت) ئەمەس ئىدى. ئەخلاق، ھوقۇق، سىياسەت، ئىقتىساد، مېتافىزىك ۋە ئىجتىمائىيەتچىلىك پرىنسىپلىرىدىن سۆز قىلىپ باقمىغانىدى. بۈيۈك بىر قوماندان بولۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، بىر ئاددىي ئەسكەرمۇ ئەمەس ئىدى. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى توغرىسىدا، بۇرۇن نازىل بولغان ئىلاھىي كىتابلار توغرىسىدا، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا، ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەر ھەققىدە، قىيامەت توغرىسىدا، ئاخىرەت ھاياتى توغرىسىدا، جەننەت ۋە دوزاخ توغرىسىدا ھېچ ئېغىز ئېچىپ باقمىغان. قىسقىسى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ باقمىغان، ئۆزىمۇ قىرىق يېشىغا كەلگۈچە بۇنداق سۆزلەرنى قىلمىغان.

ئەلۋەتتە، بۇرۇن (پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن ـ ت) ئۇ ئاللاھدا بىر خاراكتېر، تەسىرلىك بىر شەخس ۋە ئۈستۈن ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە ئىدى. ئەمما ئىنسانلار ئارىسىدا كەلگۈسىدە بۈيۈك بىر ئىنقىلاب، تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش قىلىدىغان بىر ئاللاھدىلىكى كۆزگە چېلىقمايتتى. يېقىنلىرى ئۇنى ياۋاش، ئېغىر ـ بېسىق، تەمكىنلىك ۋە ئېسىل تەبىئەتلىك بىر ئىنسان دەپ بىلەتتى. ئەمما ئۇ غاردىن ۋەھىي بىلەن (پەيغەمبەرلىك) ۋەزىپە ئېلىپ تاشقىرىغا

چىققاندا، ئۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن ئىدى.

ئۇ خەلقىنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىپ چاقىرىق باشلىغان ھامان، پۈتۈن ئەرەبىستان ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچقا چۆمۈلدى. ئۇنىڭ ئىنتايىن ئۇستۇن سەۋىيىلىك ۋە قايىل قىلارلىق سۆزلىرى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلاتتى. ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان دىنىمىزدىن چىقىرىدۇ، مەدەنىيىتىمىزنى يوقىتىدۇ دەپ ئۇنىڭغا قارشى چىققان دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن قورقاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزىگە قارشى چىقىشقا ئاجىز كېلەتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىرلىرى، ئاتاقلىق ۋائىزلىرى ۋە ناتىقلىرى بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇ ئوقۇغان سۈرىنىڭ بىر ئايىتىگە ئوخشىتىپ بىر ئايەت مەيدانغا چىقىرىش تەلەپ قىلىنغاندا، بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەي يەرگە قارىشىپ تۇرغانىدى. شۇنداقلا، ئۇ تەڭدىشى يوق بىر مۇتەپەككۇر، پەۋقۇلئاددە بىر ئىسلاھاتچى، ئاتاقلىق بىر مەدەنىيەت قۇرغۇچىسى، ئۆتكۈر بىر سىياسەتچى، ئۇلۇغ بىر رەھبەر، يۈكسەك بىر ھاكىم ۋە قوماندان بولۇپ خەلقىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

بۇ ساۋاتسىز ئىنسان، مېتافىزىك ۋە ئىلاھىيەتتىكى ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنى يەشتى. چاقىرىقلىرىدا ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە ئىمپېرىيىلەرنىڭ مۇنقەرز بولۇش سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈردى. ئەخلاق ۋە پەزىلەتنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئۆگەتتى. ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، ئىقتىسادى تەشكىلات ۋە ئىدارە تەشكىل قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ھاياتىغا تېگىشلىك مەسىلىلەردە، شۇنچىلىك مۇكەممەل ۋە ئۈنۈملۈك تۈزۈم ۋە قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىكى، بۇلارنى زامانىمىزدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئىشلەپ بارغان تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدىمۇ تېپىپ چىقالىشى ناتايىن.

دۇنيا تەرەققىي قىلغانسېرى، تەجرىبە-ساۋاقلار كۆپەيگەنسېرى پەيغەمبىرىمىز ئوتتۇرىغا قويغان بۇ قانۇنىيەتلەردىكى ھېكمەتلەر بىر-بىرلەپ بىلىنىۋاتىدۇ ۋە كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور، ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققۇسى. 1400 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەلىماتى ۋە قانۇنلىرىغا ھېچقانداق تۈزىتىش ياكى قوشۇمچە قىلىشنىڭ لازىملىقى ئوتتۇرىغا چىققىنى يوق. ۋەھالەنكى ئۇ دەۋردىكى قانۇنلار بۇ بىر مۇددەت ئىچىدە مىڭلارچە قېتىم ئۆزگەرتىلدى.

قولىغا بىر قېتىممۇ قىلىچ ئېلىپ باقمىغان، بۇرۇن ھېچبىر ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەن بىر كىشى، بىردىنلا پۈتۈن جەڭلەرگە قاتنىشىپ

تۇرىدىغان بىر جەڭچىگە ئايلاندى. قورال ـ ياراقلىرى يېتەرسىز، شارائىتى ناچار تۇرۇقلۇق، توققۇز يىلدەك قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە پۈتۈن ئەرەبىستاننى پەتھى قىلغان ئىسلام لەشكىرىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك ۋە قۇدرەتلىك ئىككى قوشۇننى تارمار قىلدى.

قىرىق يىل ھېچقانداق بىر سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشماي تىنچ ياشاپ كەلگەن بۇ كىشى، بىردىن دۇنيا سەھنىسىدە بۈيۈك بىر سىياسىي ئىسلاھاتچى ۋە دۆلەت رەھبىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئالاقە قىلىش ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق، بوگۈنكىدەك تېلېگراف، تېلېفون، رادىئو، سىمسىز تېلېفون ۋە نەشرىيات قاتارلىق ۋاسىتىلەر بولمىغان بىر ۋەزىيەتتە بىر مىليون ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ كۋادرات مىل كەڭلىكتىكى چۆل، قۇملۇقتا تارقاق ھالدا ياشاۋاتقان، ئۇرۇشقاق، جاھىل ۋە داۋاملىق قەبىلىلەر ئارىسىدا توختىماستىن ئۇرۇش بولۇپ تۇرىدىغان خەلقنى بىر بايراق ئاستىدا، بىر دىندا، بىر قانۇن، بىر مەدەنىيەت ۋە بىر تەشكىلىي ئىدارىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بىرلەشتۈردى.

خەلقنىڭ دۇنيا كۆز قارىشىنى، ئادەتلىرىنى ۋە ئەخلاقلىرىنى ئۆزگەرتتى. جاھىل ئىنسانلارنى مەدەنىيەتلىك كىشىلەرگە، گۇناھكار ۋە يامان تەبىئەتلىك ئادەملەرنى تەقۋادار، ئاللاھدىن قورقىدىغان سالىھ كىشىلەرگە ئايلاندۇردى. ئىسيانكار، باشباشتاق ۋە جېدەلخور بىر مىللەتنى قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەسىرلەر داۋامىدا بىرمۇ ئاتاقلىق، بۈيۈك كىشى يېتىشىپ چىقمىغان بىر قەۋمدىن ئۇنىڭ تەسىرى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت پرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىدىغان مىڭلارچە ئۇلۇغ كىشى يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار دۇنياغا مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ئىنسانلىق ساۋىقى بېرىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا، ئىسلامنىڭ ئوخشاش بىر تەلىماتىنى، بىر شەرىئەت نىزامىنى ئېلىپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپالارغىچە تارقالدى.

بۇ ئىشلارنى دۇنياچە ۋەدىلەر بىلەن، بېسىم ئىشلىتىپ، زورلۇق بىلەن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى قايىل قىلىدىغان پوزىتسىيىسى، خۇش ئەخلاقى، كىشىنى ئىشەندۈرەلەيدىغان نەسىھەت ۋە تەربىيىلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئېسىل ئەخلاقى، ئۈستۈن پەزىلىتى ۋە ئىلمىيلىكى نەتىجىسىدە، دۈشمەنلىرىنى دوست، رىقابەتچىلىرىنى ئۆزىگە تەرەپدار قىلدى. ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، راستچىللىق ۋە توغرىلىقتىن ئايرىلمىدى. دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندا مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى، ئۇلاردىن ئۆچ ئالمىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە سۇيىقەست قىلغان، ئۇنىڭغا يامغۇر ياغقاندەك تاش

ئىتىپ ياردار قىلغانلارنى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشتا غالجىرلىشىپ، تاغىسىنى شىبھىت قىلغان، جەسىتىدىن يۈرىكىنى چىقىرىپ ئاغزىدا چاينىغان كىشىنىمۇ كەچۈرۈم قىلدى.

ئۇ، ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ۋە باشقۇرغۇچىسى بولسىمۇ، ھېچبىر زامان ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىمىدى. تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، بۇرۇنقىدەك خام خىشتىن ياسالغان پىقىرانە ئاددىي بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى. بىر پالاس بورا ئۈستىدە يېتىپ ـ قوپۇپ ساددا كىيىنەتتى. كەمبەغەللەرگە ئوخشاش ئوزۇقلانغان، ھەتتا بەزى ئاچ قالغان كۈنلىرىمۇ بولغانىدى. شۇنچىلىك ئالدىراش بولسىمۇ، يەنە كېچىلىرىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كۈندۈزلىرى بالا ـ چاقىلىرىدىن خەۋەر ئېلىش، يوقسۇللارنى يوقلاش ئىشلىرىنى ئاقسانمايتتى. بىر ئاددىي ئىشچىدەك ئىشلەشنى ھېچبىر زامان ئۆزىگە ئۇيات دەپ تونۇمايتتى. ئۇنىڭدا زەررىچىمۇ تەكەببۇرلۇق يوق ئىدى. ئۆزىنى پادىشاھتەك چوڭ تۇتمايتتى. ئادەتتىكى پۇقرالاردەك خەلقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بىلەن بىرگە يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە غەم ـ قايغۇلىرىغا ئورتاق بولاتتى. خەلق بىلەن شۇقەدەر يېقىن ئىدىكى، يىغىلىش ياكى سۆھبەتلەرگە تاشقىرىدىن كىرگەن كىشى ئۇنى يېنىدىكىلەردىن ئوڭايلىقچە پەرقلەندۈرەلمەيتتى.

پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىمىدى، ۋارىسلىرىغا مىراس قالغۇدەك ھېچبىر نەرسە قالدۇرمىدى، پۈتۈن بار ـ يوقىنى ئۈممەتكە ۋەخپە قىلدى. ئۆزىگە ۋە ياكى مىراسخورلىرىغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلماسلىقنى تاپىلىدى. ھەتتا كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن ئۈممەت زاكاتلىرىنى ئۇنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەرگە بېرىدىغان ئىش چىقىپ قالمىسۇن دەپ: «نەسلىمدىن كەلگەنلەرگە زاكات ئېلىش جايىز ئەمەس» دەپ بېكىتتى.

بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ تەلىماتلىرى دۇنيادىكى باشقا قەۋملەر ئارىسىدىمۇ زور تەسىر پەيدا قىلدى. بۇنى دۇنيا تارىخىنى بىر پۈتۈنلۈكتە تەتقىق قىلىپ كۆرگىنىمىزدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. 1400 يىل بۇرۇنقى «قاراڭغۇلۇق دەۋرى»دە تۇغۇلغان، ئەرەبىستاننىڭ قۇملۇق چۆللىرىدە يېتىشكەن بۇ «ئۇممى» (ساۋاتسىز ـ ت)نىڭ تەلىماتى دۇنيا مىقياسىدا بىر ئىنقىلاب دەۋرى ئاچتى. كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدا، ئېتىقادىدا، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقلىرىدا باشقىچە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. دۇنيادا ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلار ئۇچۇن، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى يول كۆرسەتكۈچ بولسا، ئۇنى ئىنكار قىلغانلار ئارىسىدا، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ماختايدىغانلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئادەم بالىسى «تەۋھىد»نى

تامامەن ئۆنتۈپ كەتكەن بىر چاغدا، ئۇ بۇتپەرەسلىك ۋە يارىتىلغان نەرسىگە چوقۇنۇشنى رەت قىلىپ، ئىنسانلارغا تەۋھىد يەنى «ئاللاھنى بىر دەپ بىلىپ ئىمان ئېيتىش» ساۋىقىنى ئەسلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزى باتىل ئېتىقاد ۋە بۇتپەرەسلىكنى ئاساس قىلغان دىنلارمۇ «بىر تەڭرىچىلىك»نى ئاساس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ، ئاللاھ ۋە مەنىۋىيەت توغرىسىدىكى كونا كۆز قاراشنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. «رىيازەت بىلەن نەپسىنى ئۆلتۈرگەندىلا ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى پاكلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىنسانلىق ئېھتىياجلىرىدىن ۋاز كېچىپ، نەپسىنى ھەر خىل رىيازەتلەرگە دۇچار قىلمىغاندا پاكلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ» دېگەن تونۇشقا قارشى، دۇنياۋى ئىشلارنى تاشلىۋەتمەي، ئاكتىپ رول ئېلىپ قاتنىشىپ، مەنىۋىيەتتە ۋە ئەخلاقتا قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۈگۈن دۇنيادىكى گۈزەل ئەخلاق، ياخشى مۇئامىلە پرىنسىپلىرى، مەدەنىيەت مەپھۇمى (چۈشەنچىسى ـ ت) ۋە ئەمەلىيەت پرىنسىپلىرىنىڭ نېگىزىگە قارايدىغان بولساق، بۇ يەردە ئۇنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ بېكىتكەن قانۇن ـ تۈزۈملىرى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە بېرىپ يەتمەكتە. بۇ ھال زامانىمىزدىمۇ داۋام قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۆگەتكەن ئاساسىي ئىقتىسادىي پرىنسىپلىرى، دۇنيا تارىخىدا بىر قانچە ھەرىكەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇلار كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭ ھوقۇق ۋە ئادالەت پرىنسىپلىرىمۇ شۇنداق.

بۇ ساۋاتسىز ئەرەب، دۇنيادا تۈنجى قېتىم خەلقئارا مۇناسىۋەتتە، ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتا ئەھدى (كېلىشىم ـ ت) پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىممۇ ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتىكى ئەخلاقى پرىنسىپلاردىن سۆز ئېچىپ باقمىغان. ئەمما ئۇ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئورتاق بىر ئىنسانىي چۈشەنچە ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىشنى ۋە خەلقلەرنىڭ كېلىشىم ئاساسىدا بىرگە ئۆتۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان. (بۇ ھەقتىكى تولۇق مەلۇمات ئۈچۈن مۇئەللىپنىڭ «ئىسلامدا جىھاد» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ ـ ت)

## ئەڭ بۈيۈك ئىنقىلابچى

دۇنيا تارىخىدا بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئالىيجاناب شەخسىيىتى، خەلقئارادا

«مىللىي قەھرىمانلار» دەپ نام ئالغان بارلىق كىشىلەردىن قاتمۇ-قات ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن تەرەپلىرىگە ئومۇمى تەسىر قىلىدىغان قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇلاردىن بەزىلىرى نەزەرىيە ۋە مەپكۇرە ساھەسىگە ۋەكىللىك قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يېتەرسىز قالغان. بەزىلىرى ئاكسىئون كىشىلەر ئىدى. لېكىن ئىلمىي تەرەپلىرى يوق ئىدى. بەزىلەر يالغۇز دۆلەت رەھبىرى بولۇپ ئىستراتېگىيىدىلا ئۈزىنى كۆرسەتكەن. يەنە بەزىلىرى، جەمئىيەتتىكى بىر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەتقىق قىلالىغان. بەزىلىرى ئەخلاق ۋە مەنىۋى تەرەپنى تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، سىياسىي ئىقتىساد تەرەپنى كۆرەلمىگەن. بەزىلىرى نوقۇل سىياسىي ئىقتىساد بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاياتنىڭ مەنىۋى ۋە ئەخلاقى تەرىپىنى تاشلاپ قويغان.

قىسقىسى، دۇنيادا ھاياتنىڭ يەككە تەرىپىدىلا (بىر تەرەپلىملىك) قابىلىيىتىنى ۋە ماھارىتىنى كۆرسەتكەن قەھرىمانلار ئۇچرايدۇ. ئەمما بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولسا پۈتۈن قابىلىيەت ۋە ئۈستۈنلۈكلەرنىڭ بىر كىشىدە توپلانغانلىقىنىڭ يالغۇز مىسالىدۇر. ئۇ، مەنتىقىنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلىدىغان پەيغەمبەر ۋە تەلىماتلىرى، چاقىرىقلىرى ئۇچۇن ئۆزى جانلىق بىر ئۈلگە. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى خەلقئارا مۇناسىۋەتتىن باشلاپ، يېمەك-ئىچمەك ۋە بەدەن تازىلىقىغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت كەڭ بىر ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاياتنىڭ بىر-بىرىگە زىت بولغان تەرەپلىرى ئوتتۇرىسىدا شۇنچىلىك مۇكەممەل مۇۋازىنەت (تەڭپۇڭلۇق) تۈزۈپ چىقتىكى، ئۇنىڭدا قىلچە يېتەرسىزلىك ياكى كەمچىلىك تېپىلمايدۇ. بۇنداق مۇكەممەل ۋە كۆپ تەرەپلىملىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە يەنە بىر كىشى بار دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

گېگېل پەلسەپىچىلىرى ۋە ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزم ئېتىقادچىلىرىنىڭ چوڭ قىلىدىغان سۆزى: «بىر مىللەتنىڭ مەيدانغا كېلىپ، بىر ئىمپېراتورلۇق قۇرۇپ چىقىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر داھىينىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى زامان ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېيىشتىن نېرىغا كەتمەيدۇ. ئەمما ۋەزىيەتسى ئەڭ گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىش، ئىنسانلارنى پۈتۈن ئەسكىلىكلەردىن تازىلاش، جاھالەت دەۋرىنىڭ خىيالىي ۋە باتىل ئېتىقادلىرىنى يوقىتىپ، ئىرق، مىللەت ۋە ئۆلكە دەيدىغان تار كۆز قاراشنى رەت قىلغان، يالغۇز ئۆز يۇرتى ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن، بىر ئەخلاق، مەنىۋىيەت،

مەدەنىيەت ۋە سىياسەت ئۇستقۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ چىققان، پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي مۇناسىۋەتلەر، يۇرتداشلىق ھەقلىرى، سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنى ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئۇستىگە قۇرۇپ چىققان، بۇگۈنمۇ «ئەقىل ۋە قابىلىيەتنىڭ ئەسىرى» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان، دۇنياۋى ۋە مەنىۋى جەھەتتە بىردەك يۇكسىلىتىدىغان مۆتىدىل بىر سەنتىز ئۇيۇشتۇرغان ئادەمنى، ئەنە شۇنداق مۇھىتنىڭ قانداق ئوتتۇرىغا چىقىرالىغانلىقىنى گېگىلچى ۋە ماركسچى پەلسەپە چۇشەندۇرەلمىدى. دۇرۇس ۋە ھەققانىي بىر ئادەم ئۇنداق بىر شەخسىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى، شۇ چاغدىكى جاھالەت ۋە زۇلمەت مۇھىتنىڭ ئەسىرى دەپ ئېيتامدۇ؟

دۇنيانىڭ ئاتاقلىق شەخسلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ئەسىرى» دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەھۋالى باشقىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ شەخسنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، ئۇ ياشىغان مۇھىتنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى جەمئىيەتنىڭ يەنى ئۇ دەۋردىكى «ئەرەبىستاننىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنىڭ ئەسىرى» دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟ ئۇ چاغدىكى ئەرەبىستان ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى ئۇرۇشقاق قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە مىللەت ھالىغا كەلتۈرۈپ، ئەتراپىدىكى مەملىكەتلەردە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىدى. قىسقىسى ئۇ زاماندىكى ئەرەبتىن چىقىدىغان بىر مىللىي رەھبەر زۇلۇم سېلىش، قان تۆكۈش، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ ئىككى يۈزلىمىچىلىك بىلەن بايلىق يىغىپ پادىشاھلىق سەلتەنىتىنى قۇرۇشتىن باشقا ئىش قىلماس ئىدى.

بەزىلەر 1400 يىل بۇرۇنقى «قاراڭغۇلۇق دەۋرىدىكى جاھالەت ۋە زۇلمەت» ئىچىدىكى ئەرەبىستاندا ساۋاتسىز پادىچى، كېيىنچە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغان بىر كىشىدە، قىرىق ياشقا كىرگەندىن كېيىن بۇ نۇرلۇق شەخس، بۇ ئىلىم-بىلىم، بۇ كۈچ-قۇۋۋەت، بۇ ئاجايىپ قابىلىيەت ۋە ئۇ قەدەر مۇكەممەل ئەخلاقىي زېھنىيەت بىردىن قانداق پەيدا بولغاندۇ؟ دەپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىدەك ئىنساننى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بىر كىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئويلاپ تېپىپ چىققان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ، ئۆزىنى پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئۇستۈن ئالاھىدە بىرسى، دەپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى. ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكنىڭ ھېچبىرىگە ئىگە بولمىغان «كىرشنا»نى ۋە «بۇددا»نى خۇدا دەپ چوقۇنۇۋاتقان، ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى

«خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ باش ئۇرۇۋاتقان ئىنسانىيەت ئالىمى، ئۇنى ئاللىقاچان «ئاللاھ» دەپ قوبۇل قىلاتتى.

«مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسان، سىلەرگە ئۆزۈمچە ھېچنەرسە ئېلىپ كەلمىدىم. بۇلار ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىندۇر. مەن ئىگە بولغىنىمنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەرگىنى ۋە بۇلارنىڭ ئىگىسى يالغۇز ئاللاھدۇر. پۈتۈن ئىنسانلار بىر يەرگە كەلسىمۇ ئوخشىتىپ ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىن بولمىغان بۇ سۆز ۋە تەلىماتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ چاقىرىقىدۇر. بۇلار مېنىڭ ئەقلىمنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ھەممىسى ئاللاھنىڭ كالامى. پۈتۈن شان ـ شەرەپ بۇ كالام (سۆز)نىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئېتىبارىمنى، ئىناۋىتىمنى ئۆستۈرگەن پەۋقۇلئاددە مۆۋەپپەقىيەتلىرىم، ئورناتقان قانۇن ـ ئىنتىزاملىرىم، سىلەرگە يەتكۈزگەن، ئۆگەتكەن پۈتۈن پرىنسىپلارنىڭ ھېچبىرى ماڭا ئائىت ئەمەس. ئۆز قابىلىيىتىم ۋە كۈچۈم يەتمەيدىغان يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى مەن ئۆزۈمچە ھەرگىز بېجىرەلمەيمەن. ھەر ئىشىمدا ئاللاھدىن مەدەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمەن. ئۇ نېمە دەپ بۇيرۇق قىلسا شۇ بويىچە ئىش قىلىمەن، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن.»

دىققەت قىلىڭلار! بۇ نېمە دېگەن راستچىللىق! نېمە دېگەن ساداقەتلىك! ۋە ئالىيجانابلىق! يالغانچى ۋە ئىككى يۈزلۈك كىشىلەر ئۆزىنىڭ سۆزلىرى، قىلمىش ساختىكارلىقلىرى ئاشكارا بىلىنىپ تۇرسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى داۋاملىق ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ ئۇنىڭغا ئاللاھدىن كەلگەن ۋەھيىنى ئىسپاتلاش ياكى رەت قىلىش قابىلىيىتى يوق (بۇلار ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس). ئەمما بۇ ئۇلۇغ ئىنسان ئۇ كارامەتلىرىنى، مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى ھېچبىر زامان ئۆزىنىڭ قىلىۋالمىدى.

مانا بۇلار، ئۇ زاتنىڭ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى (پەيغەمبىرى) ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. مۇبارەك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەۋقۇلئاددە پەزىلەت، ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە، ئۇستۇن تەقۋا، توغرىلىق ۋە راستچىللىقنىڭ نەمۇنىسى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمگە ئەۋەتكەن بۈيۈك پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ پاك ھاياتى، ھەق تەلىماتلىرى ۋە مۆۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ شەكسىز ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇنىڭ ھاياتىنى ۋە تەلىماتىنى بىتەرەپلىك مەيدانىدا تۇرۇپ تەتقىق

قىلغان ھەر قانداق ئىنسان، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن كىتابى قۇرئاننى، سەمىمىيەتلىك بىلەن مەنىسىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىققان كىشى، بۇنىڭ چوقۇم ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنداق بىر ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئىنسانىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ياخشى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ۋە توغرا يولىنى پەقەت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا تاپالايمىز. قۇرئان تەلىماتى ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىدىن باشقا، بىزنى ھەق يولغا توغرا باشلايدىغان ھېچقانداق بىر يول يوق. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلىك سىلسىلىسىنىڭ (تىزىلمىسىنىڭ ـ ت) ئاخىرقىسى. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ۋەھيي بىلەن بىۋاستە يەتكۈزۈشنى خالىغان پۈتۈن تەلىماتلىرى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق يوللانغان، قۇرئان ھەدىس بىلەن تەسبىت ئېتىلگەن (مۇقىملاشتۇرۇلغان ـ ت). ئەمدى ھەقنى ئىزدىمەكچى بولغان ۋە ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىسى بولۇشنى خالىغان كىشىنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ـ ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن توغرا يول (سىراتىل مۇستەقىيم)نى بويلاپ مېڭىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ۋە قۇتۇلۇشنىڭ يولىدۇر.

## پەيغەمبەرلىك ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ دەلىللىرى

ئۆتكەنكى دەرسىمىزدە پەيغەمبەرلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئادەتتىكى بىر ئەھۋال ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. ھەر زامان، ھەر بىر ئۆلكىدە، ھەر بىر خەلقلەر ئىچىدە بىر پەيغەمبەر بولۇشى كېرەك ئەمەس. پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماياك. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ۋە دەۋىتىنىڭ داۋام قىلىشى پەيغەمبەرنىڭ ھايات ئىكەنلىكى بىلەن ئوخشاش. ھەقىقەتەن بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈمى ـ ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئالەمدىن كېتىشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ كۈچتىن قېلىشى، چاقىرىقلىرىنىڭ ۋە رەھبەرلىكىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىلەن بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر

ئۆلۈپ كەتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەۋملىرى پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتلىرىنى بۇزۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئويدۇرما ھادىسىلەرنى قوشۇپ ئىنسانلارنى ئالدىغان. بۇرۇنقى پەيغەمبەرگە نازىل بولغان تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل قاتارلىق كىتابلاردىن بۈگۈن ھېچبىرسىنىڭ مەزمۇنى ئورىگىناللىرىغا ئوخشىمايدۇ. ھەتتا بۇ كىتابلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ ئورىگىنال كىتابقا ئىگە بولمىغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلماقتا. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرىدە ئويدۇرمىلار شۇنچىلىك كۆپكى، بۇلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغۇدەك بىرمۇ دەلىل تاپقىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ئەپسانە ۋە تەمسىللەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. بۇنىڭدا خاتىرىلەرنىڭ يوق بولۇشى، تەلىماتلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ قاچان ۋە قەيەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىنى ۋە ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن چاقىرىقلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى زادى نېمە ئىدى؟ ئىنسانلارنى نېمىدىن توسقانىدى؟ بۇلارنىمۇ ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ. دېمەك، پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتى ۋە تەبلىغىنىڭ يوق بولۇشى ـ ئۇنىڭ ئۆلۈمىدۇر.

مەسىلىگە بۇ نۇقتىئىنەزەردىن باھا بەرگىنىمىزدە، ھېچكىم ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ جانلىقلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ھېچ بۇزۇلمىدى، ئۆزگەرتىلمىدى ۋە ئۆزگەرمەس بىر شەكىلدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. ئىنسانلار ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن قۇرئان ئەسلى ئورىگىنال ھالىتىدە مەۋجۇد. ئۇنىڭ بىر ھەرپى ياكى بىر كەلىمىسى ئۆزگەرگىنى يوق. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنىڭ بىر تەرىپى (سۆزلىرى، تەلىماتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىگىچە) تامامەن مۇھاپىزەت قىلىنىپ كەلمەكتە. ئارىدىن 1400 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنمۇ، تارىختىكى ئۇنىڭ ئىز ـ نەقىشلىرى شۇ قەدەر ئوچۇق ۋە كەم ـ كۈتىسىزكى، خۇددى ئۇنى كۆزىمىز بىلەن ئەينەن كۆرگەندەك بولىمىز. دۇنيادا ھېچبىر ئىنساننىڭ بىئوگرافىيىسى ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭكىدەك مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلانمىدى.

ھاياتىمىزدا ھەر قانداق مەسىلىگە دۇچ كەلگىنىمىزدە، بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەمۇنىلىك ھاياتىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئۇنىڭ يوليورۇقلىرىدىن ياردەم ئالالايمىز. مانا بۇلار ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، باشقا بىر پەيغەمبەرگە ئېھتىياج يوقلۇقىنىڭ دەلىلى. يېڭى بىر پەيغەمبەرنىڭ زۇھۇر قىلىنىشى (مەيدانغا چىقىشى) ئۈچۈن

تۆۋەندىكىچە ئۈچ سەۋەب بولىدۇ: (پەقەت پەيغەمبەر ۋاپات بولسىلا ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر پەيغەمبەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك ئەمەس)

بىرىنچى، ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتلىرى بۇزۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن ياكى پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئىنسانلارغا يېڭىۋاشتىن دىنىنى ئۆگىتىش لازىم بولغاندا.

ئىككىنچى، ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتى ۋە ئىبلىپ كەلگەن شەرىئىتى تامامىلانمىغان (تولۇقلانمىغان)لىقتىن ئۇنى تولۇقلاش، ئىسلاھ قىلىش لازىم بولغاندا.

ئۈچىنچى، ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتى ۋە دەۋىتى مەخسۇس بىر قەۋم بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقتىن، باشقا قەۋملەرگىمۇ پەيغەمبەر ئەۋەتىش كېرەك بولغاندا.①

يۇقىرىدىكى ئاساسىي شەرتلەرنى دىققەت بىلەن كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىمىز. ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرى جانلىق ھالدا مەۋجۇدلۇقىنى داۋام قىلماقتا. بىر پۈتۈن ھالدا مۇھاپىزەت بىلەن قوغدالماقتا. ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن يولىيورۇقلىرىدا ھېچقانداق كەمچىلىك ياكى ئۆزگىرىش يوق ۋە بۇلار قۇرئان كەرىمدە ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئىسلامنىڭ مەنبەلىرى ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش ۋە ياكى بۇزۇلۇشقا ئۇچرىمىدى. ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ ھەر بىر تەلىماتىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرىنى زەررىچىمۇ گۇمان تۇغدۇرمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق سۈرەتتە چۈشىنىپ ئۆگىنەلەيمىز. دېمەك، ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىماتى كۈچىنى يوقاتمىدى، ئۆزگەرمىدى ۋە جانلىق ھالدا مەۋجۇد. بۇلارنى يېڭىۋاشتىن تەقدىم قىلىشنىڭ ئېھتىياجى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى بىر پەيغەمبەر كېلىشى لازىم ئەمەس.

ئىككىنچى، بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەمرلىرىنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق يەتكۈزۈپ ۋە ئىسلامنى ئىنسانلار ئۈچۈن مۇكەممەل دىن قىلىپ، جانابى ئاللاھ قۇرئاندا:

---

① يەنى ـ بىر پەيغەمبەر باشقا بىر پەيغەمبەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى ئاز. قۇرئاندا بۇنداق پەيغەمبەردىن ئىككىسى تىلغا ئېلىنغان. بۇ بىر ئىستىسنا ئەھۋال بولغانلىقتىن بۇلارنى بۇ يەردە تىلغا ئالمىدىم.

﴿ ٱلۡيَوۡمَ أَكۡمَلۡتُ لَكُمۡ دِينَكُمۡ وَأَتۡمَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ نِعۡمَتِي ﴾

**«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم.»** (سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت)

دەپ بۇيرۇغان. ئىسلام ـ دۇنيا ۋە ئاخىرەت هاياتى ئۈچۈن رەهبەرلىك قىلماقتا. بۇ دىندا، ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىشتە هېچبىر نەرسە كەم ئەمەس، دىنىمىز تولۇقلانغان، قوشۇمچە قىلىشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە ئېهتىياجى يوق، شۇڭا يېڭى بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى ئۈچۈن هېچ سەۋەب يوق.

هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ تەلىماتلىرى مەلۇم بىر قەۋم ئۈچۈن، مەلۇم بىر مەنتىقىنىڭ خەلقلىرى ئۈچۈن ۋە ياكى مەلۇم بىر دەۋر ئۈچۈن چەكلىك ئەمەس. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئالەمشۇمۇل بولۇپ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئالەمگە هەقنىڭ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئاللاه قۇرئان كەرىمدە هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا:

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡ جَمِيعًا ﴾

**«ئى ئىنسانلار! مەن هەقىقەتەن سىلەرنىڭ هەممىڭلارغا ئاللاه تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن.»** (سۈرە ئەئراف 158 ـ ئايەت)

دەپ ئەمرى قىلدى. يەنە ئاللاه ئۇنى:

﴿ رَحۡمَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ ﴾

**«ئالەملەرنىڭ رەهمىتى.»** (سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت)

دەپ ئاتىدى. هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامدىن كېيىن يېڭى بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە ئېهتىياج يوقتۇر. قۇرئاندا ئۇنىڭغا «ئاخىرقى پەيغەمبەر» دەپ خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىك سىلسىلىسىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنياغا يېڭى بىر پەيغەمبەر ئېهتىياجى يوق. ئەمما هەزرىتى مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئېلىپ، چاقىرىقلىرىنى پۈتۈن جاهانغا يەتكۈزىدىغان، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن ئېسىل مەدەنىيەتنى قۇرۇشقا غەيرەت كۆرسىتىدىغان كىشىلەرگە ئېهتىياجى بار. دۇنيانىڭ ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلايدىغان، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن قانۇنلىرى ئاساسىدىكى هاكىمىيەتنى تىكلەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان خەلقلەر تۈپىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئىنسانلارغا

ئېھتىياجى بار. مانا بۇ يول ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى، ئىنسانىيەتنى بەخت ـ سائادەتكە ۋە ئۇتۇقلارغا باشلايدىغان يول.

# تۆتىنچى باب ئىماننىڭ ئاساسلىرى

باشقا يېڭى مەسىلىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن، ئۆتكەنكى بۆلۈملەردە ئۆگەنگەنلىرىمىزنى تەكرار كۆزدىن كەچۈرسە پايدىلىق بولىدۇ، دەپ ھېسابلاپ، بۇلارنى قىسقىچە خۇلاسىلەيمەن.

1. «ئىسلام» كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، تەسلىم بولۇش دېمەكتۇر. ئەمما ئاللاھنىڭ خالىغىنىنى ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىنى بىلىشنىڭ يېگانە ۋە ئىشەنچلىك مەنبىئى، ھەقىقىي پەيغەمبەر تەلىماتىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى «پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتلىرىغا تولۇق ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ھايات دەستۇرىغا ئىككىلەنمەستىن بويسۇنۇش» دەپمۇ تەرىپلەيمىز. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسىنى قوبۇل قىلماي، ئۆز ئالدىغا بىۋاستە ئاللاھنى تېپىش يولىدا بولغان كىشى مۇسۇلمان ئەمەس .

2. قەدىمكى زامانلاردا ھەر قايسى قەۋملەر ئۈچۈن باشقا ـ باشقا پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەندى. پەيغەمبەرلىك تارىخىدا، بىر مىللەتكە ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە پەيغەمبەر كەلگەنلىكى كۆرۈلگەن. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەلىماتلىرى ئوخشاشلا ئىسلام دىنى ئىدى. شۇ چاغدا ھەر قايسى دەۋر ۋە ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى بىردەك بولسىمۇ، شەرىئەت، قانۇنلىرى ۋە تۈزۈملىرىدە بەزى ئوخشىماسلىقلار بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، ئۆزىدىن باشقا بىر جايدىكى پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتلىرىنى قوبۇل قىلىش شەرتى يوق ئىدى. ت ـ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسلامنىڭ پۈتۈن تەلىماتى تولۇقلاندى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بىر قەۋمگە ياكى بىر دەۋرگە مەخسۇس بولماستىن، پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋە ھەر دەۋرگە قارىتىلغان ئالەمشۇمۇل مەڭگۈلۈك قانۇن. ئالدىنقى پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرىئەت قانۇنلىرى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەمدى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ھېچبىر

پەيغەمبەر كەلمەيدۇ ۋە ھېچقانداق شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى) ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر «ئىسلام» ـ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، يەنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشى، دەپ تونۇشتىن ئىبارەت دەپ ئېيتىمىز. ئەمدى ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلار ئۈچۈن ئىمان كەلتۈرۈش شەرت بولغان ياكى ئىمان كەلتۈرمىسە كاپىر بولىدىغان باشقا بىر كىشى كەلمەيدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلىگەنلەردىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نېمىگە ئىمان كەلتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ئىسلامدىكى ئىماننىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرى قايسى؟ دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ. تۆۋەندە بۇلارنى ئۆگىنىمىز ۋە بۇلارنىڭ نەقەدەر توغرا، نەقەدەر ئاسان، قىممەتلىك ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى ئۈستۈرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

## تەۋھىد (ئاللاھنى بىر دەپ ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىش)

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسى تەلىماتى ـ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ ئىشىنىش. بۇ، ئىسلامنىڭ نېگىزى بولغان كەلىمەئى تەۋھىد « لائىلاھە ئىللەللاھ »، يەنى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، دېگەن جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ كەلىمە ئىسلامنىڭ ئاساسى ۋە خۇلاسىسى، بىر مۇسۇلماننى «كاپىر»دىن، دىنسىز «ئاتېىست» ۋە مۇشرىكتىن ئايرىيدىغان ئىشەنچنىڭ ئىپادىسى. بۇ كەلىمىنى قوبۇل قىلىش ۋە ياكى رەت قىلىش ئىنسانلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ بىر پەرقنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئىشەنگەنلەر بىر گۇرۇھ، ئىشەنمىگەنلەر باشقا بىر قارشى گۇرۇھقا بۆلىنىدۇ. ئىشەنگۈچىلەر دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ھەر دائىم مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئىنكار قىلغۇچىلار مەغلۇبىيەت ۋە زىللەتكە دۇچار بولىدۇ. ئەمما ئىشەنگەنلەر ۋە ئىشەنمىگەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قەدەر چوڭ پەرق يالغۇز بىر قانچە كەلىمە سۆزنى ئېغىزدا تەلەپپۇز قىلىش بىلەن مەيدانغا چىقمايدىغانلىقى ئېنىق. مەسىلەن: بەزگەك كېسىلى تۇتقان كىشى بەزگەك دورىسىنى يېمەي تۇرۇپ ئېغىزدا بەزگەك دورىسى، بەزگەك دورىسى دەپ يۈز مىڭ قېتىم دەۋەرسىمۇ، ئۇنىڭ تىترىشى توختىماي، قىزىتمىسى سوۋۇمىغاندەك بىر ئىش. شۇنىڭغا ئوخشاش « لائىلاھە ئىللەللاھ » يەنى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ تىلدا سۆزلەپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ ئىقرار قىلىپ،

ئۇنى ئۆز ھاياتىدا تەتبىق قىلمىسا، بۇ ئىنسانغا ھېچبىر پايدا يەتكۈزمەيدۇ. ئىنساننىڭ ئىشەنچ ۋە ھاياتىدىكى ھەقىقىي ئۆزگىرىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى «تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا باغلىق». « لائىلاھە ئىللەللاھ » يەنى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇرنىڭ مەنىسى قەلبىڭىزگە سىڭگەندىلا، سىزدە ئۇنىڭ مەنىسىگە تولۇق ئىشەنچ تۇغۇلىدۇ. يۈرىكىڭىز بۇنىڭ ئەكسى بولغان بارلىق تونۇش ۋە ئېتىقادلاردىن پاكلىنىدۇ. بۇ خۇددى ئوتقا يېقىن كەلسىڭىز سىزنى كۆيدۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ ئوتنى تۇتمايدىغانلىقىڭىز، زەھەرنىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئىچمەيدىغانلىقىڭىز بىلەن ئوخشاش.

كەلىمە تەۋھىدنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا، ئىمانسىزلىق، كۇفرى، ئاتېئىزم، پولىتىزم (كۆپ تەڭرىچىلىك ـ ت) ۋە مۇشرىكلىك قاتارلىقلارنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىكى ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك تەسىرلىرىدىن ساقلىنالايمىز.

## «لائىلاھە ئىللەللاھ » نىڭ مەنىسى

«ئىلاھ» ـ ئەرەبچىدە ئىبادەت قىلىنىدىغان، يەنى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئىنتايىن قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ بەندىچىلىك قىلىشقا لايىق، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسان ئەقلى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان دەرىجىدە قۇدرەتلىك، ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەمما باشقىلار ئۇنىڭغا موھتاج، سىرلىق، يوشۇرۇن ۋە ھېچكىم ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بىر زات، دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. پارسچىدا «خۇدا»، ھىندىچە «دىيۋا»، ئىنگلىزچە «گاد» ۋە تۈركچە «تەڭرى» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىمۇ يۇقىرىقى ئۇقۇمغا يېقىن كېلىدۇ. دۇنيادىكى باشقا دىنلاردىمۇ بۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىملار بار. ئاللاھ كەلىمىسى ـ باشقا شېرىكى يوق ۋە بىر خۇدانىڭ زاتى ئىسمى. «لائىلاھە ئىللەللاھ » نىڭ لەفزى (سۆزمۇ ـ سۆز) تەرجىمىسى: «ئىسمى ئاللاھ بولغان زاتتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر». (كونا ئۇيغۇرچە كىتابلاردا بۇ «خۇدادىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ ـ ت). تەپسىلىي تەرجىمىسى مۇنداق: «پۈتۈن كائىنات ئىچىدە ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچكىم ۋە ھېچبىر شەيئى يوق، ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك قىلىپ ئالدىدا باش ئېگىپ سەجدە قىلىشقا لايىق يالغۇز ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم يوق، ئۇ پۈتۈن ئالەمنىڭ يالغۇز ھۆكۈمدارى،

ئەڭ بۈيۈك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە. پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج. ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنسانىنىڭ ھېس قىلىش كۈچى سىزىش قابىلىيىتىگە ئەمەس، ئەقلىي كۈچىمىز ئۇنى چۈشىنىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.»

ئەمدى بۇ كەلىمىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆگىنىمىز:

زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى ئىنسانىيەت تارىخى كىتابلىرى ۋە تارىخى ۋەسىقىلەرگە قارىغاندا، ئىنسانلار ھەر زامان بىرسىنى «تەڭرى» ۋە ياكى قانچە «تەڭرىلەر» بار دەپ تونۇپ ئىبادەت قىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ھازىر دۇنيادا ئەڭ ۋەھشىي ۋە باشلانغۇچ ھاياتتا ياشاۋاتقان قەۋملەردىن تارتىپ، زامانىۋى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى، ئۆز ئالدىغا بىرسىنى «تەڭرى» دەپ ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ئىنسان تەبىئىتىدە «تەڭرىگە ئىگە بولۇش» (خۇداغا ئىشىنىش) چۈشەنچىسى يەرلەشكەن ۋە ئۇنى خۇددى ئىچ ـ ئىچىدىن بۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ يەردە ئۇ نەرسە نېمە ۋە نېمە ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنى بۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ھېس قىلىدۇ؟ دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، سىلەر بۇ چەكسىز دۇنيادىكى ئورنۇڭلارنى ۋە ئەتراپىتىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈڭلار. نەتىجىدە ئىنساننىڭ ھەر نەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بىر موھتاجلىق، ئاجىزلىق بار. ئۇنىڭ ھايات قېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك يۈزلەرچە نەرسىلەر باركى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئىنساننىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. بەزىدە بۇلاردىن بەزىلىرى ئىنسانچە قولاي كېلىپ قالسا، بەزىدە ئۇلاردىن ئاسانلا مەھرۇم قالىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن لازىم بولغان نۇرغۇن نەرسىگە ئىگە بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما بۇلاردىن بىر قىسمىغا ئىگە بولالىسىمۇ، يەنە بىر قىسمىغا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى بۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرگىز ئىنسان ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس.

پۈتۈن ئۆمرى بويىچە تاپقان ـ تەرگەنلىرىنى قازا بىلەن بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ھەممىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تاسادىپىي ھادىسىلەر پۈتۈن ئۈمىد ئارزۇلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇ ھەر دائىم خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشنى خالايدۇ. ئەمما كېسەللىك، ئۆلۈم، مۇسىبەت ۋە پالاكەت ئۇنى ھەر زامان قورقۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن قۇتۇلماق ئۈچۈن چارە تەدبىرلەرنى ئىزدىگىنىدە بەزىدە غەلىبە قىلىسىمۇ، بەزىدە مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى بۇلاردىن ساقلىنىش ياكى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنساننىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ.

تەبىئەتتە، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزىنىڭ ھەشەمىتى ۋە قورقۇنچلۇقى بىلەن

ئىنسانىنى قورقۇتىدۇ. ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ئېگىز تاغلار، پايانسىز دېڭىز-دەريالار، ۋەھشىي جانىۋارلار، يەر تەۋرەشلەر، بوران چاپقۇنلۇق گۈلدۈرماملار، ئارقىسىدىن شىددەتلىك يامغۇر ۋە كەلكۈن، سەل ئاپەتلىرى، بۇلارنىڭ ئالدىدا ئىنسان ئۆزىنىڭ قانچىلىك بىچارە ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ.

توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرغان كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ نەقەدەر بۈيۈك ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئالدىدا ئىنسانىنىڭ ناھايىتى كىچىك ۋە تۆۋەنلىكىنى، چارىسىز ۋە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە، ئىنساندا ئۆزلۈكىدىن بىر «ئىلاھىيەت» پىكرى تۇغۇلىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىكى بىرىنچى قەدەمنى تاشلايدۇ. ئۆزىدىن ئۈستۈن ۋە قۇدرەتلىك بولغان كۈچلەر ئالدىدا سەممىيەت بىلەن باش ئېگىپ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدۇ. قىيىن ئەھۋاللارغا ئۇچراپ بېشى قاتقاندا، ئۇلاردىن ياردەم سورايدۇ. ئۇلارنىڭ غەزەپ نەپرىتىدىن قورقۇپ دائىم ئۇلارنى خۇش قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاھالەتنىڭ ئەڭ قاراڭغۇلۇق چاغلىرىدا ئىنسان قۇدرەتلىكلىكى ۋە ئەزەمىتىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلەيدۇ، دەپ ئىشەنگەن، تەبىئەتتىكى ھەر شەيئىنى «تەڭرى»، دەپ چۈشەنگەن. نەتىجىدە جانىۋارلارغا، ئېگىز تاغلارغا، دەرەخلەرگە، زېمىنغا، ئوتقا، بورانغا، يامغۇرغا، كۈن ۋە ئايغا «خۇدا»، دەپ باش ئۇرۇپ ئىبادەت قىلىشقا باشلىغان.

ئىنسان ئەقىل ۋە ئىلىمدە بىر ئاز تەرەققىي قىلغان چاغدا، جاھالەت بارغانسېرى تارقىلىپ، بەزى ھەقىقەتلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇ، خۇدا دەپ ئىشەنگەن نەرسىلەرنىڭ خۇددى ئىنسانغا ئوخشاش ئاجىز بىر مەخلۇق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان. ئەڭ چوڭ يىرتقۇچ جانىۋارلارمۇ ئاخىرى بىر قۇرتتەك چۈشۈپ ئۆلىدۇ. ھەر چوڭ دەريالارمۇ قۇرۇپ قاقاس جىلغىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئېگىز تاغلارنىمۇ ئىنسان چېپىپ تۈزلىۋېتەلەيدۇ. زېمىنىنىڭ مۇنبەتلىكى، زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ھاۋاغا، يامغۇرغا، سۇغا ۋە كۈن نۇرىغا موھتاج. كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ بىر تۈزۈم ۋە بەلگىلىك بىر قانۇنىيەتكە بويسۇنغان ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ تۈزۈمگە قىلچىمۇ خىلاپلىق قىلالمايدۇ. ئىنسان بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ نەرسىلەرنى باشقۇرىدىغان پۈتۈن ھاكىمىيەتنى قولىدا تۇتقان، يوشۇرۇن ۋە سىرلىق كۈچلەرنىڭ بولۇش ئېھتىمالىنى ئويلاپ، ھەر تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان بىر سىرلىق قۇدرەت بار، دېگەن چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەتىجىدە سۇ خۇداسى، ئوت خۇداسى،

يـامغۇر خۇداسـى، قـاراڭغۇلۇق، يورۇقلـۇق خۇداسـى، كىـسەللىك ۋە سـاقلىق خۇداسى بار دەپ ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ سۈرەت ۋە ھەيكەللىرىنـى ياسـاپ ئۇنىڭغـا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى.

ئىنساننىڭ بىلىش قابىلىيىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشنىڭ ئاساسى مەسىلىلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر باش قاتۇرغانسېرى، كائىناتتا ناھايىتى كۈچلۈك بىر قانۇننىڭ بارلىقىنى ۋە ھەر نەرسىنىڭ بۇ قانۇن ئىنتىزامىنىڭ مۇستەھكەم باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. كۈننىڭ بەلگىلىك بىر ۋاقىتتا چىقىشى ۋە پېتىشى، شامال چىقىپ، بۇلۇتلار يىغىلىپ تـازا زىچلاشـقاندىن كېـيىن يامغۇرنىـڭ يېغىـشى، كـۈن ۋە ئاينىـڭ تەرتىپلىـك ئايلىنىپ، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىدە نەقەدەر مۇكەممەل بىر تەرتىپ، كۈچلۈك بىـر ئىنتىزامىنىـڭ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتـۇ. بىـر ـ بىـرىگە ئوخـشىمىغان سانـسىز كـۈچلەر، قىـل سـىغمايدىغان ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. مانا بـۇ كۈچلۈك قـانۇن بويىچە تەبىئەتـتە، بەلگىلەنگەن كـۈچلەر بەلگىلىـك ۋاقتـى سائەتتە بىـر يەرگە كېلىـپ ھەمكـارلىق بىـلەن ئىـشلەيدۇ. بـۇ بىرلىـك ۋە ئىنتىزامنـى كـۆرگەن مۇشرىكلار ۋە «كۆپ تەڭرى» ئېتىقادچىلىرى بۇ «كىچىك تەڭرىلەر»دىن باشقا، بۇلارنىڭ ئۈستىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ھەممىنى باشقۇرىدىغان «بىر ئاللاھ»نىڭ بـارلىقىنى ئېتىـراپ قىلىـشقا مەجبـۇر بولىـدۇ. چـۈنكى، بىـر ـ بىـرىگە بويسۇنمايدىغان ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كۆپلىگەن تەڭرىلەر بولغاندا، بۇ ئالەمدە بۇنـداق ھەرىكەت ۋە ئىش بىرلىكىنىـڭ، تەرتىـپ ئىنتىزامنىـڭ ھېچ بۇزۇلماستىن داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. «خۇدالار» دۇنيا ھـاكىمىيىتىنى باشقۇرۇشتا بىر ـ بىرلىرى بىلەن چىقىشالماي، بىـر زاۋۇت ـ فابرىكىغا ئوخـشاش ئىشلەۋاتقان ئالەم بىردەمدىلا ئاستى ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى، دېگەن پىكىـرگە كېلىپ، «ئەڭ چوڭ» ۋە «بىر تەڭرى» بار دەپ ئېتىقاد قىلىـپ، ئـۇنى ئەرەبچە «ئـاللاھ»، پارسچە «خـۇدايى خۇداگـان»، ھىنـدىچە «پەرەمـشۇەر»، ئىنگلىـزچە «گـاد» دەپ ئاتىـدى. لـېكىن ئىبـادەتتە «كىچىـك خـۇدا»لارنـى يەنىـلا «چـوڭ خۇدا»غا قوشۇپ (شېرىك) چوقۇناتتى. ئاللاھنىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيىتىنى دۇنيا ھـاكىمىيەتلىرىگە ئوخـشىتىپ، پادىـشاھ ۋە قـول ئاسـتىدىكى ھەر دەرىجىلىـك ۋەزىلـىرى بـار دېگەنـدەك، «چـوڭ بىـر تەڭـرى» ۋە قـول ئاسـتىدا بىـر نەچـچە «كىچىك تەڭرىلەر» بار دەپ ئىشىنىپ، چوڭ تەڭـرىگە يېـتىش ئۈچـۈن كىچىـك تەڭرىلەرنـى خـۇش قىلىـش كېـرەك، ئـۇلار ۋاسـىتىچى بولىـدۇ، دەپ ئېتىقـاد قىلغان.

ئۇندىن كېيىن ئىنسان بىلىمدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى ۋە خىيالىي «كىچىك خۇدا»لارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلىدى. بىر ئاز بىلىملىك ئىنسانلار بۇ خۇدالارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بۇ خۇدالارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئىلاھىي ئالاھىدىلىك يوقلىغىنى، ئەسلىدە بۇلارنىڭ خۇددى ئىنسانلارغا ئوخشاش بىچارە ۋە ئاجىز مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بەزىلىرى بىر ئىنساندىنمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىچىك خۇدالار بىر-بىرلەپ تاشلىنىپ قالدى ۋە «خۇدا بىر» دېگەن چۈشەنچە بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەمما بۇ «خۇدا بىر» دېگۈچىلەر جاھالەتنىڭ بىر قىسىم تەسىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: بۇلاردىن بەزىلىرى ئاللاھنىڭمۇ ئىنسانغا ئوخشاش ۋۇجۇدى بار، ئائىلىسى بار ۋە ئاسماندا مەلۇم بىر يەردە ئولتۇرىدۇ، دەپ قارىغان. بەزىلىرى، ئاللاھ ئىنسان سۈرىتىگە كىرىپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ دېسە، بەزىلىرى ئاللاھ ئالەمدىكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، بىر خىلۋەت يەردە دەم ئېلىۋاتىدۇ، دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن) ئەۋلىيا ۋە ئەرۋاھلارنىڭ شاپائىتى كېرەك، ئۇلار بولمىسا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ، دېگەننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاللاھنىڭ خىيالىي شەكلىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ رەسىملىرىنى سىزىپ، ئىبادەت قىلغاندا بۇلار ئىنساننىڭ ئالدىدا بولۇشى لازىم، دەپ ئېتىقاد قىلغان. بۇنداق ناتوغرا ئېتىقادلار ئىنسانلار ئىچىدە خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئاسانلىقچە يۇقالمايدۇ. ھازىرمۇ بۇ خىل تونۇشلار ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈپ كۇفرىغا سەۋەب بولماقتا.

تەۋھىد-ئاللاھ ئۆز پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن «ئاللاھ»نى بىلىش توغرىسىدىكى ئىلىمنىڭ ئەڭ يۈكسەك شەكلىدىن ئىبارەت. دەسلەپتە ھەزرىتى ئادەم بىلەن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن ئىلىم- تەۋھىد ئىدى. ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا تەلىم بېرىلگەن ئىلىممۇ تەۋھىد ئىدى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن تەلىماتلىرىمۇ ئەنە شۇ تەۋھىد.

تەۋھىد ئىلمى بولسا ئېنىق، تولۇق ۋە جاھالەتنىڭ ھەر قانداق داغلىرىدىن پاك بىر بىلىم. ئىنسانلار، پەيغەمبەرلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ خاتا مەنتىقلىرى بويىچە بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئالدىن باھا بېرىشتەك خاتا چۈشەنچىلەرگە تايىنىپ، مۇشرىكلىك، بۇتپەرەسلىك

قاتارلىق كۇفرى يولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

تەۋھىد، جاھالەتنىڭ پۈتۈن قارا بۇلۇتلىرىنى تارقىتىپ، ئۇيۇقنى ھەقىقەت نۇرى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. ئەمدى «لائىلاھە ئىللەللاھ » دېگەن بۇ كىچىك كەلىمىنىڭ نەقەدەر چوڭ بىر ھەقىقەتنى ئىپادىلىيەلەيدىغانلىقىنى كۆرەيلى:

ھەر نەرسىدە ئاۋۋال «ئىلاھ» (ئۇلۇھىيەت) ئاللاھنىڭ بارلىقىنىڭ تەسەۋۋۇرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بىز بۈيۈك ۋە چەكسىز بىر ئالەمدە تۇرۇۋاتىمىز. ئىنسان ئەقلى ئالەمنىڭ قاچان پەيدا بولغان ۋە قاچان يوقىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ. بىلىنمىگەن بىر چاغدىن باشلاپ بەلگىلەنگەن يولدا مېڭىپ، نامەلۇم بىر زامانغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. كائىناتتا سان ـ ساناقسىز مەخلۇقاتلار پەيدا بولۇپ، ھەر كۈنى بۇلارغا بىر يېڭىسى قوشۇلماقتا. يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە قاراپ ئىنسان ھەيران قالىدۇ. بۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، ماھىيىتىنى ئىنسان باشقا بىر تەرەپتىن ياردەم ئالماي تۇرۇپ، ئۆز زېھنىي قابىلىيىتى بىلەن يېشىپ كېتەلمەيدۇ. ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «تاسادىپىي» ۋە «ئۆزلۈكىدىن» پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ بىر ياراتقۇچىسى، پىلانلىغۇچىسى، نازارەت قىلغۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى بولماي تۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن ياكى تاسادىپىي يارىتىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ قەدەر چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك كائىناتنى كىم يارىتالايدۇ؟ كىم باشقۇرۇپ ئىدارە قىلالايدۇ؟

ئىككىنچى، يۇقىرىقى سۈپەتلەر ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ھەممىسى يالغۇز بىر كىشىنىڭ ئىلكىدە بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئوخشاش سۈپەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ئىككى ياكى بىر قانچە كىشىدە بىردەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا ئارىلىرىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشتىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇق بىرسىدە مەركەزلىشىشى لازىم. بىر ۋىلايەتكە، ئوخشاش ھوقۇقتا ئىگە ئىككى ۋالىي، ياكى بىر قوشۇنغا، ئىككى ئالىي باش قوماندان تەيىن قىلىنغىلى بولمىغاندەك، خۇدانىڭ بىرى ھوقۇقدار، بىرسى ئالىم، بىرسى رىزىق بەرگۈچى بولۇپ بىر ـ بىرلىرىدىن مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بارسا، پۈتۈن ئالەم بىردەمدىلا قالايمىقانلىشىپ يوقىلىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنىڭ خۇدالار ئوتتۇرىسىدا ئالمىشىپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۆزى مەڭگۈ ھايات قالالمايدىغان ئىلاھ باشقىلارغا قانداق ھايات بېرەلەيدۇ؟ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىلاھىي كۈچىنى ساقلاپ قالالمايدىغان بىرسى، بۇ چەكسىز بۈيۈك كائىناتقا ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

ئىلىم سىلەرنىڭ بىلىش يولىۇڭلارنى ئايدىڭلاشتۇرغانىسېرى «ئىلاھىيلىق قىۇدرىتى»نىڭ يالغۇز بىر كىشىدە مەركەزلىشىشىنىڭ لازىملىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىسىلەر. شۇنىڭ ئۈچىۈن «كىۆپ تەڭرىچىلىك» جاھالەت ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ بىر شەكلى ۋە راتسىئونال چۈشەنچە (ئەقىلىلىق چۈشىنىش-ت)گىمۇ ئۇيغىۇن ئەمەس. بىۇ ھەقىقەت ئىنىسانىي ئىۇدۇل ھەق يولغىا، «تەۋھىد»گە، يەنى ئاللاھ بىر دېگەن ئېتىقادقا باشلايدۇ.

ئىۈچىنچى، ئىلاھىيلىق (خۇدالىق-ت) توغرىسىدىكى بىۇ ئەتراپلىق تەسەۋۋۇرنى كۆز ئالدىڭلاردا تۇتۇپ، پۈتۈن كائىناتقا بىر نەزەر سېلىڭلار ۋە سىلەر كۆرەلەيدىغان ھەر نەرسە ۋە ھېس قىلالايدىغان پۈتۈن شەيئى، قىسقىسى بارلىق ئىلمىي ۋە ئەقلىي كۈچۈڭلار يېتىدىغان ھەر نەرسە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارساڭلار، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدە يۇقىرىقى سۈپەت ۋە ياكى ئالاھىدىلىكنىڭ يوقلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايسىلەر. بۇ ئالەمدە مەۋجۇد ھەر شەيئى بارلىققا كېلىدۇ، ياشايدۇ، ئۆلىدۇ. ھېچبىر زامان مۇئەييەن بىر ھالەتتە داۋاملىق قالالمايدۇ. ھېچكىمنىڭ ئۆزى خالىغىنىچە ئىش قىلىش قىۇدرىتى يوق. بەلگىلەنگەن كائىنات قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ياكى ئۆزگەرتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇنداق بولىۇپ تۇرۇقلىۇق، ئۇ نەرسىلەرنى قارىغۇلارچە «ئىلاھ» دەپ ئاتىۋېلىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟ كۆرۈنىۈپ تىۇرۇپتىكى، بۇلارنىڭ ھېچبىرىدە زەررىچىمىۇ ئىلاھىيلىق ئەسەر يوق. دېمەك، ھېچبىر ئىنسان ۋە ياكى ھېچبىر نەرسە «ئىتائەت قىلىپ ئىبادەت قىلىشقا لايىق» ئەمەس. مانا بۇ «لائىلاھە»، يەنى باشقا ئىلاھ يوقنىڭ مەنىسى.

بۇ تەتقىقاتىمىزنى يەنە بىر ئاز چوڭقۇرلاشتۇرساق، بىز بىۇ ئالەمىدە ئادەتتە دىققەت قىلمىاي ئۆتىۈپ كەتىكەن ھەر نەرسىدە، بىىر ئىلاھىي باشىقۇرۇش قۇدرىتىنىڭ ھاكىم ئىكەنلىكىنى سىزىۋالىمىز. ھادىسىلەر بىر ئۈستۈن كۈچنىڭ خاھىشى بىلەن يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كىۆرىمىز. بۈيۈك ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، كائىناتنىڭ بىۇ ئۇلىۇغ قانۇنىيىتىنى باشقۇرىدىغان ۋە تەپتىش قىلىدىغان قۇدرەت ئىگىسىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ چىقىمىز. ئىۇ كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھدۇر. ئۇنىڭ باشقا ھېچبىر شېرىكى يوق. مانا بىۇ «ئىللەللاھ»، يەنى ئاللاھدىن باشقا دېگەننىڭ مەنىسى.

تەۋھىد ئىلمىي باشقا پۈتىۈن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدە تۇرىدۇ. بىۇ ھەقتىكى بىلىمىمىز چوڭقۇرلاشقانسېرى، باشقا پۈتۈن ئىلىملەرنىڭ باشلىنىش (چىقىش) نۇقتىسى ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىمىز شۇنچە ئاشىدۇ. ھەر قايىسى ئىلمىي تەتقىقات ساھەلىرىدە (فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە،

گېئولوگىيە، بىئولوگىيە، زوئولوگىيە، ئىقتىساد، سىياسەت، ئىجتىمائىي پەنلىرى ۋە سەنئەت قاتارلىقلاردا) تەتقىقاتلىرىمىز چوڭقۇرلاشقانسېرى «لائىلاھە ئىللەللاھ»نىڭ ھەقىقىتى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ھەقىقەت ئىنكار قىلىنسا ياكى دىققەت ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، كائىناتتىكى ھەر شەيئىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە توغرا ئىپادىسىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. ھەر قەدەمدە بىر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرايدۇ ۋە كائىناتنىڭ بىر مەنىسى قالمايدۇ.

## تەۋھىدنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى

تۆۋەندە «لائىلاھە ئىللەللاھ» (ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق) دەپ ئىقرار قىلىشنىڭ، ئىنسان ھاياتىغا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىمىز.

بىرىنچى ـ بۇ كەلىمىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى قەتئىي كىچىك كۆز بولمايدۇ. يەنى كۆز قاراش دائىرىسى چەكلىك ۋە تار بولمايدۇ. ئۇ زېمىن بىلەن ئاسماننى ياراتقان، شەرقتىن غەربكىچە پۈتۈن كائىناتنىڭ ھۆكۈمدارى ۋە پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (پەرۋىش قىلغۇچىسى) بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن. بۇنداق بىر ئىماندىن كېيىن، كائىناتتىكى ھېچ قانداق بىر شەيئى ئۇنىڭغا يات كۆرۈنمەيدۇ. چۈنكى كائىناتتىكى ھەر نەرسىنى ئۆزىگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئىگىلىكىدە (بىر پادىشاھنىڭ پۇقرالىرىدەك) دەپ بىلىدۇ. چۈشەنچىسى (ئىدىيىسى ـ ت) سۆيگۈدە ۋە ياردەم قىلىشتا بىر گۇرۇپپا، بىر سىنىپ ۋە ياكى بىر ئىرقىي چېگرا چەكلىمە دائىرىسىدە قالمايدۇ. نەزەر دائىرىسى خۇددى ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ چەكسىز ئالەمدەك كەڭرى ۋە ئەركىن. ئاتېست (ئاتېئىزمچى، دىنسىز ـ ت)، كۆپ تەڭرى ئېتىقادچىسى ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بەندىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان بىر ئىنساندا، يۇقىرىقى ئېسىل خىسلەتلەر قانداقمۇ ھاسىل بولسۇن؟

ئىككىنچى ـ بۇ ئىمان بىلەن كىشى ئۆزىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ، ئىززەت ـ نەپس تۇيغۇسى ئاشىدۇ. ئىمان ئېيتقان كىشى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلالمايدىغانلىقىنى، ھاجىتىنى راۋا قىلالمايدىغانلىقىنى، ئىختىيارىچە باشقۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇلارغا ئىشەنگەن يەنى ئىمان ئېيتقان كىشى ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق كۈچكە بويۇن ئەگمەيدىغان ۋە قورقمايدىغان بولىدۇ. ھېچبىر مەخلۇقنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىپ باش ئەگمەيدۇ،

قولىنى ئېچىپ ياردەم تىلىمەيدۇ. ھېچكىمنىڭ چوڭلۇقىدىن ۋە بۈزرۈكۋارلىقىدىن قورقمايدۇ. تەۋھىددىن باشقا ھېچقانداق ئېتىقاد، ئىنساندا بۇ سۈپەت ۋە ئاللاھىدىلىكنى پەيدا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھقا باشقا مەخلۇقلارنى شېرىك قوشىدىغان مۇشرىكلىق، ئاتېئىزم قاتارلىقلار، مەخلۇققا بويۇن ئېگىپ چوقۇنۇش، بەندىدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىق كۈتۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى ـ بۇ ئىمان ئىنساندا نەپسىگىمۇ ئېتىبار بېرىش تۇيغۇسى بىلەن بىرلىكتە كەمتەرلىك پەزىلىتىنى پەيدا قىلىدۇ. ئىمانى ئۇنى مەغرۇرلۇقتىن، تەكەببۇرلۇقتىن توسىدۇ. مال ـ بايلىق ۋە كۈچ ـ قۇدرەت ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئىگە بولغان پۈتۈن مال ـ دۆلەتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ۋە بۇلارنى ئاللاھ قانداق بەرگەن بولسا شۇنداق قايتۇرۇۋېلىش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىمانسىز كىشىلەر، پۇل، مال ۋە دۆلەتكە ئېرىشكەندە، بۇلارنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىدىن دەپ قارىسا، بەزىلىرى چوڭ ـ كىچىك خۇدا ۋە ئەرۋاھلار بىلەن باشقىلارغا قارىغاندا «يېقىن بولغان»لىقلىرىدىن قولغا كەلگەن، دەپ ئىشىنىدۇ.

تۆتىنچى ـ بۇ كەلىمىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى روھىي جەھەتتە پاك بولۇش ۋە سالىھ ئەمەل (ياخشى ئەمەل، ساۋاپلىق)دىن باشقا ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغان ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ھېچنەرسىنىڭ يوقلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ، ئادالەتلىك قۇدرىتىگە ھېچكىمنىڭ ۋاستە بولالمايدىغانلىقىغا ۋە تەسىرى ئاستىدا ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە باشقا ھېچكىمنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئارىلىشىشىغا ۋە دەخلى قىلىشىغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. كاپىرلار ۋە مۇشرىكلار بۇنىڭ ئەكسىچە داۋاملىق بوش (يالغان) ئۈمىدلەر بىلەن ياشايدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى «گۇناھ ۋە يامان ئەمەللىرىمىز ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئوغلى بىزگە كەپارەت (ھۆددىگەر) بولغان» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بەزىلىرى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ «ئەتىۋار بەندىلىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن جازاغا ئۇچرىمايمىز» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىملىرى «بىزنىڭ ئۇلۇغلىرىمىز بار، ئۇلار گۇناھلىرىمىزنى ئاللاھدىن تىلەپ بېرىدۇ» دەپ ئىشىنىدۇ. بەزىلىرى ئاتالمىش كىچىك تەڭرىلىرىگە نەزىر ـ چىراغ ۋە قۇربانلىق قىلىپ (پارا بېرىپ) يالۋۇرساق، چوڭ تەڭرىدىن گۇناھىمىزنى تىلەپ بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىپ، گۇناھ ۋە ئىسيانلىرى ئۈچۈن رۇخسەت خېتىمىز بار، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى ئالدايدۇ. بۇ يالغان ۋە ساختا ئېتىقادچىلار داۋاملىق گۇناھ، ئەسكى ئەخلاق، يامان ئىشلارغا غەرق بولىدۇ. ئاتېئىزمچى دەھرىيلەر ئەزەلدىن ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك بولغان بىر ئىلاھىي قۇدرەت

تەرىپىدىن، دۇنيادىكى ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئۆزلىرى خالىغان يامانلىق ۋە ئەسكى ئەمەللىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئەركىن ھېسابلايدۇ. كىشىلىك ئارزۇلىرى ئۇلارنىڭ «خۇداسى» ۋە ئۇلار ئۆز نەپسىنىڭ بەندىسى بولۇپ ئۆتىدۇ.

بەشىنچى ـ ئىمان ئېتىقاد كىشى ھېچبىر زامان ئۈمىتسىزلىكتە ۋە چۈشكۈنلۈكتە قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ، ئاسمان زېمىندىكى پۈتۈن بايلىقلارنىڭ ئىگىسى، مەرھەمەتى، شەپقىتى ۋە قۇدرىتى چەكسىز بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان. بۇ ئىمان ئۇ كىشىنىڭ قەلبىگە پەۋقۇلئاددە تەسەللى ۋە چەكسىز ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن ئۈمىد ئىشىكلىرى تاقىلىپ قالغاندىمۇ، سەۋەبىنىڭ ھەر خىل يوللىرىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كەتكەندىمۇ، مۇناسىۋەتلەر ئۇنى بىر ـ بىرلەپ تاشلىۋەتكەندىمۇ، قەلبىدىكى ئاللاھقا بولغان ئىمان ۋە ئىشەنچ ئۇنى ھېچقاچان تاشلىۋەتمەيدۇ. ئۇ بۇ ئىمان ۋە ئىشەنچتىن مەدەت ئېلىپ، يېڭى ئۈمىدلەر بىلەن (خۇدايىم بار دەپ) مۇجادىلىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كاپىرلار، مۇشرىكلار ۋە دەھرىيلەرنىڭ قەلبىدە مۇنداق بىر تەسەللى ۋە ئىشەنچ مەنبەسى يوق. ئۇلار قورقۇنچاق ۋە ئۈمىدسىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارقا تىرەكلىرى ـ يالغان ۋە ساختا تەڭرىلىرى ۋە قۇرۇق نەزەرىيىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىر قىيىنچىلىققا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ئۈمىدسىزلىنىپ چارىسىز قالىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

ئالتىنچى ـ بۇ كەلىمىگە ئېتىقاد قىلغان كىشىدە جاسارەت، سەۋر ـ تاقەت ۋە ئاللاھقا بولغان قەتئىي ئىشەنچ ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئىنسان ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قەدەم تاشلىغاندا، ھەر قانداق چوڭ ۋە قىيىن ئىش بولسىمۇ، ئارقىسىدا «پۈتۈن ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئاللاھ»نىڭ كۈچى ۋە ياردىمى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭغا تاغدەك كۈچ ۋە جاسارەت بېرىدۇ. دۇنيادىكى توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلار بىرلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقسىمۇ ئۇنىڭ ھىممىتىنى سۇندۇرالمايدۇ.

يەتتىنچى ـ بۇ كەلىمىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى يۈرەكلىك بولىدۇ. ئەسلىدە ئىنساننى قورقۇتىدىغان مۇنداق ئىككى ئەھۋال بار. بىرىنچىسى، ئىنسان ئۆلۈمدىن، مال ـ مۈلكى ۋە بالا ـ چاقىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاللاھدىن باشقىسى ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتەلەيدۇ، دەپ قورقىدۇ ۋە ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن، دەپ چۈشىنىدۇ. ئىنسان «ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ ئىشەنگەندىن كېيىن، يۈرىكىدە بۇنداق

قورقۇنچلارغا يەر قالمايدۇ. چۈنكى بۇ كەلىمىگە ئىشەنگەن كىشى جېنىنى ۋە مېلىنى ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بۇلاردىن ۋاز كېچىشكە ھەر دائىم تەييار. ئىككىنچى، ئاللاھدىن باشقا ھېچبىر شەيئىنىڭ، ھېچبىر ئىنسان، ھايۋان ياكى بىر قورالنىڭ ئۇنىڭ جېنىنى قەبزى قىلىشقا كۈچ-قۇدرىتى يوقلىغىنى بىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆلۈم ۋاقتى-سائىتىنى بەلگىلىگەن. دۇنيادىكى پۈتۈن كۈچلەر بىرلىشىپ كەلسىمۇ، ۋاقتى-سائىتى كەلمەي تۇرۇپ، ئىلگىرى ۋە ياكى كېيىن ئۇنىڭ جېنىنى ئالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشىدەك قورقماس ۋە باتۇر كىشى ھېچ يەردە يوق. ھېچ نەرسە ئۇنى چېكىندۈرەلمەيدۇ. ئەڭ يامان دۈشمەنلىرى، ئەڭ قاتتىق مۇخالىپلىرى ۋە ئۆزىدىن قاتمۇ-قات كۈچلۈك بولغان دۈشمەنلىرى ئۈستىدىنمۇ غالىب كېلىدۇ. مۇشرىكلار، كاپىرلار ۋە ئاتېيست دىنسىزلارغا بۇنداق جاسارەت ۋە بۈيۈك ئىرادە نەدىن كەلسۇن؟ ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھاياتلىرى (جېنى)، ئەڭ قورقىدىغىنى-ئۆلۈم، ئۇلار، ئۆلۈم دۈشمەنىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.

سەككىزىنچى-«ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ ئىمان ئېيتقان كىشىنىڭ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ۋە قانائەتچان كېلىدۇ. ھەسەتخور (ئىچى تار) ئەمەس، ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە بېرىلمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يولسىزلىق قىلىش ۋە پەسكەشلىك قىلىشنى ئەقلىگىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. بايلىقنىڭ ئىگىسى ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنى ئاللاھ خالىغان كىشىگە خالىغان مىقداردا بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئىززەت، شۆھرەت، كۈچ-قۇدرەت ۋە ھوقۇق، بۇلار ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدىغانلىقىغا، ئىنساننىڭ بۇ يەردە بىردىنبىر ۋەزىپىسى-قۇدرىتى يەتكەنىگە قەدەر تىرىشىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ لۈتپى ئىنايىتى ئىكەنلىكىنى، باشقا بىرسىنىڭ بۇلارنى ئاللاھنىڭ ئاتا قىلىشىنى توسۇپ قېلىشى ۋە ياكى ۋاستە بولۇپ بەرگۈزۈشكە قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

باشقا بىر تەرەپتە بولسا، مۇشرىكلار، كاپىرلار ۋە ئاتېئىزمچى دىنسىزلار غەلىبە ۋە ياكى مەغلۇبىيەت ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا ۋە دۇنيادىكى كۈچلەرنىڭ ياردىمىگە ۋە ياكى قارشى چىقىشىغا باغلىق، دەپ قارايدۇ. بۇ سەۋەب بىلەن ئۇلار داۋاملىق ئاچكۆز ۋە ھەسەتخور كېلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە

ئىرىشىش ئۈچۈن پارىخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، پىتنە ـ پاسات تېرىش ۋە سۇيىقەست قىلىشتەك ھەر خىل قەبىھ ۋە پەسكەش ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرگەندە ئىچى كۆيىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئۇتۇقلىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەممە يامانلىقنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

توققۇزىنچى ـ « لائىلاھە ئىللەللاھ »نىڭ ئەڭ مۇھىم تەسىرى ـ ئىنسان ئاللاھنىڭ قانۇن ۋە ئەمرلىرىگە بويسۇنىدۇ ۋە قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بولىدۇ. بۇ كەلىمىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى، ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخپىي ۋە ئاشكارا نەرسىنى بىلىپ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاللاھ بىزگە «شاھ» تومۇرىمىز (گۆرەن تومۇرىمىز ـ ت)دىنمۇ بەك يېقىنىمىزدا، دەپ بىلىدۇ. ھېچكىم كۆرمەيدۇ دەپ بۇلۇڭ ـ پۇشقاق، پىنھان جايلاردا، كېچىدە قاراڭغۇلۇقتا قىلغان گۇناھ ۋە ئەسكى ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ. ياخشى ـ يامان خىيال ۋە چۈشەنچىلىرىمىزنى ۋە قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى نىيىتىمىزنىمۇ بىلىدۇ. باشقىلاردىن يوشۇرۇپ قالالايمىز، ئەمما ئاللاھدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرالمايمىز. ھەر قانداق كىشىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز، ئەمما ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن قاچالمايمىز. ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيمىز. مانا بۇ ئىمان ۋە ئېتىقاد كۆچەيگەنسېرى، ئاللاھنىڭ قانۇن ۋە بۇيرۇقلىرىغا بولغان ئىتائەتچانلىق شۇنچە ئاشىدۇ. ئاللاھ توسقان ۋە مەنئى قىلغان ئىشلاردىن قاچىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە، ھېچكىم يوق، باشقا بىرى كۆرەلمەيدىغان يالغۇز جاي بولسىمۇ قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئاللاھ ھەر جايدا ئۇنى بايقاپ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئىلاھىي بىر تەپتىش ھەر دائىم ئۇنىڭ ئۈستىدە نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتقان ۋە بۇ نازارەتتىن ھېچقانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن. شۇنداقلا، بۇ ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئىلاھىي ئادالەت مەھكىمىسىنىڭ سوراققا تارتىشىدىن ھەر زامان قورقۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى ـ « لائىلاھە ئىللەللاھ »، يەنى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، «مۇسۇلمان» ئاللاھقا بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ. بىر كىشى «ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھېچقانداق بىر شەيئى يوق»لىقىغا قەتئىي ئىشەنمىسە، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئـاللاھنى بىـر دەپ بىلىـپ ئىمـان ئېيـتىش، پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسـى پرىنـسىپى، ئىسلامنىڭ يىلتىزى ۋە كۈچ مەنبەئى. ئىسلامنىڭ باشقا پۈتۈن ئېتىقاد، قانۇن ۋە ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ پرىنسىپ ئاساسىغا قۇرۇلغـان. بۇلارنىـڭ ھەممىسى بۇ مەركىزى پرىنسىپتىن كـۈچ-قـۇۋۋەت ئالـىدۇ. ئەگەر بـۇ ئاساسـى پرىنسىپ چىقىرىۋېتىلسە، نەتىجىدە ئىسلام «ئىسلام»لىق رولىنى يوقىتىدۇ.

## ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش

پەيغەمبىرىمىـز بىزنـى ئاللاھنىـڭ پەرىـشتىلىرى بـار، دەپ ئىمـان ئېيتىـشىمىزنى بۇيرۇغـان. بـۇ، ئىـسلامدا ئىمانىنـىڭ ئىككىنچـى شـەرتىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە مـۇھىم مەسىلىلەردىن بىـرى. چـۈنكى بـۇ، ئىنـسانىنىڭ تەۋھىد ئېتىقادى ئۈچۈن تۇسالغۇ بولىدىغان مۇشرىكلىك، پاسكىنىچىلىقلارنى تازىلايدۇ.

يۇقىرىـدا سـۆزلەپ ئـۆتكىنىمىزدەك، مۇشـرىكلار مۇنـداق ئىككـى خىـل مەخلۇقنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ:

بىرىنچىسى، كۈن (قۇياش)، ئاي، يۇلتۇز، ئـوت (ئـاتەش)، سـۇ، ھەيۋەتلىـك ھايۋان ۋە بۈيۈك ئىنسان قاتارلىق كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيدىغان ماددىي جەھەتتە مەۋجۇد بولغانلار.

ئىككىنچىـسى، ئىنـسان كـۆزى بىـلەن كۆرەلمەيـدىغان، مـاددىي جەھەتـتە مەۋجۇد ئەمەس، كائىناتتىكى ئىشلارنى باشقۇرىدۇ دەپ خىيال قىلىنغان كـۆزگە كۆرۈنمەيـدىغان غەيبىـلەر. مەسـىلەن: بـۇلاردىن بىرسـى شـامال چىقىرىـشقا مۇئەككەل، بىرسى يـامغۇر ياغدۇرىـدۇ، بىرسـى يورۇقلـۇق بېرىـدۇ، دەپ ئېتىقـاد قىلىنغانغا ئوخشاش.

بىرىنچـى تـۈردىكى «خـۇدالار» دەپ ئىـشەنگەن نەرسـىلەر مـاددىي جەھەتـتە مەۋجۇد بولغانلىقتىن ئۇلارنى ئىنسان كۆرۈپ تۇرىـدۇ. «ئاللاھـدىن باشـقا ئىـلاھ يـوق» دېگەن كەلىـمە بۇنىـڭ يالغـان ئىكەنلىكىنـى ئىـسپاتلاپ، ئـۇ سـاختا ئېتىقـادنى سېـستىمىپ تاشـلايدۇ. ئىككىنچـى خىلـدىكىلىرى مـاددىي نەرسـە بولمىغـانلىقتىن ۋە ئىنـسانلار كـۆزى بىـلەن كـۆرەلمىگەنلىكتىن سىـرلىق ۋە مەخلۇقاتتىن يوشۇرۇن ھالدا بولغانلار.

«كۆپ تەڭـرىلەر»گە ئېتىقـاد قىلىـدىغان مۇشـرىكلار كـۆپىنچە مانـا بۇلارغـا ئىـشىنىدۇ. بـۇلارنى «چـوڭ-كىچىـك خـۇدا»لار ۋە خۇدانىـڭ پەرزەنتلىـرى دەپ

سۈرەتلىرىنى ياساپ چىقىپ، ئۇلارغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ قىلىشىدۇ. ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئىلمىنى، شېرىكنىڭ تەسىرىدىن پاك تۇتماق ئۈچۈن ئىماننىڭ بۇ ئاللاھدە ئاساسى بىلدۈرۈلگەن.

پەيغەمبىرىمىز بىزگە، «خۇدالار» ۋە «خۇدانىڭ بالىلىرى» دەپ ئېتىقاد قىلىنغان بۇ كۆرۈنمەس غايىب روھانىي مەۋجۇداتلارنىڭ، ئەسلىدە ئاللاھنىڭ مالائىكىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپىتى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق. ئۇلار داۋاملىق ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە ئىنتايىن پەرمانبەردارلىق بىلەن ئۇنىڭ ئەمرىدىن قىلچىمۇ سىرتقا چىقمايدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ سەلتەنىتى (پادىشاھلىقى)نى بۇلار ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ ۋە بۇلار ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى كەم-كۈتىسىز ئورۇنلايدۇ. ئۆز ئالدىلىرىغا مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بېرىش ھوقۇقلىرى يوق ۋە ئۆز قاراشلىرى ئاساسىدا ئاللاھقا پىلان تەقدىمىمۇ قىلالمايدۇ. ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھدىن شاپائەت تەلەپ قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق. ئۇلارغا چوقۇنۇش (ئىبادەت قىلىش)، مەدەت تىلەش ئەسلىدە ئىنسان ئۈچۈن بىر رەزىللىك (ئۆزىنى پەس كۆرۈش، خورلاش-ت). چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى ياراتقان بىرىنچى كۈنى پەرىشتىلەرنى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلدۇرغان ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئۇلاردىن كۆپ ئىلىم ئاتا قىلدى، ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرۈپ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يەر يۈزىگە «خەلىپە» قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ، بۇرۇن ئۇنىڭغا سەجدە قىلغانلارغا ئەمدى ئۇنىڭ سەجدە قىلىپ مەدەت تەلەپ قىلىشىدىنمۇ زىيادە رەزىللىك بولامدۇ؟

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مالائىكىلەرگە چوقۇنۇشنى (ئىبادەت قىلىشنى)، ئۇلۇغلۇقتا ئاللاھقا شېرىك (ئورتاق) قىلىشنى مەنئى قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ مۇستەسنا ئۇلۇغ مەخلۇقلىرى بولۇپ، پۈتۈن گۇناھلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇلار ھەر دائىم ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش، ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن بىزگە بىلدۈرۈلگەن فىترى (يارىتىلىشتىكى-ت) ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىبارەت. ئاللاھ بۇ پەرىشتىلىرىدىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيي بىلەن يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزگەن. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرىمۇ جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل بولغان.

بۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرنىڭ داۋاملىق ئەتراپىمىزدا بىز بىلەن بىرلىكتە بولىدىغانلىقى، بىزنى ھەر دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. بۇ

دۇنيادىكى ھەر بىر ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىمىزنى، ھەربىكەتلىرىمىزنى خاتىرىلەپ، ھەر ئىنساننىڭ ھايات خاتىرىسىنى يېزىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن، قايتا تىرىلىپ ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغىنىمىزدا بۇ دۇنيا ھاياتىدىكى قىلمىشلىرىمىزنىڭ دوكلاتىنى، يەنى «نامە ئەمالىمىز»نى ئاللاھقا سۇنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. بۇ دۇنيادا بىز ئەھمىيەتسىز دەپ قارىغان ياكى ئۇ ھەربىكىتىمىزنى ھېچكىم كۆرمىگەن دەپ تونۇغان يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىمىز بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ ئۆز پېتى يېزىلغان بولىدۇ.

پەرىشتە (مالائىكە)لەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بىزگە بىلدۈرۈلمىگەن. پەقەت بەزى ئاللاھدىلىكلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى پەيغەمبىرىمىز ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلۇپ، پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە ئىشىنىشىمىز بۇيرۇلغان. پەرىشتىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، سۈپىتىنى ۋە باشقا ئاللاھدىلىكلىرىنى بىلىش ئۈچۈن بىزدە باشقا يول يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن خىيالىمىز بىلەن ئۇلارغا قانداقتۇر بىر خىل سۈرەت ۋە سۈپەت توقۇپ چىقىش ئەخمەقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى بىزگە قانداق بىلدۈرگەن بولسا، شۇ پېتى ئىشىنىپ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. پەرىشتىلەرنى يوق دەپ ئىنكار قىلىش كۇفرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلارنى يوق دەپ ئىنكار قىلىشقا ئاساسىمىز يوق. ئىككىنچىدىن، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش ئەسلىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك بولۇپ، كاپىرلىقنىڭ بىر ئىپادىسى. بىز پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا پەقەت، ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرىنىڭ بىلدۈرگەن تەلىماتلىرىغا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىمىز.

## ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ ئاساسىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش شەكىل ۋە ۋاسىتە بىلەن كەلگەن. بۇ كىتابلارنىڭ بىزگە بىلدۈرۈلگەنلىرىدىن بەزىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ـ ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «سۇھۇفى ئىبراھىم»، ھەزرىتى مۇسا

ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «تەۋرات»، ھەزرىتى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «زەبۇر» ۋە ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «ئىنجىل». بۇلاردىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن كىتابلارنىڭ ئىسمى بىزگە بىلدۈرۈلمىگەنلىكتىن، بۇلاردىن باشقا دىنى كىتابلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ئىشەنچ بىلەن بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئەمما ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن پۈتۈن كىتابلارنى بەرھەق دەپ ئىمان ئېيتىمىز.

ئىسمى بىلدۈرۈلگەن كىتابلاردىن «سۇھۇفى ئىبراھىم» ھازىر دۇنيادا مەۋجۇد ئەمەس. قالغان كىتابلاردىن زەبۇر، تەۋرات ۋە ئىنجىل خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا بار. ئەمما قۇرئان كەرىم بىزگە، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ۋە ئىنسانلار ئۆز قاراشلىرىنى قوشۇپ تامامەن ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

بۇ كىتابلارنىڭ ئەسلىدىن ئۆزگەرتىلگەنلىكى شۇ قەدەر ئېنىقكى، خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلار ئۆزلىرى، بۇ كىتابلاردىن ھېچبىرى ئورىگىنال ۋە تېكىستكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى. چۈنكى ئەسىرلەردىن بېرى بۇ تېكىستلەر بىر قانچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋە بۇ ئۆزگەرتىشلەر ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقانلىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەرجىمە تېكىستلەر بولۇپ، تەرجىمىلىرىمۇ بىر-بىرىگە ھېچ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىز بۇ كىتابلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك، بۇنىڭ مەزمۇن ۋە بايانلىرىدىكى ئىپادە ئىبارىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ئاللاھنىڭ كالامى ۋە ئىنسان سۆزى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. قايسى ئاللاھنىڭ كالامى، قايسى ئىنساننىڭ سۆزى، بۇنى بىلىش ئۈچۈن بىزدە ھېچبىر يول ياكى ۋاستە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ كىتابلارنىڭ ئاللاھ كالامى بولغانلىقىنى قۇرئان كەرىمنىڭ «ئاللاھ ئۆز پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق كىتابلار نازىل قىلغانلىقىنى، بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بىر ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ بىر ئىلاھىي كىتاب بولۇپ نازىل قىلىنىشى بولسا، يېڭى بىر ئاللاھدە ھادىسە بولماستىن، پەقەت ئىنسانلار زامان ئۆتكەنسېرى ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئۆز مەيلىچە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ بۇزۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەن، يوقىتىپ ئۇنتۇپ كەتكەن چاغدا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يېڭىدىن خاتىرىلىنىپ قايتا تەلىم بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىپ، تەستىقلاپ ئىمان كەلتۈرۈش» دېگەن ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ئىمان ئېيتىمىز. قۇرئان، ئاللاھ بەندىلىرىگە يوللىغان مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابلاردىن بەزى پەرقلىرى بار. بۇلار

تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە ئەسلى ئورىگىنال تېكىست پۈتۈنلەي يوق. قۇرئان كەرىم بولسا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان پېتى مەۋجۇد بولۇپ، ھېچبىر كەلىمىسى، ھەتتا بىر چېكىت، پەشمۇ ئۆزگەرتىلگىنى يوق. قۇرئان كەرىم بولسا ھازىر قولىمىزدا ئورىگىنال تېكىست شەكلى بىلەن مەۋجۇد. ئاللاھنىڭ بۇ كالامى كەلگۈسى زامان ئۈچۈن دىققەت بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىماقتا.

ئىككىنچى، بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابلاردا ئىنسانلار ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن ئىنسان سۆزىنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. پەقەت قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ كالامى ئۆز ساپلىقى بىلەن ئەينەن ساقلانغان. بۇ ھەقىقەتنى ئىسلامغا قارشى بولغانلارمۇ ئېتىراپ قىلماقتا.

ئۈچىنچى، دۇنيادىكى باشقا قەۋملەرنىڭ دىنىي كىتابلىرىنى تارىخى جەھەتتىن تازا ئېنىق ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس. بەزىلىرى قاچان، قەيەردە ۋە قايسى پەيغەمبەرگە كەلگەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىمنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغانلىقىنىڭ دەلىللىرى شۇ قەدەر كۆپ، توغرا، كۈچلۈك ۋە قايىل قىلارلىق ئىكەنلىكى، ئىسلامنى ئەڭ كۆپ تەنقىد قىلىدىغانلارمۇ بىر يەرگە كەلگەندە شەك-شۈبھى كەلتۈرمەيدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنىڭ، ئاللاھنىڭ يوليورۇق ۋە ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ قاچان ۋە قەيەردە نازىل بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ۋە كەسكىن بىر شەكىلدە بىلىنىمەكتە.

تۆتىنچى، بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋرگە ئائىت تىل بىلەن يېزىلغان. بۇ تىللار زامان ئۆتكەنسېرى يوقىلىپ «ئۆلۈك تىل» ھالىتىگە كېلىپ قالدى ۋە بۇ تىللارنى قوللىنىدىغانلارمۇ ھازىر دۇنيادا قالمىدى. بۇ تىللارنى بىلىمەن دەيدىغان كىشىلەر دۇنيادا بىر قانچە كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، زامانىمىزدا ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىش مۇمكىن بولماس ئىدى. ئەگەر ئۇ كىتابلار ھازىر ئەسلىدىكى تىلى ۋە ئورىگىنال شەكلى بىلەن مەۋجۇد بولغاندىمۇ، زامانىمىزدا ئۇنىڭ ئەمرلىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايتتى. لېكىن قۇرئان كەرىمنىڭ تىلى بولسا ياشاۋاتقان بىر تىل. مىليونلارچە ئىنسان بۇ تىلنى قوللىنىدۇ ۋە بۇ تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ. يەنە مىليونلارچە ئىنسان بۇ تىلنى بىلىدۇ ۋە چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە بۇ تىلنى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ئورۇنلىرى بار. ھەر قانداق ئادەم بۇ تىلنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئۆگىنىشكە ۋاقتى، پۇرسىتى بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەر يەردە بۇ تىلنى

بىلىدىغان ۋە قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان كىشىلەر تېپىلىدۇ.

بەشىنچى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئوخشاش بولمىغان قەۋملەر ئىچىدە مەۋجۇد بولغان مۇقەددەس كىتابلار، ھەر بىرىدە ئايرىم خەلقلەرگە مەخسۇس خىتاب قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەر بىرى مەلۇم بىر تارىخى دەۋرگە قارىتىلغان بولۇپ، پەقەت شۇ چاغنىڭ ئېھتىياجلىرىغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ئەھكاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىر بۇ كىتابلارغا ھاجەت يوق، ھەمدە بۇلارغا ئەمەل قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، بۇ كىتابلار ئايرىم-ئايرىم قەۋم ۋە مەلۇم تارىخى دەۋرگە خاس بولۇپ، بۇلاردىن ھېچبىرى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە قارىتىلمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا خىتاب قىلىنغان قەۋملەر ئۈچۈنمۇ مەڭگۈلۈك بولماستىن مەلۇم بىر تارىخى مەزگىل بىلەن چەكلىنىك بولغان. ئەمما قۇرئان پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر كەلىمىسىدىكى، ھەر بىر ھۆكمىدىكى چاقىرىقلار پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىلغان. ئۇنىڭدا مەخسۇس بىر قەۋم ۋە ياكى بىر دەۋردىكى خەلقلەرگە قاراتقان بىر جۈملە سۆزمۇ يوق. بۇلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قۇرئان كەرىم دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مەڭگۈلۈك دەستۇر.

ئالتىنچى، بۇرۇنقى كىتابلاردا ياخشىلىق، پەزىلەت، راستچىللىق ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىدىن تەلىم بېرىلگەندى. بەزىلىرى ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن ھايات دەستۇرىنىمۇ بىلدۈرگەن. ئەمما بۇ كىتابلاردىن ھېچبىرى پۈتۈن ئالاھىدىلىكلەرنى بىر يەردە توپلاپ كۆرسىتىشتەك تاكامۇللۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. قۇرئان كەرىم بولسا، ئالدىنقى كىتابلاردىكى باشقا-باشقا بايان قىلىنغان پۈتۈن ياخشىلىق، پەزىلەت ۋە پەند-نەسىھەتلەرنى بىر يەردە توپلاپ، ئۇلارنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلايدۇ، تېخىمۇ تولۇقلاپ بايان قىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ يولىنى (ئىسلامنى) ئەڭ مۇكەممەل باسقۇچقا يەتكۈزىدۇ.

يەتتىنچى، ئىنسانلارنىڭ داۋاملىق مۇداخىلىسى (ئۆز مەيلىچە قوشۇمچە قىلىپ ئۆزگەرتىشى، ئۆز خىيالىچە تەرجىمە قىلىشى) نەتىجىسىدە بۇ كىتابلاردا ھەقىقەتكە خىلاپ، يالغان، ئەقىلگە سىغمايدىغان، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكنى تەرغىب قىلىدىغان ۋە ئەدلى-ئادالەتنى ھېچ كۆزگە ئىلمايدىغان ھەر خىل سۆز-ئىبارىلەر بولۇپ، بۇلار ئىنسانىنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇپ ھەق يولدىن ئازدۇرىدۇ. ھەتتا بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرىدە ئاشكارا ئەخلاقسىز، ھاياسىز سۆزلەر يېزىلغان. قۇرئان، بۇنداق ناچار نەرسىلەردىن قەتئىي پاكتۇر. ئۇنىڭدا ئەقىلگە سىغمايدىغان ھېچبىر نەرسە يوق. بۇگۈنگىچە ئۇنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىدە خاتالىق

بار دەپ بىر كىمنىڭ ئىسپاتلىيالىغىنى يوق. قۇرئاننىڭ ھۆكۈم ۋە قارارلىرىدا ئادالەتسىزلىك يوق. يوليورۇقلىرىدىن ھېچبىرى ئىنساننى يامانلىققا باشلىمايدۇ. ئۇنىڭدا ئەدەپسىزلىك ۋە ياكى ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەسىرىمۇ يوق. قۇرئان باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئەڭ ئالىي ھېكمەت ۋە ھەقىقەتلەر بىلەن تولغان. ئەڭ ياخشى چۈشەنچە ۋە ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ ئۈستۈن مەدەنىيەتنىڭ تەڭداشسىز تۈزۈملىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئىنساپ ۋە ئادالەتتىن تەلىم بېرىپ، ئىنسانلارنى توغرا يولغا، ھىدايەت ۋە نىجاتلىق يولىغا باشلايدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ يۇقىرىقىدەك مەخسۇس ئالاھىدىلىكلىرىدىن، ئاللاھ بۇ كىتاب ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل ھايات (ياشاش) دەستۇرىنى تولۇقلىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇقەددەس كىتابقا ھاجەت قالمىغانلىقتىن، باشقا كىتابلارنى قويۇپ، يالغۇز قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇلدى.

قۇرئان بىلەن باشقا مۇقەددەس كىتابلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ماھىيىتى بىلەن باشقا مۇقەددەس كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئوخشاش بىر مەسىلە ئەمەسلىكىنى ئۇقۇۋالدۇق. بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابلارغا ئىشىنىش ئۇلارنى پەقەتلا تەستىقلاش، يەنى «ئۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى بەرھەق راست، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان، قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىدىكى مەقسەت بىلەن ئوخشاش ۋە شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن» دېگەن بىلەنلا چەكلىنىشى لازىم. قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا، ئۇنىڭ تامامەن ئاللاھنىڭ ئۆز كالامى (سۆزى) ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھەر بىر كەلىمىسى پۈتۈنلەي توغرا ۋە خاتاسىز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىكى بايانلارنىڭ ھەممىسى راست ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئەمرنى ھاياتى داۋامىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىنسان ئۈچۈن بىر مەجبۇرى ۋەزىپە ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدا مەنئى قىلىنغان پۈتۈن ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئۆتكەنكى بابتا، ھەر قايسى قەۋملەر ئىچىدە كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن ئىسلام دىنىنى تەلىم بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇنىڭغا قارىغاندا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر كاتېگورىيىگە كىرىدۇ، يەنى دەرىجە جەھەتتە ئوخشاشتۇر. بۇلارنىڭ

ئىچىدىن بىرىنى ئىنكار قىلغان كىشى باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇن كىشى ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەۋاتسا، سىز ئۇلاردىن بىرىنىڭ سۆزىنى توغرا دەپ چۈشەنگەن بولسىڭىز، ئەمەلىيەتتە قالغان توققۇزىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىمۇ توغرا دەپ قارىغان بولىسىز. ئەگەر ئۇلاردىن بىرىنىڭ سۆزىنى يالغان دېسىڭىز، قالغان توققۇزىنىڭ ھەممىسىنىڭ سۆزىنى يالغان دەپ قارىغان بولىسىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامدا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى بەرھەق دەپ ئىمان كەلتۈرۈش لازىم، دەپ بۇيرۇلغان. ئەگەر پەيغەمبەرلەردىن بىرىگە ئىشەنمەي، قالغانلىرىغا ئىشەنسەڭ، دېسىمۇ كاپىر بولىدۇ.

ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەر قايسى قەۋملەرگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سانى، ھەدىسلەردىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا 124 مىڭ دەپ كۆرسىتىلگەن. دۇنيا يارىتىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە كېلىپ ئۆتكەن قەۋملەرنى ئويلاپ كۆرسەك، بۇ سانىنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى تەخمىن قىلالايمىز.

ئۇلاردىن قۇرئان كەرىمدە ئاتلىرى زىكرى قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىگە قەتئىي ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىشىمىز شەرت. قالغانلىرى ھەققىدە بولسا، «ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ھەق يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بەرھەق راست» دەپ ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھىندىستان، جۇڭگو، ئىران، مىسىر، ئافرىقا، ياۋروپا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئەۋەتىلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىمىز.①

ئەمما قۇرئاندا ئىسمى بېرىلگەن پەيغەمبەرلەردىن باشقا مەلۇم (خاس) بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە ئەمەسلىكى ھەققىدە پىكىر بايان قىلىش ئۈچۈن بىزگە ھېچقانداق تەلىمات بېرىلمىگەنلىكتىن، كەسكىن باھا بېرەلمەيمىز. باشقا مەزھەپكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار تەرىپىدىن پېشۋا، دىنىي رەھبەر دەپ ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلەر توغرىسىدا، بىلمەي تۇرۇپ قارشى پىكىر بايان قىلىش جايىز ئەمەس. چۈنكى بۇلاردىن بەزىلىرى ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولسىمۇ، خۇددى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى پەيغەمبەرلىرى دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن

① مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا «شەرقى تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە، شەرھى ئاسامىئىل مۇسلىمىن دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈپ، 25 تۈرك پەيغەمبىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىلدۈرگەن ۋە دىۋانى لۇغەتىت تۈركتە بايان قىلىنغان «قۇلباق» ئاتلىق بىر زاتنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ نەقىل كەلتۈرگەن. (مۇئەللىپنىڭ قولىيازما نۇسخىسى 37-بەتنىڭ ئىزاھات قىسمىغا قاراڭ)- ت

ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى بۇزۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەندەك، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ زامان ئۆتكەنسېرى تەلىماتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇشلىرى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەققىدە پىكىر بايان قىلغىنىمىزدا پەقەت مەزكۇر دىنىنىڭ ھازىرقى ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ئەھۋاللىرى ئۈستىدىلا تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ «دىنىمىزنىڭ قۇرغۇچىسى» دەپ بىلگەن كىشىلىرى ھەققىدە بولسا، «بىر پەيغەمبەرنىڭ شەنىگە ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن»، دېگەن تونۇش بىلەن سۈكۈت قىلىشىمىز لازىم.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى بولۇپ، ئىنسانلارغا ئىسلامنىڭ ھەق يولىنى تەلىم بېرىشكە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى بەرھەق راست، دەپ ئىمان ئېيتىشنى بۇيرۇغان. مەنە جەھەتتىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقى بولمىسىمۇ، تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە پەرقى بار:

بىرىنچى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر مەلۇم بىر قەۋملەر ئۈچۈن، مەلۇم بىر دەۋرگە مەخسۇس ئەۋەتىلگەن. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن، كەلگۈسى دەۋر ئۈچۈنمۇ مەڭگۈلۈك بىر پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. بۇلارنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم.

ئىككىنچى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتكەن. بىر ئاز ساقلىنىپ قالغانلىرى بولسا، ئەسلى ھالىتىدە ئەمەس، يوق نەرسىلەر قوشۇلۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. بىرسى بۇگۈن، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىپ ئەمەلگە ئاشۇراي دېسە، يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن بۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئەكسىچە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرى، سىرەتى (تەرجىمىھالى)، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى (خۇتبىلىرى)، ئۆز ئاغزى بىلەن بەرگەن يولیورۇقلىرى، ئەمىلى پائالىيەتلىرى، ئەخلاق پەزىلىتى، ئادەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرى، قىسقىسى، ھەر نەرسىسى ئەينەن مۇھاپىزەت قىلىنغان ھالدا مەۋجۇدتۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن باشقا پەيغەمبەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ھازىر ھايات ياشىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىر تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئەگىشىپ ھەق يولدا توغرا مېڭىشىمىز ئۈچۈن، ھىدايەت مەنبىئىمىز بىرلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

ئۈچىنچى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق تەلىم بېرىلگەن ئىسلام، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەرىجىدە تاكامۇللۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئارقىسىدىن كەلگەن بىر پەيغەمبەر ئالدىنقىسىنىڭ تەلىماتلىرىغا قوشۇمچە قىلىپ تولۇقلاپ ماڭغان. بۇ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن. زامان ئۆتكەنسېرى ئىنسانلار بۇ تەلىماتلارنى ئۇنۇتتى. ئالدىنقىنىڭ ئورنىنى يېڭى ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل تەلىماتلار ئالدى، كونىلىرىنىڭ ھۆكۈمى ۋە ئېھتىياجى قالمىدى.

ئاخىرىدا ئاللاھ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىسلامنىڭ ئەڭ تاكامۇللاشقان تەلىماتىنى يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى. چۈنكى مۇكەممەل بىر تەلىمات كەلگەن ئىكەن، كونا ۋە تولۇق بولمىغان بىر تەلىماتقا ئېسىلىۋېلىش پايدىسىز بولۇپ، ئەقىللىق بىر ئىشمۇ ھېسابلانمايدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن كىشى، باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن بولىدۇ. چۈنكى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرىدىكى پۈتۈن ياخشىلىق ۋە ھىدايەتكە باشلايدىغان قىسىملىرى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن ئىسلامدا بىر يەرگە توپلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر بىر كىشى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، باشقا بىر پەيغەمبەرگە ئەگىشىمەن دېسە، ئۇ كىشى ئەگەشكەن پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتلىرىدا بىلدۈرۈلمىگەن، ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن تولۇقلانغان ئىسلامنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىلىق ئەمىر-پەرمانلىرىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولۇشنى خالىغان كىشى، پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغىلا ئەگىشىشى لازىم. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئاساسلارنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

1. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى راست، بەرھەق پەيغەمبەر، دەپ ئىمان كەلتۈرۈش.

2. ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ھەممىسىنى توغرا، خاتا ۋە كەمچىلىكلەردىن پۈتۈنلەي خالى ۋە مۇكەممەل، دەپ ئىمان كەلتۈرۈش.

3. ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى، قىيامەتكىچە ھەر قانداق باشقا بىر قەۋم ئىچىدە باشقا پەيغەمبەر كەلمەيدۇ ۋە ياكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش شەرت بولىدىغان، ئىمان ئېيتمىسا كاپىر بولىدىغان باشقا بىر كىشىمۇ بۇ دۇنياغا كەلمەيدۇ، دەپ ئىمان ئېيتىش.

# ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش

ئىمانىنىڭ بەشىنچى ئاساسى ئاخىرەتكە (قىيامەت كۈنىگە) ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش توغرىسىدا مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن:

بىر كۈنى ئاللاھ پۈتۈن ئالەمنى ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىدۇ، ئۇ كۈن قىيامەت كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ.

دۇنيا يارىتىلغاندىن باشلاپ يەر يۈزىدە ياشاپ ئۆتكەن پۈتۈن مەخلۇقاتلار يەنە بىر قېتىم تىرىلىپ، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئالدىغا ھازىر بولىدۇ. بۇ كۈننى مەھشەر كۈنى، دەپ ئاتايمىز. ھەر بىر ئىنسان بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان قىلمىشلىرى يېزىلغان «نامە ئەمالى» بىلەن ئاللاھنىڭ ئادالەت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئاللاھ ھەر بىر كىشىنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنى (ئىشلىرىنى) تارتىدۇ. ئىلاھىي تارازىدا ياخشىلىقى يامانلىقىدىن ئېغىر كەلگەنلەرنى مەغپىرەت قىلىپ مۇكاپاتلايدۇ. يامانلىقى ياخشىلىقىدىن ئېغىر كەلگەنلەرنى جازالايدۇ. مەغپىرەت (ئەپۇ) قىلىنىپ مۇكاپاتلانغانلار جەننەتكە كىرىدۇ، جازالانغانلار دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

# ئاخىرەتكە ئىشىنىشنىڭ مۇھىملىقى

ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەر بىلدۈرگەن ۋە ھەر قايسى دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشى شەرت بولۇپ، ئاخىرەتنى ئىنكار قىلغانلارنى ياكى شەك كەلتۈرگەنلەرنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى، كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلغان. چۈنكى ئاخىرەتكە، يەنى ئۆلگەندىن كېيىن يەنە تىرىلىپ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمىسە، قالغان ئىمان ئاساسلىرىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، سىزگە بىر ئىشنى قىلىش تاپشۇرۇلغاندا، ئەقلىڭىزگە كېلىدىغان بىرىنچى سوئال «بۇ ئىشتىن ماڭا قانداق پايدا ـ مەنپەئەت تېگىدۇ؟ قىلمىسام قانداق زىيان تارتىمەن؟»دىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدە ئۆزىگە پايدا كەلتۈرمەيدىغان بىر ئىشنى ياقتۇرمايدۇ ۋە رەت قىلىدۇ. بىر

ئىشىنىڭ سىزگە ياخشىلىق ۋە مەنپەئەت كەلتۈرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگىنىڭىزدە ئۇ ئىشنى قىلىمەن دەپ ۋاقتىڭىزنى، كۈچىڭىزنى ئىسراپ قىلىشنى خالىمايسىز. سىزگە پايدا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بىر ئىشنى باشقىسى سىزنى قىلما، دەپ توسۇپ تۇرسىمۇ، سىز ئۇ ئىشنى خاتىرجەم قىلىۋېرىسىز. بىر نەرسىدىن شەكلەنگەن ۋە گۇمانلانغاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق. نەتىجىسى گۇمانلىق ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىڭىز تارتمايدۇ، قولىڭىز بارمايدۇ. سىزگە يەتكۈزىدىغان زىياننى بىلمىگىنىڭىزدە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا تىرىشمايسىز.

نېمە ئۈچۈن بوۋاق ئوتنى تۇتىدۇ؟ چۈنكى، ئۇ ئوتنىڭ قولنى كۆيدۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. كىچىك بالىلار مەكتەپتىن قاچىدۇ، دەرسلىرىنى مەشىق قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىلىم-ئىرپاننىڭ پايدىسىنى بىلمەيدۇ. چوڭلارنىڭ ئىلىم ھاسىل قىلىشنىڭ كەلگۈسىدىكى پايدىلىرىنى سۆزلەپ قىلغان نەسىھەتلىرىگە ئىشەنمەيدۇ.

ئەمدى ئاخىرەتكە (قىيامەت كۈنىگە) ئىشەنمەيدىغان بىر كىشىنى ئالايلى، ئۇ ئاللاھقا ئىشىنىشنىڭ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشنىڭ، ئۇنىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن بىر ھايات كەچۈرۈشنىڭ ھېچبىر نەتىجىسى يوق، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق، ئىتائەت قىلمىساڭمۇ ھېچبىر زىيىنى يوق، دەپ قارايدۇ. بۇنداق بىر كىشىنىڭ، ئاللاھ پەيغەمبەرلىرى ۋاستىسى بىلەن ئىلاھىي كىتابلىرى ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، دەپ ئېيتقىلى بولامدۇ؟ يەنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيمەن دېگەن كىشى، ماھىيەتتە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىدۇر. چۈنكى ئۇ ئىنسان ھېچبىر زامان ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلمايدۇ، مەنئى قىلغانلىرىدىن قاچمايدۇ.

مەسىلە بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا يەنى ئاخىرەتكە، مەھشەر كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ بۈيۈك يول كۆرسەتكۈچ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش ئىنسان ھاياتىغا ۋە پائالىيەتلىرىگە جىددىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ دۇنيادىكى غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتنىلا كۆزلىگەن بىر كىشى پەقەت بۇ دۇنيادا قولغا كەلتۈرەلەيدىغان پايدا زىياننىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە جىددىي قارايدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا پايدىسى تەگمەيدىغان ياخشىلىققا ھەرگىز يېقىن كەلمەيدۇ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا زىيىنى تەگمەيدىغان ھەر قانداق يامانلىقتىن قايتمايدۇ. ئەمما ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە بۇ دۇنيادىكى بارلىق

پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىر نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن كىشى، بۇ دۇنيادىكى بارلىق غەلىبە، مەغلۇبىيەت، پايدا ۋە زىيانلارنىڭ ھەممىسىنى ۋاقىتلىق ۋە ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك، دەپ بىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلىق بىر مەنپەئەتنى دەپ، ئەبەدىي بەخت ـ سائادەتنى قولدىن بەرمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە پايدا يەتكۈزىدىغان ياخشى (ساۋاپ) ئىشلارنى قىلىدۇ، ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغان يامان ئىشلار (گۇناھ) تىن بۇ دۇنيادا قانچىلىك پايدا يەتكۈزۈشىدىن قەتئىينەزەر قاچىدۇ. دۇنيادا ئۇنىڭغا ھەر قانچە زىيان ـ زەخمەت كەلتۈرسىمۇ، كۆرۈنۈشتە شەخسىي ئارزۇ ۋە مەنپەئەتلىرىگە زىت كەلسىمۇ، ئاخىرەتتە ئەجرى ـ مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ياخشىلىق يولىدا مېڭىشنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئاللاھ توسقان، ئاخىرەتتە جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگەن يامان ئىشلاردىن، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ قانچىلىك يېقىملىق ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا قەتئىي يېقىنلاشمايدۇ. ھەر شەيئىگە ئۇنىڭ ئەبەدىي (ئاخىرەتتىكى) نەتىجىسىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. ھاۋايى ـ ھەۋەسلەر ئىچىدە قاپسىلىپ قالمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن، بۇ ئىككى خىل ئىنساننىڭ ئىمانى، مەسىلىگە باھا بېرىشى ۋە ھايات شەكلى بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. بۇلاردىن بىرى بۇ قىسقا ۋە ۋاقىتلىق ھاياتىدىكى پۇل ـ مالنى، شۆھرەت، كىشىلەرنىڭ ئالقىش ۋە ماختاشلىرىنى، مەنسەپ ۋە ئابرۇيىنى ۋە بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەر شەيئىنى «ياخشىلىق» دەپ تونۇيدۇ. ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، نام، مەنسەپ، شۆھرەت ۋە پۇل ـ مالنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر قانداق يامانلىقتىن باش تارتمايدۇ. پۇل ـ مالدىن ئايرىلىپ قالسا، سالامەتلىكى ناچارلىشىپ ئۆلۈمگە دۇچار بولۇش خەۋپى بولسا، مەنسەپ قولدىن كەتسە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «يامانلىق» دەپ تونۇيدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، مۆئمىن بىر كىشىنىڭ «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» دېگەنلەرگە قارىتا چۈشەنچىسى باشقىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھ رازى بولىدىغان، ماقۇل بولىدىغان ھەر نەرسە ياخشىلىق، ئاللاھنىڭ نارازىلىقىغا، غەزىپىگە سەۋەب بولىدىغان ھەر نەرسە يامانلىقتۇر. ئۇنىڭچە ياخشى ئەمەل، كۆرۈنۈشتە بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا بىر پايدا كەلتۈرمىسىمۇ، بەزى شەخسىي ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توسالغۇ بولسىمۇ، ياخشى ئەمەلنى قەتئىي ئىككىلەنمەستىن داۋام قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇنى ئەبەدىي ھاياتتا (ئاخىرەتتە) مۇكاپاتلايدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرىدا «ھەقىقىي غەلىبە» بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى ۋە دۇنيا

مەنپەئەتلىرىنى دەپ، يامان ئەمەللەرنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ پانىي دۇنيادىكى قىسقا بىر ھايات جەريانىدا جازادىن قۇتۇلۇپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئادالىتىدىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئاخىرەتكە، مەھشەر كۈنىگە ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ، ھاياتىدا ئىسلامنىڭ كۆرسەتكەن يولى بىلەن مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلام «ئاللاھ يولىدا پېقىر، ئاجىزلارغا زاكات بېرىش»نى بۇيرۇيدۇ. ئۇ كىشى زاكات بەرسەم پۇل ـ دۆلىتىم ئاز قالىدۇ، پۇلۇمنى جازانىغا (ئۆسۈمگە ـ ت) بېرىپ كۆپەيتىمەن دەيدۇ. ئۆسۈمگە پۇل ئالغان كەمبەغەللەرنىڭ پۇلى ئۆسۈمنى قايتۇرۇشقا چىقىشمىسا، ئۇلارنىڭ بار ـ يوق ھەممە نەرسىسىنى ھېسابلاپ تارتىۋالىدۇ، ئاجىزنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

ئىسلام «ھەر دائىم راست گەپ قىلىشنى، يالغاندىن قانچىلىك پايدا، راستچىللىقتىن قانچىلىك زىيان كۆرسىمۇ، ھەر زامان راست گەپ قىلىش»نى بۇيرۇيدۇ. ئۇ كىشى «ماڭا زىيان كەلتۈرىدىغان راست گەپنى قىلىپ نېمىشقا زىيان تارتىمەن؟ ماڭا پايدا بولىدىغانلا ئىش بولسا يالغان ئېيتىشتىن نېمىشقا قاچىدىكەنمەن؟» دەيدۇ.

ھېچكىم يوق تەنھا يولدا ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق بىر نەرسە ئۇچراپ قالسا، ئىسلام «بۇ سىنىڭ مېلىڭ ئەمەس، بۇنى ئالما» دەپ بۇيرۇيدۇ. ئۇ كىشى جاپا ـ مۇشەققەتسىز ئالدىمغا كەلگەن بۇ مالنى ئېلىپ نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالمايمەن؟ بىرسى كۆرۈپ قېلىپ ساقچىغا مەلۇم قىلغىلى ياكى ئەدلىيە مەھكىمىدە مېنى ئالدى دەپ بەتنام قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىدىغان ئىش يوق. چۈنكى بۇنى ھېچكىم كۆرمىدى، دەيدۇ.

بىرسى مەخپىي ھالدا ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى ئامانەت قويىدى ۋە قازارا ئەجەل كېلىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئىسلام «سىزگە ئامانەت بېرىلگەن نەرسىگە خىيانەت قىلماڭ، ئۇنى مەرھۇمنىڭ مىراسخورلىرىغا ساق تاپشۇرۇپ بېرىڭ» دەپ بۇيرۇسا، ئۇ كىشى ياق بەرمەيمەن، مەرھۇمنىڭ بۇ نەرسىلەرنى مەندە ئامانەت قويغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭمۇ خەۋىرى يوق. ئۇستۇمدە داۋا قىلسىمۇ، گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ دەيدۇ. قىسقىسى، ھاياتنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە ئىسلام ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسەتسە، ئۇ بۇنىڭغا تامامەن خىلاپ بولغان يولغا ماڭىدۇ. چۈنكى ئىسلام ھەر نەرسىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى، ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەبەدىي نەتىجىسى بىلەن ئۆلچەيدۇ. لېكىن ئۇ كىشى ئۇچۇن ھەر نەرسىنىڭ ئۆلچىمى، بۇ قىسقا دۇنيادىكى

بىردەملىك نەتىجىدىن ئىبارەتتۇر.

مانا يۇقىرىقىلاردىن، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ مۇسۇلمان بولالمايدىغانلىقىنى بىلىۋالدىڭلار. مۇسۇلمان بولۇش ئىنتايىن شەرەپلىك ۋە سائادەتلىك چوڭ بىر ئىش. ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن كىشىنىڭ ياخشىراق بىر ئىنسانمۇ بولالمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى ئاخىرەتنى، مەھشەر كۈنىنى ئىنكار قىلىش، ئىنسانىي، ئىنسانلىق دەرىجىسىدىن ھايۋانلىق دەرىجىسىگە، ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەر دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

## ئاخىرەت ئەقىدىسىگە راتسىئونال بىر قاراش

ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە پايدىسىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، تۆۋەندە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈشىمىز توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ مەنتىقى جەھەتتىن ئەقىلگە نەقەدەر ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

بىزنىڭ ئاخىرەت ئەقىدىمىز، يەنى ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا بولغان ئىشەنچىمىز، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچ ئاساسىدا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ راست ۋە بەرھەق سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرگىنىمىزدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، راتسىئونال (ئەقىللىقلىق) چۈشەنچىمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرى، بۇ ھەقتىكى باشقا ھەر خىل نەزەرىيىلەرگە قارىغاندا، مەنتىقىغە ۋە ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىرىنچى، بىر تۈركۈم ئىنسانلار، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن تۈگەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقا بىر ھايات يوق (تىرىلمەيدۇ) دەيدۇ. ئۇلارنىڭچە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات مەسىلىسى پەنگە، ئىلىمگە ئۇيغۇن ئەمەسمىش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر غەربنىڭ ئۆزلىرىنى «پەن ئالىملىرى» دەپ داۋا قىلىدىغان بىر قىسىم ئاتېئىزمچى دىنسىزلارنىڭ نەزەرىيىلىرىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلاردۇر.

ئىككىنچىسى، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىنسان ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەكرار بىر قانچە قېتىم دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ دۇنيادا يامان ئەمەل قىلغان بولسا، ئۆلگەندىن كېيىن تەكرار بىر ھايۋان (مايمۇن، ئىت، مۈشۈك) بولۇپ دۇنياغا كېلىدۇ. بەزىلىرى دەرەخ ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى ئىنسان بولۇپ دۇنياغا كېلىدۇ. ئەگەر ياخشى ئەمەل قىلغان بولسا، ئېسىل تەبىقىدىكى ئىنسان بولۇپ تەكرار تۇغۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ مەلۇم

مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئېتىقادى.

ئۈچىنچى، ئاخىرەتتە مەھشەر كۈنى پۈتۈن مەخلۇقاتلار قايتا تىرىلىپ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىغا، قىلمىشلىرىغا مۇكاپات ۋە ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر بولۇپ، بۇ ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق تەلىماتىدۇر.

ئەمدى بۇلارنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلايلى:

بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئىنسانلار، يەنى ئۆزلىرىنى «ئىلىم-پەن ئەھلى» دەپ دەۋا قىلغۇچىلارغا ئەگەشكەنلەر، «ئۆلگەندىن كېيىنكى ھايات ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، بىز ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە قايتا تىرىلىپ كەلگەن بىرسىنى تېخىچە كۆرمىدۇق. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم دېمەك، ھاياتنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. ئۆلۈمدىن كېيىن ھايات بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. بۇلارنىڭ شۇ مەنتىقىسىغا قاراڭلار! بۇنى بىر ئىلىم ئەھلى دېگىلى بولامدۇ؟ بىرسىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇ كىشى «ئۆلگەندىن كېيىن نېمە بولۇشىنى بىلمەيمەن» دېسە، بۇنى مەنتىقىغە ئۇيغۇن دېيىش مۇمكىن. ئەمما بۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «ئۆلۈمدىن كېيىن ھېچ نەرسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن» دەيدۇ، ۋە بۇنى بىلىمگە، پەنگە ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ بىر بىلىمسىزلىكنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى ھازىرقى ئىلىم-پەن بۇ ھەقتە تېخىچە مەنپىي ياكى مۇسبەت بىر نەتىجىگە كەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتنى ئىنكار قىلىشلىرى تامامەن ئاساسسىز ۋە بىلىمسىزلىكتىن ئىبارەتتۇر. ھاياتىدا ئايروپىلان كۆرمىگەن بىر جاھىل ئادەم «مەن ئايروپىلاننىڭ قانداق بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن» دېيىشىنىڭ ئورنىغا، «دۇنيادا ئايروپىلان دەپ بىر نەرسە يوق» دەيدىغان بولسا، ئەقلى بار ھەر قانداق كىشى ئۇنى «ئەخمەق» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەيئىنى كۆرمىگەنلىك، ئۇ شەيئىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىمايدۇ. بىر كىشى ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار كۆرمىگەن بىر شەيئىنى «بۇنداق نەرسە يوق، ياكى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس» دەپ دەۋا قىلالمايدۇ.

ئىككىنچى گۇرۇھتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىسى مۇنداق:

ھازىر ئىنسان بولغان كىشى بىر ئالدىنقى دەۋردە (يارىتىلىشىدا) ھايۋان ئىكەن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان شەكلىدە دۇنياغا كەلگەن. بىر ھايۋاننىڭ ھايۋان بولۇشى ئۇ ئىنسان ئىكەن، قىلغان ئەسكى

ئەمەللىرى تۈپەيلىدىن بۇ قېتىم ھايۋان بولۇپ دۇنياغا كەلدى. قىسقىسى، بىرسىنىڭ ئىنسان ياكى ھايۋان بولۇشى ئۇنىڭ بىر ئالدىنقى ھاياتىدىكى قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر دېمەكچى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال پەيدا بولىدۇ: «قايسى بۇرۇن بار ئىدى؟ ئىنسانمۇ ياكى ھايۋانمۇ؟» ھايۋان بولۇشىدىن بۇرۇن ئىنسان ئىدى دېيىلسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر ئالدىنقى ھاياتىدا ھايۋان ئىكەنلىكى، ياخشى ئەمەللىرى نەتىجىسىدە بۇ قېتىم ئىنسان سۈرىتىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ بۇرۇن بىر ھايۋان ئىدى دېيىلسە، ئۇ چاغدا بۇنىدىن بىر ئالدىنقى ھاياتىدا ئىنسان ئىدى، يامان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بۇ قېتىم ھايۋان بولۇپ دۇنياغا كەلدى، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنى بۇ ئەقىدە كىشىلەرنى «بارسا كەلمەس» بىر مۇجمەللىككە ئېلىپ بارىدۇ ۋە دەسلەپكى يارالغۇچى (مەخلۇق)نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچبىر زامان ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار كېيىنكى مەخلۇق ئالدىنقىسىنىڭ نەتىجىسى، دەپ تونۇيدۇ. بۇ تامامەن مەنتىقسىز ۋە ئەقىلگە ھېچ سىغمايدىغان بىر چۈشەنچە.

ئەمدى ئۈچىنچى ئەقىدىگە كەلسەك، ئۇنىڭ ئەڭ بىرىنچى تەلىماتى مۇنداق:

«بىر كۈنى قىيامەت بولىدۇ ۋە بۇ دۇنيا يوقىلىدۇ. ئاللاھ پۈتۈن كائىناتنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى ۋە ئالىي بىر تۇرۇم يارىتىدۇ». بۇ سۆزلەر شەك ـ شۈبھىسىز توغرىدۇر. چۈنكى بۇنى توغرا ئەمەس، دەپ ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئىسپات يوق. كائىناتنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەنسېرى، ئۇنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ تەھلىل قىلغانسېرى، ھازىرقى كائىنات سىستېمىسىنىڭ داۋاملىق ۋە مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى ۋە بىر كۈنى تەبىئىي ھالدا پۈتۈنلەي تۈگەپ يوقىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. ئالىملار «قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقى (ھارارىتى) بارغانسېرى تۆۋەنلەشمەكتە، بىر كۈنى قۇياش تامامەن سوۋۇپ ئۇنىڭ نۇرى ئۆچىدۇ ۋە ئېنېرگىيىسى تۈگەيدۇ. يۇلتۇزلار بىر ـ بىرلىرىگە سوقۇلۇش بىلەن پارچىلىنىپ، چوڭ پارتلاشلار يۈز بېرىپ كائىناتنىڭ ھازىرقى نىزامى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ دۇنيانىڭ تۈگىشى، يەنى ئاخىرى دېمەكتۇر» دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچىسى، «ئىنسانغا ئىككىنچى قېتىم ھايات بېرىلىدۇ. (ئۆلگەندىن كېيىن يەنە قايتا تىرىلىدۇ)» دەپ تەلىم بېرىلگەن. بۇ مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ ئەگەر مۇمكىن بولمىسا ئىدى، ھازىرقى ھايات قانداق قىلىپ مەۋجۇد بولىدى؟ بۇ دۇنياغا ئىنساننى ياراتقان ئاللاھ، ئۇ دۇنيادا (ئاخىرەتتە)مۇ يارىتالايدۇ. بۇنىڭدا

ئەقىلگە سىغمايدىغان ھېچقانداق ئەھۋال يوق.

ئۈچىنچىسى، «بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن قىلمىش ـ ھەرىكەتلىرى خاتىرىلىنىپ، ئاخىرەتتە مەھشەر كۈنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ» دەپ تەلىم بېرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تۇغرىلىقىنى ھازىرقى ئىلىم ـ پەن ئۆزى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇرۇن بىز چىقارغان ئاۋازىمىز ھاۋادا يېنىك بىر دولقۇن شەكلىدە تارقىلىپ يوقاپ كېتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ كەلگەن. ھازىر بۇ ئاۋازلار ئەتراپتىكى جىسىملاردا ئىز قالدۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇ ئىزلاردىن ئاۋازىمىزنى قايتا چىقىرىۋالالايدىغانلىقىمىز كەشىپ قىلىندى. پاتېفون تەخسىسى مانا شۇنىڭغا ئاساسەن ياسىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان ھاۋادىكى تىترەش دولقۇنلىرى بېرىپ تەككەن ھەر قانداق شەيئى ئۈستىدە ئىز قالدۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ خاتىرىگە ئېلىنىپ، كېيىن بۇلارنى قايتىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلۈشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى.

تۆتىنچى، «مەھشەر كۈنى ئاللاھ ئىنسانلاردىن ھېساب سورايدۇ، ياخشى ۋە ياكى يامان قىلمىشلىرىغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ ۋە ياكى جازالايدۇ»، دەپ بىلدۈرۈلىدى. بۇنىڭ ئەقىلگە ۋە مەنتىقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ۋە ياكى مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان نېمىسى بار؟ زادى ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ تەقەززاسى ـ ئاللاھدىن بۇ دۇنيادىكى ھەق ـ ناھەقچىلىكنىڭ ھېسابىنى ئادالەتلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تىلەشتۇر.

دۇنيادا بەزى كىشىلەر كۆپ ياخشى ئىش قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ، داۋاملىق يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرمۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتمايدۇ. ئەكسىچە ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنداق مىساللار دۇنيادا يۈز مىڭلاپ تېپىلىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ بىر ئادالەت يەنى ھەق ـ ناھەقنى سوراشنى تەلەپ قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئاخىرىدا يامانلىق قىلغان كىشىلەرگە جازا بېرىلىدىغان، ياخشى ئىش قىلغانلارغا ئەجرى ۋە مۇكاپات بېرىلىدىغان بىر كۈننىڭ كېلىشى لازىملىقىنى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ھېس قىلىدۇ ۋە كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ.

بەشىنچى، «جەننەت بىلەن جەھەننەم (دوزاخ) بار» دېگەن ئەقىدە. بۇمۇ بىر ئىمكانسىز ئىش ئەمەس. كۆن بىلەن ئاينى ياراتقان ئاللاھ، جەننەت بىلەن جەھەننەمنى ياراتمامدۇ؟ ئاللاھ سوراق ـ سوئال قىلىپ ئادالەتلىك بىلەن ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ئەجرى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىشىلەر ئۇچۇن شەرەپلىك،

خۇشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ياشايدىغان بىر جاي، جازاغا تارتىلىدىغانلار ئۇچۇن خارلىق، ئازاب ۋە يامانلىقنىڭ تەمىنى تېتىتىدىغان بىر باشقا ماكان بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزگە قاراپ، ئەقلى بار ھەر قانداق بىر كىشى «ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا ئىشىنىش، مەنتىقىغا ۋە ساغلام ئەقىلگە ئۇيغۇن. بۇنىڭدا ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋە ئىمكانسىز ھېچبىر نەرسە يوق» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. شۇنداقلا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بەرھەق راست پەيغەمبەرنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىز ئۇچۇن ياخشىلىق ۋە پايدىلىقتىن باشقا بىر شەيئى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن، بۇ تەلىماتلارنى قوبۇل قىلىش ئەڭ ئەقىللىقلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھېچقانداق بىر دەلىل ـ ئىسپات يوق ئىكەن، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ شەك كەلتۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىشنىڭ دەل ئۆزى ئەقىل ۋە مەنتىقىغە خىلاپتۇر.

مانا ئىسلام يۇقىرىقىدەك بەش ئاساسى ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇلار كەلىمە تەييىبە «لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمە بىلەن يىغىنچاقلاشتۇرۇلغان. يەنى لائىلاھە ئىللەللاھ (ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) دېيىش بىلەن، پۈتۈن باتىل (يالغان) خۇدالارنى تاشلاپ، ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىمىزنى قوبۇل قىلغان بولىمىز. بۇنىڭغا مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ نى قوشۇپ ئېيتىش بىلەن، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلىغان بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئىلاھىي سۈپەتلىرىگە، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتقا (ئاخىرەتكە) ئىشىنىش بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەلىم بېرىپ ئەمەل قىلىشىمىزغا بۇيرۇلغىنى بويىچە، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشىمىز ۋە ئىبادەت مېتودلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن بېجىرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئالغان بولىمىز.①

① مەن بۇ يەردە ئىماننىڭ ئاساسلىرىنى بەش تۈرلۈك دەپ ئېيتتىم. بۇلار قۇرئان كەرىم سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەت ۋە سۈرە نىسا 136 ـ ئايەتلىرىدىن ئېلىنىدى. شۈبھىسىزكى ھەدىس شەرىپلەردە (ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق) ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشمۇ ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىماننىڭ ئاساسى بەش ئەمەس ئالتە بولغان بولىدۇ. ھەقىقەتەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش، «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش»نىڭ

# بەشىنچى باب ئىبادەت

ئۆتكەنكى بابتا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىمان كەلتۈرۈشىمىزنى بۇيرۇغان ئىماننىڭ مۇنداق بەش تۈرلۈك ئاساسىنى سۆزلەپ ئۆتتۇم:

ئاللاھنى بىر ۋە شېرىكى يوق دەپ ئىمان ئېيتىش.

ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، خۇسۇسەن قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈش.

ئاللاھنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىگە، خۇسۇسەن ئاخىرقى پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش.

ئاخىرەتتىكى ھاياتقا ئىمان كەلتۈرۈش.

ئىسلامنىڭ ئۇلى يۇقىرىدىكى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ پرىنسىپلارغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشى، ئىسلام جامائەسىگە قېتىلىپ ئۇنىڭ بىر ئەزاسى بولغان بولىدۇ. كىشى ئېغىزدا ئىمان ئېيتتىم دەپ قويۇش بىلەن تولۇق مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلغاندىلا، مۇكەممەل بىر مۇسۇلمان بولغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام «ئىتائەت قىلىش» دېمەكتۇر. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بويسۇنۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

سىز ئىمان ئېيتىش بىلەن ئاللاھنى بىر ۋە باشقا شېرىكى يوق، دەپ ئېتىراپ قىلىسىز. ئۇنى ياراتقۇچى رەببىڭىز (پەرۋەردىگارىڭىز)، ئىگىڭىز، ھۆكۈمدارىڭىز، دەپ قوبۇل قىلىسىز ۋە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ مەخلۇقى، دەپ تونۇيسىز. لېكىن ئەمرلىرىگە بويسۇنمىسىڭىز، ياراتقۇچى ئىگەم دەپ تونۇغان رەببىڭىزگە ئىسيانكار بولۇپ، جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسىز.

قۇرئاننى ئاللاھنىڭ كالامى (سۆزى)، دەپ تونۇدىڭىز. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى، دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئەمرنى بەجا كەلتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىڭىزگە ئالغان بولىسىز.

---

ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر ۋە قۇرئان كەرىمدىمۇ شۇنداق كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ئەقىدىنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە قوشۇپ سۆزلەپ ئۆتتۇم. شۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ھەدىسلەردە، جەننەت ۋە دوزاخ، سىرات كۆۋرۈك ۋە تارازا مىزانغا ئىشىنىشنى ئايرىم-ئايرىم ئەقىدىلەر، دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلار «ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش»نىڭ ئىچىدىكى بۆلۈملەردىن ئىبارەت.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى، دەپ ئىقرار قىلىدىغىز. ئۇنىڭ ھەربىر تەلىماتىنى ئاللاھدىن كەلگەن ئەمر، دەپ قوبۇل قىلىدىغىز. بۇنىڭ بىلەن ئەينى زاماندا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش سىزگە «پەرز»، يەنى باش تارتىپ بولمايدىغان دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتلىك ۋەزىپىڭىز بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئېيتقان ئىمانىڭىزغا ئۇيغۇن ۋە ئىقرارىڭىزغا مۇناسىپ بولغان ئەمەللىرىڭىز بىلەنلا تولۇق مۇسۇلمان بولالايسىز. ئېيتقان ئىمانىڭىز ۋە ئىقرارىڭىز بىلەن ئەمەللىرىڭىز (قىلمىشلىرىڭىز) ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بولسا، يەنى ئۇيغۇن بولمىسا، ئىمانىڭىز شۇ قەدەر كەم ۋە تولۇقسىز قالغان بولىدۇ.

ئەمدى سىلەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن بىر ھايات كەچۈرۈشىمىز ئۈچۈن نېمىلەرگە ئەمەل قىلىشىمىز ۋە نېمىلەردىن ساقلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بېرىمەن. بۇلاردىن بىرىنچىسى ۋە ئەڭ مۇھىم بولغىنى «ئىبادەت»دۇر.

## ئىبادەتنىڭ ئۇقۇمى

«ئىبادەت» ئەرەبچىدە قۇل، يەنى «بەندە» مەنىدىكى سۆزدىن تۇرلەنگەن سۆز بولۇپ، «بەندىچىلىك، ئىتائەت قىلىش» دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ بىزنىڭ ئىگىمىز ۋە بىز ئۇنىڭ قۇللىرى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يولىدا بەندىنىڭ قىلغان ھەر ئىشى بىر ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، سىز ئاللاھ مەنئى قىلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، مۇئامىلىدە، يالغان سۆزلەشتىن، يامان سۆز ئىشلىتىشتىن ۋە غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ساقلىنىسىز. ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر يەردە راست گەپ قىلىسىز، كىشىلەرگە ئىنساپ ۋە ياخشى نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىسىز ۋە گۈزەل سۆزلەرنى سۆزلەيسىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ.

مەيلى دۇنيالىق مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن، تىجارەت ئىشلىرىدا بولسۇن، بازاردىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا بولسۇن، ئائىلە، ئاتا ـ ئانا ۋە قەۋم قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن، قىسقىسى ھاياتىڭىزنىڭ ھەر بىر ساھەسىدە ئاللاھنىڭ رىزاسىنى دەپ، ئۇنىڭ ئەمرى بويىچە توغرىلىق ۋە راستچىللىق بىلەن ئىش ئېلىپ بارسىڭىز، ئاللاھ مەنئى قىلغان دەپ ئىشىنىپ، يالغان ئېيتىشتىن، ساختىپەزلىك قىلىشتىن ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشتىن ساقلانسىڭىز، سىز پۈتۈن ھاياتىڭىزنى ئىبادەت

بىلەن ئۆتكۈزگەن بولىسىز. بىر ئاجىز پېقىرغا ياردەم قىلىسىڭىز، ئاچ قالغان بىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويسىڭىز، ياكى بىر كېسەلنىڭ خىزمىتىنى قىلسىڭىز ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن ۋە ياكى نام ـ شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ رازى بولىدىغانلىقىنى (خۇش بولىدىغانلىقىنى) كۆزدە تۇتقانلىقىڭىزدىندۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ كۆرسەتكەن يول بىلەن ئىشلەپ تاپقان ھالال تاپاۋتى بىلەن ئائىلىسىنى ۋە قارىمىقىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ۋە ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىسادى پائالىيەتلىرىمۇ ئىبادەت. قىسقىسى، كىشىنىڭ پائالىيەتلىرى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن بولسا، قەلبىگە ئاللاھ قورقۇسى يەرلەشكەن بولسا ۋە پۈتۈن ئەمەللىرىنىڭ ئاخىرقى غايىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى ۋە ھاياتى «ئىبادەت» بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى قاچانكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ بىر ياخشى ئەمەل (ئىش) قىلسا، ئاللاھدىن قورقۇپ بىر يامان ئىشتىن ئۆزىنى تارتسا، ئىسلامىي ۋەزىپىسىنى مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ئادا قىلغان بولىدۇ. ھەتتا بۇنداق بىر ھاياتتا ياشاۋاتقان (ئىسلامى ۋەزىپىسىنى مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ئادا قىلىۋاتقان) كىشىنىڭ ھەر بىر ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلىرى، مەسىلەن: يېگىنى، ئىچكىنى، ماڭغىنى، ئولتۇرۇپ قوپقىنى، ئۇخلىغىنى ۋە سۆزلىگىنى، ھەممىسى ئىبادەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداقلا ئىبادەت ئىسلام بىناسىنى ئۆرە تۇتۇپ تۇرغان تۈۋرۈكدۇر. ئەگەر بۇ تۈۋرۈكلەرگە زىيان يەتسە، ئىمارەتمۇ ساغلام بولمايدۇ. مانا بۇلار ئىبادەتنىڭ ئۇقۇمىدۇر.

ئىسلامنىڭ ئاساسى مەقسىتى ـ مۇسۇلماننى پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا، بۇ ئىبادەت ئىچىدە ياشايدىغان كىشى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتتە ئىسلام بىر قانچە مەخسۇس ئىبادەت ئۇسۇللىرىنى بەلگىلىدى. بۇلار ئەڭ ئالىي ئىبادەت (ئىسلامنىڭ ئاساسى مەقسىتىگە يېتىش) ئۈچۈن، بىر تەربىيىلەش كۇرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشى بۇ كۇرستا قانچىلىك ياخشى ئۆگىنىپ تەربىيىلەنسە، ئەڭ ئالىي ئىبادەتنى ئۇ قەدەر ياخشى ئادا قىلالايدۇ. بۇ مەخسۇس ئىبادەتلەر (پەرز ئەيىن) دەپ بەلگىلەنگەن، شۇنداقلا «دىنىنىڭ تۈۋرۈكى» دەپ ئاتالدى. بىر ئىمارەت بىر قانچە تۈۋرۈك ئۈستىگە بىنا قىلىنغىنىدەك، ئىسلامىي ھاياتنىڭ بىناسىمۇ مانا بۇ تۈۋرۈكلەر ئۈستىدە ئىنشا (بىنا) قىلىنىپ يۈكسىلىدۇ.

# ناماز

بۇ پەرزلەردىن بىرىنچىسى ۋە ئەڭ مۇھىم بولغىنى «سالات»، يەنى نامازدۇر.

ناماز دېگەن نېمە؟ ناماز ـ سىز ئېيتقان ئىماننىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى كۈندە بەش قېتىم ئارقا ـ ئارقىدىن ئېغىز ۋە ھەرىكىتىڭىز بىلەن تەكرارلاش ۋە ئۇلارنى زېھنىڭىزدە يېڭىدىن ياشارتىشتىن ئىبارەت. ئەتىگەن سەھەر ۋاقتىدا تاتلىق ئۇيقۇنى قويۇپ تۇرۇپ، پاكىزلىنىپ ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولىسىز، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېھتىرام بىلەن ئۆرە تۇرىسىز، ئولتۇرىسىز، ئېگىلىسىز ۋە بېشىڭىزنى يەردە قويۇپ سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىڭىزنى قايتا ـ قايتا ئىقرار قىلىسىز. ئۇنىڭدىن مەدەت (ياردەم) ۋە ھىدايەت تىلەيسىز، ئۇنىڭغا قەتئىي ئىتائەت قىلغان ئەھدىڭىزنى يەنە تەكرارلايسىز. ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ سىزدىن رازى بولۇشىنى تىلەيسىز ۋە ئۇنىڭ غەزىپىدىن پاناھ تىلەيسىز. ئۇنىڭ كىتابىدىن قىرائەت قىلىپ (ئوقۇپ ـ ت) دەرسلىرىڭىزنى پىششىقلايسىز. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىنىڭ ھەق راست ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم گۇۋاھلىق بېرىسىز.

بىر كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن قىلمىشلىرىڭىزدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېسىڭىزگە كەلتۈرىسىز. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا ئېيتقان ئىمانىڭىزنى ۋە ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئېسىڭىزگە كەلتۈرىسىز.

شۇنداق قىلىپ سىز دۇنيا ئىشلىرىڭىزغا كىرىشىپ كېتىسىز. پېشىن ۋاقتى كەلگەندە، مۇئەززىن سىزنى نامازغا چاقىرىدۇ (ئەزان ئوقۇيدۇ)، سىز ئىشىڭىزنى بىر قانچە مىنۇت توختىتىپ قويۇپ بەندىچىلىكىڭىزنى بەجا كەلتۈرىسىز، ساۋىقىڭىزنى، ئەھدىڭىزنى ئۇنتۇپ ئاللاھتىن غاپىل بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، بۇلارنى يېڭىدىن تەكرارلىۋالىسىز ۋە ھاياتتىكى ھەقىقىي غايىڭىزنى زېھنىڭىزدە يەنە بىر قېتىم جانلاندۇرىسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىسىز. ئەسىر ۋاقتىدا يەنە بىر چاقىرىق ئالىسىز، سىز بۇنىڭغىمۇ دەرھال ئاۋاز قوشۇپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيسىز، بۇ سىز ئۈچۈن ۋەزىپىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەش بولۇپ، نىيىتىڭىزنى ئىمانىڭىز ئاساسلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرىۋالىسىز. كۈننىڭ پېتىشى بىلەن قاراڭغۇلۇق باستى ۋە كۈندۈز ھاياتىڭىز قانداق باشلانغان بولسا، كېچىدە غەپلەتتە قېلىپ، ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاخشام

نامىزىغا ئەزان ئوقۇلۇشى بىلەن تەكرار ناماز ئوقۇپ ئاللاھقا بويۇن ئەگدىڭىز. بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇخلاش ئالدىدىكى (خۇپتەن) ناماز ۋاقتى كېلىدۇ. سىز يەنە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرىسىز، بۇ، بىر كۈنلۈك ئىبادىتىڭىزدىكى ئاخىرقى ناماز بولۇپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەنە بىر قېتىم ئاللاھقا سەجدە قىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىپ، بىلمەستىن ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقلار ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ تىلەش بىلەن ئىمانىڭىزنى ياشارتىپ يېڭىلىۋالىسىز. كۈندۈزدىكى قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبىدىن، خاتىرجەم ئادا قىلالمىغان ۋەزىپىلىرىڭىزنى (ئىبادەتلىرىڭىزنى) كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا خاتىرجەم ھالدا ئادا قىلىسىز.

كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ئىماننىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بىزنى پەزىلەتلىك بىر ھاياتقا ئىگە قىلىپ ئاللاھقا ئىتائەتچان بىر بەندە قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. جاسارەتلىك، سەمىمىي، مۇستەھكەم ئىرادىلىك، پاكىز قەلبلىك ۋە روھىي جەھەتتە يېتىشكەن ئېسىل ئەخلاققا ئىگە قىلىپ، ئىمانىمىزنى ھەر دائىم يېڭىلاپ ياشارتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ناماز ئوقۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تاھارەت ئالدىڭىز. تاھارەتنى پەيغەمبىرىمىز بۇيرۇغان ئۇسۇللىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا ئالىسىز، ئۇندىن كېيىن نامازنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە ئوقۇدىڭىز.

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىسىز ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن مۇقەددەس ۋەزىپە، دەپ بىلىسىز.

قۇرئان كەرىم ئوقۇغاندا ناھايىتى دىققەت بىلەن ئوقۇيسىز. چۈنكى قۇرئاننى ئاللاھنىڭ كالامى، دەپ ئىشەندىڭىز. ئۇنى قەستەن خاتا ئوقۇشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىسىز.

نامازدا كۆپىنچە قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۈن چىقارماي ئىچىمىزدە ئوقۇيمىز. ئۇلارنى ئوقۇدىڭىزمۇ، ئوقۇمىدىڭىزمۇ؟ توغرا ئوقۇدىڭىزمۇ ياكى قەستەن ئۆزگەرتىپ خاتا ئوقۇدىڭىزمۇ؟ ئۇ يەردە سىزنى تىڭشاپ تۇرغان ياكى كۆرۈپ تۇرغان بىرسى يوق. ئەمما ئاللاھنىڭ سىزنى ھەر يەردە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، سىز ئوقۇۋاتقان مەخپىي ۋە ياكى ئاشكارا بولغان ھەر نەرسىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىسىز. سىزنى «ناماز ئوقۇ» دەپ ھەيدەيدىغان، ناماز ئوقۇۋاتقاندا سىزگە قاراپ تۇرىدىغان بىر كىم بولمىغان ھالدا، سىزنى ناماز ئوقۇشقا نېمە ھەيدەكچىلىك قىلدى؟ مانا بۇ سىزنىڭ «ئاللاھ مېنى ھەر يەردە،

ھەر ۋاقىتتا كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپ ئىشەنگەنلىكىڭىزدىن ئەمەسمۇ؟ ئەزان ئېيتىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن ئىشنى قويۇپ ئالدىراپ مەسجىدكە مېڭىشقا سىزنى زورلىغان نەرسە نېمە؟ ئەتىگەن سەھەردە تاتلىق ئۇيقۇنى قويۇپ، چۈشتە قاقاس ئاپتاپتا ناماز قازا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ مەسجىدكە بېرىشقا ئالدىرايسىز، ئاخشاملىرى دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشلارنى ناماز ئوقۇيمەن دەپ تەرك ئېتىسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇلارنىڭ سەۋەبى ـ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن، پەرزنى، ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئەمەسمۇ؟

ناماز ئەسناسىدا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىسىز. چۈنكى قەلبىڭىزدە ئاللاھ قورقۇسى چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ۋە بىر كۈنى بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن قىلمىشلىرىڭىزدىن ئاللاھ ھۇزۇرىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىسىز.

ئەمدى ئېيتىپ بېقىڭلار. ئىنساننىڭ مەنىۋى ۋە ئەخلاقى جەھەتتە مۇكەممەل بىر مۇسۇلمان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، نامازدىنمۇ ياخشى بىر يول بارمىكەن؟

ناماز ئىنساننىڭ ئاللاھقا قىلغان ئەھدىسىنى كۈندە ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم ئەسلەشكە سەۋەبچى بولىدۇ. ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى يېڭىلاپ ياشارتىدۇ. ئاخىرەتكە بولغان ئىشەنچىنى، يەنى بۇ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىدىن قىيامەت كۈنى بولغاندا ھېساب ئېلىنىدىغانلىقىنى ھېچ ئەستىن چىقارمايدۇ. ناماز بىلەن مۇسۇلمان كۈندە بەش قېتىم پەيغەمبىرىمىزگە ئەگەشكەن بولىدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى، پەرز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشنى تەكرار ـ تەكرار مەشىق قىلىدۇ. دېمەك، ناماز، كىشىنىڭ چۈشەنچىسى (ئىمانى) بىلەن ئىبادەتتىكى ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرىدىغان بىردىنبىر تەلىم تەربىيىدۇر.

ياراتقۇچىسىنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىشتا، بۇ قەدەر جىددىي ۋە ئەستايىدىل بولغان بىر كىشى نامازدىن چىقىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان چاغلىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىدۇ. قەلبىدە دائىم ئاللاھ قورقۇسى يەرلەشكەن بولىدۇ. خاتا (گۇناھ) ئىشقا يېقىنلاشقاندا «ئاللاھ مېنى ھەر جايدا كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپ ئۇ ئىشتىن قايتىدۇ.

شۇنچىلىك بىر مۇكەممەل ۋە يۈكسەك تەلىم ـ تەربىيە ئالغاندىن كېيىنمۇ، ئەگەر بىرسى ھاياتىنىڭ باشقا ساھەلىرىدە، ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، يامان ئىشلارنى قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ چاغدا مەسىلە

پەقەت ئۇنىڭ ئۆز نەپسىدىكى بۇزۇقلۇقتا، نامازدا ئەمەس. ئۇنىدىن باشقا، ئاللاھ نامازنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆتىشىمىزنى بۇيرۇدى. خۇسۇسەن، ھەپتىدە بىر قېتىم جۈمە كۈنى «جۈمە نامىزى»نى جامائەت بىلەن ئۆتەشنى پەرز قىلدى. نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سۆيگۈ ۋە بىرلىك چۈشەنچىسى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى بىرلەشكەن، كاتتا ۋە كۈچلۈك بىر توپ (جامائە) ھالىغا كەلتۈرىدۇ. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار بىر يەرگە يىغىلىپ، بىر سەپتە يانمۇ-يان تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانىدا، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئەڭ تەسىرلىك ھالدا قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك تۇيغۇسى چوڭقۇر يەرلىشىدۇ.

ناماز-تەڭلىك (باراۋەرلىك)نىڭ سىمۋولىدۇر. چۈنكى نامازدا مەيلى باي بولسۇن، پېقىر بولسۇن، ئەمەلدار بولسۇن، ئاددىي پۇقرا بولسۇن، ئوقۇمۇشلۇق ئالىم ياكى ساۋاتسىز كىشى بولسۇن، ئوقۇغۇچى ياكى ئوقۇتقۇچى بولسۇن، ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، ئېسىلزادە ياكى خىزمەتكار بولسۇن ھەممىسى بىر سەپتە، بىر-بىرلىرىگە يانداشىپ سەپ تۈزۈپ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا قول باغلىشىپ ئېھتىرامدا تۇرىدۇ، بىرلىكتە ئېگىلىدۇ ۋە باشلىرىنى يەردە قويۇپ، بىر ئاللاھقا سەجدە قىلىدۇ. پۈتۈن جامائەت بىر رەھبەرنىڭ (ئىمامنىڭ) ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ مۇسۇلمانلاردا رەھبەرگە بولغان ئىتائەتتە بىرلىك ۋە ئىنتىزامچانلىق روھىنى پەيدا قىلىدۇ.

قىسقىسى، ناماز مۇسۇلمانلارغا مۇكەممەل بىر شەخسىي ھاياتلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى يىمىرىلمەس، قۇدرەتلىك بىر پۈتۈن توپلام بولۇپ يېتىشىشنىڭ پەزىلەتلىك يولىغا باشلايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر بىزنىڭ كۈندە بەش ۋاخ نامازلىرىمىزنىڭ ھېسابسىز پايدىلىرىدىن بىر قانچىسى. ئەگەر بۇلاردىن ئۆزىمىزنى مەھرۇم قىلغان بولساق، ئۇ چاغدا زىيان تارتقۇچى پەقەت ئۆزىمىزلا بولۇپ قالىمىز.

ئاللاھ ناماز ئارقىلىق سىزگە ئىنتايىن زور بىر قۇۋۋەت بېغىشلاۋاتسا، سىز ھۇرۇنلۇق قىلىسىز. ئېغىزدا ئىمان ئېيتىپ ئەمەلىيەتتە بولسا ئاللاھ پەرز قىلغان نامازنى ئوقۇمايسىز. بۇنداق قىلىشتا مۇنداق ئىككى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچىسى، سىز نامازنى ئۆزىڭىزگە پەرز ۋەزىپە دەپ قوبۇل قىلمايسىز.

ئىككىنچىسى، نامازنى پەرز دەپ قوبۇل قىلىسىز، ئەمما ناماز ئوقۇمايسىز. بۇ ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا تۇرۇپ يەنە «ئىمانىم بار»، يەنى مەن مۇسۇلمان، دەپ دەۋا قىلىسىڭىز، بۇ ئۇچىغا چىققان يالغانچىلىقىڭىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمرنى قوبۇل قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ھاكىمىيەتنى تونۇماسلىق، يەنى

ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر. ئىككىنچى ئەھۋالدا بولسا، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىتتىڭىز، لېكىن ئۇنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلمايسىز، ئېغىزدا ئاللاھ بار دەپ، ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا بويسۇنمايسىز (ناماز ئوقۇمايسىز)، ئۇنداقتا سىز يەر يۈزىدىكى مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچسىز، ئەڭ ئەرزىمەس بىرى ئىكەنسىز. چۈنكى كائىناتنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇق ئىگىسى بولغان ئاللاھقا نىسبەتەن بۇ دۇنيادا بۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىكتە بولغان كىشى، بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر يالغانچىلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك قىلمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئەگەر بىر توپ (جامائە) ئىچىدە بۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىك كىشىلەر كۆپەيسە، ئۇ جەمئىيەتنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى سىز بىر ئويلاپ بېقىڭ.

## روزا

پەرزلەرنىڭ ئىككىنچىسى ـ يىلدا بىر ئاي پەرز بولغان روزادۇر. روزا بەش ۋاخ نامازدەك، ھەر يىلى بىر ئاي داۋامىدا، ئىمانىمىزنى يېڭىدىن ياشارتىدۇ ۋە ياراتقۇچىمىزغا بولغان بۇرچىمىزنى ئەسلىتىدۇ. رامزان ئېيى كىرىشى بىلەن، سەھەردىن تارتىپ ئاخشامغىچە ھېچ نەرسە يېمەيمىز، ئىچمەيمىز. سەھەردە ئەزان ئوقۇلۇشى بىلەن دەرھال داستىخاندىن قولىمىزنى يىغىمىز. ئاخشام ئىپتار ۋاقتى كەلگۈچە ئالدىمىزغا ھەر قانچە لەززەتلىك تاماق كەلسىمۇ، قورسىقىمىز ئاچ ۋە تۇلىمۇ ئۇسساپ كەتكەن بولساقمۇ يېمەيمىز، ئىچمەيمىز. مەيلى ئادەم بار يەردە بولسۇن، يوق يەردە بولسۇن، بۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلىمىز. ئاغزىمىزغا بىر لوقما يېمەك ياكى بىر تامچە سۇمۇ ئالمايمىز. ناماز شامغا ئەزان چىقىشى بىلەن ئىپتار قىلىمىز (روزىمىزنى ئاچىمىز)، كۈندۈزى يېمىگەن ـ ئىچمىگەنلىرىمىزنى كېچىلىرى بىمالال يەۋېرىمىز، ۋە بۇ تەرتىپ ئىنتىزامچانلىقنى رامزان ئېيى چىققۇچە داۋاملاشتۇرىمىز. بىرسى ھەيدەپ تۇرمىسىمۇ، بۇ بىر ئاي مۇددەت ئىچىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە يېمەي ـ ئىچمەي تۇرىمىز. بۇ قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى كۆڭۈل خۇشاللىقى بىلەن ئورۇنلىشىمىزغا نېمە سەۋەب بولىدۇ؟ بۇلارنىڭ سەۋەبى ـ ئاللاھدىن، ئاخىرەتتە مەھشەر كۈنى ھېساب بېرىشتىن قورققانلىقىمىز، قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرلىرىگە قەتئىي بويسۇنۇش ئىرادىمىز، پەرزنى ئادا قىلىشقا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىمىز، مۇسىبەتكە، قىيىنچىلىققا، جاپا ـ مۇشەققەتكە سەۋر ـ تاقەت ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچىمىز ۋە ئاللاھنىڭ رىزاسى ئالدىدا ئۆز نەپسى ـ

خاھىشلىرىمىزنى يېڭىش كۈچىمىزدىن ئىبارەتتۇر. ھەر يىلى رامىزان ئېيى كىرىشى بىلەن ئۇتتۇز كۈنلۈك بۇ ئىبادىتىمىز بىزنى تەربىيىلەپ چېنىقتۇرىدۇ، ھاياتىمىز جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان پۈتۈن ھەقىقەتلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ ۋە يىلنىڭ قالغان ئون بىر ئېيىنىمۇ ئاللاھقا ئىتائەت بىلەن ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن چېنىقتۇرىدۇ.

شۇنىڭدەك ئاللاھ پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئوخشاش بىر ئايدا روزا تۇتۇشنى بۇيرۇدى. ئۆزى خالىغىنىچە باشقا بىر ئايدا تۇتىمەن، دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئاي ئىچىدە بىردەك روزا تۇتقان ھالدا بولىدۇ. ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ھەممىسى ئىمان ـ ئىسلام نۇرىغا چۆمۈلگەن، ئاللاھ قورقۇنچىسى بىلەن تولغان بولۇپ، ھەر جايدا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەتچانلىق، ياخشى ئەمەل ۋە گۈزەل ئەخلاق نامايان بولغان بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن پەرز قىلىندى. بىزنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇشنىڭ ئاللاھقا بىر پايدىسى يوق. بىر سەۋەبى بولماي تۇرۇپ روزا تۇتمىغانلار، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ ھاياسىز قىلىقلىرى شۇكى، باشقىلار روزا تۇتسا، ئۇلار ئاشكارا يەپ ـ ئىچىپ يۈرىدۇ. خۇددى بىز سىلەرنىڭ جامائىتىڭلاردىن ئەمەس، دېگەندەك ئۈچۈق ئىسيانكارلىق قىلىدۇ. مانا بۇنداق ئىككى يۈزلىمىلىك كىشىلەردىن ھېچبىر ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

## زاكات

ئۈچىنچى پەرز زاكات بېرىشتۇر. ئاللاھ ئىقتىسادى جەھەتتە بەلگىلىك بىر سەۋىيىگە يەتكەن (باي) مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، پۇل ـ مېلىنىڭ يۈزدىن ئىككى يېرىمىنى، يەنى قىرىقتىن بىرىنى ھېسابلاپ كەمبەغەل ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، مىسكىن پېقىرلارغا، ئىقتىسادى قىيىنچىلىقى بار يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارغا، مۇساپىرلارغا، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلارغا بېرىشنى پەرز قىلدى. زاكاتنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارى قىرىقتىن بىر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئارتۇق بەرگەن كىشىگە ئاللاھ تېخىمۇ كۆپ ئەجىر ۋە ساۋاپ ئاتا قىلىدۇ.

بايلىقىڭىزدىن ئازغىنە بىر مىقدار بەرگەن زاكات ئاللاھقا تەگمەيدۇ. ئۇ ھېچبىر نەرسىگە موھتاج ئەمەس. ئەگەر بىر كەمبەغەل تۇغقىنىڭىزغا ئاللاھنىڭ ئەمرى دەپ بىلىپ، ئۇنى رازى قىلىش نىيىتى بىلەن زاكات

بەرسىڭىز، ئاللاھ سىزگە بۇنىڭ ئۈچۈن قاتمۇ-قات ساۋاب بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلىدۇ. ئەمما بۇ ساۋابقا ئېرىشىشنىڭ شەرتى- بەرگەن زاكاتنى پەقەت ئاللاھ يولىدا، دەپ بېرىش، ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلماسلىق، زاكات ئالغان كىشىنى كەمسىتىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مىننەتدار بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان سۆز، ھەرىكەتلەردىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. بەرگەن زاكاتنى ھەر يەردە داۋراڭ سېلىپ بەك سېخىي كىشى ئىكەن، دەپ داڭقىم چىقسۇن دېگەن تونۇشتا بولماسلىق لازىم. ئاللاھنى رازى قىلىمەن دەپ، بايلىقىدىن ئازغىنە بىر مىقدارنى پېقىرلارغا بەرگەن كىشىگە، ئاللاھ ئۆزىنىڭ خەزىنىسىدىن تۈگىمەس-پۈتمەس بايلىق ئىھسان قىلىدۇ.①

ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش زاكاتمۇ پەرز ئىبادەت بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. زاكات بېرىش مۇسۇلمانلاردا ئاللاھقا بولغان پىداكارلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇلارنى شەخسىيەتچىلىك، ئىچى تارلىق، بېخىللىق، مال-دۇنياپەرەسلىككە ئوخشاش ئىللەتلەردىن يىراق تۇتىدۇ. بېخىل، ئىچى تار ۋە تەمەخور كىشىلەرنىڭ ئىسلامدا ئورنى يوقتۇر. ھالال ئەمگەك بىلەن تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان مال-مۈلكىنى، ۋاقتى كەلگەندە ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئاللاھ يولىدا قۇربان قىلىشقا (سەرپ قىلىشقا) ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان كىشىلا، ئىسلامنىڭ سىپپىدە تۇرۇپ (سىراتىل مۇستەقىمدا)، يەنى ئىسلام كۆرسەتكەن تۈز ۋە توغرا يولدا ئىلگىرىلەيدۇ. دېمەك، زاكات مۇسۇلماننى بۇ پىداكارلىق ۋە قەتئىي ئىتائەتچانلىق روھىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ.

زاكاتنىڭ دۇنياۋى جەھەتتىكى پايدىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز-ئارا ياردەملىشىشىنى بىر تەشكىلىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىپە ھالىغا كەلتۈرىدۇ. ھېچكىم مەن باي دەپ بايلىقىنى بۇزۇپ، ئەيش-ئىشرەتتە غاپىل يۈرمەسلىكنى، ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ ئاچ-يالىڭاچ قالماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بايلىقىدا كەمبەغەللەر، تۇل ۋە

① زاكات پەقەت نەق پۇلنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىقتىسادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئالتۇن-كۈمۈش، تىجارەت ماللىرى ۋە چارۋا مال قاتارلىقلارغىمۇ زاكات كېلىدۇ. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى فىقھى كىتابلىرىدا تولۇق بايان قىلىنىدۇ. مەن بۇ يەردە زاكات توغرىسىدىكى ئومۇمىي مەسىلە ئۈستىدە توختالدىم. بۇ يەردە ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە بار. پەيغەمبىرىمىز ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ زاكات ئېلىشىنى مەنئى قىلغان. يەنى «سەييىدلەر ۋە بەنى ھاشىمىيلار»نىڭ زاكات بېرىشىنى پەرز، ئەمما كەمبەغەل بولسىمۇ زاكات ئېلىشى ھارام، دەپ بۇيرۇغان. پەيغەمبىرىمىز نەسلىدىن كەلگەن پېقىر بىرسىگە ياردەم قىلىشنى خالىغان كىشى، ھەدىيە ۋە تۆھپە بەرسە بولىدۇ.

يىتىملەر، مىيىپلارنىڭ، قابىل ۋە ماھىر تۇرۇپ پۇلى يوق ئىشسىز قالغانلارنىڭ، ئۈستۈن ئەقلىي قابىلىيىتى بولسىمۇ ئوقۇيالمىغان كەمبەغەل باللارنىڭ ھەققى بار. بۇ ھەقنى تونۇمىغان كىشى ئەڭ چوڭ زالىمدۇر. چۈنكى ئۇ ئالتۇن ـ كۆمۈش ئاقچىلىرىنى دۆۋىلەپ قويۇپ، ساختىپەزلىك ۋە جازانىخورلۇق بىلەن دۇنياسىنى ھەدەپ كۆپەيتىشنىڭ كويىدا، سارايدا ئەيش ـ ئىشرەتتە ئولتۇرۇپ، پىكاپتا گۇركىرەپ يۈرۈپ، ئەتراپتا مىڭلىغان ئىنسانلار ئاچ ـ يالىڭاچ بىر بۇردا نانغا موھتاج ئىكەن، يەنە مىڭلارچە كىشى ئىشسىزلىقتىن زارلىنىۋاتقان ئىكەن، يانچۇقىڭىزنى توشقۇزۇشنىڭ كويىدا يۈرسىڭىز، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق زالىملىق بولامدۇ؟

ئىسلام، مانا شۇنداق دۇنياپەرەسلىك ۋە ئاچكۆزلۈكنىڭ دۈشمىنىدۇر.

كاپىرلار بولسا ئۇنداق ئومۇمى ئىنسان سۆيگۈسىدىن مەھرۇم كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، قولغا كەلگەن دۆلەتنى توپلاپ كۆپەيتىشنى، جازانىخورلۇق قىلىپ پۇلنى ئۆسۈمگە تارقىتىپ، باشقىلارنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنىمۇ قوشۇپ يىغىۋېلىشنى ئۆگىتىدۇ. لېكىن ئىسلام ئىنسانلارغا، ئەگەر ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن رىزقى ئېھتىياجىدىن ئاشسا، ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى موھتاج بولغان قېرىنداشلىرىڭغا بەر، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قامداش بىلەن تەڭ، ئىشلەش ئىقتىدارىنى تىكلىۋالسۇن، دەپ تەلىم بېرىدۇ.

## ھەج

ھەج ـ تۆتىنچى پەرزدۇر. مۇقەددەس شەھەر مەككىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كۈچ ـ قۇدرىتى يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشى پەرز قىلىندى.

ھازىرقى مەككە شەھىرىدە بۇندىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كىچىك بىر ئۆي بىنا قىلغان، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خالىس نىيىتى ۋە مۇھەببىتىنى تەقدىرلەپ، ئاللاھ ئۇ ئۆينى ئۆزىنىڭ ئۆيى، دەپ قارار قىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت ئۈچۈن ناماز ئوقۇغانلارنى بۇ ئۆيگە (بەيتۇللاھقا) قاراپ ئوقۇسۇن، دەپ بۇيرۇدى. دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە بولسۇن، كۈچ ـ قۇدرىتى يەتكەن مۇسۇلمان ھاياتىدا بىر قېتىم كېلىپ بۇ ئۆينى زىيارەت قىلىشى ۋە خۇددى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆرمەت، ئىززەت ۋە سۆيگۈ

بىلەن بۇ ئۆيىنى تاۋاپ قىلغىنىدەك، تاۋاپ زىيارەت قىلىشى پەرز قىلىنىدى. بۇ پەرز، ئادەتتىكى زىيارەت شەكلىدە ئەمەس، مەخسۇس ئىبادەت شەكلىدە ئادا قىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىشقا، يەنى بەيتۇللاھقا ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا كېلىدىغانلار، ئالدى بىلەن قەلبلىرىنى پاكىزلاپ، نەپسانىي خاھىشلىرىنى چەكلەشلىرى، يامان ئەخلاق ۋە ئەسكى قىلىقلارنى تاشلىۋېتىپ، جېدەل ـ ماجىرا ۋە قان تۆكۈشتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان ئاللاھنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بېرىشتا، خۇددى بۈيۈك بىر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېتىۋاتقاندەك، ئەيمەنگەن ھالدا، ئاجىزلىق ۋە ئېھتىرام بىلەن ھازىر بولۇش كېرەك. سەمىمىي ۋە ئىنتائەتچانلىق بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ ئىبادىتىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ بىزگە مول ئەجىر ۋە مۇكاپات بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلىدۇ.

ھەج ئەسلىدە ئەڭ چوڭ ئىبادەتتۇر. بىر ئىنساندا ئاللاھ سۆيگۈسى بولمىسا، ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، يېقىن ـ يۇرۇقلىرىنى تاشلاپ شۇنچە ئۇزۇن سەپەرنىڭ مۇشەققىتىنى ئۈستىگە ئالامدۇ؟ ھەجگە بارىمەن دەپ نىيەت قىلىشنىڭ ئۇزىلا، ئىخلاس ۋە مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. يولغا چىققاندا ئۇ كىشىدىكى ھېسسىيات ۋە ھاياجان، باشقا ئادەتتىكى سەپەرگە چىقىش ئالدىدىكى ھاياجانغا ھېچ ئوخشىمايدۇ. ھەج سەپىرىگە ماڭغان كىشىنىڭ پۈتۈن پىكىر خىيالى ئاللاھقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ بەيتىنى كۆرۈشكە بولغان ئىشتىياق ۋە مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان بولىدۇ. مەنزىلگە يېقىنلاشقانسېرى بۇ ئىشتىياق تېخىمۇ ئاشىدۇ. مۇقەددەس زېمىنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تەقۋا ۋە گۈزەللىك بىلەن تولغان بىر مۇھىتقا كىرگەن بولىدۇ. بۇرۇنقى گۇناھ ۋە ئىتائەتسىزلىكلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ. بۇندىن كېيىن گۇناھ ۋە ئىتائەتسىزلىكتىن ساقلاش ئۈچۈن ئاللاھدىن پاناھ تىلەيدۇ. ئىبادەتلەردىن زوقلىنىدۇ. نامازدا سەجدىگە بېشىنى قويۇپ، بېشىنى يەردىن كۆتۈرگۈسى كەلمەيدۇ. قۇرئان ئوقۇغاندا تېخىمۇ تەسىرلىنىدىغان بولىدۇ. روزا تۇتسا بۇ قېتىم باشقىچە ھۇزۇرلىنىدۇ. ھىجاز (ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى) زېمىنىغا قەدەم قويۇش بىلەن، ئىسلامنىڭ پۈتۈن تارىخى كۆز ئالدىدا جانلىنىدۇ. ھەر يەردە ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلغانلارنىڭ ئەسەرلىرى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئۇ جاينىڭ ھەر بىر قۇم زەررىسى خۇددى ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە شان ـ شۆھرىتىگە گۇۋاھلىق بەرگەندەك، ھەر بىر تاش پارچىسى «قاراڭ! ئىسلامنىڭ ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر دېگەن چاقىرىقى، مانا بۇ يەردىن ياڭراپ چىققان» دېگەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى

ئاللاھ سۆيگۈسى ۋە ئىسلامغا بولغان چەكسىز ساداقەت بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. بۇ جەرياندا ئالغان تەسىراتلىرى ھاياتى داۋامىدا خاتىرىسىدىن چىقمايدۇ.

ھەجنىڭ بۇ دۇنيادىكى پايدىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن مەككە شەھىرى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ يىغىلىش مەركىزى بولىدۇ. يىلدا بىر قېتىم دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن، ھەر قايسى قىتئەدىن كەلگەن نەسلى، ئىرقى ۋە رەڭگى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما ھەممىسى بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، مىليونلىغان مۇسۇلمانلار شۇ ۋاقىتتا بىر يەرگە كېلىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ بىرلىك ۋە ئىنتىزاملىق بىلەن، ئاللاھقا بولغان بەندىچىلىك ۋەزىپىسىنى، يەنى ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىشتىكى مىسلىسىز ئىتائەتچانلىق روھى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر-بىرلىرىگە بولغان قېرىنداشلىق سۆيگۈسىنى ياشارتىدۇ ۋە تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز-ئارا ياردەملىشىشنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى بىر قېتىملىق خەلقئارالىق نامايىشىنى ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

## ئىسلامنى ھىمايە قىلىش

ئىسلامنى ھىمايە قىلىش ۋە قوغداش، ئەسلىدە ئىسلامنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى ئىچىدە كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئىسلامى ۋەزىپىلەر ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە تەكىتلەنگەن ۋە كۆپ ئەھمىيەت بېرىلگەن بىر مەسىلىدۇر. ئىسلامنى ھىمايە قىلىش دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن پەرز قىلىندى؟ بۇنى تۆۋەندىكى مىسال ئارقىلىق ياخشى چۈشىنىپ كېتەلەيمىز: بىرسى، سىز بىلەن دوست، ئەمما سىز ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزدە، ئۇنىڭ سىزنىڭ پايدا مەنپەئەتىڭىزگە كۆيۈنۈش جەھەتتە سەممىي ئەمەسلىكىنى كۆردىڭىز، ئۇ سىزدىن پايدىلىنىشنىلا ئويلايدۇ، لېكىن زىيىنىڭىزغا پەرۋا قىلمايدۇ، ھەتتا بۇنىڭدىن ئۆزى مەنپەئەت قازىنىشقا تىرىشىدۇ، بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە ياردەم قىلمايدۇ، يامىنى كەلسە دۈشمەن تەرىپىگە ئۆتۈۋالىدۇ ياكى يامان بولماسلىقنىڭ يولىنى تۇتۇپ، چەتكە چىقىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئەمدى سىز ئېيتىپ بېقىڭ، بۇ ئادەمنى يەنىلا دوستۇم دەپ ئېيتامسىز؟ ياق، بۇنداق ئادەمنى ھەرگىز دوستۇم دېمەيسىز. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ دوستلۇقى پەقەت ئېغىزدا بولۇپ، چىن يۈرەكتىن ئەمەس. ھەقىقىي دوستىڭىزنىڭ نىيىتى خالىس، سۆيگۈسى ھەر زامان بىر خىل ۋە دائىم

ياردىمىڭىزگە ھازىر بولىدۇ. دۈشمەنلىرىڭىزگە قارشى سىز بىلەن بىر سەپتە كۈرەش قىلىدۇ. باشقىلار سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى، غەيۋىتىڭىزنى قىلسا، ئۇ دەرھال رەددىيە بېرىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلمىسا، ئۇنىڭ «مەن سىنىڭ دوستۇڭ» دېگەن دەۋاسى يالغان. ئۇ دوستىڭىز ئەمەس، بەلكى مۇناپىقتۇر. دېمەك، ئەگەر سىز مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلىپ، «مەن مۇسۇلمان» دەيدىكەنسىز، ئۇ چاغدا ئىسلامنى ھىمايە قىلىش سىزنىڭ ئەڭ بىرىنچى ۋەزىپىڭىز بولىدۇ. مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مەنىسى «ئىسلامنى قوغداش، ئىماندا غەيرەتلىك بولۇش، مۇسۇلمان دىنني قېرىنداشلىرىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئەتلىرىنى ھەر دائىم قوغداش. ھەر قانداق بىر دۇنياۋى مەسىلىدە، ئىسلام مەنپەئەتىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇش» دېگەنلىكتۇر. ئۆز شەخسى مەنپەئەتىمىز ۋە ياكى زىيىنىمىزنى دەپ، ئىسلامنىڭ مەقسىتى ۋە ئومۇمى مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىگە زىيانلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولماسلىقىمىز لازىم. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن بولىدىغان ھەر قانداق پائالىيەتلەرگە چىن قەلبىمىز بىلەن، مېلىمىز، ھەتتا جېنىمىز بىلەن قاتنىشىشىمىز لازىم. ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان پۈتۈن ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز لازىم. دىنىمىزنىڭ، دىنني جامائەتىمىزنىڭ، دىنني قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىززىتىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئىززىتىنى دەپ، ئۇنىڭغا قىلىنغان تۆھمەت ۋە تاجاۋۇزغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. شەخسىي ئىشلىرىمىزدا دۈشمەن بىلەن چەك ـ چېگرىمىزنى قانداق ئايرىساق، ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەنمۇ شۇنداق ئايرىۋېلىشىمىز لازىم. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەر خىل تاجاۋۇزلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ھەر دائىم تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. مانا يۇقىرىقىلار «مەن مۇسۇلمان» دېگەن كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەردۇر. ئېغىزدا مەن مۇسۇلمان دېسىمۇ، بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغان كىشى، مۇناپىق قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى ئەمىلى ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئېغىز بىلەن قىلغان داۋاسىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

## جىھاد

ئىسلامنى ھىمايە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ باسقۇچلىرىدىن بىرسى شەرىئەتتە «جىھاد» دەپ ئاتىلىدۇ. «جىھاد» سۆزىنىڭ مەنىسى، بىر ئىش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى كۈچىگە قەدەر كۈرەش قىلماق. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئاللاھنىڭ يولىدا ئىقتىسادى بىلەن، ئېغىزى بىلەن، قەلەم بىلەن ۋە ياكى پۇت ـ قوللىرى

بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز، جىھاد قىلغانلىق بولىدۇ. لېكىن، جىھاد سۆزى ـ مەخسۇس دىن ئۈچۈن، دۇنياۋى مەقسەتلەرنى ھەرگىز كۆزدە تۇتمىغان ھالدا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش (غازات ـ ت) ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. شەرىئەتتە بۇنداق ئۇرۇشلار «جىھادى كىفايە»، يەنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز بولسىمۇ، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار جىھادقا قاتنىشىپ بۇ پەرزنى ئادا قىلسا، قالغان مۇسۇلمانلاردىن بۇ پەرز ساقىت بولىدۇ (مەسئۇلىيەتلىك قالمايدۇ ـ ت). ئەگەر بىر ئىسلام مەملىكىتىگە دۈشمەن تاجاۋۇز قىلسا، ئۇ مەملىكەتتىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىش ناماز، روزا قاتارلىق پەرز ئىبادەتلەرگە ئوخشاش «پەرزى ئەيىن» بولىدۇ. ئۇ مەملىكەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا كۈچى يەتمىسە، ئەتراپتىكى مۇسۇلمان دۆلەتىدىكى ھەر مۇسۇلماننىڭ ئۇلارغا ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ياردەم قىلىشلىرى پەرز. ھەتتا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۈشمەن تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بۇ مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىشى، قوغداپ ياردەم قىلىشى پەرزدۇر. يەنى بىر مۇسۇلمانغا ناماز، روزا، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىش قانداق پەرز بولغان بولسا، ئىسلامنى ھىمايە قىلىش، ئۇنى قوغداشىمۇ ئوخشاش پەرز. بۇنى قەستەن ئادا قىلمىغان، ئەھمىيەت بەرمىگەن كىشى گۇناھكار بولغان بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا جىھادنىڭ ئەھمىيىتى ناماز ۋە روزىدىن ئارتۇق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا ئىمان ئۈچۈن بىر سىناق بولىدۇ. مۇسىبەتتە، بېشىغا كۈن چۈشكەندە، مۇسۇلمانلار سېپىدە تۇرۇپ ئۇلارنى قوغدىمىغان، ياردەم قىلمىغان كىشىنىڭ ئىمانى شۈبھىلىك، يەنى ئىمانىدا شەك بار. ئۇنداق كىشى نامازنى نېمە دەپ ئوقۇيدۇ؟ روزىنى نېمە مەقسەت بىلەن تۇتىدۇ؟ شۇنداق بىر كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىگە ياردەم قىلغان كىشى نېمە دېگەن بەتبەخت بىر مۇناپىق ئىنسان ـ ھە!

ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەن مۇسۇلمان دەپ ئوقۇغان نامازلىرى، تۇتقان روزا، بەرگەن زاكاتلىرى ھەممىسى بىكار.

# ئالتىنچى باب دىن ۋە شەرىئەت

بۇ يەرگىچە دىن ۋە ئىمان توغرىسىدا سۆزلىدىم. ئەمدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئىتى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىمەن. لېكىن ئالدى بىلەن شەرىئەت دېگەن نېمە؟ دىن بىلەن شەرىئەتنىڭ پەرقى نېمە؟ دېگەن مەسىلىنى ئۆگىنىمىز.

## دىن بىلەن شەرىئەتنىڭ پەرقى

ئالدىنقى بابلاردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كېلىپ تەلىم بەرگەن. بۇ ئىسلام دىنى بىزگە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىگە، ئاخىرەت ۋە مەھشەر كۈنىدىكى جازا-مۇكاپات ئەقىدىلىرى ھەققىدە، ئاللاھنىڭ بۇرۇنقى ھەقىقىي پەيغەمبەرلىرى قانداق تەلىم بەرگەن بولسا، شۇ بويىچە ئىمان كەلتۈرۈشىمىزنى بۇيرۇغان. ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىپ، ئۆزىمىز خالىغانچە ئويدۇرۇۋالغان يولنى تاشلاپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا مېڭىشىمىزنى، باشقىلارنى قويۇپ پەقەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشنى بۇيرۇدى. ئاللاھقا ئىبادەتتە ئۇنىڭغا باشقىسىنى شېرىك قىلماسلىقىمىزنى ئەمر قىلدى. مانا بۇنداق ئىمان ۋە ئىبادەتنىڭ ئىسمى «دىن» ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق تەلىماتىمۇ شۇ بىر دىن ئىدى.

ئىبادەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى، تۇرمۇش دەستۇرىنى، ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيە يوللىرىنى، تىجارەتنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرى ۋە ھالال-ھارام چېگرىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ھەر قايسى دەۋرلەردە، ھەر قايسى جايلار ئۈچۈن بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان شەرىئەت قانۇنلىرىنى بىلدۈرگەن. ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن شەرىئەت قانۇنى بولسا، پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئەبەدىي ۋە بۇرۇنقى شەرىئەتلەرگە قارىغاندا ئەڭ تاكامۇللاشقان شەرىئەت بولدى. «دىن» بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن «ئىسلام دىنى». لېكىن، بۇرۇنقى شەرىئەتلەرنىڭ ئورنىغا ھەزرىتى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ئىبادەت يوللىرى، تۇرمۇش شەكلى، ئۆز-ئارا مۇناسىۋەت تۈزۈملىرى، ھالال-ھارامنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچەملىرى بەلگىلىنىپ، بۇرۇنقىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## شەرىئەتنى ئۆگىنىشنىڭ مەنبەلىرى

ھازىر بىزدە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ئىككى ئاساسى مەنبە بار. ئۇلاردىن بىرسى قۇرئان، ئىككىنچىسى ھەدىس. قۇرئان- ئاللاھنىڭ كالامى، ئۇنىڭ ھەر بىر كەلىمىسى ئاللاھدىن كەلگەن بۇيرۇقتۇر. ھەدىس بولسا، ئاللاھنىڭ ئاخىرقى ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ئەمەلى ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن، ساھابىلەر ۋاستىسى بىلەن بىر-بىرلەپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۈتۈن ھاياتى قۇرئاننى شەرھلەش (چۈشەندۈرۈش، يېشىپ بېرىش- ت) بىلەن ئۆتكەنىدى. بولۇپمۇ، پەيغەمبەرلىكنىڭ كېيىنكى 23 يىلى دائىم قۇرئاننى ئۆگىتىش، قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىنسانلارنى قۇرئان يولىدا تەربىيىلەش بىلەن ئۆتتى. ئۇ سۆزى بىلەن، ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن، ئىنسانلارنى ئاللاھ رازى بولىدىغان يول بىلەن ياشاشنى ئۆگەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ شانلىق ھاياتى جەريانىدا، ئۇنىڭ سەپداشلىرى، ساھابىلەر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، خاتۇنلىرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى ۋە ھەر بىر ھەرىكەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. دۇچ كەلگەن ھەر مەسىلىدە، شەرىئەت ھۆكۈمىنى ئۇنىڭدىن سوراپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ مەنئى قىلغانلىرىدىن ساقلىناتتى. يوليورۇقلىرىنى ئاڭلاپ يادلىۋېلىپ، باشقا ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز بىرسىنىڭ بىر ئىشنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قوللاش، جىم تۇرۇش ياكى مەنئى قىلىش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەر-ئايال ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ تەلىم ئۇسۇلىنى خاتىرىلىۋالاتتى، ياكى يېزىۋالاتتى، باشقىلارغا سۆزلەپ بېرەتتى. مانا بۇ يوللار بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ تەلىماتلىرى رىۋايەتلەر ۋاستىسى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلدى. كېيىنچە بۇ رىۋايەتلەر توپلىنىپ كىتاب شەكلىدە بىرلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ خەزىنىسى

مەيدانغا چىقتى. بۇ كىتابلار ئىچىدىن ئىمام مالىك، ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىمام نەسەئى ۋە ئىمام ئىبنى ماجەنىڭ كىتابلىرى ئەڭ توغرا ۋە ئاساسى كىتابلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابلار پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەتنى تونۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇتۇلۇشى ئۆتكۈچىلىك قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## فىقھى

ئۆتمۈشتە بەزى دىنىي ئالىملىرىمىز ئىنسان ھاياتىدا مەيدانغا كېلىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئەتراپلىق ھالدا بىر قىسىم قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار «فىقھى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: ھەر مۇسۇلمان قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى، بولۇپمۇ بەزى ئىنچىكە مەسىلىلەردىكى ھۆكۈملەرنى چۈشىنىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا ھەر بىر كىشىنىڭ ھەدىس ئىلمىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، ئۇنىڭدىن شەرىئەت مەسىلىلىرىنى تېپىپ چىقىش قابىلىيىتىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ئالىملىرىمىز ئۆزلىرى مۇددەتلىك جاپالىق ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، ھەر مۇسۇلماننىڭ ئوقۇيالا چۈشىنىپ ئەمەل قىلىپ، ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئىسلام كۆرسەتكەن يولدا ئازماي مېڭىشىغا ياردەمچى بولىدىغان قانۇن ـ ئىنتىزام دەستۇرى «فىقھى»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئالىملىرىمىزدىن بەزىلىرى بۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. نەتىجىدە بۈگۈن دۇنيادا مىليونلىغان مۇسۇلمانلار، ھېچبىر قىيىنچىلىق تارتماستىن شەرىئەتنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا. مۇسۇلمانلار، ئالىملىرىنىڭ بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ھەر قانچە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

ئەسلىدە بۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە كىرىشكەن ئىسلام ئالىملىرى خېلى كۆپ، ئەمما ھازىر بۇلاردىن تۆت فىقھى (مەزھىپى ـ ت) مەۋجۇدتۇر. پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار كۆپىنچە تۆۋەندىكى بۇ فىقھىلارغا ئەگىشىدۇ:

بىرىنچى، ھەنەفىي فىقھىسى. بۇنى ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە نۇئمان بىن سابىت، ئىمام يۈسۈپ، ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام زۇفەر قاتارلىق ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىدىنمۇ پايدىلىنىپ تۈزۈپ چىققان.

ئىككىنچى، مالىكى فىقھىسى. ئىمام مالىك تۈزۈپ چىققان.

ئۈچىنچى، شافىئىي فىقھىسى. مۇھەممەد ئىدرىس ئەششانىي تۈزۈپ چىققان.

تۆتىنچى، ھەنبەلىي فىقھىسى. ئىمام ئەھمەد بىن ھەنبەل تۈزۈپ چىققان.

بۇ تۆت خىل فىقھى پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىنكى ئىككى ئەسىر مەزگىلى ئىچىدە قۇرۇلدى ۋە تولۇقلاندى. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئوخشىماسلىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي بىر ھادىسىدۇر. بىر قانچە كىشى ئوخشاش بىر مەسىلىنى تەتقىق قىلسا ۋە ياكى بىر سۆزنى ئەتراپلىق يېشىپ چۈشەندۈرسە، ئۇلارنىڭ تەتقىق ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىدە چوقۇم ئاز-تولا ئوخشىماسلىق بولىدۇ. لېكىن فىقھىسىنى تۈزۈپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى ھەقنى قوللايدىغان، ياخشى نىيەتلىك، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان، تەقۋادار ۋە ئۇلۇغ زاتلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇ تۆت فىقھىنىڭ (مەزھەپنىڭ - ت) ھەممىسىنى بەرھەق، توغرا، دەپ تونۇيدۇ.

شۇ بىر ھەقىقەتكى، ئىنسانلار ھاياتىدا يۇقىرىقى تۆت فىقھىدىن بىرىگىلا ئەگىشىپ كېتەلەيدۇ. يەنى، بىر ئادەمنىڭ تۆت فىقھىگە بىردەك ئەمەل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك ئالىملىرىمىز مۇسۇلمانلار بۇ تۆت فىقھىدىن بىرسىگە ئەگەشسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇلاردىن باشقا بىر قىسىم ئىسلام ئالىملىرى «مەخسۇس بىر فىقھىگە ئەگىشىشنىڭ كېرىكى يوق. ئىلمى بار كىشى (سەۋىيىسى بار كىشى - ت) ئۆزى بىۋاسىتە قۇرئان ھەدىستىن مەسىلىگە ھۆكۈم تېپىش كېرەك. ئىلمى يوق كىشىلەر ئۆزى ئىشەنچ قىلالايدىغان ئالىملاردىن بىرسىدىن، يەنى ئەھلى ھەدىس دەپ ئاتالغان ئالىملاردىن ئۆگەنسە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ ئەھلى ھەدىس ئالىملىرىمىزمۇ يۇقىرىدىكى تۆت فىقھى ئالىملىرى بىلەن ئوخشاش.

## تەسەۋۋۇف[①]

فىقھى - ئىنساننىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئاشكارا ئەمەللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى، فىقھى، سىزگە بېرىلگەن ئەمرنى تەلىماتقا ئۇيغۇن شەكىل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردىڭىزمۇ يوق؟ ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىڭىز، بۇ

① تەسەۋۋۇف - قۇرئاندا تەزكىيە ۋە ھېكمەت دەپ ئاتىلىدۇ. ھەدىسلەردە ئېھسان، دەپ تەرىپلىنىدۇ. كېيىنچە كىشىلەر ئارىسىدا «تەسەۋۋۇف» دەپ ئاتالدى.

جەرياندىكى روھىي ۋە قەلبىي ھالىتىمىزدىن فىقھى سۆز ئاچمايدۇ. تەسەۋۋۇپ بولسا ئەمەلىنىڭ روھىي ۋە قەلبىي ھالەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: سىز ناماز ئوقۇدىڭىز، بۇنىڭدا، فىقھى سىزنىڭ تاھارەتنى ئۇسۇلغا ئۇيغۇن ئالغانلىقىڭىزغا، قىبلىگە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىڭىزگە، نامازدىكى پۈتۈن ئەركان ۋە باسقۇچلارنى چالا قويماي ئورۇندىغانلىقىڭىز، نامازدا ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئوقۇغانلىقىڭىزغا، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇپ بەلگىلەنگەن رەكئەت سانىنى تولۇق ئادا قىلغانلىقىڭىزغا قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىغان بولسىڭىز «فىقھى»گە ئاساسەن ئوقۇغان نامىزىڭىز ئادا بولدى. ھەقىقىي ئىسلامىي تەسەۋۋۇپ، ئىبادىتىڭىزنى ئادا قىلىۋاتقان چېغىڭىزدا قەلبىڭىز (روھىي ھالىتىڭىز ـ ت) قانداق ئىدى؟ پۈتۈن خىيالىڭىز پەقەت ئاللاھقا قارىتىلغانمىدى؟ ۋە كۆڭلىڭىزدىن دۇنيا خىياللىرىنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋاتقانمىدىڭىز؟ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئاللاھ قورقۇسىنى يۈرىكىڭىزدە ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتىڭىزنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا تۇرغانلىقىڭىز ۋە نامازنى پەقەت ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقانلىقىڭىزغا قارايدۇ. شۇنىڭدەك ناماز ئوقۇش بىلەن روھىڭىز قانچىلىك پاكلاندى؟ ئەخلاقىڭىز قانچىلىك تۈزەلدى؟ قانچىلىك ھەقىقىي ۋە مۇكەممەل مۇسۇلمانلىق دەرىجىسىگە يېتىپ باردىڭىز؟ مانا بۇلارغا قارايدۇ. ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى نامازنىڭ مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇپ، بۇلار قانچىلىك تولۇق ئىجرا قىلىنغان بولسا، ناماز شۇنچىلىك مۇكەممەل بولغان بولىدۇ، قانچىلىك يېتەرسىز قالسا، ناماز شۇنچىلىك يېتەرسىز قالىدۇ، دەپ قارايدۇ، باشقا ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق. قىسقىسى، تەسەۋۋۇپ، شەرىئەت بۇيرۇغان ئەمرگە بويسۇنۇپ ئىجرا قىلىشتىكى خالىس نىيىتىڭىز ۋە ھەقىقىي ئىتائەتچانلىق روھىڭىزنى ئۆلچەشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندىكى مىسال بىلەن تېخىمۇ ئوبدانراق چۈشىنىۋالىمىز.

بىز بىر كىشىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇنىڭ شۇ ئىككى خۇسۇسىيىتىگە ئالاھىدە دىققەت بىلەن نەزەر سالىمىز. بىرىنچى، ئۇ كىشىنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا قارايمىز. قارىغۇ، گاس ـ گاچا، ئاقساق ـ چولاق، چىرايلىق ياكى سەتلىكىگە سەپسالىمىز. كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاكىز ـ مەينەتلىكىگە دىققەت قىلىمىز. ئىككىنچى، ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاق، ئادەت ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە قارايمىز. ئەس ـ ھوشى جايىدىمۇ؟ ئالىم ياكى ساۋاتسىزمۇ؟ ياخشى پەزىلەتلىك بىرسىمۇ ياكى يامان

نىيەتلىك پەسكەش بىرىمۇ؟ بۇلارغا قارايمىز. يەنى بۇلاردىن بىرىنچىسىنى «فىقھى» دېسەك، ئىككىنچىسى تەسەۋۋۇف دېگىنىمىزنىڭ ئۆزى.

سىز بىر كىشىگە ياخشى دەپ باھا بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئىچكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ دىتىڭىزغا يېقىشىنى ئاساس قىلىسىز. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام ياخشى كۆرىدىغان كىشى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشتا كۆرۈنۈش جەھەتتە توغرا بولغان ۋە ئىچكى جەھەتتىمۇ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بولغان كىشىدۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئىتائەتلىرى توغرا بولۇپ، روھى جەھەتتە خالىس بولمىسا، ئۇنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى، خۇددى ئادەم ئۆزى چىرايلىق، ئەمما ئۆلۈك بىر جىسىمغا ئوخشايدۇ. روھى جەھەتتە ئىتائەتلىرى توغرا، لېكىن كۆرۈنۈشتىكى ئىتائەتلىرى توغرا بولمىسا، ئۆزى ناھايىتى چىرايلىق، ئەمما ئاقساق ـ چولاق ۋە ياكى قارىغۇ بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ.

ئەپسۇسكى كېيىنكى زاماندا ئىلىم ۋە ئەخلاقنىڭ زاۋاللىقى قاراپ مېڭىشىغا ئەگىشىپ، قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، خاتا ۋە يولسىز نەرسىلەر پەيدا بولۇپ، تەسەۋۋۇفنىڭ پاك بۇلىقىنى لېيىتىۋەتتى. بەزىلەر خاتا ئېتىقادلىرى تۈپەيلىدىن ھەق يولدىن ئېزىپ كەتكەن قەۋملەردىن كۆچۈرۈۋالغان، قۇرئان ۋە ھەدىستە ئاساسى بولمىغان، ئىسلامغا خىلاپ ھەر خىل پەلسەپە ۋە نەزەرىيىلەرگە، ئاجايىپ ئەقىدە ۋە ئۇسۇللارغا «تەسەۋۋۇف» دېگەن ماركىنى چاپلاپ كۆتۈرۈپ چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر بارغانسېرى ئۆزلىرىنى شەرىئەتتىن «ئازات» قىلىۋېلىپ، «تەسەۋۋۇفنىڭ شەرىئەت بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق، ئۇ باشقا بىر يول» دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. «سوپى»غا شەرىئەتكە بويسۇنۇشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى كۆپچىلىك جاھىل سوپىلاردىن ھەر دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ سەپسەتىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان. چۈنكى ئىسلام ئۆزىنى شەرىئەتتىن ئايرىم، مۇستەقىل دەپ چۈشىنىدىغان ۋە تەسەۋۋۇفنى شەرىئەتتىن باشقا بىر يول دەپ تەرىپلەيدىغان تەسەۋۋۇفنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. ھېچبىر «سوپى»نىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە بويسۇنماي ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق پەرزلەردىن «ئازات» بولۇش ھەققى يوق. ھېچقانداق بىر «سوپى»نىڭ ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرى ئارقىلىق بىلدۈرگەن تۇرمۇش، ئەخلاق، ئۆز ـ ئارا مۇئاسىۋەتلەر، ھەق ۋە ھوقۇق ۋەزىپىلىرى ۋە ھالال ـ ھارامنىڭ چەك ـ چېگرىسى ھەققىدىكى ئەمرلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگەشمەيدىغان، ئۇنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلمايدىغان

بىرسى، مۇسۇلمان سوپى دېگەن نامغا قەتئىي لايىق ئەمەس. ھەقىقىي مەنىدىكى تەسەۋۋۇف ـ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان چەكسىز سۆيگۈ ۋە ئىشقىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ سۆيگۈ ۋە ئىشقىنىڭ تەقەززاسى، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتلىرىغا قىلچىمۇ خىلاپلىق قىلماسلىقتۇر. دېمەك، ئىسلامى تەسەۋۋۇف شەرىئەتتىن ئايرىم بىر نەرسە ئەمەس. بەلكى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىنتايىن ئىخلاس ۋە سەمىمىي نىيەت بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىتائەتكە ئاللاھ سۆيگۈسى، ئاللاھ قورقۇسى روھىنى سىڭدۈرۈش دېمەكتۇر. ئىلاھى ئەمىرلەردىن يىراقلىشىپ ھەق يولىدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىنىڭ ئاللاھ سۆيگۈسى داۋاسى قىلىشىنىڭ ھېچبىر قىممىتى يوق.

# يەتتىنچى باب شەرىئەت پرىنسىپلىرى

بۇ ئاخىرقى بابتا شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنىڭ مەخسۇس ھۆكۈملىرى ئۈستىدە توختىلىمەن. شۇنداقلا ئىسلام شەرىئىتى قانداق بىر ئىنتىزام ۋە ئەخلاقى پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىسلامنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى تەتقىق قىلىمىز.

## شەرىئەتنىڭ ئۇقۇمى ۋە ماھىيىتى

ئىنسان، پايدىلىنىش ئۈچۈن سان ـ ساناقسىز كۈچ ۋە قابىلىيەتلەر بىلەن قوراللاندۇرۇلغان. مەسىلەن، ئۆزىمىزنى ئالساق، بىزدە ئەقىل، ئىرادە ـ ئارزۇ، كۆرۈش، ئاڭلاش، تەم تېتىش، قول ـ پۇتتا كۈچ ـ قۇۋۋەت، نەپرەت ـ غەزەپ، زوق ـ شوق، سۆيگۈ، قورقۇنچ، سېخىيلىق، بېخىللىق قاتارلىق ئاللاھدىلىكلەر مەۋجۇدتۇر. ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بىر ئىنايىتى بولغان بۇ كۈچ ۋە قابىلىيەتلەر، بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىزدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولۇپ، بۇلاردىن تولۇق پايدىلانغاندىلا، دۇنيا ھاياتىمىزدا باياشات ۋە مۇۋەپپەق بولالايمىز.

شۇنداقلا ئاللاھ بۇ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى قوللىنىشنىڭ ئامىللىرىنىمۇ تولۇقلاپ بەرگەن. ھەممىدىن ئاۋۋال سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا يۇقىرىقىلارنى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن لازىملىق مېخانىزم تولۇق مەۋجۇدتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا ئەتراپىڭىزدا ھەر

خىل ۋاستىلەر بار. سىزگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ھەم جىنسىڭىز بولغان ئىنسانلار بار. خىزمىتىڭىزگە تەييار ھايۋانلار، تەبىئەتتە تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئىسسىقلىق، يورۇقلۇق قاتارلىق ھېسابسىز شەيئىلەر بار. ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىزنىڭ بۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۇنيا ھاياتىڭىزنى ياخشى كەچۈرۈشىڭىز ئۈچۈن ياراتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ كۈچ ۋە ئىمكانلارنى ئۆز پايدىڭىز ئۈچۈن، ھېچ بولمىغاندا ئاز زىيان، كۆپ پايدا تېگىدىغىنىنى تاللاش ئالاھىدىلىكىڭىز بار. ئەگەر ئەكسىچە بولغاندا، ئەقىل بۇنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يەنى سىز ئۆزىڭىزگە زىيان يېتىدىغان ياكى باشقىلار زىيان تارتىدىغان ئىشنى قىلىسىڭىز، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بەرگەن كۈچ ۋە ئىمكاننى خاتا يەرگە ئىشلەتكەن بولىسىز.

يۇقىرىقى ئاساسلارغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئىنسانلار بار:

بىرىنچىسى، كۈچ ۋە ئىمكانلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ يامان (خاتا) يولغا ئىشلىتىدۇ، ئۇنى ئىسراپ قىلىدۇ ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئىككىنچىسى، قەستەن ئەمەس، ئەمما بىلىمسىزلىكلىرى تۈپەيلىدىن خاتالىشىدۇ. بىرىنچى خىلدىكى ئىنسانلار يامان نىيەتلىك، سەممىيەتسىز، گۇناھكار كىشىلەر بولۇپ، بۇنداقلارنى باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ۋە توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن، كۈچلۈك ھوقۇقى چارە ـ تەدبىرلەر ۋە قانۇن تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش لازىم.

بىلىمسىزلىكلىرىدىن خاتالاشقانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى ۋە ئىمكانلىرىنى ئەڭ توغرا قوللىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىر يول كۆرسەتكۈچ ۋە قانۇن ئىنتىزامنىڭ كېرىكى بار.

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن بىلدۈرگەن بىر ئەمەل دەستۇرى بولغان شەرىئەت، مانا يۇقىرىقى ئېھتىياجلار ئۈچۈندۇر. شەرىئەت ـ ئاللاھنىڭ قانۇنى، ئۇ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى، ئەڭ پايدىلىق يولنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ۋە ئېھتىياجىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالەتتە قامداشنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ بۇ قانۇنى تامامەن سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىزنى كۆزدە تۇتىدۇ. كۈچ ۋە ئىمكانلىرىڭىزنى ئىسراپ قىلىپ يوقۇتۇشىڭىزنى چەكلەيدۇ. شەرىئەت، سىزنى دۇنيانى تاشلاپ «تەركىي دۇنيا» بولۇپ، چۆل ـ باياۋاندا، تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە، جاڭگاللاردا، ئىنسانلاردىن يىراقتا «خاكسار» بولۇپ ياشايسەن،

دېمەيدۇ. «ئاچ ـ يالىڭاچ يۈرۈپ نەپسىنى ئۆلتۈرمەن دەپ ئۆزۈڭمۇ ئۆلۈپ كەت»، دېمەيدۇ. «نەپسكەشلىك دەپ، دۇنيا نېئمەتلىرىنى، راھەتلىك تۇرمۇشنى ئۆزۈڭگە هارام قىلىسەن»مۇ دېمەيدۇ. شەرىئەتنى بەلگىلىگەن ئاللاھ، بۇ دۇنيانى ئۆزى ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن نېئمەتلەرنى، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئىمكانىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنسان ئۈچۈن، ئۇنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتى. مەيلى يەر يۈزىدە بولسۇن، ئاسماندا بولسۇن، مەيلى ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا بولسۇن، كېرەكسىز، ئەھمىيەتسىز ۋە ياكى پايدىسىز ھېچقانداق بىر نەرسە ياراتمىدى. ئاللاھ بۇلاردىن بەندىلىرىنىڭ تولۇق پايدىلىنىشىنى، دۇنيادىن ئىبارەت بۇ چوڭ زاۋۇتنىڭ گۈللىنىشىنى خالايدۇ. بەندىسىنىڭ جاھىللىق ۋە بىلىمسىزلىك تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچراپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بىلىپ تۇرۇپ يامان غەرەز بىلەن باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىنىمۇ خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرىئەت ئىنسانغا زەرەر يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق شەيئىنى ھارام، ئىنسانغا پايدىلىق بولغان ھەر نەرسىنى ھالال قىلدى. ئىنساننىڭ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق ئىشنى مەنئى قىلدى. ئىنسانلىقنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىگە بولغان پۈتۈن ئىشلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. دېمەك، شەرىئەت قانۇنى ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن ھەقىقىي ئېھتىياجلىرىنى، خاھىشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى، ئۇنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر ھاياتقا ئىگە بولۇش ھەققىنى قوغداشنى ئاساسى پرىنسىپ قىلىدۇ. گەرچە بەزى ئەھۋالدا بۇ بىر مەجبۇرى ۋەزىپە شەكلىنى ئالسىمۇ، بۇنىڭ باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز دەرىجىسىگە يېتىپ بارماسلىقنى، مۇمكىن قەدەر باشقىلارغا ياردەم قىلىش ۋە ھەمكارلىششنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شەرىئەت، چوڭ پايدا ئالدىدا كىچىك زىياندىن، چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كىچىك پايدىدىن ۋاز كېچىشنى ماقۇل كۆرىدۇ.

قانداق بىر كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنساننىڭ بىلىمى چەكلىك بولغانلىقتىن، نېمىنىڭ قانداق چاغدا پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلمى چەكسىز، كائىناتنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتلىكى ئۆزىگە ئاشكارا بولغان ئاللاھ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك توغرا بىر قانۇن ۋە تۈزۈم بەلگىلەپ بەردى. يۈز يىللارغىچە ئىنسانلار بۇ ئىلاھى قانۇننى ۋە ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى چۈشىنەلمىدى. ئەمما ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇلار تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. لېكىن يەنىلا بەزىلەر بۇ ئىلاھى قانۇننىڭ بىر قىسمىنى

تېخىچە چۈشەنمەيۋاتىدۇ. ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغانسېرى بۇلار يەنە ئايدىڭلىشىدۇ. ئۆز ئەقلى ۋە تەجرىبىلىرىگە تۇلىمۇ ئىشىنىدىغان بىر قىسىم ئىنسانلار، ئەسىر بويىچە خاتا يولدا مېڭىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاخىرى شەرىئەتنىڭ بەزى يوللىرى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن، دەپ ئېتىراپ قىلماقتا. لېكىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلار بولسا، بۇ خىل خاتالىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار شەرىئەت قانۇنىنى چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچ ئاساسىدا بۇ قانۇننى توغرا ۋە ھەقىقەت دەپ بىلىپ، ئىككىلەنمەستىن ئەمەل قىلىدۇ.

## شەرىئەتتىكى ھەقلەر ۋە ۋەزىپىلەر

شەرىئەت ھەر بىر ئىنسانغا بۇ تۆت خىل ھەقنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ:

1. ھەر بىر ئىنساننىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاللاھنىڭ ھەققى.
2. ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىنىڭ ۋە ۋۇجۇدىنىڭ ھەقلىرى.
3. باشقا ئىنسانلارنىڭ ھەققى.
4. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان شەيئىلەرنىڭ ھەققى.

بۇ تۆت خىل ھەقنى ياخشى چۈشىنىپ، توغرا ۋە تەلتۆكۈس ئادا قىلىش، ھەقىقىي بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرى ۋەزىپىسىدۇر. شەرىئەت بۇ ھەقلەرنىڭ ھەر بىرىنى ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرۈپ بايان قىلىدۇ. بۇلارنى ئادا قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە قانداق قىلغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك ۋە مۇمكىن قەدەر چالا قويماستىن ئادا قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقلەردىن بىرسىگىمۇ سەل قاراش، ئادا قىلماسلىق ياكى دەپسەندە قىلىشنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ.

## ئاللاھنىڭ ھەققى

ئاللاھ ئۈچۈن ئىنساننىڭ بېجىرىشكە تېگىشلىك ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى، يەنى ئاللاھنىڭ بەندە ئۈستىدىكى بىرىنچى ھەققى-ئىنسانلارنىڭ يالغۇز

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭغا باشقىسىنى شېرىك قىلماسلىق. بۇ ھەقنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك «(لائىلاھە ئىللەللاھ) ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق مەئبۇد يوقتۇر» دەپ ئىمان ئېيتىش بىلەن ئادا قىلغان بولىمىز.

ئاللاھنىڭ بىز بەندىلىرى ئۈستىدىكى ئىككىنچى ھەققى: ئۇنىڭ ئۆز پەيغەمبىرى ۋاسىتىسى بىلەن بىزگە بىلدۈرگەن ھىدايەت كۆرسەتمىلىرىنى، چىن يۈرىكىمىز بىلەن قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىش بىلەن ئۇنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىش بىلەن بۇ ھەقنى ئادا قىلغان بولىمىز. بۇلارنى باشتا سۆزلەپ ئۆتتۇم.

ئاللاھنىڭ ئۈچىنچى ھەققى: ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش، بۇلار ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى بايان قىلىنغان ھەدىسكە ئەمەل قىلىش بىلەن ئادا بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ تۆتىنچى ھەققى: ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتۇر. بۇ ھەقنى ناماز، روزا قاتارلىق پەرز ئىبادەتلەر بىلەن ئادا قىلىمىز. بۇلارنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم.

بۇ ھەق ۋەزىپىلەر باشقا پۈتۈن ھەقلەردىن ئۈستۈندۇر. شۇنداقلا بۇلارنى ئادا قىلىش ئۈچۈن باشقا ھەقلەرنى قۇربان قىلىشقا، ئۇلاردىن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ناماز ئوقۇغاندا، روزا تۇتقاندا، ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ ۋە ۋۇجۇدىنىڭ بىر قانچە ھەقلىرىنى قۇربان قىلىدۇ. ناماز ئۈچۈن ھەر كۈنى سەھەر ئۇيقۇسىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيقۇسىنى، راھەتنى پىدا قىلىدۇ. كۈن بويى بىر قانچە قېتىم ھەر قانچە مۇھىم ئىشى بولسىمۇ تاشلاپ، كەچكى دەم ئېلىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ياراتقۇچىسىنىڭ ئىبادىتىگە كىرىشىدۇ. رامىزاندا بىر ئاي ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا چىداپ، نەپسىنىڭ خاھىشلىرىنى تاشلاپ روزا تۇتىدۇ. زاكات بېرىمەن دەپ، پۇل ـ مېلىنىڭ ئازلاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلماي، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ، ئۆزى ئەزىز كۆرگەن بايلىقىدىن باشقىلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ ۋە پۇل ـ مال سۆيگۈسىدىن ئاللاھ سۆيگۈسىنى ئۈستۈن كۆرىدۇ. ھەج قىلىمەن دەپ ئىقتىسادى جەھەتتە نۇرغۇن چىقىم قىلىپ، ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك سەپەرگە چىداشلىق بېرىدۇ. جىھادتا بولسا مۇسۇلمان ئاللاھ يولىدا مېلىنى، ھەتتا جېنىنىمۇ پىدا قىلىشتىن يانمايدۇ. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭمۇ بىر قىسىم ھەقلىرىنى پىدا قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئىشچى ناماز ئوقۇيمەن دەپ بىر مەزگىل ئىشىنى توختىتىدۇ. يەنى ئەڭ چوڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ

ئەمرىنى ئورۇندايمەن دەپ، خوجايىنىنىڭ ئىشىنى تاشلايدۇ. ھەجگە ماڭغان بىر تىجارەتچى ئىشىنى ياكى ئىشلەپچىقىرىشىنى توختىتىدۇ. نەتىجىدە باشقا كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە ھەققىگە تەسىر يېتىدۇ. جىھادقا كىرگەندە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ، نۇرغۇن ئىنسانلار جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۆز ئىگىلىكىدىكى ھايۋانلارنى قۇربان قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، مال-مۈلۈكلىرىنى ئاللاھ يولىدا تارقىتىپ سەدىقە قىلىدۇ.

ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن، شەرىئەتتە بىر ئۆلچەم ۋە چېگرا بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىشتا باشقىلارنىڭ ھەققىگە ئەڭ ئاز تەسىر قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ. نامازنى ئالساق، سىزگە پەرز قىلىنغان بۇ ئىبادەتتە سىزگە نۇرغۇن ئوڭايلىقلار يارىتىپ بېرىلدى. مەسىلەن، تاھارەت ئېلىشقا سۇ تېپىلمىسا، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن سۇ زىيان قىلىدىغان ئەھۋال بولسا، تاھارەت ئالماي «تەيەممۇم» قىلىپ ناماز ئوقۇيسىز. سەپەردە بولسىڭىز نامازنى قىسقارتىپ «قەسرى» ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇيسىز. كېسەللىك سەۋەبى بىلەن نامازدا ئۆرە تۇرالمىسىڭىز، ئولتۇرۇپ ياكى يېتىپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. نامازدا ئوقۇيدىغان ئايەت ۋە سۈرىلەر قىسقا، بىر ۋاخ نامازغا بىر قانچە مىنۇتلا كېتىدۇ. ۋاقتىڭىز ئالدىراش بولمىسا، بىر رەكئەت نامازدا پۈتۈن بەقەرە سۈرىسىنى (قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە) ئوقۇسىڭىزمۇ بولىدۇ. ۋاقتىڭىز ئالدىراش بولسا، ئۈچ ئايەتكە قەدەر بولغان كىچىك سۈرىدىن بىرنى ئوقۇسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمما ئالدىراش چاغلاردا، تىجارەت ۋە ئىش سائىتىدە نامازنى ئۇزۇن ئوقۇش مەنئى قىلىنىدۇ. لېكىن نەپلى ناماز ئوقۇيمەن، نەپلى ئىبادەت قىلىمەن دەپ، داۋاملىق كېچە ئۇخلىماي، رىيازەت بىلەن دەم ئېلىشنى ئۆزىڭىزگە ھارام قىلىۋېلىشقا ئاللاھ رازى بولمايدۇ. ھالال كەسىپ ۋە تاپاۋىتىڭىزگە دەخلى يەتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش روزا ئۈچۈنمۇ كۆپ ئوڭايلىقلار يارىتىپ بېرىلدى. مەسىلەن، ھەر يىلى رامزان ئېيىدا بىر ئاي روزا پەرز قىلىنىدى. ئەگەر كېسەل بولۇپ ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ روزا تۇتالمىسىڭىز، ساقايغاندا ياكى سەپەردىن قايتقاندىن كېيىن قازاسىنى تۇتۇۋالىسىز. روزا تۇتۇغلۇق ئىكەن، ئاغرىپ قېلىپ خەتەرلىك ئېھتىمالى بولغاندا روزىڭىزنى سۇندۇرۇشقا بولىدۇ. روزىنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدىن (ئىپتار ۋاقتىدىن) بىر مىنۇتمۇ ئۇزارتىشقا بولمايدۇ. سەھەردە (سوھورلۇقنى) ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىغىچىلىك ئۇزارتىشقا رۇخسەت قىلىنغان. كەچ ۋاقتىنىڭ كىرىشى بىلەن دەرھال ئىپتار قىلىپ روزىنى ئاچماق لازىم. ئىپتارنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. پەرز روزىنى تۇتۇپ بولۇپ

«نەپلى روزا» تۇتقان كىشىگە ئاللاھ كۆپ ئەجىر ۋە ساۋاپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلىدۇ. ئەمما بىر قانچە ئاي داۋاملىق نەپلى روزا تۇتۇپ، قۇۋۋەتسىزلىنىپ سالامەتلىكىڭىز ۋە ھاياتىڭىزغا ياكى تۇرمۇشىڭىزغا دەخلى يەتكۈزۈش مەنئى قىلىنىدۇ.

زاكات ئۈچۈنمۇ ئاللاھ ئەڭ ئاز مىقدارنى بەلگىلەپ بەردى. ئىقتىسادى ئەھۋالى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن كىشىگىلا پەرز قىلىندى. زاكاتتىن باشقا، پېقىرلارغا ھەر دائىم سەدىقە قىلىپ تۇرغان كىشىلەردىن ئاللاھ رازى بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزدىن خۇشخەۋەر بەرگەن. ئەمما سەدىقە قىلىمەن دەپ بار-يوقنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆز نەپسىڭىزنىڭ ھەققىنى ۋە سىزگە تەۋە بولغانلارنىڭ ھەققىنى پىدا قىلىپ، ئاخىردا موھتاجلىق ئەھۋالىغا چۈشۈپ قېلىشىڭىزغا رۇخسەت قىلمايدۇ.

ھەج باي كىشىلەرگە، ھەجگە بېرىپ كېلىشكە يول چىقىملىرىنى ۋە سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرىنى كۆتۈرەلەيدىغانلارغا پەرز قىلىندى. ھەج ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم پەرز بولۇپ، يول خەتەرلىك، ئۇرۇش ۋە تىنچسىزلىق ئەھۋاللاردا جان ۋە مال بىخەتەرلىكى ئەندىشىلىك بولسا، ھەجگە بېرىشنى كېچىكتۈرۈپ، يول ئامان بولغاندا يولغا چىقىش كېرەك، دەپ تەكىتلەنگەن. شۇنداقلا ھەج سەپىرىگە چىقىش ئۈچۈن، ئاتا-ئانىنىڭ رۇخسەت قىلىشى شەرتتۇر. چۈنكى ئاتا-ئانىڭىز ياشانغان، كېسەلچان ۋە ياكى ئۇلارنى يالغۇز قويۇپ ھەجگە كەتسىڭىز ئۇلار قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ قالىدىغان ئىش بولسا بولمايدۇ.

جىھاد بىلەن مۇسۇلمان ئاللاھ ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. يەنى جىھاد قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ھەققىنى قۇربان قىلىپ، ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ. چۈنكى جىھادقا قاتناشقان مۇسۇلمان، ئۆزىنىڭ مېلىنى، جېنىنى قۇربان قىلىش بىلەن تەڭ، باشقىلارنىڭ مېلىنى ۋە جېنىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ.

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرىئەت چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاز پايدىدىن ۋاز كېچىشنى ماقۇل كۆرىدۇ. بىر جىھادتا مىڭلارچە، ھەتتا يۈز مىڭلارچە كىشى ئۆلىدۇ. بۇنى دەپ جىھاد قىلماي ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا يول قويۇلغاندا، كۇفرى راۋاجلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ دىنىنى دىنسىزلىق ئورىۋالىدۇ، دۇنيادا يامانلىق ياخشىلىقنى بېسىۋالىدۇ، زۇلۇم ۋە ئەخلاقسىزلىق ھەر يەرگە تارقىلىپ كېتىدۇ. مانا بۇلار مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن چوڭ زىياندۇر. بۇ چوڭ زىياندىن ساقلىنىشقا، ئاللاھ

مۇسۇلمانلارغا ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جان ۋە مالىدىن مۇمكىنقەدەر ئاز زىيان تارتىپ، جىهاد قىلىش بىلەن ئىسلامنى قوغداشنى بۇيرۇدى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن «كىرەكسىز قان تۆكمەڭلار، قېرىلار، باللار، ئاياللار ۋە ياردارلارغا قول كۆتۈرمەڭلار (ئۆلتۈرمەڭلار). سىلەرگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىققانلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. دۈشمەن يۇرتلىرىنى كېرەكسىز يەرگە ۋەيران قىلماڭلار، مەغلۇپ بولغان دۈشمەنگە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار، كېلىشىم تۈزسەڭلار ئۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلىڭلار، ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا سىلەرمۇ توختىتىڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئۆز ھەققىنى قانچىلىك قۇربان قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇنچىلىك پىداكارلىق قىلىش، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

## نەپسىنىڭ ھەققى

ئىككىنچى ھەق ـ ئىنساننىڭ ئۆز نەپسى ۋە جىسمىنىڭ (ۋۇجۇدىنىڭ) ھەققىدۇر. سىلەر «ئىنسان ئۆزىگە ئەڭ چوڭ زۇلۇم قىلغۇچىدۇر» دېگەن سۆزگە ھەيران قالىسىلەر. چۈنكى بۇ ھەقىقەتەن بەكمۇ ھەيران قالارلىق ئىش. كۆرۈنۈشتە ھەر كىشى ھەممىدىن كۆپ ئۆزىگە ئېتىبار بېرىدۇ، ئۆزىنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ياخشى كۆرمەيمەن ۋە ياكى ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە دۈشمەن دەپ تونۇيمەن، دەيدىغان ھېچكىم يوقتۇر. ئەمما بىر ئاز دىققەت بىلەن بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق يېرى، ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر خاھىش غەلىبە قىلسا، دەرھال ئۇنىڭ قۇلى (چاكىرى) بولۇپ قالىدۇ. بۇ خاھىشنى دەپ ئۆزىگە زىيان كېلىشىنى بىلىپ تۇرۇپ ياكى بەزىدە بىلمەسلىكتىن ئۆزى ئۆزىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنى بىز ھەر دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز. مەسىلەن: بىرسى نەشە، ئەپيۇن، ھاراق قاتارلىق خۇمار قىلىدىغان نەرسىلەرگە كۆنۈپ قالسا، ئۇنى تاشلىۋېتەلمەيدۇ. سالامەتلىكىگە كەلتۈرىدىغان زىياننى، ئىقتىسادى جەھەتتىكى زىياننى، ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى، قىسقىسى پۈتۈن يامان ئاقىۋەتلىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇلارغا قارىماي ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدۇ. باشقا بىرسى گېلىغا بەك ئامراق، ئالدىغا نېمە كەلسە قويماي يەپ تۈگىتىدۇ، ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلمايدۇ، سالامەتلىكى بۇزۇلىدۇ، ھەتتا ھالاك بولىدۇ. يەنە بەزىلەر جىنسىي خاھىشلىرىغا چۈشكۈن، شەھۋەتپەرەس، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ۋە جەمئىيەتنى خاراب

قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار «روھانىي جەھەتتە كۆچلۈك بولىمەن» دەپ، ھەقىقىي ئارزۇ ۋە نەپسىي ئېھتىياجلىرىنى تەرك قىلىدۇ، ئۆيلەنمەيدۇ، توغرا - دۇرۇس كىيىم - كېچەك كىيمەيدۇ، يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، ھەتتا نەپەس ئېلىشنىمۇ خالىمايدۇ، تەركى دۇنيا بولۇپ تاغلاردا، چۆل - باياۋاندا، جاڭگالدا ياشايدۇ. خۇددى بۇ دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلمىغان، دەپ چۈشىنىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانىنىڭ ھاياتىنى خۇشال - خۇرام ۋە باياشاتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرىئەت، نەپسىمىزنىڭمۇ بىزدە ھەققى بار، دەپ بەلگىلىگەن.

شەرىئەت ئىنسانغا ئەقلىي، فىزىكى، ئەخلاقى ۋە تەن سالامەتلىك جەھەتتە زىيانلىق بولغان ھەر قانداق شەيئىنى ھارام، دەپ مەنئى قىلىدۇ. مەسىلەن، مەست قىلىدىغان ھاراق - شاراپقا ئوخشاش ئىچىملىكلەرنى، نەشە ۋە ئەپيۇنغا ئوخشاش چېكىملىكلەرنى، توڭگۇز (چوشقا) گۆشىنى، زەھەرلىك ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى، پاسكىنا، مەينەت ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى، ئۆلۈك ھايۋاننىڭ گۆشىنى ۋە قاننى ھارام، دەپ يېيىشنى مەنئى قىلدى. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئۈچۈن زەرەرلىكتۇر. بۇلاردىن باشقا ئىنسانغا ھەر جەھەتتىن پايدىلىق بولغان، پاكىز نەرسىلەرنى ھالال دەپ ھۆكۈم قىلدى ۋە بۇلاردىن ئۆزىمىزنى مەھرۇم قىلماسلىقىمىزنى تاپشۇردى. چۈنكى ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ بۇ پايدىلىق نەرسىلەردىن ئوزۇقلىنىشقا ھەققى بار.

شەرىئەت ئىنساننى يالىڭاچ يۈرۈشتىن مەنئى قىلىدۇ. ئاللاھ ئاتا قىلغان گۈزەل ۋە زىننەتلىك كىيىم - كېچەكلەردىن پايدىلىنىشىمىزنى، ھاياسىزلىق ۋە شەرمەندىلىككە سەۋەب بولىدىغان جايلىرىمىزنى يۆگەپ يۈرۈشىمىزنى ئەمر قىلىدۇ.

شەرىئەت ئىشلەپ تېپىپ، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزنى، بىكار يۈرۈپ، تىرىك تاپلىق قىلىپ، تىلەمچىلىك قىلىپ ياكى ئىشلىمەي ئوڭدا يېتىپ يەيمەن دەپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەسلىكىمىزنى بۇيرۇيدۇ.

نەپسىكەشلىك قىلىشقا (جىنسىي ئارزۇلىرىنى يوقىتىشقا) بولمايدۇ. نىكاھلىنىپ ئۆيلىنىش ئارقىلىق، ئۆز خاھىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ.

ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىپ، راھەتنى، ھاياتتىكى نېئمەت ۋە لەززەتنى ئۆزىگە ئۆزى ھارام قىلىپ، «روھىمنى كۈچلەندۈرۈپ ئاللاھقا يېقىن بولىمەن ۋە ئاخىرەتتە نىجات تاپىمەن» دەپ، بۇ دۇنيانى تاشلىۋېتىشنىڭ كېرىكى يوق. تولۇق ۋە توغرىلىق بىلەن دۇنيا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاللاھقا

ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن (بويسۇنماسلىقتىن) دائىم قورقۇپ ۋە ئاللاھ كۆرسەتكەن ھىدايەت يولىدا ئازماي مېڭىپ، ئۇنىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىغا قەتئىي رىئايە قىلىش بىلەن، بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

شەرىئەت ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. سىنىڭ ھاياتىڭ، جېنىڭ بولسا ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. ئاللاھ ئۇنى ساڭا مەلۇم بىر مۇددەتكىچە ئامانەت بەردى، ئۇنى زايە قىلىشقا ھەققىڭىز يوق.

## باشقىلارنىڭ ھەققى

شەرىئەت بىر تەرەپتىن، ئىنساننى ئۆز نەپسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلغاندا باشقىلارنىڭ ھەققىنىمۇ دەپسەندە قىلماسلىقنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۆز نەپسىنىڭ خاھىشىنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش، ئەسلىدە ئۆز نەپسىنى بۇلغاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، جازانىخورلۇق ۋە چېقىمچىلىقنى ھارام، دەپ ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى بۇنىڭدا ئۆز پايدىمىزنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالىمىز. يالغانچىلىقنى، غەيۋەت ـ شىكايەتنى ۋە باشقىلارغا قارا سۇۋاپ بوھتان چاپلاشنى شەرىئەت جىنايەت، دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۆز پايدىمىزنى دەپ، ئۆز نەپسىمىزنى پاسكىنىلاشتۇرىمىز.

قىمار ئويناش، لاتارىيە (پىيانگو ـ ت)، بىر ئىشقا پۇل تىكىپ قول باغلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى شەرىئەت ھارام قىلدى. چۈنكى بىر كىشىگە بولىدىغان پايدا (چىقىدىغان مۇكاپات)، مىڭلارچە ئىنسانىنىڭ زىيان تارتىشىغا (ئۇتتۇرۇشىغا) سەۋەب بولىدۇ.

تىجارەت ئىشلىرىدا ساختىپەزلىك ۋە كۆز بوياماچىلىق ھارامدۇر. ئىككىنچى بىر تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان سودا توختاملىرى تۈزۈش، شەرىئەتتە جايىز ئەمەس ھارامدۇر.

ئادەم ئۆلتۈرۈش، پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ كۆپچىلىكنىڭ ئامانلىقىغا زەرەر يەتكۈزۈش، شەرىئەتتە ئېغىر جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا مەلۇم كىشىلەر ئۆز پايدىسى ئۈچۈن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

زىنا (پاھىشە) ۋە غەيرىي تەبىئىي جىنسىي مۇناسىۋەتلەر قەتئىي چەكلەنگەن. چۈنكى بۇ جىنايى قىلمىشلاردىن كىشى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ۋە

سالامەتلىكىنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا جەمئىيەتكە بۇ قەبىھ ئەخلاقنى تارقىتىدۇ. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنى تەسىر يېتىپ جېدەل ـ ماجىرالارغا سەۋەبكار بولىدۇ. جىنسىي ئالاقە يولى بىلەن يۇقىدىغان ھەر خىل داۋاسىز كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇزۇق بىر نەسىلنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول ئاچىدۇ. جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي ۋە ئەخلاقىي سۈپىتىنى بۇزىدۇ. ئىسلامى شەرىئەت بۇ يىرگىنچلىك جىنايەتلەرنى ھارام قىلىپ، بۇنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت تۆۋەندىكى مەخسۇس ھېكمەتلىك قانۇنلارنى بەلگىلىدى:

1. ئائىلىدە، ئايماق (بىر قانچە ئائىلىنىڭ بىرلەشمىسى ـ ت) ئىچىدە بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان، تۇغۇلۇشتىن ئەڭ يېقىن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ياكى كېيىن ئەڭ يېقىن تۇغقان بولغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۆيلىنىشى ھارام قىلىندى. مەسىلەن: ئانىسى بىلەن ئوغلى، قىزى بىلەن دادىسى، ئۆگەي قىزى بىلەن ئۆگەي دادىسى، ئۆگەي ئوغلى بىلەن ئۆگەي ئانىسى، بىر تۇغقان قېرىنداشلار، ئېمىلداش بولغانلار، دادىسىنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ قىزى ۋە ياكى ئوغلى بىلەن، ئانىسىنىڭ قىزى ۋە كۈيئوغلى بىلەن، قېيىن ئانا بىلەن كۈيئوغلى ۋە چوڭ دادا بىلەن كېلىنلەرنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۆيلىنىشى ھارامدۇر.

2. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۆيلىنىشى جايىزدۇر. بولۇپمۇ بىر ـ بىرلىرى بىلەن تونۇش، بىر ـ بىرلىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلىدىغان يېقىن ـ يورۇقلارنىڭ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشى ئائىلىنىڭ بەختلىك ۋە خۇشال ـ خۇرام بولۇشىدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. يات، بىر ـ بىرلىرى بىلەن تونۇشمايدىغان ئائىلىلەر ئىچىدىن ئۆيلەنگەنلەرنىڭ ئائىلىۋى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام ھارام قىلمىغان تۇغقانلار بىلەن يېقىن ۋە تونۇش بولغان ئائىلىدىن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئائىلە مۇناسىۋەتلەردە ئىناقلىق ۋە بىر ـ بىرلىرىگە ھۆرمەت تۈيغۇسى كۈچلۈك بولۇپ ئائىلىۋى ھايات كۆپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. بۇ يات ياكى تونۇمىغان ئائىلىدىن ئۆيلىنىشكە بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس.

3. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئىچىدە بەزىلىرى باي، بەزىلىرى كەمبەغەل بولىدۇ.

ئىسلام، كىشىدە ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ھەققى بار دەپ قاراپ، بۇنى «سىلە رەھىم» دەپ ئاتايدۇ. كەمبەغەل تۇغقانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىش ۋە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا «سىلە رەھىم» قىلىپ ياردەم قىلىش، ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. بۇنى شەرىئەت بەك تەكىتلەيدۇ ۋە ئاجىز تۇغقانلىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ سىلەر رەھىم قىلماسلىقنى چوڭ گۇناھ، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭدەك سەدىقە ۋە باشقا ياردەملىرىمۇ ئالدى بىلەن ئۆز تۇغقانلىرىغا قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

4. مىراس قانۇنىمۇ يۇقىرىقىدىكىلەرگە ئاساسەن تۈزۈلگەن. ۋاپات قىلغان كىشىدىن قالغان پۇل ـ مال ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. مەرھۇمنىڭ ئوغلى، قىزى، ئېرى، ئاتا ـ ئانىسى، بىر تۇغقىنى قاتارلىقلار ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇلار ھايات بولمىسا، باشقا ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا تاپقان دۆلىتى ۋاپات قىلغاندىن كېيىنمۇ تۇغقانلىرىغا ئەسقاتىدۇ. شەرىئەتنىڭ بۇ مىسلىسىز ئادالەتلىك قانۇنىدەك باشقا بىر قانۇن دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە ئۇچرىمايدۇ. ھازىر دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئىسلامنىڭ بۇ مىراس قانۇنلىرىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ قوللانماقتا. ئەپسۇسكى بەزى مۇسۇلمانلار جاھالەتپەرەسلىك ۋە نادانلىقلىرى تۈپەيلىدىن، ھازىرمۇ ئىسلامنىڭ بۇ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ يېتىم قالغان قىز بالىغا مىراس بەرمەيدىغان ئادەت ھازىرمۇ ھىندىستان ۋە پاكىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. بۇ قەبىھ بىر زۇلۇمدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئاننىڭ ھۆكۈمى ناھايىتى ئۇچۇقتۇر.

ئائىلىدىن قالسا، ئىنسان ئۆز دوستلىرى بىلەن، قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن، مەھەللىدىكىلىرى بىلەن ئەڭ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ۋە بىر ـ بىرلىرىگە ئېھتىياجلىرى چۈشىدۇ. مانا ئىسلام بۇلارغا ھەر دائىم سەمىمىي، توغرا، ئىنساپ ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى، شۇنداقلا ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىمىزنى، قوپاللىق بىلەن تىل تەگكۈزۈپ دىلئازار قىلماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. داۋاملىق ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش، كېسەللەرنى يوقلاپ ھال سوراش، مۇسىبەتتە ياردەمدە بولۇش، ۋاپات قىلسا جىنازا نامىزىغا بېرىش، پېقىرلارغا ياردەم قىلىش، مېيىپ ۋە تۇل ـ يېتىم قالغان قولۇم ـ قوشنىسىدىن خەۋەر ئېلىش، ئاچ قالغانلار بولسا يېمەك بېرىش، ئىشسىز قالغانلارغا قولىدىن كەلسە، ئىش تېپىپ بېرىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى، دەپ ئەمر قىلىدۇ.

ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇل ـ مال ۋە دۆلەتنى شەخسىي ئەيش ـ ئىشرەتكە بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىش، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلارنى ئىشلىتىش، يىپەكتىن تىكىلگەن زىننەتلىك كىيىم كىيىپ، پۇل ـ مال ۋە دۆلەتنى ئىسراپ قىلىش ئىسلامدا قەتئىي مەنئى قىلىنغان. يۈزلەرچە ئىنساننىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا يېتىدىغان پۇلنى بىر ئاخشامدا، بىر كىشىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتكە بۇزۇپ چېچىشىنى، بويۇنغا قىممەت باھالىق زۇننار ئېسىۋېلىشىنى، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسىلىپ، جاۋاھىرات قادالغان قاچا ـ قۇچىلارنى ئىشلىتىش ۋە يىپەك گىلەملەر بىلەن ئۆيىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى بېزەشنى راۋا كۆرمەيدۇ.

ئىسلامنىڭ مەقسىتى سىزنىڭ تاپقان پۇل ـ مېلىڭىزنى تارتىۋېلىش ئەمەس. تاپقان بايلىقىڭىز ياكى سىزگە مىراس قالغانلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ھەققىڭىز. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ياخشى كىيىنىش، باياشات ياشاش سىزنىڭمۇ ھەققىڭىز. ئەمما ئىسلام ئىنسان پۈتۈن ھايات پائالىيىتى جەريانىدا، باشقىلارنىڭ مەنپەئەت ۋە تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىغان شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. ئىسلام ساددا ۋە ئوتتۇرا ھال تۇرمۇش يولىنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇ ئېھتىياجلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇشنى مەنئى قىلىدۇ. ئۇ نەپسىڭىزنى ئويلىغىنىڭىزدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزنى، دوستلىرىڭىزنى، بىر يۇرتلىقىڭىزنى، دۇنيا خەلقىنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھەققىنىمۇ ئويلاڭ، دەپ تەلىم بېرىدۇ.

ئەمدى بىز بۇ تار دائىرە ئىچىدىن چىقىپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە كەڭ نۇقتىئىنەزەردىن قاراپ ئەتراپىمىزغا بىر نەزەر سالايلى. پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇھىتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. مانا بۇ كەڭ مۇھىتتا ئىسلام ئورتاق بىر قانۇن ۋە ئىنتىزام بېكىتىپ، بۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمانلار ياخشىلىقتا بىر ـ بىرلىرىگە ياردەملىشىشنى، ئارىلىرىدا مۇمكىنقەدەر يامانلىق پەيدا بولماسلىقىغا تىرىشىشنى ئەمر قىلىدۇ. تۆۋەندە بىر قانچە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى ھاياتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ساغلام بىر شەكىلدە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، شەرىئەت بىر ـ بىرلىرىگە ھارام قىلىنمىغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشىنى مەنئى قىلدى. ئاياللار كۆپىنچە ئۆي ئىچىدىكى ئائىلە ھاياتى بىلەن مەشغۇل بولۇش، تالا ـ تۈزگە چىقىشقا توغرا كەلگەندە ئالاھىدە ياسىنىپ پەرداز قىلىپ

چىقماسلىق، ساددا كىيىملەر بىلەن بەدەننى يۆگەپ چىقىشلىرى لازىم. يۈز-قوللىرىنىمۇ مۇۋاپىق بىر شەكىل بىلەن يۆگەش كېرەك. ئەمما كېرەك بولغاندا ئېچىشقا بولىدۇ. ئەركەكلەرنىڭ يات ئاياللارغا نەزەر سېلىشى مەنئى قىلىندى. تاسادىپى كۆزى چۈشۈپ قالسا، دەرھال كۆزىنى باشقا تەرەپكە يۆتكەش لازىم. مەنىلىك مەقسەت بىلەن تەكرار باشقىدىن قاراش ئەيىبتۇر. ھەر ئەر ۋە ئايالغا ئۆز نەپسى خاھىشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شەرىئەت ھالال دەپ ھۆكۈم قىلغان جۈپ بىلەن نىكاھلىنىپ توي قىلىشى كېرەك. بۇ بەلگىلىمىدىن چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن خىلاپلىق قىلىش ياكى باشقىچە بىر يولنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەسلىك لازىم، دەپ تەكىتلىگەن.

ئىككىنچى، ئەر-ئاياللارنىڭ كىيىنىش مەسىلىسىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەكىتلىگەن. بۇ، ئەخلاقىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلىدۇر. ئىسلامدا ئەرلەر ئۈچۈن بەدەننىڭ تىزىدىن كىندىككىچە بولغان قىسمىنى يۆگەش، ئاياللار ئۈچۈن يۈز ۋە قولىدىن باشقا پۈتۈن قىسمىنى يۆگەش پەرز، بۇ شەرىئەتتە «سەترى» دەپ ئاتىلىدۇ. «سەترى» يەنى بەدەننىڭ شەرىئەت بۇيرۇغان قىسىملىرىنى يۆگەش، مۇسۇلمان ئەر-ئاياللار ئۈچۈن بىر دىنىي ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ مەقسىتى كىشىلەردە شەرم-ھايا تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، ئەخلاقسىزلىق ۋە شەرمەندىلىكنىڭ ئالدىنى توسۇشتۇر.

ئۈچىنچى، ئىسلام يامان خاھىشلارنى قوزغايدىغان، ئەخلاقنى بۇزىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئويۇن-تاماشىلارنى ئۇيغۇن كۆرمەيدۇ. بۇ ئىنساننىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىدۇ، تەن سالامەتلىكىگە يامان تەسىر قىلىدۇ. شۇنداقلا پۇل، ۋاقىت ۋە كۈچ ئىسراپ بولىدۇ. دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىدە كېرەكلىك بىر نەرسە. ئەمما بۇ ئىنساندا روھىي ۋە بەدىنى جەھەتتە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە تېتىكلىك پەيدا قىلىشى لازىم. كۆرۈنۈشى قانچىلىك چىرايلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان ھېرىپ كۈچى قالمايدىغان، كېرەكسىز مىڭلارچە كىشى بىر يەرگە يىغىلىپ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ، شەرمەندىلىكنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان، ھەتتا جىنايەت سادىر قىلىدىغان ئويۇن-تاماشا ۋە كۆڭۈل ئېچىشلار، پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئەخلاقىنىڭ ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇنداق «مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش»لارنىڭ ئىسلامدا قەتئىي ئورنى يوق.

تۆتىنچى، ئىسلام پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى مۇستەھكەملەشكە كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ، گۇرۇھۋازلىقنى مەنئى قىلىدۇ. بىر ئىشتا ئىختىلاپ پەيدا بولسا بۇنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكۈمى

ئاساسىدا ھەل قىلىشلىرىنى بۇيرۇيدۇ. يەنىلا ھەل قىلىشقا بولماي، چىقىشالمايدىغان ئەھۋال بولۇپ قالغاندا، بۇنى ئاللاھقا تاپشۇرماق لازىم. ئۇممەتنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، بىر ـ بىرلىرىگە يول قويۇش لازىم. ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، رەھبەرلەر پىكرىگە قۇلاق سېلىپ، پىتنە ـ پاساتچىلاردىن ئۇزاق تۇرۇش كېرەك. ئورۇنسىز جېدەل ـ ماجىرا ۋە ئۇرۇش ـ سوقۇشلار بىلەن مىللەتنى رەسۋا قىلماسلىق لازىم.

بەشىنچى، شەرىئەت مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرىي مۇسلىم (مۇسۇلمان بولمىغان)لار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي بىر قانۇن بەلگىلىدى. مەسىلەن: مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلاردىن ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا قاتارلىق باشقا ھەر خىل پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە تامامەن رۇخسەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى، مەدەنىيىتىنى دورامچىلىق قىلىپ قوبۇل قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. بىر قەۋمنىڭ باشقا بىر قەۋمنى دوراپ تەقلىد قىلىشى ئۆز قەۋمىنى كەمسىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، خارلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە تەسلىم بولغان قۇللۇق ۋە تەسلىمچىلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداق بىر مىللەت ئاخىرىدا مۇنقەرىز بولۇشقا، ئۇنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى يەر يۈزىدىن يوق بولۇشقا مەھكۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غەيرىي مۇسلىم (كاپىرلار)نىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەت شەكىللىرىنى قوللىنىشنى قاتتىق مەنئى قىلغان. بىر مىللەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، كىيگەن كىيىملىرىدە، تۇرمۇش شەكىللىرىدە ياكى يېگەن ـ ئىچكەنلىرىدە ئەمەس (بۇ ئادەتتىكى ھەر قانداق ئىنساننىڭمۇ ئەقلىگە كېلىدىغان ھەقىقەتتۇر)، بەلكى ئۇ مىللەتنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە ئىنتىزامچانلىقىدىكى ئۈستۈنلۈكىدىدۇر. ئىسلام ئەگەر ئۇلاردىكى كۈچ ـ قۇدرەتنى ئۆگىنىشنى خالايدىغان بولساق، ئۇنىڭ مەنبەئى بولغان ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا، ئەمەلى تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىمائىي ئىنتىزامچانلىقنى ئۆگىنىشنى، ئۇلارنىڭ قول ـ چاكىرى بولۇپ، قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، مىللىتىمىزنى مۇنقەرىزلىكتىن ۋە باشقىلارغا يەم بولۇپ سىڭدۈرۈپ كېتىشتىن (ئېكسپىلاتاتسىيىدىن ـ ت) ساقلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا ئىسلام بىزگە غەيرىي دىندىكىلەرگە مۇتەئەسسىپلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي رەھبەرلىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشنى ياكى ھاقارەتلەشنى مەنئى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىز بىلەن سۈلھى قىلىپ، تىنچ بىرگە ياشاشنى قوبۇل قىلىپ، بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزگە قارشى چىقمىسا، بىزنىڭ ھەقلىرىمىزنى دەپسەندە قىلمىسا، بىزنىڭ ئۇلارغا ئىنساپ ۋە دوستلۇق

بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، جېدەل ـ ماجىرا چىقارماسلىقىمىزنى بۇيرۇيدۇ.

بىزدىكى شەرەپلىك ئىسلام ئەنئەنىسىنىڭ تەقەززاسى ـ ھەممىدىن زىيادە ئىنسانىي ياردەم ۋە ياخشى ئەخلاقلىق مۇئامىلىنى ھەر قانداق كىشىدىن ئايىماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. كاچ تەبىئەتلىك، باشقىلارغا زۇلۇم سېلىش ۋە ئېچى تارلىق قىلىش، بىز مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ ئەمەس. مۇسۇلمان دۇنياغا گۈزەل ئەخلاق، شان ـ شەرەپ ۋە ياخشىلىقنىڭ ئۆلگىسى قىلىپ يارىتىلدى. ئىسلام مۇسۇلمانلارنى مانا بۇ ئېسىل ئەنئەنىلىرى بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## باشقا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەققى

ئەمدى تۆۋەندە تۆتىنچى ھەق توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن:

ئاللاھ ئۆزى ياراتقان باشقا سانسىز مەخلۇقاتلار ئۈستىدە ئىنسانغا كۆپلىگەن ئىختىيار بەردى. بۇلارنى ئىنسان ئۆز كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ ئىشلىتىدۇ ۋە پايدىلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇلاردىن ئۈستۈن بىر مەخلۇق بولغانلىقتىن بۇنىڭغا ھەققى بار. ئەمما بۇلارنىڭمۇ ئىنسانلار ئۈستىدە بىر قىسىم ھەقلىرى بار. مەسىلەن: ئىنسانلار بۇلاردىن پايدىلىنىدىكەن ئىسراپ قىلماسلىقى، ئۇلارغا قالايمىقان زىيانكەشلىك قىلماسلىقى لازىم. شەرىئەت بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى بېكىتتى. مەسىلەن: ھايۋانلارنى يالغۇز ئۇلارنىڭ گۆشىدىن ئوزۇقلىنىش مەقسىتى بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ زىيانداشلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئويۇن ـ تاماشا دەپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇنداقلا گۆش ئۈچۈن ئۆلتۈرىدىغان ھايۋانىنىمۇ، قاتتىق ئازار بەرمەستىن، قىينىماستىن ئۆلتۈرۈش دەپ مەخسۇس ئۇسۇللار كۆرسىتىلگەن. يىرتقۇچ زەھەرلىك ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت، چۈنكى ئىنساننىڭ ھاياتى ئۇلارنىڭ جېنىدىن قىممەتلىكتۇر. لېكىن ئۇلارنىمۇ قىيناپ ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. يۈك ئارتىدىغان، مىنىدىغان ھايۋانلارنى ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇپ قىيناش، ئېغىر يۈك ئارتىش، جاپا سېلىپ قاتتىق ئۇرۇپ ئىشلىتىش مەنئى قىلىندى. شەرىئەتتە ئۇچار ـ قانات قۇشلارنى قەپەسكە سولاپ ساقلاش جايىز ئەمەس.

ئىسلام دەل ـ دەرەخ ۋە ئورمانلىقلارنى قالايمىقان كېسىشنى مەنئى قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇلارنى كېسىپ يوقىتىش قەبىھ بىر ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ئىسلامنىڭ مەقسىتى تەبىئەتتىكى مەيلى جانلىق مەخلۇقاتلار بولسۇن ۋە ياكى جانسىز مەخلۇقاتلار بولسۇن، ھېچبىرىگە ئارتۇقلۇق (ئۆشۈقلۇق ـ ت) قىلىشقا، كىرەكسىز يەرگە ئىسراپ قىلىشقا ھەققىمىزنىڭ يوقلىغىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ھەتتا ئىسلامدا سۇنى ئىسراپ قىلىشمۇ مەنئى قىلىنىدۇ.

## شەرىئەت ئالەمشۇمۇل ۋە ئەبەدىي بىر قانۇندۇر

يۇقىرىدا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە قانۇنى، يەنى شەرىئەتنىڭ ناھايىتى قىسقا بىر خۇلاسىسىنى تەقدىم قىلدىم. ئىسلامنىڭ بۇ قانۇنى ئىنسانلار ئارىسىدا دىن ۋە ئىماندىن باشقا ئەقىدە ۋە ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئايرىمچىلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىرقنى، يۇرتنى ۋە رەڭگىنى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر توسالغۇدەك پەرق دەپ كۆرىدىغان باشقا پۈتۈن دىنلار، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەر، مەدەنىيەتلەر ۋە ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ ھېچبىرى بىر دۇنيا خاراكتېرلىك ۋە ئالەمشۇمۇل ئەقىدە ياكى دۇنياۋى ئىدېئولوگىيە بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىدىن باشقىسىنى چەتكە قاقىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەلۇم بىر مەملىكەتتە تۇغۇلغان كىشى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بىر قارا تەنلىكنىڭ قارا رەڭگى، بىر جۇڭگولۇقنىڭ سېرىق رەڭگى، بىر غەربلىكنىڭ ئاق رەڭگى ھېچقاچان باشقا بىر خالىغان رەڭگە ئۆزگەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئىرقىي ۋە يۇرتۋاز ئىجتىمائىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك سىستېمىلار ھەممىسى ئۆزىنىڭ شۇ تار رامكىسى ئىچىدە چېگرىلىنىپ قېلىشقا مەھكۇمدۇر.

ئەمما يۇقىرىقىدىكىلەرگە قارىغاندا، ئىسلام شەرىئىتى ئالەمشۇمۇل ۋە دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە. لائىلاھە ئىللەللاھ (ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ يوق) دەپ ئىمان ئېيتقان ھەر قانداق كىشى ئىسلام سېپىگە كىرگەن بولىدۇ. شەرىئەتكە ئاساسەن، ئۇ كىشى باشقا مۇسۇلمانلار ئىگە بولغان پۈتۈن ھوقۇقلارغا بىردەك ئىگە بولىدۇ. ئىسلامدا ئىرق، مەملىكەت، تەن رەڭگى، تىل، مەدەنىيەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئاساسلارنىڭ ھېچبىر ئىمتىيازى (ئېتىبارى) يوقتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ شەرىئەت ئەبەدىيدۇر. چۈنكى بۇنىڭدىكى قانۇن ۋە تۈزۈملەر مەخسۇس بىر قەۋمگە، مەخسۇس بىر دەۋرگە ۋە ياكى مەلۇم بىر ئۆرپ ـ ئادەتكە مەنسۇپ

ئەمەس. ئىنسانني يارىتىشتىكى تەبىئىي مەقسەتكە ئۇيغۇن بولغان پرىنسىپلارنى ئاساس قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ تەبىئىتى پۈتۈن زامان ۋە ھەر قانداق شارائىتتا ئۆزگەرمەس بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان شەرىئەت قانۇنىمۇ ھەر زامان ۋە ھەر شارائىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى تەبىئىيدۇر.

مانا بۇ ئالەمشۇمۇل دۇنياۋى ۋە ئەبەدىي دىن ئىسلامدۇر.